دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# لەگلەك قوغلىغۇچى بالا

خالىد ھۇسەيىن (ئامېرىكا)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



خالىد ھۆسەيىن (ئامېرىكا)

# لەگلەك قوغلىغۇچى بالا

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرنىسا قۇربان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

追风筝的人：维吾尔文/(美)胡赛尼(Hosseini,K.)著；努尔尼沙·库尔班译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.11

ISBN 978-7-228-13935-4

Ⅰ.①追... Ⅱ.①胡... ②努... Ⅲ. ① 长篇小说 — 美国 — 现代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I712.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第213964号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 伊丽达娜·阿不都热依木 |
| **责任校对** | 热娜古丽·阿布里米提，赛娜瓦尔·依布拉音 |
| **封面设计** | 艾克拜尔·沙力 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | 0991-2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆彩印胶印厂 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230毫米 32开本 |
| **印　　张** | 16.125 |
| **版　　次** | 2010年11月第1版 |
| **印　　次** | 2010年11月第1次印刷 |
| **印　　数** | 1-3000 |
| **定　　价** | 45.00 元 |

# كىرىش سۆز

خالىد ھۇسەيىن 1965 ـ يىلى كابۇلدا تۇغۇلغان، كېيىن دادىسى بىلەن ئامېرىكىغا قېچىپ بېرىپ سان خوسې شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان. ئۇ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سانتىئاگو تېببىي ئىنىستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن، ھازىر كالىفورنىيە ئىشتاتىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. «لەگلەك قوغلىغۇچى بالا» ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر 2003 ـ يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن خەلقئارالىق بازىرى ئىتتىك رومانغا ئايلىنىپ، قىرىق سەككىز دۆلەتتە خىلمۇخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ 2007 ـ يىلى مايدا نەشر قىلىنغان ئىككىنچى رومانى «مىڭ پارلاق قۇياش» يىگىرمە بەش دۆلەتتە خىلمۇخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ بۇ ئىككى ئەسىرى بىلەن نۇرغۇن شەرەپلەرگە ئېرىشكەن، 2006 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار ئاگېنتلىقى ئۇنىڭغا «دوستلۇق ئەلچىسى» دېگەن نامنى بەرگەن. ئۇ يەنە «دەۋر» ژورنىلى ئېلان قىلغان «2008 ـ يىلىدىكى دۇنيا بويىچە تەسىرى ئەڭ زور يۈز كىشى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

«لەگلەك قوغلىغۇچى بالا» ناملىق ئەسەردە مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنغان: ئافغانىستانلىق ئون ئىككى ياشلىق ئامىر بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتكارى ھەسەن يېقىن دوستلاردىن ئىدى. بىر قېتىملىق لەگلەك ئۇچۇرۇش مۇسابىقىسىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق ۋەقەدىن كېيىن ئامىر ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ۋىجدان ئازابى تارتىپ، ھەسەن بىلەن ئۇنىڭ دادىسى ئەلنى ئۆيىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئامىر دادىسى بىلەن بىرلىكتە

ئامېرىكىغا قېچىپ كېتىدۇ.

ئامىر چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ھەر قەدەمدە ئۆزىنىڭ ھەسەنگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئامىر گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئايرىلغىنىغا يىگىرمە نەچچە يىل بولغان يۇرتى ئافغانىستانغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ بەختسىز دوستى ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ بەرمەكچى بولىدۇ، بىراق ئۇيلىمىغان يەردىن دوستى ھەسەن ئۇنىڭ ئاتا بىر ئانا باشقا ئىنىسى بولۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئامىر ئۆلۈپ كەتكەن ھەسەننىڭ ئوغلىنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كېتىدۇ. بىر قېتىملىق يىغىلىشتا ئامىر يەنە بىر قېتىم لەگلەك ئۇچۇرىدۇ...

# بىرىنچى باب

*2001 ـ يىلى دېكابىر*

مېنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمغا مەن دەل ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى، يەنى 1975 ـ يىلى زىمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يۈز بەرگەن ئىش سەۋەب بولغانىدى. ئاشۇ مىنۇتلار ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: مەن بىر ئەسكى تامغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، مۇز تۇتۇپ كەتكەن ئېرىقنىڭ يېنىدىكى چىغىر يولغا قورقۇنچ ئىچىدە ماراپ قارىغانىدىم. خەقلەرنىڭ «ئۆتمۈش ھامان ئۇنتۇلىدۇ» دېگەنلىرى پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئىكەن. چۈنكى، ئۆتمۈشتىكى بەزى ئىشلار يۈرىكىمنى تاتىلاپ، دائىم ئۆزىنى ئېسىمگە سېلىپ تۇرىدىكەن. ئەسلەپ باقسام، شۇ ۋەقەدىن كېيىنكى يىگىرمە ئالتە يىلنى خۇددى ئاشۇ ئەسكى تامنىڭ كەينىدىن تىمتاس چىغىر يولغا قورقۇنچ ئىچىدە ماراپ تۇرغاندەك ئۆتكۈزۈپتىمەن.

بۇ يىل يازنىڭ بىر كۈنى، ماڭا پاكىستاندىكى تونۇشۇم رەھىمخاندىن تېلېفون كەلدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مەن بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى جىددىي تەلەپپۇزدا ئېيتتى. مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، تېلېفوندا يالغۇز رەھىمخانلا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئۆتمۈشتە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىممۇ قۇلىقىمغا پىچىرلىماقتا ئىدى. مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ ئۆيدىن سىرتقا چىقتىم. سان فرانسىسكو شەھىرىدىكى گولدېن گات باغچىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان كۆلنى بويلاپ ئېغىر خىياللار بىلەن خېلى ئۇزاق ماڭدىم. چۈشتىكى قۇياش نۇرى سۇ يۈزىنى

چاقنىتىپ تۇراتتى. شۇ چاقنىغان نۇرلار ئارىسىدا شامال يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزۈۋاتقان بىر توپ كىچىك كېمىلەر كۆزگە چېلىقاتتى. مەن ئاسمانغا قارىدىم، كۆك قۇيرۇقلۇق بىر جۈپ قىزىل لەگلەك ئاسماندا ئۇچۇۋاتاتتى. ئۇلار باغچىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قويۇق دەرەخلەرنىڭ ۋە ئېگىز چاقپەلەكنىڭ ئۈستىدە يانمۇيان پەرۋاز قىلىپ، خۇددى سان فرانسىسكو شەھىرىگە يۇقىرىدىن نەزەر سېلىۋاتقان بىر جۈپ كۆزدەك كۆرۈنەتتى... تۇيۇقسىزلا ھەسەننىڭ توشقان كالپۇكى ئارىسىدىن چىققان ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلانغاندەك بولدى: «سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا، ئاغا!» ئاھ، ھەسەن — توشقان كالپۇكلۇق لەگلەك قوغلىغۇچى بالا...

مەن بىر تۈپ سۆگەت ئاستىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. رەھىمخاننىڭ تېلېفوننى قويۇش ئالدىدا خۇلاسە چىقارغاندەك قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قايتىدىن جاراڭلاشقا باشلىدى: «گۇناھىڭنى يۇياي دېسەڭ، ساڭا يەنىلا پۇرسەت بار...» تۈگىمەس خىياللار بىلەن ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى بىر جۈپ لەگلەككە يەنە كۆز تىكتىم. ھەسەن، دادام، ئەلى ۋە كابۇل توغرۇلۇق ئويلىدىم، ئۆزۈمنىڭ 1975 ـ يىلى قىشتىن بۇرۇنقى كۈنلىرىمنى ئەسلىدىم. تەقدىرىمنىڭ تۇساتتىن ئۆزگىرىشى ۋە بۈگۈنكىدەك ئادەم بولۇش جەريانىدىكى ھاياتلىق مۇساپەم كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

# ئىككىنچى باب

كىچىك ۋاقتىمىزدا ھەسەن ئىككىمىز ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئاق تېرەككە يامىشىپ چىقىپ، قولىمىزدىكى ئەينەكتىن قۇياش نۇرىنىڭ قايتقان شولىسىنى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرۈپ ئۇلارنى تېرىكتۈرەتتۇق. بەزى كۈنلىرى ئىككىمىز دەرەخنىڭ ئىككى شېخىدا ئاياغسىز پۇتلىرىمىزنى ساڭگىلىتىپ، بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇراتتۇق. يانچۇقىمىزدىن ئۈجمە قېقى ۋە ياڭاقلارنى ئېلىپ يېگەچ، نۆۋەت بىلەن قوشنىلارنىڭ ھويلىسىغا يۈچۈق ئەينەكتىن شولا چۈشۈرۈپ ئۆزىمىزنى خۇشال قىلاتتۇق. ھەسەننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دەرەخ شېخىدا ئولتۇرغان تۇرقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خۇددى جۈگگولۇقلارنىڭ ياغاچ ئويما قورچىقىغا ئوخشايدىغان يۇپيۇمىلاق يۈزىنىڭ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان ھالىتى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يوغان ھەم پاناق بۇرنى، بامبۇك يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان كۆك كۆزلىرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا. خۇددى قورچاقچى ئۇستام كېيىن ئېسىگە كېلىپ چاپلاپ قويغاندەك بىلىنىدىغان كىچىككىنە ئېڭىكىچۇ تېخى. خۇددى ئۇستامنىڭ قولىدىكى ئەسۋابى سىيرىلىپ كېتىپ بۇزۇپ سالغاندەك ياكى بەك ھېرىپ كېتىپ چالا ياساپ قويغاندەك بىلىنىدىغان يۈچۈق كالپۇكى ... ھەممىسى ئېسىمدە.

بەزىدە ئاشۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىنىمىزدا، مەن ھەسەنگە قولىدىكى رەگەتكە بىلەن قوشنىمىزنىڭ يەكچەشمە ئىتىغا ياڭاق ئېتىشنى بۇيرۇيتتىم. ھەسەننىڭ ئاتقۇسى بولمىسىمۇ، مەن بۇيرۇغانلىقىم ئۈچۈنلا بۇيرۇقۇمنى ئورۇنلىماي

قالمايتتى. ھەسەن ئەزەلدىن مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلمايتتى. ئۇ رەگەتكە ئېتىشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. ھەسەننىڭ دادىسى ئەلى بەزىدە بىزنىڭ كەپسىزلىك قىلىۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ قالاتتى. ئۇ ئادەتتە شۇنچىلىك مۇلايىم بولسىمۇ، بىزنى تۇتۇۋالغاندا بۇ قىلىقىمىزغا بەك ئاچچىقى كېلىپ، ئەينەكنى دەرھال قولىمىزدىن تارتىۋالاتتى. ئاندىن بىزگە ئانىسىنىڭ شەيتاننىڭمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەينەكتىن شولا چۈشۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئەلى ئوغلىغا قاراپ قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ: «شەيتان شولا چۈشۈرگەندىمۇ مۇشۇنداق خۇشال بولۇپ كېتەرمىش» دەپ قوشۇپ قوياتتى.

— چۈشەندىم، دادا، — دەيتتى ھەسەن خىجىل بولغان ھالدا يەرگە قاراپ. ئەمما، ئۇ ئەينەكتىن شولا چۈشۈرۈش ۋە رەگەتكە ئېتىشلارنىڭ ئەسلىدە مېنىڭ پىلانىم ئىكەنلىكىنى دادىسىغا ھەرگىز ئېيتمايتتى.

ئىككى قاسنىقىغا بىز يامىشىپ ئوينايدىغان ئاق تېرەكلەر تىكىلگەن، قىزىل خىش ياتقۇزۇلغان يول تاكى تۆمۈر دەرۋازىنىڭ كەينىدىكى ھويلىغىچە سوزۇلاتتى. بىزنىڭ ئۆي خىش ياتقۇزۇلغان يولنىڭ سول تەرىپىدە، ئۆينىڭ كەينىدە خېلىلا چوڭ ھويلا بار ئىدى.

ئۆيىمىزنىڭ كابۇلنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، بايلار ئۈچۈن يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئۆي ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلاتتى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنى كابۇلدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ دېيىشەتتى. ئۆيگە تۇتاشقان مەرمەر ياتقۇزۇلغان يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئەتىرگۈللەر چوڭ دېرىزىلىك ئۆينىڭ بوسۇغىسىغىچە سوزۇلغانىدى. ئۆينىڭ تۆت ھاجەتخانىسىنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇلغان زىچ نەقىشلىك چىنە خىشلارنى دادام ئىسفاھان شەھىرىدىن ئۆزى تاللاپ ئەكەلگەنىدى. تاملارغا

ئېسىلغان زەر يىپتا توقۇلغان گىلەملەرنى ئۇ كالكۇتتا شەھىرىدىن سېتىۋالغانىدى. گىلەملەر نەقىشلىك تورۇسقا ئېسىلغان خىرۇستال چىراغ بىلەن قوشۇلۇپ ئۆيگە ئالاھىدە ھۆسن قوشاتتى.

ئۆينىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىدە دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھۇجرىسى ھەمدە دادامنىڭ «تاماكا چېكىش ئۆيى» دەپ ئاتىلىدىغان، تاماكا ۋە دارچىن پۇرايدىغان كۇتۇپخانىسىمۇ بار. كەچلىك غىزادىن كېيىن دادام دوستلىرى بىلەن بىللە شۇ كۇتۇپخانىسىدا قارا سافادا ئولتۇرۇپ، غاڭزىلىرىغا تاماكا توشتۇرۇپ، ھۆزۈرلىنىپ چېكىشكەچ سىياسەت، تىجارەت توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى. بەزىدە مەن دادامدىن: «مەنمۇ ئولتۇرۇپ ئاڭلىسام بولامدۇ؟» دەپ سورىسام، دادام ئىشىكنى توسۇپ تۇرۇپ: «بۇ چوڭلارنىڭ سورۇنى، ياخشىسى سەن كىتابىڭنى ئوقۇ» دەيتتى - دە، ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كېتەتتى. مەن دادامنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىم چوڭلار ئۈچۈنلا ۋاقىت ئاجرىتىدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتىم. بەزىدە ئىشىكنىڭ يېنىدا ئېڭىكىمنى تىرەپ ئولتۇرۇپ، بىر - ئىككى سائەتكىچە ئۇلارنىڭ كۈلكە - پاراڭلىرىنى ئاڭلايتتىم.

ئاستىنقى قەۋەتتىكى دالاندا مەخسۇس ياساتىلغان ئىشكاپ بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ كونا ۋە يېڭى سۈرەتلىرى قاتار قىلىپ تىزىلغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بوۋامنىڭ 1931 - يىلى نادىر شاھ ① بىلەن چۈشكەن سۈرىتى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. نادىر شاھ قەستكە ئۇچراشتىن ئىككى يىل بۇرۇن تارتىلغان بۇ سۈرەتتە بوۋام بىلەن شاھ پۇتلىرىدا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، مۇرىسىدە مىلتىق، بىر ئۆلۈك كېيىكنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى رامكىدا ئاتا - ئانامنىڭ تويلۇق

---

① نادىر شاھ (1883 — 1933) — ئافغانىستان پادشاھى، 1929 - يىلى تەختكە ئولتۇرغان، 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سۇيىقەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولغان.

سۈرىتى بار ئىدى، سۈرەتتە دادام ئۇچىسىدىكى قارا كاستۇم - بۇرۇلكا بىلەن ناھايىتى سالاپەتلىك كۆرۈنسە، ئانام ئاپپاق كۆڭلەك كىيىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان پەرىزاتنىڭ ئۆزى ئىدى. يەنە بىر رامكىدا دادامنىڭ قەدىناس دوستى ۋە سودا شېرىكى رەھىمخان بىلەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدا مېنى تۇتۇپ تۇرۇپ چۈشكەن سۈرىتى تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ بوۋاق ۋاقتىمدا تارتىلغانىدى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلگەن، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى؛ مەن دادامنىڭ قۇچىقىدا، لېكىن كىچىك بارماقلىرىم رەھىمخاننىڭ چىمچىلاق بارمىقىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

تاملىرى ئەگمە كەلگەن تاماقخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شەمشاد دەرىخىدىن ياسالغان، تاماق ئۈستىلى قويۇلغان، ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئۆيگە ھەر ھەپتىدە چاقىرىلىدىغان ئوتتۇزدەك مېھمان ئازادە پاتاتتى. تاماقخانىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە مەرمەر تام مەش بار ئىدى. قىش كۈنلىرى ئۇنىڭدا داۋاملىق ئوت يالقۇنجاپ تۇراتتى.

يوغان سىيرىلما ئەينەك ئىشىكتىن ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئىككى گېكتار كېلىدىغان باغدىكى گىلاس دەرەخلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دادام بىلەن ئەلى باغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تامغا ياندىشتۇرۇپ ياسالغان كۆكتاتلىقتا پەمىدۇر، بۆلجۈرگەن، مۇچ ھەم ھوسۇل بەرمەيدىغان بىر رەت قوناق تېرىلاتتى. ھەسەن بىلەن ئىككىمىز بۇ بىر رەت قوناقنى «كېسەل قوناقتىن ياسالغان تام» دەپ ئاتايتتۇق.

باغنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى چارتال دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئەنجان تېمى بىلەن قوپۇرۇلۇپ ياسالغان ئاددىي ئۆي خىزمەتكارلارنىڭ ئۆيى بولۇپ، خىزمەتكارىمىز ھەسەن دادىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. 1964 - يىلى زىمىستان قىشنىڭ بىر كۈنى، يەنى ئانام مېنى تۇغۇپ، ئۆزى بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان كۈندىن بىر يىل كېيىن ھەسەن ئاشۇ ئۆيدە تۇغۇلغانىدى.

مەن ئاشۇ ئۆيدە ئون سەككىز يىل تۇرۇش جەريانىدا، ھەسەنلەرنىڭ ئۆيىگە پەقەت بىرنەچچە قېتىملا قەدەم باسقانىدىم. ھەر قېتىم قۇياش تاغنىڭ كەينىگە ئولتۇرغاندا، بىز ئويۇنىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆيگە قايتاتتۇق، مەن ئەتىرگۇللەر بىلەن ئورالغان يول بىلەن قورۇنىڭ ئالدى ئىشىكىدىن كىرىپ كېتەتتىم، ھەسەن ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئاشۇ كونا ئۆيىگە قاراپ ئارقا دەرۋازىدىن يول ئالاتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى ئاددىي، لېكىن پاكىز بولۇپ، تامغا ئېسىقلىق كىرسىن چىراغ ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ قارىمۇقارشى ئىككى تېمىنى بويلاپ ئىككى كۆرپە، ئوتتۇرىسىغا ئەتراپى قىرچىلىپ كەتكەن كونا گىلەم سېلىنقلىق ئىدى. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇق بىلەن ياغاچ ئۈستەل قويۇلغان، ھەسەن شۇ يەردە ئولتۇرۇپ رەسىم سىزاتتى. ئۆينىڭ تېمىدا دادام ئەلىگە مەشئەد ① تىن ئالغاچ كەلگەن «ئاللاھۇئەكبەر» دېگەن خەت توقۇلغان گىلەمدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

1964 ـ يىلى مۇشۇ كونا گىلەم ئېسىلغان ئۆيدە ھەسەننىڭ ئانىسى سەنۇبەر ھەسەننى تۇغقان. مېنىڭ ئانام مېنى تۇغقاندا ئېغىر قانسىراپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولسا، ھەسەنمۇ تۇغۇلۇپ بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئانىسىدىن ئايرىلغانىدى. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ئانىسى ئافغانلار ئۆلۈمدىنمۇ يامان كۆرىدىغان نومۇسلۇق تەقدىر بىلەن — بىر توپ كۆچمەن ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلار بىلەن قېچىپ كەتكەنىدى.

ھەسەن ھېچقاچان ئانىسى توغرۇلۇق پاراڭ قىلمايتتى. مەن ئۇنىڭ ئانىسى توغرۇلۇق نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئانىسىنى مەن ئانامنى سېغىنىدىغىنىمغا ئوخشاش سېغىنىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلالمايتتىم. بىر كۈنى، ھەسەن ئىككىمىز ئىراننىڭ يېڭى بىر فىلىمىنى كۆرۈش ئۈچۈن

---

① مەشئەد — ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئىران ـ تۈركمەنىستان چېگراسىغا جايلاشقان شەھەر.

كىنوخانىغا قاراپ يول ئالدۇق. يېقىن يول بىلەن بېرىش ئۈچۈن ئىستىقلال ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ يېنىدىكى ھەربىيلەر گازارمىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. ئەسلىدە دادام بىزنىڭ بۇ يول بىلەن مېڭىشىمىزغا قوشۇلمايتتى، لېكىن دادام شۇ كۈنلەردە رەھىمخان بىلەن پاكىستاندا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، بىز بۇ يول بىلەن مېڭىۋەردۇق. بىز گازارمىنىڭ ئەتراپىدىكى سىم توسۇقتىن سەكرەپ ئۆتتۇق ـ دە، ئېرىقنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كونا تانكىلار توختىتىپ قويۇلغان مەيداننى كېسىپ ئۆتمەكچى بولدۇق. دەل شۇ پەيتتە، بىر كونا تانكىنىڭ كەينىدە تاماكا چېكىشىپ، قارتا ئويناپ ئولتۇرغان بىر توپ ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرى بىزنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يېنىدىكى يەنە بىرىگە ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن ھەسەنگە قاراپ ۋارقىرىدى.

— ھەي بالا ! — دەپ توۋلىدى ئەسكەر، — مەن سېنى تونۇيمەن.

بىز بۇ ئەسكەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. ئۇ دوغىلاقراق كەلگەن، چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەن، يۈزلىرىنى قارا ساقال باسقان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرى ۋە شۇملۇق بىلەن قاراشلىرىدىن تېنىم شۈركۈندى.

— ئۇنىڭغا قارىماي كېتىۋېرەيلى، — دەپ پىچىرلىدىم مەن ھەسەنگە.

— ھەي ھەزارا ! مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، ماڭا قارا ! — دەپ ۋارقىرىدى ئەسكەر قولىدىكى تاماكىسىنى يېنىدىكى ئەسكەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، — مەن سېنىڭ ئاناڭنى تونۇيمەن، خېلىلا ئوبدان تونۇيمەن. مەن ئۇنى مۇشۇ ئېرىقنىڭ بويىدا ئارقا تەرىپىدىن كېلىپلا تۇتۇۋالغان !

باشقا ئەسكەرلەر بىزگە قاراپ ئىسقىرتىپ كۈلۈشكە باشلىدى. مەن ھەسەنگە كەينىگە قارىماي تېز مېڭىشنى ئېيتتىم. ھېلىقى ئەسكەر كەينىمىزدىن:

— ئۇنىڭ ھېلىقى نەرسىسى ئاجايىپ تاتلىق ئىدى جۇمۇ ! —

دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ يەنە باشقا ئەسكەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

كىنو باشلانغاندىن كېيىن ھەسەننىڭ يېنىمدا ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. كۆزىدىن ئاققان ياش ئىككى مەڭزىنى بويلاپ چۈشۈۋاتاتتى. مەن ئۇنى مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە تارتتىم. ئۇ بېشىنى مەيدەمگە قويغاندا، مەن ئۇنىڭغا:

— ئۇ چوقۇم سېنى باشقا بىرىگە ئوخشىتىپ قالدى، — دەپ پىچىرلىدىم.

سەنۇبەرنىڭ قېچىپ كەتكىنىگە ھېچكىمنىڭ ھەيران قالمىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەكسىچە، قورئاننى يادقا بىلىدىغان ئەلىدەك بىر مۆتىۋەرنىڭ ئۆزىدىن ئون توققۇز ياش كىچىك، چىرايلىق بولسىمۇ، بۇلغانغان نامى پۈر كەتكەن بىر ئايال بىلەن توي قىلغانلىقىغا ھەممە ئادەم ھەيران قالغانىكەن. سەنۇبەرنىڭ ئەلىگە ئوخشاش شىئە مەزھىپىدىن بولۇشى ۋە ئەلىگە بىر نەۋرە تۇغقان كېلىدىغانلىقىدىن باشقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئورتاقلىق يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىراي - تۇرقىنى ئېلىپ ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سەنۇبەرنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان زەڭگەر كۆزلىرى ۋە سېھىرلىك ھۆسنى سانسىز ئەركەكلەرنى ئازدۇرغانىكەن. ئەكسىچە، ئەلىنىڭ يۈزىنىڭ تۆۋەنكى مۇسكۇلى تۇغما پالەچ بولۇپ، ئۇنى كۈلۈشتىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، بىز ئەلىنىڭ قىسماق قوڭۇر كۆزلىرىنىڭ چاقناپ تۇرۇشلىرىدىن ئۇنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىنى، ياشقا تولغانلىقىدىن ئۇنىڭ مەيۈسلەنگەنلىكىنى بىلەتتۇق. «كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى» دېگەن سۆز ھەرگىز خاتا بولمىسا كېرەك. بۇ سۆز ئەلىگە شۇنچىلىك ماس كېلەتتىكى، ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى پەقەت ئاشۇ كۆزلىرى ئارقىلىقلا ئىپادىلەيتتى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سەنۇبەرنىڭ كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك ئەركىلەپ مېڭىشلىرى، لىغىرلاپ تۇرغان كاسىلىرى

ئەركەكلەرنى تۇگمەس ئىشقىۋاز خىياللارغا باشلايدىكەنمىش. لېكىن، ئەلى كىچىك ۋاقتىدىلا پالەچ بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى مايماق ئۈسۈپ قالغان، پۇت سۆڭىكىنى پەقەت بىر قەۋەت نېپىز مۇسكۇل ۋە تېرە ئوراپ تۇراتتى. سەككىز ياش ۋاقتىم بولسا كېرەك. بىر كۈنى مەن ئەلى بىلەن بازارغا نان ئالغىلى چىققاندا، ئۇنىڭ ئاقساپ مېڭىشىنى دوراپ كەينىدىن ماڭدىم. ئۇنىڭ مايماق پۇتلىرى بىلەن ئاقساپ مېڭىشلىرىنى ۋە پۇتۇن بەدىنىنىڭ ئوڭ تەرەپكە ئىرغىشلىرىنى كۆرۈپ، ىقىلىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم. ئۇنى دوراپ مېڭىپ باققاندىم، پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۇشۇشكە تاس قالدىم ـ دە، ئۆزۈمنى توختىتالماي كۈلۈشكە باشلىدىم. ئەلى كەينىگە بۇرۇلۇپ، مېنىڭ ئۆزىنى دوراۋاتقانلىقىمنى كۆردى ـ يۇ، گەپ قىلماستىن ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى.

ئەلىنىڭ چىرايى ۋە مېڭىشلىرىدىن بەزى كىچىك باللار قورقسىمۇ، لېكىن چوڭ باللار ئۇنى بوزەك قىلاتتى. كوچىلاردا ئەلىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئۇنىڭ مېڭىشىنى دورايتتى. بەزىلىرى ئۇنى «بابۇلۇ» ياكى «يالماۋۇز» دەپ ئاتايتتى. «ھەي بابۇلۇ، بۈگۈن كىمنى يېدىڭ ـ ھە؟» دەپ ۋارقىرىشاتتى. بەزىدە بولسا ئومۇمىي خور باشلىنىپ كېتەتتى:

بۈگۈن ساڭا كىم تاماق،
ھەي يالماۋۇز، بۆرنى پاناق؟

ئۇلارنىڭ ئەلىنى «بۆرنى پاناق» دېيىشىدە مۇنداق سەۋەب بار ئىدى: ئەلى بىلەن ھەسەن مەنسۇپ بولغان ھەزارالارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى ۋە چىراي ـ شەكلى موڭغۇللارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان مەن پەقەت ھەزارالارنىڭ موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ۋە چىرايىنىڭ خەنزۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنىلا بىلەتتىم. مەكتەپتىكى دەرسلىك

ماتېرىياللاردىمۇ ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرۇلۇق يېزىلغان ئۇچۇرلار ناھايىتى كەم ئىدى. بىر كۈنى مەن دادامنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، ئانامنىڭ كونىراپ كەتكەن تارىخ كىتابىنى تېپىۋالدىم. ئۇ كىتابنى خورامى ئىسىملىك ئىرانلىق يازغانىكەن. مەن ئۇ كىتابنىڭ ئۈستىدىكى توپىلارنى سۈرتۈۋېتىپ، ھۇجرامغا ئەكىرىپ ئوغرىلىقچە ئوقۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بابنىڭ مەخسۇس ھەسەنىنىڭ مىللىتى ھەزارالار توغرۇلۇق يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھاياجانلاندىم. ئۇ بابتا تەسۋىرلىنىشىچە، مېنىڭ مىللىتىم بولغان پۇشتۇلار ھەزارالارنى قانلىق قىرغانىكەن. گەرچە ھەزارالار 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پۇشتۇلارغا قارشى قوزغالغان بولسىمۇ، تەسۋىرلىگۈسىز باستۇرۇشلار سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولغانىكەن. پۇشتۇلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، زېمىنىدىن قوغلاپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئاياللىرىنى قۇل قىلىپ ساتقانىكەن. پۇشتۇلارنىڭ ھەزارالارنى بۇنداق ئېزىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ھەزارالارنىڭ پۇشتۇلاردەك ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە ئەمەس، بەلكى شىئە مەزھىپىگە تەۋە بولغانلىقىدىن ئىكەن...

بۇ كىتابتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم، ھەتتا مەكتەپتىكى ئۇستازلىرىممۇ ئۆگەتمىگەن، داداممۇ ھېچقاچان تىلغا ئېلىپ باقمىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. كىتابتا كىشىلەرنىڭ ھەزارالارنى «چاشقان يەيدىغانلار، پاناق بۇرۇنلار، يۈك توشۇيدىغان ئېشەكلەر» دەپ ھاقارەتلەيدىغانلىقى يېزىلغانىدى. بەزى چاغلاردا مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەسەننى شۇنداق دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ قالاتتىم.

كېيىنكى ھەپتىسىنىڭ بىر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە، مەن مۇئەللىمگە ھېلىقى كىتابنىڭ ھەزارالار توغرۇلۇق يېزىلغان بابىنى كۆرسەتتىم. مۇئەللىم كىتابنىڭ بىر ـ ئىككى بېتىنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ماڭا كىتابنى

قايىتۇرۇپ بەردى. ئۇ قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرغاچ: «شىئەلەر داۋاملىق ئۆزلىرىنى شېھىت قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇستا» دەپ غودۇڭشىدى. ئۇنىڭ «شىئە» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغان ۋاقىتتا بۇرنىنى خۇددى بىر كېسەلدىن سەسكەنگەندەك پۈرۈشتۈرگەن چىرايى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

گەرچە سەنۇبەر ئەلى بىلەن ئوخشاش بىر مەزھەپتە، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن نەۋرە تۇغقان بولسىمۇ، ئەلىنى ھاقارەتلەشتە ھەرگىزمۇ مەھەللىدىكى باللاردىن قېلىشمايدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سەنۇبەر ئېرىنىڭ چىراي ـ تۇرقىنى ئاپئاشكارا مەسخىرە قىلاتتىكەن. ئۇ باشقىلارغا: «ئۇنى ئەر دەمسىلەر؟ قېرى ئېشەكمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق» دېگەنىكەن.

ئاخىرىدا، كىشىلەر بۇ نىكاھنى سەنۇبەرنىڭ دادىسى بىلەن ئەلى ئوتتۇرىسىدىكى يەڭ سودىسى دەپ پەرەز قىلىشىپتۇ. كىشىلەر سەنۇبەرنىڭ دادىسىنى ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن، قىزىنى بەش يېشىدا يېتىم قالغان، ھېچنېمىسى يوق ئەلىگە ياتلىق قىلغان دەپ گۇمانلىنىدىكەن.

ئەلى ھېچقاچان ئۆزىگە ئازار بەرگۈچىلەرگە زەربە بەرمەيتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئەلىنىڭ ئۆزىنى بوزەك قىلغۇچىلارغا مايماق پۇتلىرى بىلەن قوغلاپ يېتىشەلمەيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. لېكىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئەلى ھاقارەتلەرگە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى، شۇنداقلا ھەممىگە قادىر ئاچچىق قايتۇرىدىغان دورىسىنى سەنۇبەر ھەسەننى تۇغقان ۋاقىتتىن باشلاپ تېپىۋالغانىكەن. سەنۇبەرنىڭ تۇغۇتى ناھايىتى ئاددىي بولغانىكەن. ئۇ ھەسەننى يەڭگەندە ناركوز دوختۇرى، تۇغۇت دوختۇرى ۋە ياكى ئېسىل تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى دېگەنلەر يوق ئىكەن. قانغا بويالغان كۆرپە ئۈستىدە تولغاق يەۋاتقان سەنۇبەرگە پەقەت تۇغۇت ئانىسى بىلەن ئەلىلا ھەمراھ بولغانىكەن. ئەمەلىيەتتە، سەنۇبەرنىڭ تۇغۇتىمۇ ئۇنچىۋالا قىيىنغا توختىمىغان بولسا كېرەك. چۈنكى، ھەسەندەك ھېچكىمگە ئازار

بەرمەيدىغان بىر بەندە قانداقمۇ ئانىسىنى قىينىسۇن؟ نەتىجىدە بىرنەچچە قېتىملىق ئىنجىقلاش ۋە ئىتتىرىش بىلەنلا كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ھەسەن دۇنياغا كەلگەنىكەن.

سەنۇبەر ئەلنىڭ قولىدىكى بوۋاقنا بىر قاراپلا، ئۇنىڭ يېرىق كالپۇكىنى كۆرۈپ ئاچچىق بىر قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ «مانا بۇ سېنىڭ ھاماقەت ئوغلۇڭ، ئۇ سەن ئۇچۇن مەڭگۈ كۈلۈپ بەرگۈدەك! » دېگەنلىكى شۆپۆك ئېغىز تۇغۇت ئانىسى ئارقىلىق ئالدى بىلەن قوشنىلارنىڭ خىزمەتكارىغا، ئاندىن پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتكەنىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سەنۇبەر بوۋاقنى بىر قېتىممۇ قولىغا ئېلىپ قويماپتىكەن. ئۇ ھەسەن تۇغۇلۇپ بەش كۈندىن كېيىن بۇ يۇرتتىن غايىب بولغانىكەن.

سەنۇبەر كەتكەندىن كېيىن دادام مېنى ئېمىتكەن ئېمىكئانىنى ئەكەلدۇرۇپ ھەسەننىمۇ باقتۇرۇپتۇ. ئەلىنىڭ دېيىشىچە، ئېمىكئانىمىز كۆك كۆزلۈك ھەزارا ئايال بولۇپ، ئۇ ھەيۋەتلىك بۇتلار بار باميان دېگەن شەھەردىن كەلگەنىكەن. ئەلى بىزگە دائىم: «ئۇ ئايال شۇنچىلىك يېقىملىق ناخشا ئېيتاتتى» دەيتتى. بىز ئۇنىڭ قايسى ناخشىنى ئېيتقانلىقىنى بىلسەكمۇ، ئەلىنى ناخشا ئېيتقۇزۇش ئۈچۈن، قەستەن ئۇ ئايالنىڭ نېمە ناخشا ئېيتقانلىقىنى سورايتتۇق. ئەلى گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ئۇ ناخشىنى ئېيتىشقا باشلايتتى:

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ بېشىدا تۇرىمەن،
خۇدانىڭ شىرى ئەلىگە نىدا قىلىمەن.
ئەي ئەلى، خۇدانىڭ شىرى، شاھىمەردانىسەن،
مىسكىن يۈرەككە شادلىق بەخش ئەتكەيسەن !

ناخشىدىن كېيىن ئۇ بىزگە ئوخشاش ئېمىلداشلارنىڭمۇ بىر تۇغقان ـ قېرىنداشلارغا ئوخشاش مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى، بۇ مۇناسىۋەتنىڭ مەڭگۈ بۇزۇلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

توغرا، ھەسەن ئىككىمىز بىر ئايالنى ئەمگەن، بىر ھويلىدا تۇنجى ئايىغىمىز چىققان، شۇنداقلا ئوخشاش ئۆيدە مېنىڭ «دادا» دەپ، ئۇنىڭ بولسا «ئامىر» (مېنىڭ ئىسمىم) دەپ تىلىمىز چىققانىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىۋېتىپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، 1975 - يىلدىكى ھېلىقى ۋەقەنىڭ ھەم شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئۇرۇقى ئاشۇ تۇنجى سۆزلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا چېچىلغانىكەن.

# ئۈچىنچى باب

دادامنىڭ بالۇچىستان[①]دا بىر قارا ئېيىق بىلەن قوروق قول ئېلىشقانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. ئافغانلاردا ئىشلارنى مۇبالىغە قىلىدىغان ئادەت بار. مەسىلەن، ئەگەر بىرى «مېنىڭ بالام دوختۇر» دەپ ماختانسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ بالىنىڭ بىيولوگىيە دەرسى ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئەگەر دادام توغرۇلۇق ئېيتىلغان يۇقىرىدىكى ھېكايە باشقىلار توغرۇلۇق بولغان بولسا، ئافغانلارنىڭ بىر ئىشنى مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىدىغان يامان ئادىتى بويىچە ئۇ بىر لاپ گەپ بولاتتى. ھالبۇكى، ھېچكىممۇ دادام توغرۇلۇق ئېيتىلغان ھېكايىنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلانمايتتى. ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى تىرناق ئىزى قالدۇرغان ئۇزۇن تاتۇقلار ھەرقانداق ئادەمنى گۇماندىن خالاس قىلاتتى. مەن دائىم دادامنىڭ ئېيىق بىلەن ئېلىشىۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم، ھەتتا نۇرغۇن قېتىم شۇنداق چۈشىگەنىدىم. چۈشلىرىمدە دادامنى ھەرگىزمۇ ئېيىققا تەڭ كېلەلمىگەن ھالەتتە كۆرمەيتتىم.

دادامنىڭ «توپان ئاغا» (قارا قويۇن ئەپەندى) دېگەن لەقىمىنى دەسلەپتە رەھىمخان قويغان بولسىمۇ، كېيىنچە ھەممە ئادەم شۇنداق ئاتاشقا ئادەتلەنگەنىدى. دېمىسىمۇ دادامنىڭ لەقىمى ئۆزىگە ناھايىتى ماس كەلگەنىدى. ئۇنىڭ قويۇق ساقاللىرى، ئۆزىگە ئوخشاش ھېچنېمىگە بوي بەرمەي، خالىغان يۆنىلىشكە قاراپ ئۆسكەن قاپقارا بۈدۈر چاچلىرى، سۆگەت دەرىخىنى

---

① بالۇچىستان ــ پاكىستاندىكى بىر شەھەر.

قومۇرۇۋالالىغۇدەك كۈچلۈك قوللىرى، رەھىمخانىنىڭ تەربىيلىشى بويىچە «ئالۋاستىنى تىترىتىپ يەرگە تىزلاندۇرالايدىغان» سۇرلۇك قاراشلىرى ئۇنىڭ تىپىك پۇشتۇلارغا خاس ئېگىز بويىغا بەكمۇ ماس كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان ئېگىز گەۋدىسى بوسۇغىدا كۆرۈنگەن ھامان يىغىلىشلاردىكى مېھمانلارنىڭ نەزىرى قۇياشقا ئەگەشكەن ئاپتاپپەرەستەك ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى.

دادامنىڭ ھۇجرىسى بىلەن مېنىڭ ھۇجرام مېھمانخانا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. لېكىن، دادامنىڭ تىراكتورنىڭ موتورىدىن چىققاندەك ئۇنلۇك ئاڭلىنىدىغان خورىكى تاملاردىن ئۆتۈپ، مېنى قۇلىقىمغا پاختا تىقىپ، بېشىمغا يوتقاننى يۆگەپ يېتىشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئانامنىڭ دادام بىلەن بىر ھۇجرىدا قانداق ئۇخلىيالىغانلىقىنى ھېچ پەرەز قىلالمايتتىم. ئانام ھايات بولغان بولسا، بۇ مەن ئۇنىڭدىن سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللارنىڭ بىرى بولاتتى، ئەلۋەتتە.

1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، مەن بەش ـ ئالتە ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىمدا، دادام بىر دارىلئېتام سالماقچى بولغانىكەن. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى رەھىمخاندىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، گەرچە دادامنىڭ بىناكارلىقتىن قىلچە خەۋىرى بولمىسىمۇ، بىنانىڭ چېرتيوژىنى ئۆز قولى بىلەن سىزماقچى بوپتۇ. كىشىلەر دادامغا بۇنداق ئەخمەقلىق قىلماي، بىرەر ئىنژېنېر ياللاشنى تەۋسىيە قىپتۇ. ئەلۋەتتە، دادام ئادىتى بويىچە ئۇلارنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلماپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ جاھىللىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ باشلىرىنى چايقىشىپتۇ. كېيىنچە دادام قۇرۇلۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك لايىھەلەپتۇ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرگەن كىشىلەر خىجىللىق بىلەن دادامغا قايىل بولۇپ باشلىرىنى لىڭشىتىشىپتۇ. دادام كابۇل دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى جادەھ مايۋاند كوچىسىغا سېلىنغان بۇ ئىككى قەۋەتلىك دارىلئېتامنىڭ پۈتۈن چىقىمىنى

ئۆز ئۇستىگە ئاپتۇ. دادام ئىنژېنېرلار، توكچىلار، سۇ تورۇبىسى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلار ۋە مەدىكارلارنىڭ ئىش ھەققىنى، ھەتتا شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارنىڭ گېپىنى مايلاش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئاپتۇ.

دارىلئېتامنى سېلىش ئۈچۈن ئۈچ يىل ۋاقىت كەتكەنىدى. دارىلئېتام پۈتكەندە مەن سەككىز ياشقا كىرگەنىدىم. دارىلئېتامنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن بىر كۈن بۇرۇن دادامنىڭ مېنى كابۇلنىڭ شىمالىدىن بىرنەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى غارغا كۆلىگە ئېلىپ بارغىنى ئېسىمدە. دادام ماڭا ھەسەننىمۇ بىللە ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇغاندا، مەن ھەسەننىڭ ئىشى بار ئىكەن دەپ يالغان سۆزلىگەنىدىم. چۈنكى، مېنىڭ دادام بىلەن يالغۇز بارغۇم بار ئىدى. ئالدىنقى قېتىم غارغا كۆلىگە بارغاندا، ھەسەن ئىككىمىز كۆلدە تاش سەكرىتىپ ئوينىغانىدۇق. ھەسەننىڭ ئاتقان تاشلىرى سەككىز قېتىم سەكرىگەن، مېنىڭ ئاران بەش قېتىم سەكرىگەنىدى. دادام ھەسەننى ماختاپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويغان، ھەتتا ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپمۇ قويغانىدى.

دادام بىلەن ئىككىيلەن كۆلنىڭ بويىدىكى شىرەگە سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم، قىيمىلىق تورمەل ۋە تۇزلانغان تەرخەمەكلەرنى تىزىپ، تاماققا ئولتۇردۇق. كۆلنىڭ سۈيى شۇنچىلىك كۆك بولۇپ، كۈن نۇرىدا شۇنچىلىك تىنىق كۆرۈنەتتى. جۈمە كۈنلىرىدە كۆل بويى ئائىلە بويىچە ئاپتاپسىنغىلى كەلگەن كىشىلەر بىلەن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمەتتى. بۈگۈن ھەپتە ئارىلىقىدىكى كۈن بولغاچقىمىكىن، كۆل بويىدا دادام ئىككىمىز بىلەن ئۇزۇن چاچلىق، بومبا ساقاللىق بىرنەچچە ساياھەتچىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. باشقىلارنىڭ بۇنداق كىشىلەرنى «ئەجنەبىيلەر» دەپ ئاتايدىغىنىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ ئۇزۇن چاچلىق كىشىلەر قىرغاقتا پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇۋاتاتتى. مەن دادامدىن

ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈن چاچ قويىدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ پەقەت غودۇڭشىپ قويغاندىن باشقا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ ئەتە سۆزلەيدىغان نۇتقى يېزىلغان قەغەزلەرنى ۋاراقلاپ، ئۇ يەر - بۇ يېرىگە قېرىنداش بىلەن بەلگە قويۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. مەن تۇخۇمدىن بىر چىشلەم يېدىم. سىنىپىمدىكى بىر بالىنىڭ: «تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى يەپ سالسا ئۇ چوقۇم تەرەت بىلەن چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن گېپىنىڭ راست - يالغانلىقىنى سورىساممۇ، دادام يەنىلا غودۇڭشىپ قويۇپ جاۋاب بەرمىدى.

مەن قىيمىلىق تۇرمەلىنى يېگەچ ئەتراپقا نەزەر سالدىم. قىرغاقتا ئولتۇرغان ھېلىقى سېرىق چاچلىق ساياھەتچىلەرنىڭ بىرى قاقاقلاپ كۈلگىنىچە يەنە بىرىنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويىدى. كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغنىڭ باغرىدا بىر يۈك ماشىنىسى چايقىلىپ يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يان ئەينىكى كۈن نۇرىدا پات - پات چاقناپ تۇراتتى.

«مەن راك كېسىلى بولۇپ قالدىمغۇ دەيمەن» دېدىم مەن. دادام دەرھال نەزىرىنى قولىدىكى قەغەزلەردىن ماڭا ئاغدۇردى، ماڭا ماشىنىمىزدىن سودا سۈيى ئېلىپ ئىچىشىمنى بۇيرۇدى.

ئەتىسى، دارىلئېتامنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا نۇرغۇن ئادەم كەلدى. دارىلئېتام ھويلىسىغا تىزىلغان ئورۇندۇقلار يېتىشمىگەچكە، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆرە تۇرۇپ كۆرۈشىگە توغرا كەلدى. ئۇ كۈنى سەل شامال چىقىۋاتاتتى. مەن يېڭى سېلىنغان بىنانىڭ ئالدى ئىشىكىنىڭ يېنىغا ياسالغان سەھنىدە دادامنىڭ كەينىدىكى رەتتىن ئورۇن ئالدىم. دادام ئۇستىگە يېشىل تون، بېشىغا كۆرپە تۇماق كىيگەنىدى. نۇتۇقنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، دادامنىڭ تۇمىقى شامالدا ئۇچۇپ كەتتى - دە، ھەممەيلەن كۈلۈشتى. دادام ماڭا تۇمىقىنى تۇتۇپ تۇرۇشۇمنى ئىشارەت قىلغاندا، مەن شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىم. چۈنكى، ھەممە ئادەم مېنى، يەنى سۆزلەۋاتقان ئاشۇ ئادەمنىڭ ئوغلىنى تونۇۋالدۇ ئەمەسمۇ. ئۇ

دەرھال مىكروفونغا بۇرۇلۇپ، دارىلئېتام بىناسىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇمىقىغا قارىغاندا مۇستەھكەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كىشىلەرنى يەنە بىر قېتىم كۈلدۈرۈۋەتتى. دادام نۇتقىنى تۈگەتكەندە، كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇزۇنغىچە چاۋاك چېلىشتى ۋە باركاللا ئېيتىشتى. مۇراسىمدىن كېيىن كىشىلەر بىر - بىرلەپ كېلىپ دادام بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بەزىلىرى ھەتتا مېنىڭمۇ بېشىمنى سىلاپ، قولۇمنى سىقىشتى. بۇنى كۆرۈپ قەلبىمنى چوڭقۇر پەخىرلىنىش ھېسسىياتى قاپلىدى.

گەرچە دادام شۇنچە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، بەزى كىشىلەر يەنىلا ئۇنىڭغا گۇمانلىنىش نەزىرىدە قارايتتى. ئۇلار سودىگەرچىلىكنىڭ دادامغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، بۇۋامدەك قانۇن بىلەن شۇغۇللانسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندى. دادام ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئويلىغانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان، ئۇ ئۆزىنىڭ سودىسىنى ياخشى يۈرۈشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى كابۇلدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. دادامنىڭ رەھىمخان بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇرغان بىر گىلەم ئېكسپورت شىركىتى، ئىككى دورا دۇكىنى ۋە بىر رېستورانى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەكمۇ روناق تېپىۋاتاتتى.

دادام ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىر چاغلاردا كىشىلەر ئۇنىڭ لايىقىدا بىر قىز تېپىشىدىن گۇمانلىنىپ مەسخىرە قىلىشقانىكەن. لېكىن، دادام كابۇلدىكى ئەڭ بىلىملىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر گۈزەللەرنىڭ بىرى سانىلىدىغان مېنىڭ ئانام — سوفىيە ئەكرەمگە ئۆيلەنگەنىكەن. ئانام ئۇنىۋېرسىتېتتا پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققانىكەن. شۇڭا، دادام كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئانامنى ئەركىلىتىپ «مېنىڭ

مەلىكەم» دەپ چاقىراتتىكەن.

مېنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دادام ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنياسىنى ئۆز خاھىشى بويىچە ياساپ چىققانىدى. بۇنىڭدىكى مەسىلە شۇكى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە دادامغا ئاق ياكى قارا كۆرۈنەتتى. نېمىنىڭ قارا، نېمىنىڭ ئاق بولۇشىغا پۈتۈنلەي دادام ئۆزى ھۆكۈم قىلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئادەمنى ئۇنىڭدىن قورقماي تۇرۇپ، ھەتتا ئازراق ئۆچ كۆرمەي تۇرۇپ ياخشى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مەن 5 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان يىلى بىزگە فاتىمئۇللاخان ئىسىملىك پاكار بوي، يۈزلىرى چوقۇر، ئاۋازى قوپال چىقىدىغان بىر كىشى ئىسلام دىنى بىلىملىرىدىن دەرس بەردى. ئۇ بىزگە زاكات بېرىشنىڭ ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى، ھەج قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەيتتى. بىزگە بەش ۋاخ نامازنىڭ قائىدىلىرىنى تەپسىلىي ئۆگىتىپ، قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى يادقا ئالدۇراتتى. گەرچە بىزگە ئايەتلەردىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تەرجىمە قىلىپ بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە تال چىۋىقى بىلەن بىزنى ئۇرۇپ تۇرۇپ، ئەرەبچە سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىتەتتى. سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلغاندىلا خۇدانىڭ بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئېنىق ئاڭلىيالايدىغانلىقىنى تەكىتلەيتتى. بىر كۈنى، ئۇ بىزگە ھاراق ئىچىشنىڭ ئىسلام دىنىدا ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقى، ھاراق ئىچكەنلەرنىڭ قىيامەت كۈنى قاتتىق سوراققا تارتىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ كۈنلەردە كابۇلدا ھاراق ئىچىش ئەۋج ئالغانىدى. ھاراق ئىچكەنلەرنى ھېچكىم جامائەت ئالدىدا ئەيىبلىمەيتتى. كىشىلەر سكوچ، ۋودكىلارنى بەزى «دورىخانا»لاردىن «دورا» ئورنىدا سېتىۋېلىشاتتى. ئۇلار بۇ «دورا»لارنى قەغەز خالتىلارغا سېلىپ، يوشۇرۇنچە ئېلىپ مېڭىشقاندا، بۇ دورىخانىلاردا نېمە سېتىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەر نارازىلىق كۆزلىرى بىلەن قارىشاتتى.

بىر كۈنى دادام ئىككىمىز ئۈنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئىدۇق. مەن دادامغا فاتىئۇللاخان موللىنىڭ بىزگە ئۆگەتكەنلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. مەن ئۇ گەپلەرنى دەپ بېرىۋاتقاندا دادام ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئۆزى ياسىۋالغان ئىچىملىك ئىشكاپىدىن ۋىسكى ئېلىپ ئىستاكانغا قۇيۇۋاتاتتى. ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتقاچ ۋىسكىدىن بىر يۇتۇم ئوتلىدى، ئارقىدىنلا خورۇم سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى ئىستاكاننى ئۇستەلگە قويدى ـ دە، مېنى قۇچىقىغا ئالدى. مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ خۇددى دەرەخ شېخىدا ئولتۇرغاندەكلا ھېس قىلدىم. ئۇ ئېغىر نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ تىنىقىدىن چىققان پۇراق چىدىغۇسىز قاڭسىق ئىدى. مەن دادامنى قۇچاقلىشىمنى ياكى گۇناھ يۇقتۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ كېتىشىمنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم.

— قارىغاندا سەن مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭنى ئەمەلىيەتكە باغلىيالماي قايمۇقۇۋاتقان ئوخشايسەن، — دېدى دادام بوم ئاۋازدا.

— ئەگەر مېنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىم راست بولسا، سىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولامسىز دادا؟

— ھىم، — دېدى دادام ئېغىزىدىكى مۇز پارچىسىنى چاينىغاچ، — سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ گۇناھ توغرۇلۇق قانداق قاراشتا ئىكەنلىكىمنى بىلمەكچىمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا دەپ بېرەي، — دېدى دادام، — بىرىنچىدىن، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇ ساقاللىق ھاماقەتلەردىن سەن ھېچقانداق ئەھمىيەتلىك نەرسە ئۆگىنەلمەيسەن.

— سىز فاتىئۇللاخان موللىنى دېمەكچىمۇ؟

دادام قولىدىكى ئىستاكاننى كۆتۈرۈپ ئىچىدىكى مۇز پارچىسىنى چايقىدى.

— مېنىڭچە، ئۇنىڭدەك ئۆزىچە ھەققانىيەتچى بولۇۋالغان مايمۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساقىلىغا سىيىش كېرەك.
دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم. مەن ئۇچۇن دادامنىڭ ئۇلارنىڭ ساقىلىغا سىيىۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش ئەسلا ئارتۇقچە ئىدى.
— ئۇلار قۇرۇق تەسۋىلىرىنى سىيرىشىپ، قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى چۇشەنمەي تۇرۇپ يادلاشتىن باشقىنى قىلالمايدۇ، — دېدى دادام قولىدىكى ئىستاكاننى لېۋىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، — ئافغانىستاننىڭ ئۇنداقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن.
مەن ئۆزۈمنى كۈلۈشتىن تەسلىكتە توختىتىپ:
— فاتىئۇللاخان موللا قارىماققا ياخشى ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ، — دېدىم.
— چىڭگىزخانمۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق كۆرۈنگەن، — دېدى دادام، — بولدى، ئەمدى بۇ گەپنى قويايلى. سەن مەندىن گۇناھ توغرۇلۇق سوئال سورىغانىكەنسەن، مەن شۇنىڭغا جاۋاب بېرەي. گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟
«ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىپ ئاغزىمنى چىڭ يۇمۇۋالغان بولساممۇ، كۈلكەم بۇرنۇمدىن چىقىپ كېتىپ خورەك تارتقاندەك ئاۋاز چىقىپ كەتتى - دە، يەنە پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدىم.
دادامنىڭ كۆزلىرىنىڭ ماڭا مىختەك تىكىلىشى مېنى كۈلكىدىن دەرھال توختاتتى.
— مەن ساڭا ئوغۇل بالىغا گەپ قىلغاندەك گەپ قىلماقچى، سەنمۇ شۇنىڭغا ماسلىشىپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى دادام.
— ماقۇل، دادا، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، دادامنىڭ بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا مېنى غىققىدە قىلىپ قويالايدىغانلىقىغا بىرىنچى قېتىم ھەيران قالغىنىم ئەمەس. ئەپسۇس، دادامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدىغان مۇشۇنداق پۇرسەتنى ئەخمەقلەرچە قولدىن بېرىپ

قويۇۋاتاتتىم.

— ئۇنداقتا ياخشى، — دېدى دادام، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەندىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — موللامنىڭ نېمىلەرنى ئۆگىتىشىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيادا پەقەت بىرلا گۇناھ بار. ئۇ بولسىمۇ ئوغرىلىق. باشقا گۇناھلارنىڭ ھەممىسى ئوغرىلىقنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى. سەن شۇنى بىلەمسەن؟

— ياق، دادا، — دېدىم مەن، بۇنى چۈشىنىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرسامۇ، دادامنى يەنە ئۈمىدسىزلەندۈرۈشنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتىم.

دادام ئەۋرىسىزلىك بىلەن خورسىندى. بۇمۇ مەن ئۈچۈن زەربە بولدى. چۈنكى، دادام ھېچقاچان بۇنداق سەۋرىسىز ئادەم ئەمەس ئىدى. دادام كەچ كىرگۈچە ئۆيگە كەلمەي، ئۆزۈم يالغۇز تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولغان ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شۇنداق ۋاقىتلاردا مەن دائىم ئەلىدىن دادامنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغىنىنى سورايتتىم. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭ قۇرۇلۇش مەيدانىدا ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بەكمۇ ئېنىق بىلەتتىم. ئۇ قۇرۇلۇش جەريانىدا قاراڭغۇ چۈشكۈچە دائىم بۇ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇ ئىشنى تەكشۈرۈش... بىلەن تىنىم تاپماي ئىشلەتتى. مانا شۇ ئىشلارنى سەۋرچانلىق بولمىسا قانداقمۇ باشقا ئاچىققىلى بولىدۇ؟ مەن دادام قۇرۇۋاتقان دارىلئېتامدا ئوقۇماقچى بولغان ئۇ يېتىم باللارغا ئۆچ بولۇپ كەتكەندىم. بەزىدە ئۇ يېتىم باللار ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن بىللە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىچۇ دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم.

— سەن بىر ئەرنى ئۆلتۈرسەڭ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ئوغرىلىغان بولىسەن، — دېدى دادام، — ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئېرىنى، باللىرىنىڭ دادىسىنى ئوغرىلىغان بولىسەن. سەن يالغان سۆزلىسەڭ، باشقىلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش ھوقۇقىنى

ئوغرىلىغان بولىسەن. ئەگەر سەن ئالدامچىلىق قىلساڭ، ئادىللىقنى ئوغرىلىغان بولىسەن. چۈشەندىڭمۇ؟

مەن چۈشەندىم. دادام ئالتە ياش ۋاقتىدا بىر كۈنى بوۋامنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ. گەرچە بوۋام قارشىلىق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، ئوغرى ئۇنىڭ گېلىغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. يەنى، دادامنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر سوتچى دادىسىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. شەھەر خەلقى ئەتىسى چۈشكىچە بۇ قاتىلنى ئىزدەپ تۇتۇۋاپتۇ. سۈرۈشتۈرسە ئۇ قاتىل ئەسلىدە قۇندۇز رايونىدىن كەلگەن سەرگەردان ئىكەن. كىشىلەر ئۇ قاتىلنى پېشىن نامىزىغا ئىككى سائەت قالغاندا كاۋچۇك دەرىخىنىڭ شېخىغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ ۋەقەنى مەن دادامدىن ئەمەس، بەلكى رەھىمخاندىن ئاڭلىغانىدىم، دادام توغرۇلۇق ھېكايىلەرنى دائىم باشقىلاردىن ئاڭلايتتىم.

— دۇنيادا ئوغرىلىقتىن ئارتۇق شەرمەندىلىك بولمايدۇ، ئامىر، — دېدى دادام، — بىر ئادەم ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىنى ئوغرىلىسا، مەيلى ئۇ بىرىنىڭ ھاياتى بولسۇن ياكى بىر بۇردا نان بولسۇن... مەن ئۇنداق ئادەمگە نەپرەت بىلەن تۈكۈرىمەن. ئەگەر ئۇنداق ئادەم ئالدىمغا ئۇچراپ قالسا، خۇدا ساقلىسۇن ئۇنى ... چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم دادا... — دادامنىڭ ئوغرىنى ھاقارەتلىشى مېنى بىر تەرەپتىن ھاياجانلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇنچقا سېلىۋاتاتتى.

— ئەگەر ھەقىقەتەن خۇدا مەۋجۇت بولسا، مەن خۇدانىڭ مېنىڭ ۋىسكى ئىچىشىم ياكى چوشقا گۆشى يېيىشىمنى كۆزىتىشتىنمۇ مۇھىم ئىشلىرى بار، دەپ ئويلايمەن. ئەمدى قۇچىقىمدىن چۈشسەڭ بولىدۇ...

گۇناھ توغرۇلۇق بولغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ يەنە ئۇسساپ كەتتىم.

مەن دادامنىڭ ئىستاكاننى تولدۇرغىنىغا قاراپ تۇرۇپ، يەنە

قاچان مۇشۇنداق ئۇزاق پاراڭلىشارمىز دەپ ئويلاپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە، مەن دائىم مېنى ئۆچ كۆرىدۇ دەپ ئويلايتتىم. نېمىشقا مېنى ئۆچ كۆرمىگۇدەك؟ چۈنكى، مەن ئۇنىڭ قەدىردان خوتۇنى — گۈزەل مەلىكىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولدۇم. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھېچبولمىغاندا ئۇنى دوراپ چوڭ بولغان بولساممۇ مەيلى ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنى دورىيالمىدىم، مەن ئۇنىڭغا ئازراقمۇ ئوخشىمىدىم.

مەكتەپتە، پارس تىلى دەرسىدە بىز «شېئىر جېڭى» ئويۇنى ئويناپتتۇق. ئوقۇتقۇچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇ ئويۇننىڭ قائىدىسى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى كىشى بىر كۇپلېت شېئىرنى يادلاپ بولغاندا، ئۇنىڭ رىقابەتچىسى ئاتمىش سېكۇنت ئىچىدە بىرىنچى ھەرپى باشتىكى شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپى بىلەن باشلانغان بىر كۇپلېت شېئىرنى ئوقۇيتتى. بىز ھەر قېتىم بۇ ئويۇننى ئوينىغاندا، سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۆزىنىڭ گۇرۇپپىسىدا بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى، مەن ئون بىر ياش ۋاقتىمدىلا ئۆمەر ھەييام ۋە ھاپىزلارنىڭ نەچچە ئون رۇبائىيلىرىنى ۋە رۇمىنىڭ مەشھۇر «مەسنەۋى»سىنى يادقا بىلەتتىم. تېخى بىر قېتىم ئۆزۈم يالغۇز پۈتۈن سىنىپتىكى بالىلارنى يەڭگەنىدىم. لېكىن، شۇ كۈنى كەچتە بۇ غەلىبەمنى دادامغا ئېيتقىنىمدا، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ «ياخشى بوپتۇ» دەپلا قويغانىدى.

ئۆزۈمنى ئۆلۈپ كەتكەن ئانامنىڭ كىتابلىرىغا ئۇرۇشۇممۇ دادامنىڭ ئاشۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسىدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە ھەسەندىن نېرىراق تۇرۇشۇمغىمۇ باھانە بولاتتى. مەن رۇمى، ھاپىز، شەيخ سەئدى، ۋىكتور ھيۇگو، ژيۇل ۋېرنى، مارك تۋېن، ئىيان فلېمىن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇدۇم. ئانامنىڭ زېرىكىشلىك تارىخىي كىتابلىرىدىن باشقا رومان ۋە داستان كىتابلىرىنى ئوقۇپ

بولغاندىن كېيىن دادام بەرگەن پۇلغا ھەر ھەپتىسى «كىنو باغچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان يەردىكى كىتابخانىدىن بىر كىتاب ئالىدىغان بولغانىدىم. ئاخىرىدا كىتابلىرىم ئىشكاپقا پاتماي، ئۇلارنى قەغەز يەشىككە قاچىلاشقا باشلىدىم.

ئەلۋەتتە، شائىر بىلەن توي قىلىش بىر ئىش، لېكىن ئۆز قىلمىشىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى شېئىر ـ داستانلارنىڭ ئىچىگە ئاتىدىغان كىتاب خالتىسى ئوغۇل بالىغا ئاتا بولۇپ قېلىش بەلكىم دادامنىڭ ئۈمىدى بولمىسا كېرەك. دادامنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي ئوغۇل بالا شېئىر يېزىش ئۇياقتا تۇرسۇن، شېئىر ئوقۇپمۇ سالمايدۇ؛ ھەقىقىي ئەركەكلەر خۇددى دادامنىڭ ياش ۋاقتىدىكىدەك پۇتبول تېپىدۇ. دادام مۇشۇ ياشقا كەلگەندىمۇ پۇتبولغا شۇنچە قىزىقاتتى. ئۇنىڭ 1970 ـ يىلى ئافغانىستاندا تېلېۋىزور بولمىغاچقا، ئۆزى باشچىلىق قىلىۋاتقان دارىلئېتام قورۇلۇشىنى تاشلاپ، تېھرانغا بېرىپ بىر ئاي تۇرۇپ، تېلېۋىزوردىن «دۇنيا لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرۈپ كەلگىنى ئېنىق ئېسىمدە. دادام مېنىڭ پۇتبولغا بولغان ھەۋىسىمنى قوزغاش ئۈچۈن، پۇتبول كوماندىسىغا تىزىملاتقانىدى. لېكىن، كالانپايلىقىمدىن ئالدىمغا كەلگەن توپنى ئوڭلاپ تېپەلمەي قالاتتىم ياكى كالۋالارچە ئۆزۈم تەرەپنىڭ توپنى توسۇپ سالاتتىم. تېخى ماڭا كەلمىگەن توپنىڭ كەينىدىن ئورۇق پۇتلىرىمنى سۆرەپ يۈگۈرۈپ، ۋارقىراپ قوياتتىم. شۇڭا، مەن قانچە كۈچەپ قوللىرىمدا ئىشارەت قىلىپ «مەن تەييار، مەن تەييار» دەپ ۋارقىرىغانسېرى، ھېچكىم ماڭا پەرۋا قىلمايدىغان بولغانىدى. ئەلۋەتتە دادام بۇ نىيىتىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمىدى. ئاخىرىدا، دادامنىڭ تەنھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ بىر پۇچۇقىنىمۇ ۋارىسلىق قىلالمىغىنىم ئېنىق بولغاندا، ئۇ مېنى ھېچبولمىغاندا بىر توپ ھەۋەسكارى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقماقچى بولدى. ھەۋەسكارلىقنى ئەلۋەتتە قاملاشتۇرالايمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ خېلى ئۇزۇنغىچە مەن يالغاندىن توپ

ھەۋەسكارى بولدۇم. دادام بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ مۇسابىقە كۆرۈۋېتىپ، كابۇل كوماندىسى قەندەھار كوماندىسىغا بىر توپ ئۇرغاندا يالغاندىن خۇش بولغاندەك قىلىپ ۋارقىرىدىم. رېپىرى بىزنىڭ كوماندىغا جازا بەرگەندە، يالغاندىن نارازى بولۇپ ئۇنى قارغىدىم.

لېكىن، دادام مەندە ھەقىقىي قىزىقىشنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى ۋە مېنىڭ مەڭگۈ پۇتبولچى ياكى پۇتبول ھەۋەسكارى بولالمايدىغانلىقىمنى ئاخىر تونۇپ يەتتى.

بىر قېتىم، دادامنىڭ مېنى ھەر يىلى نورۇز كۈنىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىگە ئېلىپ بارغىنى ئېسىمدە. ئوغلاق تارتىشىش ئافغانىستاننىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا بايلار پۇل بېرىپ تەيىنلىگەن چەۋەنداز ئۆلۈك ئوغلاق ياكى باشقا ئۆلۈك ھايۋاننى بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن تارتىۋېلىپ، مەيداندا ئۇچقاندەك چاپىدۇ ۋە بەلگىلەنگەن چەمبىرەككە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. باشقا چەۋەندازلار بولسا ئوغلاقنى تارتىۋالماقچى بولۇپ ئۇنى كەينىدىن كۈچىنىڭ بارىچە ئات چاپتۇرۇپ قوغلايدۇ. ئوغلاقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بار ئاماللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىدۇ؛ ھەتتا تېپىش، تاتىلاش، قامچىلاش، مۇشتلاش قاتارلىقلاردىنمۇ يانمايدۇ. ئۇ كۈنىمۇ ئات مىنگەن چەۋەندازلار مەيداندا بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئوغلاق تالاشقاندا، كىشىلەرنىڭ ھاياجان بىلەن ۋارقىراشقان ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى پۈتۈن دالىنى تىترىتەتتى. بىز سەھنىدە تۇرۇپ كۆردۇق. ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازلار يېنىمىزدىن ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇشۇپ قىيقاس - چۇقان بىلەن ئۆتەتتى. ئاتلىرىنىڭ جاۋغىيىدىن شالۋاقلار ئاقاتتى.

بىردەمدىن كېيىن دادام سەھنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئامىر، ئاۋۇ ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ

كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى، مەن ئۇ كىشىنى كۆردۈم.

— ئۇ كىشى ھېنرى كىسسىنگېر.

— ھە، — دېدىم دادامغا. مەن ھېنرى كىسسىنگېرنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتىم. دادامدىن سوراي دەپ تۇرۇشۇمغا، كۆز ئالدىمدىلا بىر چەۋەنداز ئېگەردىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدا غايىب بولدى. ئۇ كىشىنىڭ بەدىنى ئۆركۈپ كەتكەن ئاتلارنىڭ ئاستىدا خۇددى پالاستىن تىكىلگەن قورچاقتەك دەسسىلىپ - چەيلەندى. چەۋەندازلار تۇپى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەم سەل - پەل مىدىرلاپ جىمىپلا كەتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئېگىلگەن، بەدىنىدىن ئاققان قان قۇم ئۈستىدە كۆلچەك ھاسىل قىلغانىدى.

مەن ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتىم.

مەن ئۆيگە كەلگۈچە يىغلىدىم. دادامنىڭ ماشىنىنىڭ رولىنى جىمجىت تۇتۇشلىرىدىن، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ۋە ئاچچىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ چىشىنى چىشلەپ، گەپ قىلماي ماشىنا ھەيدەشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم.

شۇ كۈنى كەچتە دادامنىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دادامنىڭ رەھىمخان بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم - دە، قۇلىقىمنى يېپىق ئىشىككە يېقىن ئەكەلدىم.

— ئۇنىڭ ساغلام چوڭ بولۇۋاتقانلىقىغا شۈكۈر دەيلى، — دەۋاتاتتى رەھىمخان دادامغا.

— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن، ئۇ داۋاملىق كىتابتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ ياكى ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە مېڭىپلا يۈرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ مېنى پەقەت دورىمىدى، — دېدى دادام. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئاچچىقلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. رەھىمخان كۈلۈپ كەتتى.

— باللار سېنىڭ خالىغانچە بوياپ سىزىدىغان دەپتىرىڭ ئەمەس.

— ساڭا دېسەم، — دېدى دادام، — مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئۆنىڭدەك ئەمەس ئىدىم، مەن بىلەن تەڭ چوڭ بولغان بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆنىڭدەك ئەمەس ئىدى.
— بەزىدە مەن سېنى دۆنيادىكى ئەڭ شەخسىيەتچى ئادەمدەك ھېس قىلىمەن، — مەن تونۆيدىغانلارنىڭ ئىچىدە پەقەت رەھىمخانلا دادامغا مۆشۆنداق گەپ قىلىشقا پېتىنالايتتى.
— بۆ ئۆنداق گەپ ئەمەس.
— ئۆنداق گەپ ئەمەس؟
— ياق.
— ئەمىسە قانداق گەپ؟
مەن دادامنىڭ خۆرۆم سافادىن قوزغالغان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا كۆزۆمنى يۆمۆپ، قۆلىقىمنى ئىشىككە تېخىمۆ چىڭ چاپلىدىم. لېكىن، دادامنىڭ گېپىنى داۋاملىق ئاڭلاش ياكى ئاڭلىماسلىقنى ھېچ بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم.
— مەن بەزىدە ئۆنىڭ مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. بالىلارنىڭ ئۆنى ئىتتىرگىنىنى، ئويۆنچۆقىنى تارتىۋالغىنىنى، ھەتتا ئۆرغىنىنىمۆ كۆردۆم، لېكىن ئۆ ھەرگىز ئۆلارغا تاقابىل تۆرمايدۆ. بېشىنى ساڭگىلىتىپ يۆرىدۆ...
— دېمەك، ئۆ جېدەلخور ئەمەس، — دېدى رەھىمخان.
— مەن ئۆنداق دېمەكچى ئەمەس، رەھىم. بۆنى سەن بىلىسەن. مېنىڭچە بۆ بالىدا زادى بىرنەرسە كەم.
— توغرا، ناچار مىجەز كەم.
— ئۆزىنى قوغداش ھەرگىزمۆ ناچار مىجەزلىك بولمايدۆ. ھەر قېتىم مەھەللىدىكى بالىلار ئۆنى بوزەك قىلسا، ھەسەن ئوتتۆرىغا چۆشۆپ ئۆلارغا تاقابىل تۆرىدۆ. مەن بۆنداق ئىشلارنى ھەتتا ئۆز كۆزۆم بىلەن كۆردۆم. ئۆ ئىككىسى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئامىردىن ھەسەننىڭ يۆزىدىكى نېمە يارا دەپ سورىسام، ئۆ «ھەسەن يىقىلىپ كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىدۆ. ساڭا دېسەم، رەھىم، بالىدا زادى بىرنەرسە كەم.

— لېكىن، سەن ئۇنىڭ ئۆز يولىنى تېپىشىغا يول قويۇشۇڭ كېرەك، — دېدى رەھىمخان.

— ئەمىسە ئۇ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ كېتىپ باردۇ؟ ئۆزى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرالمىغان ئوغۇل بالا ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرالمايدۇ.

— سەن داۋاملىق بىر ئىشلاردىن ئاددىي يەكۈن چىقىرىسەن جۇمۇ.

— مەن ئۇنداق قىلمىدىم.

— مېنىڭچە، سەن ئۇنىڭ ئۆزۈڭ تىكلىگەن ئىگىلىكىڭگە ۋارىسلىق قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ ئاچچىقلىنىۋاتىسەن.

— ھازىر كىم ئاددىي يەكۈن چىقىرىۋاتىدۇ ـ ھە ؟ — دېدى دادام، — مەن ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىڭلارنىڭ يېقىنلىقىدىن مەمنۇنمەن. ئازراق ھەسەت قىلساممۇ، لېكىن مەمنۇن، مەن راست دەۋاتىمەن. ئۇ ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ئادەمگە موھتاج، چۈنكى خۇدانىڭ ھەققىدە مەن ئۇنى پەقەت چۈشەنمەيمەن. ئامىر توغرۇلۇق بىرنەرسە مېنى دائىم بىئارام قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ئۇ بىر خىل... — دەپ توختىدى دادام. ئۇنىڭ مەقسىتىنى توغرا ئىپادىلىيەلەيدىغان مۇۋاپىق سۆز ئىزدەۋاتقانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. گەرچە دادام پەس ئاۋازدا سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ رەھىمخانغا «ئەگەر مەن دوختۇرنىڭ ئۇنى خوتۇنۇمنىڭ قورسىقىدىن سۇغۇرۇۋالغىنىنى كۆرمىگەن بولسام، ئۆز ئوغلۇم ئىكەنلىكىگە ھەرگىز ئىشەنمەيتتىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ھەسەن چاي تەييارلاۋېتىپ، مەندىن: «نېمىگە بىئارام بولۇۋاتىسىز» دەپ سورىدى. مەن ئۇنى سىلكىۋەتتىم ۋە كارى بولماسلىقىنى ئېيتتىم.

قارىغاندا، رەھىمخاننىڭ مېنىڭ مىجەزىم توغرۇلۇق ئېيتقىنى خاتا بولسا كېرەك.

# تۆتىنچى باب

1933 ـ يىلى، يەنى دادام تۇغۇلغان يىلى، زاھىر شاھ ئۆزىنىڭ ئافغانىستانغا يۈرگۈزىدىغان قىرىق يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى باشلىغانىدى. يەنە شۇ يىلى كابۇلدىكى قول ـ ئىلكىدە بار، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئائىلىنىڭ ئىككى ئوغلى نەشە چېكىپ، ھاراق ئىچكەندىن كېيىن دادىسىنىڭ فورد ماركىلىق ماشىنىسىنى ھەيدەپ پاگمان[1]غا قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، يولدا بىر جۈپ ھەزارا ئەر ـ خوتۇننى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ساقچى ئۆز ئىشىدىن پۇشايمان قىلىشقان بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنى ۋە ئۆلگەن ئەر ـ خوتۇننىڭ بەش ياشلىق ئوغلىنى مېنىڭ يۇقىرى ئابرۇيلۇق سوتچى بوۋامنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. بوۋام ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ دادىسىنىڭ يالۋۇرۇشىغا ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جازانىڭ ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكىگە نارازى بولۇشىغا قارىماي، ئىككىسىنى قەندەھارغا بېرىپ ئارمىيەدە بىر يىل ۋەزىپە ئۆتەشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ دادىسى ھۆكۈمگە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ھەممەيلەن جازانىڭ ھەق بولغانلىقىغا قايىل بوپتۇ. بوۋام ئۇ يېتىم قالغان بالىنى ئۆزى بېقىۋېلىپ، باشقا خىزمەتكارلارغا بالىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپتۇ. ئاشۇ يېتىم بالا دەل ئەلى ئىدى.

ئەلى بىلەن دادام خۇددى ھەسەن بىلەن ئىككىمىزگە ئوخشاشلا كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىكەن. بەختكە قارشى ئەلى «بالىلار پالەچ كېسەللىكى»گە گىرىپتار بولۇپ، بىر

---

[1] پاگمان ــ كابۇلغا يېقىن تاغ ئارىسىدىكى بىر يۇرت.

پۈتى پالەچ چوڭ بولغانىكەن. دادام دائىم بىزگە ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى كەپسىزلىكلىرىنى سۆزلىگەندە، ئەلى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: «بېگىم، ئۇلارغا شۇ كەپسىزلىكلەرنى كىمنىڭ پىلانلاتغانلىقىنى، كىمنىڭ پىلاننى ئىجرا قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەمسىز؟» دەيتتى. دادام قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئەلىنى بوينىدىن قۇچاقلايتتى.

لېكىن، دادام سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ئەلى «دوستۇم» دەپ تىلغا ئېلىنمايتتى. قىزىق يېرى شۇكى، مەنمۇ ھەسەننى ئەزەلدىن دوستۇم دەپ قارىمايتتىم. لېكىن، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ۋېلىسىپىتنى قولىمىزدا تۇتماي ھەيدەشنى ئۆگەتكەن. قەغەز كورۇپكىدىن تولۇق ئىقتىدارلىق رەسىم ئاپپاراتىنى بىرلىكتە ياسىغان. پۈتۈن قىش پەسلىنى بىللە لەگلەك ياساش - ئۇچۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ھېلىمۇ ئافغانىستاننىڭ گېپى چىقسا بىرىنچى بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، كوزا باش، سالپاڭ قۇلاق قورچىقىغا ئوخشايدىغان، توشقان كالپۇك ئاشۇ بالا — ھەسەن ئېسىمگە كېلىدۇ.

ھالبۇكى، بىر - بىرىمىزگە قانچە يېقىن بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، تارىخنى ئۆزگەرتىش ئاسان ئىش ئەمەس. دىندىكى پەرقنى ئۆنتۇش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئاخىرقى ھېسابتا مېنىڭ پۇشتۇ بولغىنىم ئۇنىڭ ھەزارا بولغىنى، مېنىڭ سۇننىي مەزھىپىگە، ئۇنىڭ شىئە مەزھىپىگە تەۋە بولغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ھېچنېمە ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ھېچنېمە!

لېكىن، بىزنىڭ بالىلىق ۋاقتىمىزدىن باشلاپلا بىللە ئۆملەپ چوڭ بولغانلىقىمىزنى تارىخمۇ، مىللەت تەۋەلىكىمىزمۇ، جەمئىيەتمۇ، ھەتتا دىنمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. مەن ھاياتىمنىڭ دەسلەپكى ئون ئىككى يىلىنى ھەسەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزدۈم. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ پۈتكۈل بالىلىقىمنى ھەسەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ئۇزاق يازغا مۇجەسسەملەنگەندەك ھېس

قىلاتتىم. بىز ياز بويى ھويلىمىزدىكى دەرەخلەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىمىزنى قوغلىشىپ، ئوغرى بىلەن ساقچى، پادىچى بىلەن ئىندىيان بولۇپ مۆكۈشمەك ئويىنايتتۇق. ئۇ ئويۇنلار ئارىسىدا ئەڭ غەلىبىلىك بولغىنى بىزنىڭ «ھەرە تۇتۇش» ئويۇنىمىز ئىدى. بىز بىر ھەرىنى تۇتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نەشتىرىنى تارتىۋېتىپ، ئۇنى يىپقا چىگكەندىن كېيىن قويۇپ بېرەتتۇق. ئۇ بىچارە ھەرە ئۇچاي دېگەندە، بىز دەرھال يىپنى تارتىپ ئۇنى ئۇچقۇزماي قىينايتتۇق.

بىز يەنە كابۇلدىن ئۆتۈپ، شىمال تەرەپتىكى تاغقا كېتىۋاتقان «كوچى» دەپ ئاتىلىدىغان چارۋىچىلارنىڭ كەينىدىنمۇ قوغلاپ ئوينىغاندۇق. قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى، تۆگىلىرىنىڭ بويۇنلىرىدىكى كولدۇرمىلارنىڭ ئاۋازلىرىدىن ئۇلارنىڭ مەھەللىمىزگە يېقىنلاشقىنىنى بىلەتتۇق ـ دە، دەرھال سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقاتتۇق. ئىككىمىز يول تۆپىسىدە يۈزلىرىنى توپا ـ چاڭ بېسىپ، تاغنىڭ ئاپتىپىدا قارىداپ كەتكەن ئەرلەر ۋە رەڭگارەڭ ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيىپ كۈمۈش زىبۇزىننەتلەرنى تاقىۋېلىشقان ئاياللاردىن تەركىب تاپقان كارۋانلار توپىغا قاراپ تۇراتتۇق. ئۇلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆچكىلەرگە تاش ئېتىپ، قېچىرلارغا سۇ چاچاتتۇق. مەن يەنە ھەسەننى تامنىڭ ئۇستىگە چىقىپ تۆگىلەرنىڭ ساغرىسىغا قارىتىپ رەگەتكە ئېتىشقا بۇيرۇيتتىم.

بىز يەنە غەربنىڭ تۇنجى كىنوسىنىمۇ بىللە كۆرگەنىدۇق. بىز كىتابخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇستى ئوچۇق كىنوخانىدا «باتۇر نيو» فىلىمىنى كۆرگەنىدۇق، ئۇنىڭدا جون ۋېيىن باش رول ئالغانىدى. دادامدىن بىزنى ئىرانغا ئاپىرىپ جون ۋېيىن بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنگىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. دادام گېپىمنى ئاڭلاپ خۇددى تىراكتورنىڭ موتورىدەك چىقىدىغان بوم ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختاتقاندىن كېيىن كىنوغا ئاۋاز بېرىشنىڭ

قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ھەسەن ئىككىمىزگە چۈشەندۈردى. دادامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزىمىزنى ئېچىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئەسلىدە جون ۋېيىن پارسچە سۆزلەيدىغان ئىرانلىق بولماستىن، بەلكى كابۇلنىڭ كوچىلىرىدا رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان ئۇزۇن چاچلىق، چىقىشقاق ئامېرىكىلىقلاردىن ئىكەن! بىز «باتۇر نىيو» فىلىمىنى ئۈچ قېتىم، «سەلتەنەتلىك يەتتە» فىلىمىنى ئون ئۈچ قېتىم كۆرگەنىدۇق. ئۇ فىلىمنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمىزدە، فىلىمنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى مېكسىكىلىق باللار چارلېز برونسوننى دەپنە قىلغان كۆرۈنۈشكە كەلگەندە، ئۆزىمىزنى تۇتالماي يىغلايتتۇق. كېيىنچە، بىز چارلېز برونسوننىڭمۇ پارسچە سۆزلەيدىغان ئىرانلىق ئەمەسلىكىنى بىلدۇق.

بىز كابۇلنىڭ شارىنو قىسمىنىڭ زەي پۇرايدىغان بازارلىرىنى، ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان يېڭى شەھەرنى بىللە ئارىلايتتۇق. كۆرگەن كىنولىرىمىز توغرۇلۇق پاراڭلاشقاچ بازاردا ئادەملەر توپلاشقان جايلارغا باراتتۇق. بازاردىكى سودىگەرلەر ۋە دىۋانىلەرنىڭ يايمىلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قاتار كەتكەن كىچىك دۇكانلارنى ئارىلايتتۇق. دادام ھەر ھەپتىدە خەجلەش ئۈچۈن بەرگەن ئون ئافغان پۇلىغا كوكاكولا ئېلىپ ئىچەتتۇق ياكى ئۈستىگە پىستە تالقىنى چېچىلغان قىزىلگۈل سۈيى ماروژنىسىنى ئېلىپ يەيتتۇق.

مەكتەپتە دەرس باشلانغان ۋاقىتدا، ھەربىرىمىزنىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپى بار بولاتتى. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۇتقاندىن تەسلىكتە چىقىپ، ھاجەتخانىغا قاراپ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ماڭغان ۋاقتىمدا، ھەسەن ئاللىقاچان تەرەت ئېلىپ، دادىسى بىلەن بىللە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ناشتىلىقىمنى تەييارلاپ قوياتتى. ئۈچ دانە قەنت سېلىپ دەملەنگەن قىزىق قارا چاي بىلەن ئۈستىگە گىلاس مۇراببا سۈركەلگەن نان مېنىڭ دائىملىق

ناشتام ئىدى. مەن ناشتا قىلغاچ، تاپشۇرۇقنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋايساۋاتقىنىمدا، ھەسەن گېپىمگە قۇلاق سالغاچ ئورنۇمنى يىغىپ، ئايغىمنى مايلاپ، كىيىمىمگە دەزمال سېلىپ، دەپتەر ـ قەلەملىرىمنى سومكامغا قاچىلاپ تەييار قىلاتتى. مەن پات ـ پات ئۇنىڭ زالدا دەزمال سالغاچ، ھەزارالارنىڭ كىلاسسىك ناخشىلىرىنى غىڭشىپ ئېيتقىنىنى ئاڭلايتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن دادام ئىككىمىز دادامنىڭ قارا رەڭلىك «فورد» ماركىلىق ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە يول ئالاتتۇق. بىزنى كۆرگەن ھەممە ئادەمنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كېتەتتى. چۈنكى، دادام ھەيدىگەن ماشىنا دەل كىنوخانىدا ئالتە ئايغىچە ئۈزۈلمەي قويۇلغان «ئوق» فىلىمدىكى ستىۋ ماكۇېن ھەيدىگەن ماشىنىغا ئوخشايتتى. ھەسەن ئۆيدە قېلىپ دادىسىغا ياردەملىشىپ كىر يۇياتتى؛ يەر سۈپۈرەتتى؛ بازاردىن ئىسسىق نان ئەكىرەتتى؛ گۆشلەرنى دورا ـ دەرمەكلەپ كەچلىك تاماق ئۈچۈن تەييار قىلاتتى؛ چىملىقنى سۇغىراتتى.

مەن مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن ھەسەننى ئىزدەپ تاپاتتىم. بىز كىتابتىن بىرنى ئېلىپ ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدىكى دادامغا تەئەللۇق زېمىنىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، يۇمىلاق گۈمبەزگە ئوخشايدىغان تۆپىلىككە قاراپ يۈگۈرەيتتۇق. تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە قاتار كەتكەن نامسىز خاتىرە تاشلار قويۇلغان قەبرىستانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغانىدى. يىللاردىن بېرى ياغقان قار ـ يامغۇرلار قەبرىستانلىقنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنى داتلاشتۇرۇپ، ئاق تاشتىن قوپۇرۇلغان پاكار تاملىرىنى ئۇپرىتىۋەتكەنىدى. قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا بىر تۈپ ئانار دەرىخى بار ئىدى. مەن يازنىڭ بىر كۈنى ئەلىنىڭ ئاشخانىدا ئىشلىتىدىغان پىچىقىدىن بىرنى ئەكىلىپ ئۇ دەرەخكە «ئامىر بىلەن ھەسەن كابۇلنىڭ سۇلتانلىرى» دېگەن خەتلەرنى ئويغانىدىم. ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ دەرەخ بىزگە تەئەللۇق بولدى. مەن ھەر

كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندا، ھەسەن ئىككىمىز ئۇ ئانار دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا يامىشىپ چىقىپ، قىپقىزىل پىشقان ئانارلارنى ئۈزۈپ تويغۇچە يەيتتۇق، قولىمىزنى ئوت ـ چۆپلەر بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ھەسەنگە كىتاب ئوقۇپ بېرىشكە باشلايتتىم.

ھەسەن چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، يەردىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلغاچ پۈتۈن دىققىتى بىلەن مېنىڭ ئوقۇغانلىرىمغا قۇلاق سالاتتى. ئانار دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ سايىلىرى ھەسەننىڭ يۈزىدە ئۇسسۇل ئوينىغاندەك مىدىرلاپ تۇرسىمۇ، ئۇ دىققىتىنى كىتاب ئوقۇشۇمنى ئاڭلاشقا مەركەزلەشتۈرەتتى. ھەسەننىڭ ساۋاتسىز بولۇشى خۇددى باشقا ھەزارالارغا ئوخشاشلا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىلا ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. بەلكىم ئۇنىڭ بۇ تەقدىرى ئۇ ئۆزىنى قارشى ئالمىغان ئانىسى سەنۇبەرنىڭ تېنىدا تۆرەلگەن كۈندىن باشلانغاندۇ... دېمىسىمۇ بىر خىزمەتكار ئۈچۈن ساۋاتلىق بولۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ھەسەن گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ، ئۆزىگە پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان سۆزلۈك دۇنياسىغا ھېرىسمەن بولۇپ، ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە ئامالىنىڭ بارىچە تىرىشاتتى. مەن ئۇنىڭغا دائىم شېئىر ۋە ھېكايىلەرنى ئوقۇپ بېرەتتىم. بۇرۇن تېپىشماقلارنىمۇ ئوقۇپ بەرگەنىدىم، لېكىن ئۇنىڭ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى مەندىن تېز تېپىۋالغىنىغا چىدىماي، تېپىشماق ئوقۇپ بېرىشنى توختاتتىم. ئاخىر مەن ئۇنىڭغا «نەسىرىددىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئېشىكى» دېگەندەك ئاددىي لەتىپىلەرنى ئوقۇپ بېرىدىغان بولدۇم. بىز كۆپىنچە قۇياش ئۇپۇققا پاتقانغا قەدەر دەرەخ ئاستىدا كىتاب ئوقۇيتتۇق. بەزىدە قۇياش پاتسىمۇ، ھەسەن يەنە كۆرگىلى بولىدۇغۇ، دەپ تۇرۇۋالغاچقا، بىرەر باب ياكى بىرەر بەتنى ئارتۇق ئوقۇپ بېرەتتىم.

مەن ھەسەنگە ئۇ چۈشەنمەيدىغان مۇرەككەپ سۆزلەر بار ھېكايىلەرنى ئوقۇپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتىم. شۇنداق

ۋاقىتلاردا مەن ئۇنىڭ نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئەخمەق قىلاتتىم. بىر قېتىم، مەن ئۇنىڭغا نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتىم، ئۇ مېنى ئوقۇشتىن توختىتىپ:

— ئۇ سۆز نېمە دېگەن مەنىدە؟ — دەپ سورىدى.

— قايسى سۆز؟

— «بىئەقىل» دېگەنچۇ.

— ئاشۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىمۇ بىلمەمسەن؟ — دېدىم مەن مىيىقىمدا كۈلۈپ.

— ياق، ئامىر ئاغا.

— ئەمما، ئۇ شۇنچە كۆپ ئۇچرايدىغان سۆزغۇ؟

— مەن ھەقىقەتەن بىلمەيدىكەنمەن...

مېنىڭ مەسخىرە قىلىشىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇنىڭ دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايى بىئارام بولغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئاشكارا ئىپادىلىمەيتتى.

— بىزنىڭ مەكتەپتىكى ھەممە باللار بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىدۇ، — دېدىم مەن، — بىئەقىل دېگەننىڭ مەنىسى ئەقىللىق، چېۋەر دېگەن گەپ. مەن ئۇ سۆزنى ساڭا جۈملە تۈزۈپ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ قوياي: «سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە كەلگەندە ھەسەن بىئەقىل.»

— ھە، مۇنداق ئىكەن - دە، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ.

مەن دائىم مۇشۇنداق ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېس قىلاتتىم. گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ھەسەنگە ئۆزۈمنىڭ كونا ئەينەكلىرىمدىن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئويۇنچۇقلىرىمدىن بىرەرنى بېرەتتىم. بەرگەن نەرسىلىرىمنى مېنىڭ ئۇنى ئەخمەق قىلغانلىقىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم.

ھەسەننىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىتابى «شاھنامە» داستانى

بولۇپ، ئۇنىڭدا 10 ـ ئەسىردىكى قەدىمكى پارس قەھرىمانلىرى تەسۋىرلەنگەنىدى. ئۇ ئاشۇ كىتابتا تەسۋىرلەنگەن فەرىدۇن، زال ۋە رۇدابەھەدەك شاھلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «رۇستەم ۋە سوھراب» ھېكايىسىنى ھەر ئىككىمىز ئەڭ ياخشى كۆرەتتۇق. بۇ ھېكايىدە ئۇلۇغ پالۋان رۇستەم ۋە ئۇنىڭ ئۇچار ئېتى راقىش تەسۋىرلەنگەنىدى. ھېكايىدە ئېيتىلىشىچە، رۇستەم رىقابەتچىسى سوھرابنى جەڭ ئۈستىدە ئەجەللىك يارىلاندۇرۇپ يەڭگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. قاتتىق ئازابلانغان رۇستەم ئوغلىنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلايدىكەن:

*سەن مېنىڭ ئاتام تۇرۇپ، قىلىچىڭنى ئۆز ئوغلۇڭنىڭ قېنى بىلەن بويىدىڭ. مەن سېنىڭ ئاتىلىق مېھرىڭگە تەشنا ئىدىم. سېنى ئىزدەپ، ئانامدىن بەلگە تەۋەررۇكنى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىدىم. لېكىن، سېنىڭ يۈرىكىڭ ئۇنى سەزمىدى. ئەمدىلىكتە بىز بەكمۇ كېچىكتۇق...*

— قايتا بىر ئوقۇپ بېرىڭە، ئامىر ئاغا، — دەيتتى ھەسەن.

بەزىدە بۇ قىسىمنى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، ھەسەننىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملايتتى. مەن ئۇنىڭ كىم ئۈچۈن ياش تۆككەنلىكىنى بىلەلمەيتتىم. ھەسەننىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ چوڭقۇر ئازاب ۋە پۇشايمان ئىچىدە بېشىغا توپا چېچىپ ئۆز كىيىملىرىنى يىرتقان رۇستەم ئۈچۈن ياكى دادىسىنىڭ مېھرىگە ئاداققى مىنۇتقىچە ئېرىشەلمەي سەكراتتا ياتقان سوھراب ئۈچۈن تۆكۈلگەنلىكى ماڭا نامەلۇم ئىدى. رۇستەمنىڭ تەقدىرى مەن ئۈچۈن ئېچىنىشلىق بىلىنمەيتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن، ھەممە ئاتىلارنىڭ يۈرىكىنىڭ سىرلىق قاتلىمىدا ئۆز ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈش ئارزۇسى يوشۇرۇنغان ئەمەسمۇ؟

1973 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى، مەن ھەسەننى يەنە بىر قېتىم ئەخمەق قىلدىم. بۇ قېتىم مەن كىتابنىڭ بەتلىرىنى يالغاندىن ۋاراقلاپ قويۇپ، ھېكايىنى ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا كەلگەن بويىچە ئۆزگەرتىپ ئېيتىپ بەردىم. ھەسەن ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن كىتابتىكى سۆزلەر يەشكىلى بولمايدىغان سىرلىق بەلگىلەردىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئۇنىڭ خىيالىدا سۆزلەر دۇنياسى بىر سىرلىق دۇنيا، بۇ سىرلىق دۇنيانىڭ دەۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى مەن ئامىر ساقلايتتىم. ئاخىرىدا مەن ئۆزۈمنى كۈلكىدىن تەستە تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن ھېكايىنى ياقتۇرغان ـ ياقتۇرمىغانلىقىنى سورىدىم. ھەسەن چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— بۇ ھېكايە سىز ماڭا ئوقۇپ بەرگەنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى ئىكەن، — دېدى ئۇ توختىماي چاۋاك چېلىپ.

مەن قاقاقلاپ كۈلدۈم.

— راستمۇ؟

— ھەقىقەتەن شۇنداق.

— كارامەت، — دېدىم مەن پىچىرلاپ. ئۇ ھەقىقەتەن كۆڭلۈمدىن چىققان سۆز ئىدى. مەن ھەسەننىڭ بۇنداق ئىنكاس قايتۇرۇشىنى ھېچقاچان كۈتمىگەنىدىم. مەن يەنە ئۇنىڭدىن سورىدىم، — دېگىنىڭ راستمۇ؟

ھەسەن تېخىچە چاۋاك چېلىۋاتاتتى.

— بۇ ھېكايە بەك ياخشى ئىكەن، ئامىر ئاغا، ماڭا ئەتە يەنە ئوقۇپ بېرەمسىز؟

«كارامەت» دەپ تەكرارلىدىم خۇددى تۇيۇقسىز ئارقا ھويلىدىن كۆمۈپ قويغان مال ـ دۇنيانى تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ.

تاغدىن چۈشكۈچە ھەر خىل خىياللار خۇددى بايرامدا ئېتىلغان ساليۇتلاردەك مېڭەمدە پارتلىماقتا ئىدى.

ھەسەن تېخى ماڭا «بۇ ھېكايە ماڭا ئوقۇپ بەرگەن ھېكايىلەر

ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى ئىكەن» دەيدا؟ مەن ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەرگەنىدىمغۇ؟ ...

مەن ئېسىمگە كەلگەندە، ھەسەن مەندىن سوئال سوراۋاتاتتى.

— نېمە دېدىڭ؟ — سورىدىم مەن.

— «كارامەت» دېگەن نېمە دېگەن گەپ؟

مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويدۇم.

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيرانلىق ۋە خىجىللىق ئىچىدە.

مەن ئۇنى يېنىككىنە ئىتتەردىم ـ دە:

— سەن بىر شاھزادە، ھەسەن ! سەن بىر شاھزادە، مەن ساڭا شۇڭا ئامراق، — دېدىم.

شۇ كۈنى كەچتە مەن تۇنجى ھېكايەمنى يازدىم. مەن ئۇنى يېرىم سائەتتە يېزىپ تاماملىدىم. ئۇ ھېكايە خاسىيەتلىك پىيالە تېپىۋالغان بىر ئادەم توغرۇلۇق يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: ئۇ ئادەم خاسىيەتلىك پىيالىنى كۆز ياشلىرى بىلەن توشتۇرسا، ئۇنىڭ ياشلىرى مەرۋايىتلارغا ئايلىناتتى. ئەسلىدە ئۇ ئادەم ناھايىتى كەمبەغەل بولسىمۇ، خۇشال ـ خۇرام ياشايتتى، ئادەتتە كۆز يېشىمۇ قىلمايتتى. پىيالىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ، كۆزىدىن ياش چىقىرىدىغان ئامال تاپىدۇ. مەرۋايىتلار دۆۋە ـ دۆۋە بولۇپ يىغىلىشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ نەپسىمۇ يوغىناشقا باشلايدۇ. ھېكايە ئۇ ئادەم تاغدەك دۆۋىلەكلىك مەرۋايىتلارنىڭ يېنىدا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلگەن قەدىردان ئايالىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى پىيالىنىڭ ئىچىگە كۆز يېشى قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە مەن بۇ ھېكايەم يېزىلغان ئىككى ۋاراق قەغەزنى تۇتقىنىمچە دادامنىڭ تاماكا ئىسى تولۇپ كەتكەن كۇتۇپخانىسىغا قاراپ ماڭدىم. مەن كىرگەندە، دادام بىلەن

رەھىمخان غاڭزىلىرىنى شورىغاچ بىر ئىستاكاندىن براندى ئىچىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— نېمە گەپ، ئامىر؟ — دېدى دادام سافاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ. دادامنىڭ چىرايىنى غاڭزىسىدىن چىققان كۆك ئىس توسۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىدىن گېلىمدا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدۇم ـ دە، دەرھال گېلىمنى قىرىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ھېكايە يازغانلىقىمنى ئېيتتىم.

دادام بېشىنى لىڭشىتىپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ياخشى بوپتۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ.

ئۇ پەقەت شۇنداق دەپلا توختاپ قالدى ـ دە، ماڭا ئاشۇ قويۇق ئىسلار ئارىسىدىن تىكىلىپ قاراپ تۇردى.

بەلكىم دادام ماڭا بىر مىنۇتتەك تىكىلىپ تۇرغاندۇ. لېكىن، ئاشۇ بىر مىنۇت ماڭا بۇگۈنگىچە ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇزاق مىنۇتتەك تۇيۇلىدۇ. ھەربىر سېكۇنت خۇددى تۈگىمەس سائەتكە ئايلىنىپ كېتىپ بارغاندەك ئىدى. ئەتراپىمدىكى ھاۋا قاتتىق ۋە نەمخۇش تاشقا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك نەپەسىم قىسىلىپ كەتتى. دادام ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇردى ـ يۇ، يازغان ھېكايەمنى ئوقۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلمىدى.

ئادەتتىكىدەكلا بۇ قېتىممۇ رەھىمخان مېنى ئاشۇ ئارىسالدىلىقتىن قۇتقۇزدى. ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، دائىم سەمىمي بىلىنىدىغان كۈلكىسى بىلەن:

— مەن كۆرۈپ باقايمۇ، ئامىرجان؟ مېنىڭ ئۇ ھېكايىنى بەكمۇ ئوقۇپ باققۇم بار، — دېدى.

دادام مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرغاندا ئەتىۋارلاش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «جان» دېگەن قوشۇمچىنى قوشمايتتى.

دادام ئورنىدىن قىسىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇمۇ خۇددى رەھىمخان تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇپ يەڭگىللەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— شوٚنداق، رەھىم داداڭغا بەرگىن. مەن ئۈستىگە چىقىپ تەييارلىقىمنى قىلاي.

دادام شوٚنداق دەپلا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. مەن كوٚپ ۋاقىتلاردا دادامغا خوٚددى خوٚداغا چوقۇنغاندەك چوقۇناتتىم. ئەمەلىيەتتە بولسا، تومۇرۇمنى يېرىپ، بەدىنىمدىكى ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان قانلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا شۇنچە تەشنا بولدۇم. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ ئىككىمىزنى دادامنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ چايغا مېڭىشتى. مېڭىشتىن بۇرۇن رەھىمخان ماڭا قاراپ ئېڭىشىپ تۇرۇپ، مېنىڭ ھېكايەم بىلەن يەنە بىر پارچە قەغەزنى تەڭلىدى، ئاندىن ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ كوٚزىنى قىسىپ قويدى ـ دە:

— بۇنى ساڭا يازدىم. كېيىن ئوقۇغىن، — دېدى.

ئۇ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ: «يىگىتتەك ئىش قىپسەن» دېدى. ئۇنىڭ ئېيتقان شۇ سوٚزى ماڭا يازغۇچى بولۇشقا ئىلھاملاندۇرغان ھەرقانداق مۇھەررىرنىڭ ماختىشىدىنمۇ بەكرەك مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلغانىدى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن مەن كارىۋىتىمدا ئولتۇرۇپ رەھىمخاننىڭ مېنىڭ دادام بولۇپ قالمىغانلىقىغا قاتتىق ئوٚكۈندۈم. بىرئازدىن كېيىن دادام مېنى ئاشۇ كەڭ باغرىغا باسقاندا قانچىلىك راھەتلەنگەنلىكىم توغرۇلۇق ئويلىدىم. ھەر كۈنى سەھەردە ئۇنىڭ كىيىمىدىن چىقىدىغان ئەنبەر پۇرىقىنى ئەسلىدىم. ئۇنىڭ ساقاللىرى يۈزۈمگە سانجىلغاندا قانچىلىك يايراپ كەتكەنلىكىمنى ئەسكە ئالدىم. تۇيۇقسىز ۋۇجۇدۇمنى قانداقتۇر بىر خىل كوٚڭۈلسىزلىك قاپلىدى ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سۇخانىدىكى تۇرۇبا كۈلچىكىگە ئېڭىشىپ تۇرۇپ ياندۇرۇشقا باشلىدىم. شۇ كۈنى كېچىدە مەن كارىۋىتىمدا ئولتۇرۇپ رەھىمخاننىڭ ماڭا يازغان خېتىنى قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇدۇم. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى.

*ئامىرجان:*

*سېنىڭ ھېكايەڭنى شۇ قەدەر سۆيۈنۈپ ئوقۇدۇم. ئاللاغا مىڭ رەھمەت. ئۇ ساڭا ئالاھىدە تالانت ئاتا قىپتۇ. ئاشۇ تالانتىڭنى كۈچلەندۈرۈش سېنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ. چۈنكى، ئاللا ئاتا قىلغان تالانتنى ئىسراپ قىلغان كىشىنىڭ ئىشەكتىن پەرقى بولمايدۇ. ھېكايە گىراماتىكا قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ۋە قىزىقارلىق ئۇسلۇبتا يېزىلىپتۇ. ھېكايەڭنىڭ ئەڭ جەلپ قىلارلىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا كىنايە ناھايىتى ياخشى ئىپادىلىنىپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سەن ھازىرچە بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن. لېكىن، بىر كۈنى چوقۇم چۈشىنىسەن. كىنايىنى بەزى يازغۇچىلار پۈتۈن ئۆمرىدە يازغۇچىلىق قىلىپمۇ ياخشى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. لېكىن، سەن تۇنجى ھېكايەڭدىلا مەقسەتكە يېتىپسەن.*

*مېنىڭ دەرۋازام سەن ئۈچۈن دائىم ئوچۇق ھەم مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ. ئامىرجان، سېنىڭ ئېيتماقچى بولغان ھەرقانداق ھېكايەڭنى ئاڭلاشقا مەن تەييار، يىگىت!*

*دوستۇڭ رەھىمخاندىن*

رەھىمخاننىڭ خېتىدىن روھلىنىپ، ھېكايىنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، ئاستىنقى قەۋەتتىكى زالنىڭ پولىغا سېلىنغان گىلەمدە ئۇخلاۋاتقان ئەلى بىلەن ھەسەننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ چۈشتۇم. دادام ئۆيدە يوق چاغدا، ئۇلار ماڭا قاراش ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيىنىڭ زالىدا ئۇخلايتتى. مەن ھەسەننى تارتىشتۇرۇپ ئويغىتىپ، ئۇنىڭ ھېكايەمنى ئاڭلىغۇسى بار ـ يوقلۇقىنى سورىدىم. ئۇ ئۇيقۇلۇقتا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ كېرىلدى.

ــ ھازىرمۇ؟ سائەت نەچچە بولدى؟

ــ سائەت بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. چۈنكى، بۇ ھېكايە ئالاھىدە. مەن ئۇنى ئۆزۈم يازدىم، ــ دېدىم مەن ئەلىنى

ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پىچىرلاپ.

ھەسەننىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاي، — دېدى ئۇ ئۈستىدىكى ئەدىيالنى قايرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

مەن مەرمەر تاشتىن ياسالغان تام ئوچاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ھېكايەمنى ئوقۇپ بەردىم. بۇ قېتىم ھېكايەمنىڭ ئارىسىدا قەستەن قوشۇۋالغان مۇرەككەپ سۆزلەر يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ ئۆزۈمنىڭ ھېكايەم ئەمەسمۇ؟ ھەسەن مېنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئوقۇرمىنىم ئىدى. ئۇ ھېكايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندى، چىراي ئىپادىلىرى ھېكايىدىكى ۋەقەلىكنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى. مەن ھېكايىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى ئوقۇغىنىمدا، ھەسەن قولىدا ئاۋاز چىقارماستىن چاۋاك چالدى.

— خۇداغا رەھمەت، ئامىر ئاغا، قالتىس يېزىپسىز، — ئۇنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتكەندى.

— سەن ياقتۇردۇڭمۇ؟ — سورىدىم مەن ئىككىنچى قېتىم ماختىلىشتىن ھوزۇرلانماقچى بولۇپ.

— بىر كۈنلەردە خۇدايىم بۇيرۇسا، سىز ئۇلۇغ يازغۇچى بولىسىز، — دېدى ھەسەن، — پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەر سىزنىڭ ھېكايىڭىزنى ئوقۇيدۇ.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ، ھەسەن، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن دىلىم يايراپ كېتىۋاتقانلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

— ياق، سىز چوقۇم ئۇلۇغ، داڭلىق ئادەم بولىسىز، — دېدى ئۇ سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ:

— لېكىن، مەن سىزدىن ھېكايىڭىز توغرۇلۇق بىر سوئال سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ تارتىنغان ھالدا.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.
— ئۇنداقتا... — ئۇ توختىۋالدى.

— قېنى ئېيتىۋەر، ھەسەن، — دېدىم مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. لېكىن، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە ئۇنى ئاڭلىغۇم بارلىقىغا ئىككىلىنىپ تۇراتتىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن ئايالىنى ئۆلتۈردى؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئادەم ياش تۇرۇپ ئۈچۈن چوقۇم ئازابلىنىشى كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ ئورنىغا پىيازنى پۇرىسىلا بولمىدىمۇ؟

مەن جايىمدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ پىكىرنىڭ كاللامغا قەتئىي كەلمىگەنلىكى ئېنىقلا دۆتلۈك ھېسابلىناتتى. مەن كالپۇكۇمنى ئۇن ـ تىنسىز مىدىرلاتتىم. شۇنىسى ئېنىق بولدىكى، مەن ئوخشاش بىر كېچىدە، يازغۇچىلىقنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى بولغان «كىنايە» توغرۇلۇق ئۆگەنگەن بولسام، ئارقىدىنلا يەنە يازغۇچىلارنىڭ ئاسان تېپىلىپ كېتىدىغان ھاڭ — «رېئاللىقتىن چەتلەش»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگەندىم. مەن ئۇنى ھەسەندىن، يەنى ساۋاتسىز، ئۆمرىدە بىر خەتمۇ يېزىپ باقمىغان بىر بالىدىن ئۆگەندىم. توساتتىن قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە سوغۇق ھەم سوزۇلۇك بىر ئاۋاز پىچىرلاشقا باشلىدى: «بۇ ساۋاتسىز ھەزارا نېمىنى بىلەتتى؟ ئۇ ھەرقانداق قىلسىمۇ، ئۆمرىدە ئاشپەزدىن باشقا ھېچ نەرسە بولالمايدۇ. ئۇنىڭ مېنى تەنقىدلەشكە نېمە سالاھىيىتى بار ئىكەن؟»

— مېنىڭچە، — دەپ سۆزۈمنى باشلىدىم. لېكىن، سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى تۈگىتىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم. چۈنكى، ئافغانىستان توساتتىن مەڭگۈلۈككە ئۆزگەرگەنىدى.

# بەشىنچى باب

ئاسماندىن گۈلدۈرمامىدەك كۈچلۈك ئاۋاز كەلدى. يەر ـ جاھان قاتتىق سىلكىنگەندىن كېيىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— دادا! — دەپ توۋلىدى ھەسەن. بىز ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ مېھمانخانىدىن كارىدورغا چىقتۇق. ئەلى ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ھالدا كارىدوردا ئاقساقلاپ مېڭىپ يۈرەتتى.

— دادا! ئۇ نېمە ئاۋاز؟ — دەپ سورىدى ھەسەن قوللىرىنى ئەلىگە سوزۇپ. ئەلى بىزنى دەرھال مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئاسماندا ئۇزۇن ئاپپاق نۇر چاقنىشى بىلەن پۈتۈن جاھان كۆمۈش رەڭگە كىردى. ئاسمان يەنە بىر قېتىم يورۇپ، ئارقىدىنلا يەنە تاتاتلىغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىشىلەر ياۋا ئۆردەك ئوۋلاۋاتىدۇ، — دېدى ئەلى بوغۇق ئاۋازدا، — ئۇلار كېچىدە ئۆردەك ئوۋلايدۇ، قورقماڭلار.

يىراقلاردىن گۇدۇك ئاۋازى ئاڭلاندى. قەيەرلەردىندۇر ئەينەكلەر چېقىلىپ، بىرلىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىشاتتى. كوچا تەرەپتىنمۇ ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، ئۇخلاش كىيىملىرى بىلەنلا، چاچلىرى چۇۋۇق، كۆزلىرى ئىششىق ھالدا كوچىغا چىققان بولسا كېرەك. ھەسەن يىغلاۋاتاتتى. ئەلى ھەسەننى مېھرىبانلىق بىلەن قۇچاقلىدى. كېيىن ئويلاپ باقسام، شۇ چاغدا ئەلىنىڭ ھەسەننى قۇچاقلىغانلىقىغا ھەرگىزمۇ ئىچىم تارلىق قىلماپتىمەن.

بىز تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئاشۇنداق قۇچاقلىشىپ تۇرۇشتۇق. مىلتىق ئاۋازى، پارتلاش ئاۋازلىرى بىر سائەتكە قالمايلا تىنچىغان بولسىمۇ، بىز ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەندۇق. چۈنكى،

ھېچقايسىمىز ھازىرغىچە كوچىدا ئوق ئېتىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغانىدۇق. ئۇ ئاۋازلار بىزگە بەكمۇ يات بىلىنگەنىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا مىلتىق ۋە بومبا ئاۋازلىرىدىن باشقا ئاۋازلارنى ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى ئەۋلاد ئافغان بالىلىرى تېخى تۇغۇلمىغانىدى.

تاماقخانىدا قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈۋاتقىنىمىزدا، ئىلگىرىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزغا خاتىمە بېرىلگەنلىكىنى ھېچقايسىمىز ھېس قىلمىغانىكەنمىز. بىزنىڭ بۇرۇنقى نورمال ياشاش ئۇسۇلىمىز شۇ كېچىسى ئاخىرلاشقانىدى. بۇ ئاخىرلىشىش 1978 - يىلى ئاپرېلدىكى ھوقۇق تارتىۋېلىش ۋە 1979 - يىلى دېكابىردىكى رۇس تانكىلىرىنىڭ ھەسەن ئىككىمىز ئوينايدىغان كوچىلارغا كىرىپ كېلىشى بىلەن رەسمىيلەشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىلىدىغان ئافغانىستان تۈگەشكەن، تاكى ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان قان تۆكۈلۈش دەۋرىگە قەدەم باسقانىدى.

قۇياش كۆتۈرۈلۈشكە ئاز قالغاندا، دادامنىڭ ماشىنىسى ھويلىغا كىرىپ جىددىي توختىدى. ئالدى بىلەن ماشىنىنىڭ ئىشىكى قاتتىق يېپىلغان ئاۋاز، ئۇنىڭدىن كېيىن دادامنىڭ پەلەمپەيدىن ئالدىراپ يۈگۈرۈپ چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغاندا چىرايى غەلىتە ئىدى. مەن دادامنى ئەزەلدىن بۇنداق چىرايدا كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

— ئامىر ! ھەسەن ! — ئۇ غۇلچىنى كەڭ ئاچقىنىچە بىزگە قاراپ يۈگۈردى، — ئۇلار يوللارنىڭ ھەممىسىنى قامال قىلىۋاپتۇ. تېلېفونمۇ ئىشلىمىدى. شۇڭا، مەن سىلەردىن بەك ئەنسىرىدىم ! — ئۇ بىزنى چىڭ قۇچاقلىدى. شۇ دەقىقىدە، مەن كېچىچە يۈز بەرگەن ئىشقا ساراڭلارچە خۇشال بولدۇم.

ئەمەلىيەتتە، شۇ كېچىسى ھېچكىممۇ ئۆردەك ئوۋلىمىغانىدى. كېيىنچە شۇنى بىلدۇقكى، ئاشۇ كېچىسى، يەنى

1973 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇل كېچىدە، ھېچقانچە ئوق ئېتىشىش يۈز بەرمەپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن كابۇل خەلقى پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغانلىقىنى بىلدى. شۇ كۈنلەردە ئافغانىستان پادىشاھى زاھىر شاھ ئىتالىيەدە زىيارەت قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى داۋۇتخان ئۇنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، قان تۆكمەي تۇرۇپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، قىرىق ئىككى يىللىق پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانىدى.

ئەتىسى سەھەردە، ھەسەن ئىككىمىز دادامنىڭ كۈتۈپخانىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ گەپ تىڭشىغىنىمىز ئېسىمدە. دادام بىلەن رەھىمخان چاي ئىچكەچ كابۇل رادىيو ئىستانسىسىنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش توغرۇلۇق بەرگەن خەۋىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

— ئامىر ئاغا؟ — دەپ پىچىرلىدى ھەسەن.

— نېمە دەيسەن؟

— جۇمھۇرىيەت دېگەن نېمە؟

— مەن نەدىن بىلەي... — دېدىم مەن مۈرەمنى قىسىپ.

رادىيودا «جۇمھۇرىيەت» دېگەن سۆز توختىماي تەكرارلىنىۋاتاتتى.

— ئامىر ئاغا؟

— نېمە؟

— «جۇمھۇرىيەت» دېگىنى دادام ئىككىمىزنى بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتسۇن دېگەنلىكمىدۇ؟

— مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس.

«جۇمھۇرىيەت» دېگەن سۆز ئېنىقلا ھەسەننى ئەنسىرەتكەنىدى:

— ئامىر ئاغا؟

— ھە؟

— مەن ئۇلار دادام ئىككىمىزنى كەتكۈزۈۋەتمىسىكەن، دەيمەن.

— بولدى بەس، ئىشەك! ھېچكىم سىلەرنى كەتكۈزۈۋەتمەيدۇ.
— ئامىر ئاغا؟
— يەنە نېمە دەيسەن؟
— ئىككىمىز دەرەخكە چىقىپ ئوينامدۇق؟
مەن قانغۇدەك كۈلۈپ كەتتىم. چۈنكى، دەل شۇ چاغدا رادىيو خەۋەرلىرى بارغانسېرى زېرىكىشلىك ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى. ھەسەننىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ دائىم قانداق چاغدا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. ھەسەن ئۆيگە كىرىپ چىقاي، دەپ كىرىپ كەتتى. مەن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كىتابتىن بىرنى ئېلىۋالدىم. ئاندىن ئاشخانىغا كىرىپ، يانچۇقۇمغا مېغىزنى توشتۇرۇپ يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقتىم. ھەسەن مېنى ساقلاپ تۇراتتى. بىز دەرۋازىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ تۆپىلىككە قاراپ يول ئالدۇق.
بىز ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايونىدىن ئۆتۈپ، قاقاسلىقتىكى تۆپىلىككە بارىدىغان چىغىر يول بىلەن كېتىۋاتاتتۇق. توساتتىن قاياقتىندۇر بىر تاش ئۇچۇپ كېلىپ ھەسەننىڭ دۈمبىسىگە تەگدى. بىز دەرھال ئۆرۈلۈپ ئارقىمىزغا قارىدۇق. يۈرىكىم قاتتىق سېلىشقا باشلىدى. ئاسسەف دوستى ۋەلى ۋە كاماللار بىلەن ئارقىمىزدىن كېلىۋاتاتتى. ئاسسەف دادامنىڭ مەھمۇت ئىسىملىك ئۇچقۇچى ئاغىنىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ ئۆينىڭ جەنۇبىدىن بىرنەچچە كوچا يىراقلىقتىكى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان پالما دەرەخلىك ھويلىدا تۇراتتى. ئەگەر سىز كابۇل شەھىرىنىڭ ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدا ياشاۋاتقان بولسىڭىز، چوقۇم ئاسسەفنى ۋە ئۇنىڭ دات باسماس پولاتتىن ياسالغان داڭلىق مۇشتىكىنى بىلەتتىڭىز. لېكىن، سىز ئۇنىڭ پولات مۇشتىكىنى تېتىپ بېقىشنى ھەرگىز خالىمايسىز، ئەلۋەتتە. گېرمانىيەلىك ئانا بىلەن ئافغان ئاتىدىن تۇغۇلغان، سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك ئاسسەف داۋاملىق باشقا بالىلارنى بوزەك ئېتەتتى. ئۇنىڭ «ياۋايى» دېگەن لەقىمى بولغاچقا،

كوچىلاردا ئۇنىڭغا يول قويۇلاتتى. ئۇ ئىتائەتمەن دوستلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن مەھەللىدە خۇددى پادىشاھ ئۆزىگە تەۋە زېمىنلارنى زىيارەت قىلىۋاتقاندەك سۈر – ھەيۋە بىلەن يۈرەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى باشقا بالىلار ئۈچۈن قانۇن ئىدى. ئەگەر سىز قانۇندىن ئازراق ساۋات ئالماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ ھېلىقى پولات مۇشتىكى ناھايىتى ئۈنۈملۈك تەربىيەلەش قورالى ئىدى. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ پولات مۇشتىكىنى كارتەھ چار رايونلۇق بىر بالىغا ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ئاسسەفنىڭ ھېلىقى بىچارە بالىنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇرنى ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان تەلۋە ھالىتىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇيالمايمەن. ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدىكى بەزى بالىلار ئاسسەفكە «گۆشخور ئاسسەف» ياكى «قۇلاق يەيدىغان ئاسسەف» دەپ لەقەم قويغانىدى. ئەلۋەتتە، ھېلىقى بىچارە بالىدەك ئاقىۋەتكە قېلىشنى خالىمايدىغان ھەرقانداق بالا ھەرگىزمۇ ئۇ بار يەردە ئاسسەفنىڭ لەقىمىنى دېيىشكە پېتىنالمايتتى. ئۇ بالا بىر لەگلەك سەۋەبىدىن ئاسسەف بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئاچچىقىدا ئاسسەفنىڭ لەقىمىنى دەپ سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى پاتقاقتىن تېرىۋېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

مەھەللىدە ئەلىنى بوزەك قىلىدىغان بالىلارنىڭ ئىچىدە ئاسسەف ئەڭ رەھىمسىز ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئەلىنى بابۇلۇ (يالماۋۇز) دەپ مازاق قىلىشنى ئاسسەف تاپقانىدى.

«ھەي، بابۇلۇ بۈگۈن كىمنى يېدىڭ؟ بىزگە قاراپ بىر كۈلسەڭچۇ!» دەيتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇ بۆلەكچە ھاياجانلىنىپ كېتەتتى – دە، مازاقلىرىغا تېخىمۇ سېسىق گەپلەرنى قوشاتتى:

ھەي بابۇلۇ بۇرنى پاناق،
بۈگۈن ساڭا كىم تاماق؟

قېنى بىزگە دېمەمسەن،
قىسىق كۆزلۈك ھەي ئېشەك!

ئەمدىلىكتە ئۇ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، ئايىغىدىن تۇپا تۇزۇتۇپ بىر تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

— خەيرلىك سەھەر، بەچچىۋازلار، — دەپ تۇۋلىدى ئاسسەف قولىنى پۇلاڭلىتىپ. بۇ ئۇنىڭ كىشىلەرنى ھاقارەتلەيدىغان ئامراق سۆزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىزدىن يېشى چوڭ بولغان بۇ ئۈچ بالا بىزگە يېقىنلاپ كەلگەندە ھەسەن كەينىمگە ئۆتۈۋالدى. ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ توختاشتى. ئۇچىلىسى پادىچىلار ئىشتىنى ۋە مايكا كىيىشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاسسەفنىڭ بويى ھەممىدىن ئېگىز ئىدى. ئۇ ئالدىمىزدا ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى. چىرايىدىن ياۋايىلارچە مەسخىرە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. مۇشۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم ئاسسەفنى ساراڭمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. تەلىيىمگە، دادامنىڭ سەۋەبىدىن ئاسسەف مېنى بوزەك قىلالمايتتى. ئۇ ھەسەننى ئېڭەكى بىلەن ئىشارەت قىلدى.

— ھەي، پاناق، — دېدى ئۇ، — بابۇلۇ قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟

ھەسەن ئارقامدا تۇرۇپ گەپ قىلماي، كەينىمگە بىر قەدەم داجىدى.

— ئىككىڭلار ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئاسسەف مەسخىرىلىك بىلەن قاراپ، — پادىشاھ قېچىپ كەتتى، ئۇنىڭ قېچىپ كەتكىنى بەك ياخشى بولدى. زۇڭتۇڭ ياشىسۇن! مېنىڭ دادام داۋۇتخان بىلەن تونۇشىدۇ، سەن ئۇنى تونۇمسەن، ئامىر؟

— مېنىڭ داداممۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدۇ، — دېدىم مەن، ئەمەلىيەتتە دادامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدىغان - تونۇشمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

— مېنىڭ داداممۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدۇ، — دېدى ئاسسەف

چىرقىراق ئاۋاز بىلەن مېنى دوراپ. كامال بىلەن ۋەلى تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشتى. مەن كۆڭلۈمدە دادامنىڭ مۇشۇ تاپتا يېنىمدا بولۇشىنى تىلىدىم.

— داۋۇتخان بۇلتۇر بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولغان، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن، ئامىر؟

«بۇ يەردە تۇرۇپ ۋارقىرىساق بىرەر كىشى ئاۋازىمىزنى ئاڭلارمۇ» دەپ ئويلىدىم. ئۆيىمىز بۇ يەردىن بىرەر كىلومېتىردەك يىراقتا قالغانىدى. سىرتقا چىقماي ئۆيدە ئولتۇرساق بولماسمىدى؟

— كېلەر قېتىم داۋۇتخان بىزنىڭ ئۆيگە مېھمانغا كەلسە مېنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېيدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ — دېدى ئاسەف، — مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەركەكلەردەك ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىمەن. مەن ئانامغا دېگەن گەپلەرنى ئۇنىڭغا دەيمەن. مەن گىتلېر توغرۇلۇق سۆزلەيمەن. گىتلېرنىڭ ئۇلۇغ، يىراقنى كۆرەر رەھبەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىمەن. مەن داۋۇتخانغا: «ئەگەر گىتلېر باشلىغان ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇرالىسىڭىز دۇنيا بۈگۈنكىدىنمۇ ياخشى بولاتتى» دەيمەن.

— دادام ماڭا گىتلېرنىڭ بىر تەلۋە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نۇرغۇن گۇناھسىز كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن، — مەن بۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالدىم. ئاسەف مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— دادىڭ مېنىڭ ئاپامدەكلا گەپ قىپتۇ. مېنىڭ ئاپام گېرمانىيەلىك. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بۇنى ياخشىراق بىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇلار سېنى ئۇز گەپلىرىگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇشىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنىڭ ھەقىقەتنى بىلىشىڭنى خالىمايدۇ.

مەن ئۇ دەۋاتقان «ئۇلار»نىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇۋاتقىنىنىڭ قانداق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم،

شۇنداقلا بىلىشكىمۇ قىزىقمىدىم. شۇ سۆزلەرنى قىلىپ قويغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم ھەم بىشىمنى كۆتۈرسەملا داداممنىڭ بىز تەرەپكە كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.

— بىراق، سەن مەكتەپتىكىلەر ساڭا كۆرسەتمەيدىغان كىتابلارنى ئوقۇشۇڭ كېرەك، — دېدى ئاسەف، — مەن شۇنداق قىلدىم. مېنىڭ كۆزلىرىم ئېچىلدى. توغرا دۇنيا قاراشلىرىم بارلىققا كەلدى. مەن بۇ دۇنيا قاراشلىرىمنى بىزنىڭ يېڭى زۇڭتۇڭغا دەيمەن. مېنىڭ ئۇنىڭغا زادى نېمە دەيدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم. ئۇ بەربىر ئۆزى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ سوئاللىرىغا ئۆزى جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دەرھال ھەسەنگە تىكىلدى.

— ئافغانىستان پۇشتۇلارنىڭ ۋەتىنى. ئۇ ئەزەلدىن شۇنداق بولغان ھەم مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ. بىزلەر ھەقىقىي، ساپ ئافغانلارمىز. ماۋۇ پاناق ئۇنداق ئەمەس. مۇشۇلار بىزنىڭ ئانا تۇپرىقىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى بۇلغىدى. ئۇلار قېنىمىزنى بۇلغىدى، — دېدى ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — ئافغانىستان پۇشتۇلارنىڭ. مەن شۇنداق دەيمەن. مانا بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم، — ئاسەف نەزىرىنى يەنە ماڭا ئاغدۇردى. ئۇ خۇددى ھېلىلا شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، — گىتلېر بۇنى ئورۇنلاپ بولالمىغانىدى. بىراق، بىز ھېلىھەم ئۇلارنى يوقىتىۋېتەلەيمىز.

ئۇ ئىشتىنىنىڭ كەينى يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

— مەن زۇڭتۇڭدىن پادىشاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتى يەتمىگەن ئىشلارنى قىلىشنى ئۆتۈنىمەن. ئەسكەر ئاجرىتىپ مەينەت ھەم كاززاپ ھەزارالارنى ئافغانىستاندىن تازىلىشنى ئۆتۈنىمەن.

— بىزنى كەتكىلى قوي، ئاسەف، — دېدىم مەن ئۆزۈمنىڭ تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازىمدىن سەسكەنگەن ھالدا، — بىز سېنى خاپا قىلمىدۇق.

— سىلەر ئەلۋەتتە مېنى خاپا قىلىۋاتىسىلەر، — دېدى ئاسەف.

ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىۋاتقان نەرسىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان مۇشتىكى قوياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى.

— سىلەر مېنى بەكمۇ خاپا قىلىۋاتىسىلەر. ئەمەلىيەتتە، سەن مېنى بۇ ھەزارادىنمۇ بەكرەك خاپا قىلىۋاتىسەن. سەن نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىسەن، ئۇنىڭ بىلەن ئوينايسەن، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى تۇتقۇزىسەن؟ — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ۋەلى بىلەن كامال ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەستىقلىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭغا يان بېسىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. ئاسەفنىڭ كۆزلىرى بارغانسېرى قىسىلىپ كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى چايقاپ ھەيران بولغاندەك دېدى:

— سەن قانداقمۇ ئۇنى ئۆز دوستۇڭ دەپ بىلىسەن؟

بىراق، ھەسەن مېنىڭ دوستۇم ئەمەس! مەن شۇنداق دەۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ئۇ مېنىڭ مالىيىم! مەن بۇ توغرۇلۇق ئويلىنىپ باققانمىدىم؟ ئەلۋەتتە، مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم. مەن ھەسەنگە خۇددى دوستۇمدەك، ھەتتا قېرىندىشىمدەك مۇئامىلە قىلدىم. لېكىن، مەن شۇنداق قىلغان بولسام، دادامنىڭ دوستلىرى باللىرىنى ئېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە مېھمانغا كەلگەندە، مەن نېمە ئۈچۈن ھەسەننى بىزنىڭ ئويۇنلىرىمىزغا قوشمىدىم؟ مەن نېمە ئۈچۈن پەقەت ئوينايدىغان ئادىمىم بولمىغان چاغدىلا ھەسەن بىلەن بىللە ئوينىدىم؟

ئاسەف مۇشتىكىنى قولىغا كىيىپ، ماڭا سوغۇقلا قارىدى:

— سەندىمۇ گەپ بار، ئامىر. ئەگەر ساڭا ۋە سېنىڭ داداڭغا ئوخشاش كىشىلەر ماۋۇلارنى ئۆيلىرىڭگە ئەكىلىشمىگەن بولساڭ، بىز ئۇلارنى ئاللىقاچان يوقاتقان بولاتتۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار تەئەللۇق بولغان ھەزاراجاتقا بېرىپ سېسىشاتتى.

سەن ۋە سەندەكلەر ئافغانىستاننىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈشتۈڭ.

مەن ئۇنىڭ تەلۋىلەرچە چەقنەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كۈلكىلىك گېپىنى دەۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇ راستتىنلا ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانىدى. ئۇ مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئارقامدىن تۇساتتىن بىر نەرسە مىدىرلىغاندەك قىلدى. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، ھەسەننىڭ تېزدىن ئېگىشىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرغىنىنى كۆردۈم. ئاسەفنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ ئارقامغا تىكىلدى ـ دە، ھەيرانلىقتا چوڭ ئېچىلدى. ئارقا تەرىپىمدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشقا قاراپ تۇرغان كامال بىلەن ۋەلىنىڭ چىرايىدىنمۇ ئوخشاش ئىپادىنى كۆردۈم. مەن ئارقامغا ئۆرۈلسەم ھەسەن رەگەتكىسىنى تارتىپ تۇرۇپتۇ. رەگەتكىگە ياڭاق چوڭلۇقىدىكى تاش بەتلەنگەن بولۇپ، ئاسەفنىڭ يۈزىگە توغرىلانغانىدى. ھەسەننىڭ رەگەتكىنى تارتىپ تۇرغان قوللىرى تىترەيتتى. قاشلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى.

— بىزنى ئاراممىزدا قوي، ئاغا. — دېدى ھەسەن تەمكىن ئاۋازدا. ئۇ ئاسەفنى «ئاغا» دەپ چاقىرغاندا، بىر ئادەم دائىم ئۆزىنىڭ قايسى تەبىقىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماي ياشىسا قانداق بولىدىغاندۇ. دېگەن سوئال تېزلا خىيالىمدىن كەچتى.

ئاسەف چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

— قولۇڭدىكىنى تاشلا، ھۆ يېتىم ئوغلاق ھەزارا.

— بىزنى قويۇپ بەرگىن، ئاغا. — دېدى ھەسەن.

ئاسەف كۈلدى:

— كۆرمىدىڭمۇ؟ بىز ئۈچ ئادەم، سىلەر ئىككى جۈمۇ.

ھەسەن مۇرسىنى قىسىپ قويدى. ئۇنى تونۇمايدىغان ئادەملەرگە ئۇ قورقمىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر تارتىشىش ۋە تىترەشلىرىنىڭ

مەنىسىنى ئوبدان چۈشىنەتتىم. مەن ئۇنىڭ قورققانلىقىنى، بەكمۇ قورققانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— توغرا دەيسەن، ئاغا، بىراق سەنمۇ مېنىڭ قولۇمدىكى رەگەتكىنى كۆرمىگەن ئوخشايسەن. ئەگەر سەن مىدىرلىساڭلا رەگەتكەم سېنىڭ لەقىمىڭنى «قولاق يەيدىغان ئاسسەف»دىن «يەكچەشمە ئاسسەف»كە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. چۈنكى، مەن بۇ تاشنى دەل سېنىڭ سول كۆزۈڭگە قارىلىدىم.

ئۇ بۇ گەپنى شۇنچە نورمال ئاھاڭدا ئېيتتىكى، ھەتتا مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ جىددىيلەشمەي دەۋاتقان گېپىگە يوشۇرۇنغان قورقۇنچنى تەستە ھېس قىلدىم.

ئاسسەفنىڭ لەۋلىرى تىترىدى. ۋەلى بىلەن كامال بۇ ھالەتكە ھەيران قېلىشتى. ھەسەن ئۇلارنىڭ خۇداسىغا خىرىس قىلىپ، يۈزىنى تۈككەندى. ھەممىدىن يامان بولغىنى، بۇ ئادەم بىر ۋىجىك ھەزارا ئىدى. ئاسسەف رەگەتكە ئارقىسىدىكى ھەسەننىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇ ھەسەننىڭ چىرايىدىن رەگەتكىنى ئۇزۇش نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى پەملىگەن بولسا كېرەك، تۈگۈلگەن مۇشتۇمىنى ئاستا تۆۋەنگە چۈشۈردى.

— مەن ساڭا شۇنى دەپ قويايكى، ھەزارا، — دېدى ئاسسەف جىددىي تەلەپپۇزدا، — مەن ناھايىتىمۇ سەۋرچان ئادەم. ماڭا ئىشەنگىنكى، بۇ ئىش بۈگۈن بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ.

— ئامىر، سېنى بۈنىڭلىق بىلەن بوش قويۇۋەتمەيمەن. مەن ھەر كۈنى سەن بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ھېسابلىشىمەن، — دېدى ئاسسەف ماڭا بۇرۇلۇپ.

ئاسسەف كەينىگە چېكىنىۋىدى، دوستلىرىمۇ تەڭلا چېكىندى.

— سېنىڭ ھەزارالىڭ بۈگۈن چوڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى، ئامىر، — دېدى ئۇ. ئاندىن ئۇلار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىشتى. مەن ئۇلار تاغدىن چۈشۈپ، تام ئارقىسىغا غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردۇم.

ھەسەن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن رەگەتكىنى بەلبېغىغا قىستۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇ تۆت قېتىم ھەپىلەشىپ، بەشىنچى قېتىمدا رەگەتكىنى بەلبېغىغا باغلىيالىدى. بىز قورقۇنچ ئىچىدە، ئۈن - تىنسىز ھالدا ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق. بىز ھەربىر كوچىدىن قايرىلغىنىمىزدا، ئاسسەفلەرنى بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلامدىكىن دەپ قورقاتتۇق. ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلماسلىقىدىن خاتىرجەم بولساق توغرا بولاتتى، بىراق ئازراقمۇ خاتىرجەم بولالمىدۇق.

كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا «ئىقتىسادىي تەرەققىيات» ۋە «ئىسلاھات» دېگەندەك سۆزلەر كابۇل خەلقىنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمىدى. ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پادىشاھلىق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جۇمھۇرىيەت بارلىققا كەلدى ۋە زۇڭتۇڭ رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. روناق تېپىش تۇيغۇسى ۋە پىلانلىرى بىر مەزگىل مەملىكەت مىقياسىنى قاپلىدى. كىشىلەر يەنە ئاياللار ھوقۇقى ۋە زامانىۋى تېخنىكا توغرۇلۇقمۇ گەپ ئېچىشتى.

گەرچە يېڭى رەھبەر كابۇلدىكى ئارگ خانلىق ئوردىسىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، كۆپ ئادەملەر ھايات يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش داۋاملىشىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى. كىشىلەر شەنبە كۈنىدىن پەيشەنبە كۈنىگىچە ئىشقا بېرىپ، جۈمە كۈنلىرى باغچىلارغا، غارغا كۆلىنىڭ بويلىرىغا ياكى پاگمان باغلىرىغا دالا تامىقى يېيىش ئۈچۈن توپلىشاتتى. يولۇچىلار بىلەن تولغان رەڭگارەڭ ئاپتوبۇسلار ۋە يۈك ماشىنىلىرىنىڭ كوزۇپىدا ئولتۇرۇۋېلىپ قويۇق كابۇل شېۋىسىدا شوپۇرغا ۋارقىراپ يول باشلاۋاتقان ياردەمچىلەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كابۇلنىڭ كىچىك كوچىلىرىدا ھەر تەرەپكە

چېپىشتى. ئۈچ كۈنلۈك روزا ھېيتتا كابۇللۇقلار ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ تۇغقانلىرىنىڭكىگە پەتە قىلىشتى. كىشىلەر بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ ياكى مەڭزىلىرىگە سۆيۈشۈپ تۇرۇپ «ھېيتلىرىغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ سالام قىلىشتى. باللار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن سوۋغاتلارنى خۇشاللىق بىلەن ئېچىشتى ۋە رەڭ بىلەن بوياپ پىشۇرۇلغان تۇخۇملارنى چېكىشتۇرۇپ ئوينىدى.

1974 ـ يىلى باش قىشنىڭ بىر كۈنى، ھەسەن ئىككىمىز قاردىن قەلئە ياساپ ئويناۋاتاتتۇق. ئەلى ھەسەننى چاقىردى:

— ھەسەن، ساھىب ئاغامنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بار ئىكەن.

ئۇ ئۇچىسىدا ئاق كىيىم، ئىككى قولىنى قولتۇقىغا تىققان، تىنىقلىرىدىن ھور چىققان ھالدا ئالدى ئىشىكتە قاراپ تۇراتتى. ھەسەن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتۇق. بۇگۈن ھەسەننىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاچقا، بىز ئەتىگەندىن بېرى دادامنىڭ چاقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدۇق.

— دادا، ئۇ نېمە ئىكەن. بىزگە دەپ بېرەمسەن؟ — دېدى ھەسەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى. ئەلى مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

— ساھىب ئاغامنىڭ ماڭا دەيدىغان نېمە گېپى بار ئىكەن؟

— ئەلى، بىزگە دەپ بەرسەڭچۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ، — كىتاب بېرەمدىكەن ياكى يېڭى تاپانچا بېرەمدىكەن؟

ھەسەنگە ئوخشاشلا ئەلىمۇ يالغان سۆزلىيەلمەيتتى. ھەر يىلى ئۇ دادامنىڭ ھەسەنگە ياكى ماڭا تۇغۇلغان كۈنىمىزدە نېمە سوۋغات ئالغانلىقىنى بىلمىگەنگە سېلىۋالاتتى، بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرى خائىنلىق قىلاتتى ـ دە، بىز سوۋغاتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاتتۇق. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن راست سۆزلەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

دادام ھېچقاچان ھەسەننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. بىر چاغلاردا، ئۇ ھەسەندىن نېمىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى سورىغانىدى. لېكىن، ھەسەن خىجىل بولۇپ، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى ئېيتىپ بەرمىگەچكە، دادام ئۇنىڭدىن سورىمايدىغان بولغانىدى. شۇڭا، ھەر قىش پەسلىدە دادام ئۆزى بىر سوۋغات تاللايتتى. ئۇ بىر يىلى ھەسەن ئۈچۈن ياپونىيەدە ئىشلەنگەن ئويۇنچۇق يۈك ماشىنىسى، يەنە بىر يىلى ئېلېكترونلۇق پاراۋۇز ھەم پويىز رېلىسى سېتىۋالغانىدى. بۇلتۇر، دادام «بىر ياخشى، بىر يامان ۋە بىر سەت» كىنوسىدىكى كىلىنت ئىستۋودنىڭكىگە ئوخشاش پادىچىلار قالپىقىنى سوۋغا قىلىپ، ھەسەننى ھەيران قالدۇرغانىدى. پۈتۈن قىش بويى، ھەسەن ئىككىمىز قالپاقنى نۆۋەتلىشىپ كىيىپ، قار دۆۋىلىرىگە يامىشىپ چىقىپ، كىنونىڭ مۇزىكىسىنى غىڭشىغىنىمىزچە بىر - بىرىمىزگە يالغاندىن ئوق ئېتىشىپ ئوينىغاندۇق. بىز قوللىرىمىزنى پەلەيلىرىمىزدىن چىقىرىپ، قار چاپلاشقان ئاياغلىرىمىزنى ئىشىك ئالدىغا سىلىشتۇق. بىز ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىمىزدە، دادام پاكار بويلۇق، تاقىر باش، زىغىر رەڭ كاستۇم كىيىپ، قىزىل گالستۇك تاقىغان ھىندىستانلىق بىر ئادەم بىلەن تۇراتتى.

— ھەسەن، — دېدى دادام كۈلۈپ تۇرۇپ، — تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن، سوۋغىتىمنى قوبۇل قىل.

ھەسەن ئىككىمىز ھەيران بولۇپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. ھېچ يەردە سوۋغات سېلىنغان ساندۇق، خالتا ياكى ئويۇنچۇق كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەردە پەقەت ئەلى، دادام ۋە ماتېماتىكا مۇئەللىمىمىزگە ئوخشايدىغان ۋىجىك ھىندىستانلىق ئەپەندىلا بار ئىدى. زىغىر رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن ھىندىستانلىق ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قولىنى ھەسەنگە سوزدى:

— مەن دوختۇر كۇمار بولىمەن. سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە

بەكمۇ خۇشالمەن، — دېدى ئۇ قويۇق ھىندى شېۋىسى ئارىلاشقان پارس تىلىدا.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ سالام قىلدى ھەسەن ھەيران بولغان ھالدا. ئۇ ئەدەپ بىلەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئارقىسىدا تۇرغان دادىسىنى ئىزدەيتتى. ئەلى يېقىنراق كېلىپ، قوللىرىنى ھەسەننىڭ مۈرىسىگە قويدى. دادام ھەسەننىڭ ئېھتىياتچانلىق ۋە ھەيرانلىق تولغان كۆزلىرىگە قارىدى.

— مەن دوختۇر كۇمارنى يېڭى دېلھىدىن چاقىرتىپ كەلدىم. دوختۇر كۇمار ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيەسى قىلىدۇ.

— سىز ئۇنىڭ قانداق كەسىپ ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى ھىندىستانلىق دوختۇر كۇمار. ھەسەن بېشىنى چايقىدى. ئۇ ياردەم سوراپ ماڭا قارىدى، لېكىن مەنمۇ مۈرەمنى قىستىم. مەن پەقەت بىرى سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قالسا ئوپېراتسىيە قىلىدىغان دوختۇرغا بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتىم. چۈنكى، بۇلتۇر مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەندە، مۇئەللىم ئۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئىككىمىز ئەلىگە قارىدۇق، لېكىن بىز ئۇنىڭ چىرايىدىن جاۋاب تاپالمىدۇق. ئۇنىڭ چىرايى ئادەتتىكىدەكلا ئېپادىسىز بولسىمۇ، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ قالغانىدى.

— مېنىڭ خىزمىتىم كىشىلەرنىڭ بەدىنىنى ياكى چىرايىدىكى ئەيىبىنى تۈزەش، — دېدى دوختۇر كۇمار.

— ھە، — دېدى ھەسەن. ئۇ ئاۋۋال دوختۇر كۇمارغا، ئاندىن دادامغا ۋە ئەلىگە قاراپ قوللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكىنى تۇتتى.

— ھە، — دېدى ئۇ يەنە.

— مەن بىلىمەن، بۇ قېتىمقىسى نورمال سوۋغاتلارغا

ئوخشىماي قالدى، — دېدى دادام، — بەلكىم بۇنداق سوۋغات بېرىشىمنى ئويلىمىغان بولغىيدىڭ، لېكىن بۇ سوۋغات سەن بىلەن مەڭگۇ بىللە تۇرىدۇ.

— بىلدىم، — دېدى ھەسەن كالپۇكىنى يالاپ، گېلىنى قىرىپ، — ساھىب ئاغا، ئۇ، ئۇ...

— خاتىرجەم بول، — دەپ گەپنى بۆلدى دوختۇر كۇمار كۈلۈمسىرەپ، — ھېچ يېرىڭ ئاغرىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەن بىر خىل دورا ئىشلىتىمەن، سەن ھېچنېمىنى سەزمەي قالىسەن.

— بىلدىم، — دېدى ھەسەن خاتىرجەم بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ. بەلكىم ئۇ بىردەملىك خاتىرجەملىكتۇر، — مەن قورقمىدىم، ساھىب ئاغا، مەن پەقەت ...

ھەسەن ئالدانغىنى بىلەن مەن ئالدانمايتتىم. دوختۇرلارنىڭ ئاغرىمايدۇ دېگىنى سېنى پالاكەت باسىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. مەن قورقۇنچ ئىچىدە بۇلتۇر خەتنەمنى قىلغاندىكى ئىشلارنى ئېسىمگە ئالدىم. شۇ چاغدىمۇ دوختۇر ماڭا ئاغرىتماي ئوپېراتسىيە قىلىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئېيتقانىدى. لېكىن، ھېلىقى كۈنى كەچتە ناركوزنىڭ تەسىرى تۈگىگەندىن كېيىن خەتنىلەنگەن يېرىمگە كۆمۈرنىڭ قىپقىزىل چوغىنى ياققاندەك ئاغرىپ كەتكەنىدى. دادامنىڭ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ خەتنەمنى قىلىشنى تاكى مەن ئون ياشقا كىرگۈچە ساقلىغىنىنى ھېچ چۈشەنمىدىم. ئۇ ھەم مېنىڭ دادامدىن مەڭگۈ خاپا بولىدىغان ئىشلىرىمنىڭ بىرى ئىدى.

مەن يەنە دادامنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان ئىش بولسا مېنىڭمۇ ئاشۇنداق تاتۇقۇم بولسىچۇ، دەپ ئارزۇلايتتىم. ھەسەن دادامنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىغان، ئۇ پەقەت شۇ توشقان كالپۇك بولۇپ تۇغۇلغان، خالاس.

ئوپېراتسىيە ئۇتتۇقلۇق بولدى. تۇنجى قېتىم تېڭىقنى ئېلىۋەتكەندە، ھەممىمىز چۆچۈپ كېتىشتۇق، لېكىن دوختۇر

كۆمارنىڭ ئېيتقىنى بويىچە كۆلۆمسىرەپ تۇردۇق. كۆلۆمسىرەش بىزگە ئاسانغا توختىمىدى، چۈنكى ھەسەننىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكى غەلىتە كۆپۈپ چىققان گۆشتەك كۆرۈنەتتى. سىرتىرا ھەسەنگە ئەينەكنى ئۇزاتقاندا، مەن ئۇنى چوقۇم يىغلايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ھەسەن چوڭقۇر خىيال بىلەن ئەينەككە ئۇزاق قاراپ كەتتى. ئەلى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. ھەسەن مەن چۈشەنمەيدىغان بىر نەرسىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. مەن قولىقىمنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا يېقىن ئاپاردىم. ئۇ يەنە پىچىرلىدى:

— تەشەككۈر، رەھمەت.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ لەۋلىرى پۈرلەشتى. بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭ نېمە قىلمۇاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇ كۆلۆمسىرەۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا كۆلۆمسىرەۋاتاتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىششىق يېنىپ، يارا ساقايدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكىدىكى يارا قىزغۇچ رەڭلىك سىزىققا ئايلاندى. كېيىنكى يىلى قىشقا بارغاندا، ئۇنىڭ كالپۇكىدا پەقەت بىلىنەر - بىلىنمەس تاتۇق قالدى. لېكىن، قېرىشقاندەكلا ئىش بولدى. چۈنكى، ئويلىمىغان يەردىن ھەسەنمۇ قىشتىن باشلاپ كۆلۆشتىن توختىغانىدى.

# ئالتىنچى باب

ھەر يىلى قىش كىرىپ، تۇنجى قار ياغقان كۈنى سەھەردە كېچىلىك كىيىم بىلەنلا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىمەن. توختىلاپ كەتمەي دەپ ئىككى قولۇمنى قولتۇقۇمغا تىقىۋالىمەن. دادامنىڭ ماشىنىسى، تاملار، دەرەخلەر، ئۈگزىلەر ھەم يىراقتىكى تاغلار ئوشۇقۇمغا كەلگۈدەك قېلىن قار بىلەن قاپلانغانلىقىنى كۆرگىنىمدە، چىرايىمغا تەبەسسۇم يۈگۈرىدۇ. ئاسمان كۆپكۆك، قار كۆزۈمنى چاقنىتىپ ئېچىشتۇرغۇدەك ئاپپاق... مەن بىر چاڭگال قارنى ئېلىپ ئېغىزىمغا سالغاچ، پەقەت قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرىدىن بۇزۇلۇۋاتقان سەھەر جىمجىتلىقىغا قۇلاق سالىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن پەلەمپەيدىن يالاڭ ئاياغ مېڭىپ چۈشۈپ، ھەسەننى چاقىرىمەن. قىش پەسلى كابۇلدىكى ھەممە باللار دېگۈدەك ياخشى كۆرىدىغان پەسىل. ھېچبولمىغاندا دادىلىرىنىڭ ياخشىراق تۆمۈر مەش ئېلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان باللار ئۇچۇن شۇنداق. ئۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ھەممە يەردە مۇز قېتىشقا باشلىغاندا مەكتەپ تاقىلىدۇ. مەن قىشتا مۇرەككەپ ھېسابلارنى ئىشلەش ۋە بۇلغارىيەنىڭ پايتەختىنى خەرىتىدىن تېپىشلاردىن قۇتۇلاتتىم. يەنە ھەسەن بىلەن ئۈچ ئايغىچە ئىسسىق مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ قارتا ئوينايتتىم، سەيشەنبە ئەتىگەنلىرى كىنوخانىغا بېرىپ رۇسىيەنىڭ ھەقسىز فىلىملىرىنى كۆرەتتۇق؛ شۇنداقلا سەھەردە تۇرۇپ قار بوۋاي ياساپ بولغاندىن كېيىن تاتلىق گۆرما چېچىلغان گۈرۈچ تامىقى يەيتتۇق. يەنە لەگلەك ئۇچۇرۇپ، لەگلەك قوغلاپ ئويناپتتۇق.

بىر قىسىم تەلەيسىز باللار بولسا، قىش پەسلى يېتىپ

كېلىشى بىلەن دەرستىن قۇتۇلالمايتتى. مەكتەپلەر ھەقسىز قىشلىق كۇرسلارنى ئورۇنلاشتۇراتتى. ئەلۋەتتە، مەن بىلىدىغان باللارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزلىرى خالاپ ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ئاشۇ كۇرسلارغا باراتتى. تەلىيىمگە، دادام مېنى مەكتەپكە بېرىشقا زورلىمايتتى. ئۇدۇل قوشنىمىزنىڭ ئوغلى ئەخمەت ئاشۇنداق تەلەيسىز باللارنىڭ بىرى ئىدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ دادىسى دوختۇر بولسا كېرەك. ئەخمەتنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئىدى، داۋاملىق يۇڭ جىلىتكە كىيىپ، قېلىن قارا رامكىلىق كۆزەينەك تاقاپ يۈرەتتى. ئۇمۇ دائىم ئاسسەفنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھوجرامنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇلارنىڭ ھەزارا خىزمەتكارىنىڭ كۈرەك بىلەن قار تازىلاپ يول ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئەخمەت يۇڭ جىلىتكە ۋە قىشلىق چاپان كىيىپ، لىق دەپتەر - قەلەم قاچىلانغان سومكىسىنى ئېسىپ دادىسىنىڭ ماشىنىسىدا مەكتەپكە ماڭاتتى. مەن ئۇلار تاكى كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلغانغا قەدەر قاراپ تۇراتتىم - دە، قوي تېرىسىدىن توقۇلغان كېچىلىك كىيىمىم بىلەن ئورنۇمغا قايتىپ كىرەتتىم. يوتقىنىمنى ئېڭىكىمگىچە تارتىپ يېپىپ، دېرىزىدىن شىمالدىكى قار بىلەن كۆمۈلگەن تاغلارغا تاكى كۆزلىرىم قايتىدىن ئۇيقۇغا كەتكۈچە قاراپ ياتاتتىم. مەن كابۇلنىڭ قىش كۈنلىرىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتىم. كېچىلىرى قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ دېرىزەمنى يېنىك چېكىشىنى، قارغا دەسسىگىنىمدە رېزىنكە ئۆتۈكۈمنىڭ ئاستىدىن چىققان غاچ - غاچ ئاۋازنى، نەشتەردەك سوغۇق شاماللارنىڭ ھويلا - ئاران ۋە كوچىلاردىن ئۇشقىرتىپ ئۆتۈشىنى، تۆمۈر مەشتىن چىققان ئىسسىقنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتىم. ھەممىدىن مۇھىمى، دەرەخلەر توڭلاپ، يوللار مۇزلاشقا باشلىغاندا دادام ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق ئازراق ئېرىشكە باشلايتتى. بۇنداق بولۇشىغا لەگلەك سەۋەب بولاتتى. دادام

ئىككىمىز ئوخشاش بىر ئۆيدە ياشىساقمۇ، ئوخشىمىغان ھاياتلىق دۇنياسىغا مەنسۇپ ئىدۇق. لەگلەك بولسا ئاشۇ ئىككى ھاياتلىق چەمبىرىكىنىڭ ناھايىتىمۇ كىچىك كېسىشكەن بىر قىسمى ئىدى.

ھەر يىلى قىشتا كابۇلدا رايونلار بويىچە لەگلەك ئۇچۇرۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. ماڭا ئوخشاش كابۇللۇق باللار ئۇچۇن مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن ناھايىتىمۇ مۇھىم بىر كۈن ئىدى. مەن مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان كۈننىڭ ئالدىنقى كېچىسى ھەرگىز ئۇخلىيالمايتتىم. مەن پۈتۈن كېچىنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپ، بىردەم ئاينىڭ شولىسىدا تامغا قولۇم بىلەن ھايۋانلارنىڭ سايىسىنى چۈشۈرۈپ، ھەتتا قاراڭغۇدا بالكونغا چىقىپ ئولتۇرۇپ دېگۈدەك ئۆتكۈزەتتىم. ئۆزۈمنى جەڭ بولىدىغان كۈندىن بىر كۈن ئاۋۋالقى ئاخشىمى ئاكوپىنىڭ ئىچىدە ئۇخلاشقا تىرىشىۋاتقان جەڭچىدەك ھېس قىلاتتىم. چۈنكى، كابۇلدا لەگلەك ئۇچۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ جەڭگە ئوخشاپ قالاتتى.

ھەرقانداق جەڭگە ئوخشاشلا بۇ جەڭگىمۇ تەييارلىق كۆرۈش زۆرۈر ئىدى. ھەسەن ئىككىمىز خېلى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر لەگلەك ياسىغانىدۇق. كۈز پەسلى كىرىش بىلەنلا ھەپتىلىك خەجلەيدىغان پۇللىرىمىزنى دادام ھېراتتىن ئەكىلىپ بەرگەن چاقچۇق ئاتنىڭ ئىچىگە سېلىپ يىغاتتۇق. قىش شامالLIرى چىقىپ قار يېغىشقا باشلىغاندا، بىز چاقچۇق ئاتنىڭ ئىچىدىكى پۇللىرىمىزنى چىقىرىپ، بازارغا بېرىپ بامبۇك، شىلىم، يىپ ۋە قەغەزلەرنى سېتىۋالاتتۇق. ھەر كۈنى سائەتلەپ ۋاقتىمىزنى بامبۇكنى ئىنچىكە شىلىپ، قوشۇش بەلگىسى شەكلىدە تىزىش ۋە لەگلەك ياساشقا لازىملىق نېپىز قەغەزلەرنى كېسىش بىلەن ئۆتكۈزەتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، لەگلەك يىپىنى تەييارلايتتۇق. ئەگەر لەگلەكنى مىلتىققا ئوخشاتساق،

ئەينەك يالتىلغان يىپ بەتلەكلىك ئوق ھېسابلىناتتى. بىز ھويلىغا چىقىپ، يۈز ئەللىك مېتىردىن ئارتۇق يىپنى ئۇۋاق ئەينەك ئارىلاشتۇرۇلغان شىلىمغا مىلەيتتۇق. ئاندىن ئۇنى دەرەخكە باغلاپ ئېسىپ قۇرۇتاتتۇق. ئەتىسى يىپنى ياغاچ غالتەككە ئورايتتۇق. قارلار ئېرىپ، ئەتىياز يامغۇرى يېغىشقا باشلىغاندا، كابۇلدىكى ھەربىر ئوغۇل بالىنىڭ بارماق ۋە ئالىقانلىرىدا لەگلەك ئۇچۇرۇشتىن قېلىپ قالغان يارا ـ تاتۇقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئوقۇش باشلانغان بىرىنچى كۈنى ساۋاقداشلىرىم بىلەن توپلىشىپ قوللىرىمىزدىكى تاتۇقلارنى سېلىشتۇرغانلىقىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ كېسىلگەن يارىلار ئاغرىپ، ھەپتىلەرگىچە ساقايمايتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز ۋايسىمايتتىم. چۈنكى، ئۇ يارىلار شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەن كۆڭۈللۈك پەسىلنىڭ يادنامىسى ئىدى. سىنىپ باشلىقى پۇشتەكنى چالغاندا، سەپ بولۇپ تىزىلاتتۇق ـ دە، كېيىنكى قىشنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش تەقەززاسىدا ئاشۇ زېرىكىشلىك ئۇزۇن ئوقۇش يىلىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن سىنىپقا يول ئالاتتۇق.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەسەن ئىككىمىز ئۆزىمىزنىڭ لەگلەك ئۇچۇرۇش ماھارىتىمىزنىڭ لەگلەك ياساش ماھارىتىمىزگە قارىغاندا ئۈستۈنرەك تۇرىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. ياسىغان لەگلەكلىرىمىزدىكى ئۇنداق ياكى بۇنداق نۇقسانلار دائىم بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىزگە سەۋەب بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن دادام بىزنى سەيفۇل ئىسىملىك كىشىنىڭ يېنىغا لەگلەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان بولدى. سەيفۇل ئىككى كۆزى ئاساسەن كۆرمەيدىغان داڭلىق قېرى موزدۇز ئىدى. ئۇ يەنە شەھەردىكى ئەڭ ئۇستا لەگلەك ياسىغۇچى بولۇپ، كابۇل دەرياسىنىڭ پاتقاقلىق جەنۇبىي قىرغىقىدىكى جاھىد مايۋاند كوچىسىدا كىچىككىنە بىر دۇكىنى بار ئىدى. سەيفۇلنىڭ تۇرمە كامېرىغا ئوخشايدىغان كىچىككىنە دۇكىنىغا ئېڭىشىپ

كىرىپ، لەگلەكلەرنى ساقلايدىغان گەمە ئۆيگە ياغاچ پەشتاقتىن ئۆملەپ دىگۇدەك چۇشكىنىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. دادام بىزنى ئېلىپ بارغىنىدا، ھەسەن ئىككىلىمىزگە ئۇچتىن لەگلەك ۋە ئەينەك يىپلىق غالتەك ئېلىپ بېرەتتى. ئەگەر مەن چوڭراق ۋە ياخشىراق لەگلەك ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتسام، دادام ماقۇل ئېلىپ بېرىپلا، ھەسەنگىمۇ ئوخشاشنى ئېلىپ بېرەتتى. بەزىدە مەن دادامنىڭ ئوندىاق قىلماسلىقىنى، پەقەت ماڭىلا كۆيۈنۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

لەگلەك ئۇچۇرۇش مۇسابىقىسى ئافغانىستاننىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىشلىق پائالىيىتى ئىدى. مۇسابىقە تاڭ سەھەردە باشلانسا تاكى ئاسماندا بىرلا لەگلەك قالغۇچە داۋاملىشاتتى. بىر قېتىم تاكى كۈن پاتقۇچە داۋاملاشقانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. كىشىلەر يولنىڭ چېتىدە تۇرۇپ ياكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ مۇسابىقىگە قاتناشقان بالىلىرىغا مەدەت بېرىشەتتى. كوچىلاردا لەگلەك ئۇچۇرغۇچىلار ئاسمانغا كۆزلىرىنى قىسىپ قارىشىپ، ئۆز رىقابەتچىلىرىنىڭ لەگلەك يىپىنى ئۈزۈۋېتىش ئۇچۇن ياخشى ئورۇن ئېلىشقا تىرىشاتتى. ھەربىر لەگلەك ئۇچۇرغۇچىنىڭ لەگلەكنىڭ يىپىنى باشقۇرۇپ بېرىدىغان بىردىن ياردەمچىسى بولاتتى. ھەسەن مېنىڭ ياردەمچىم ئىدى.

بىر كۈنى، مەھەللىمىزگە يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن كەپسىز بىر ھىندى بالا بىزگە ئۆزىنىڭ يۇرتىدا لەگلەك ئۇچۇرۇشنىڭ قاتتىق قائىدە ـ تۈزۈملىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ يۇرتتا لەگلەك ئۇچۇرغاندا، تۆت چاسا قىلىپ سىزىلغان ئورۇندىن چىقىپ كەتمەي مۇقىم تۇرۇپ ئۇچۇرۇش، شامال يۆنىلىشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇچۇرۇش كېرەك. لەگلەكنىڭ ئەينەك يىپىنى ئاليومىن بىلەن ياساشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.»

ھەسەن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ كۈلۈپ

كەتتۇق. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ ھىندى بالا ئەنگلىيەلىكلەر 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆگەنگەن، رۇسلارمۇ 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا چۈشەنگەن بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتى: ئافغانلار ئەزەلدىن مۇستەقىل خەلق. ئافغانلار ئۆرپ - ئادەتنى قەدىرلەيدۇ، لېكىن قائىدە - تۈزۈملەرنى يامان كۆرىدۇ. لەگلەك ئۇچۇرۇشتىمۇ پىرىنسىپ ئوخشاش. قائىدە ناھايىتىمۇ ئاددىي: ھېچقانداق تۈزۈم يوق! لەگلىكىڭنى ئۇچۇر، رىقابەتچىڭنىڭ لەگلەك يىپىنى ئۈزۈۋەت. مۇسابىقەڭ ئۇتۇقلۇق بولسۇن!

ئىشلار ئۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي قىزىقچىلىق لەگلەك يىپى ئۈزۈۋېتىلگەندە باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا لەگلەك قوغلىغۇچىلار ئىشقا كىرىشىدۇ. بىر توپ لەگلەك قوغلىغۇچى باللار شامال ئۇچۇرۇپ يىراقلارغا ئەكەتكەن لەگلەكنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، تاكى ئېتىزلىقلار ياكى خەقلەرنىڭ ھويلىسىغىچە بېرىشىدۇ؛ ھەتتا ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە ۋە دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا يامىشىدۇ. مەن بۇرۇن بىر كىتابتىن ئىسپانىيەدىكى بۇقا بىلەن ئېلىشىش مۇسابىقىسىنىڭ بەكمۇ دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم. لەگلەك قوغلاشمۇ بەزىدە شۇنداق شىددەتلىك بولىدۇكى، بىر توپ لەگلەك قوغلىغۇچىلار بىر - بىرىگە ئېسىلىشىپ، مۇرىلىرىدىن ئىتتىرىشىپ لەگلەكنى قوغلايدۇ. بىر يىلى مەھەللىمىزدىكى بىر بالا قارىغاي دەرىخى شېخىغا ئىلىنىپ قالغان لەگلەكنى ئېلىش ئۈچۈن دەرەخكە يامىشىپ چىققاندا، دەرەخ شېخى ئۇنى كۆتۈرەلمەي ئوشتۇلۇپ كېتىپتۇ - دە، ئۇ ئون مېتىر ئېگىزلىكتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بېلى سۇنغانلىقى ئۈچۈن مېڭىشتىن مەڭگۈ مەھرۇم قاپتۇ. لېكىن، ئۇ يىقىلغان ۋاقىتتىمۇ قولىدىكى لەگلەكنى چىڭ تۇتۇۋالغانىكەن. لەگلەك قوغلىغۇچىنىڭ قولىدا لەگلەك بولسىلا ھېچكىم ئۇنى تارتىۋالالمايدۇ. بۇ تۈزۈم ئەمەس، بەلكى ئۆرپ - ئادەت.

لەگلەك قوغلىغۇچىلارنى ئەڭ تەقەززا قىلىدىغىنى مۇكاپات ئورنىدا بېرىلىدىغان، مۇسابىقىدە ئەڭ ئاخىرىدا يەرگە چۈشكەن لەگلەكنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇ بىر شەرەپ لوڭقىسى، شۇنداقلا باشقىلارغا كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشىدىغان مۇھىم پاكىت ئىدى. ئاسماندا باشقا لەگلەكلەر يوقاپ، پەقەت ئەڭ ئاخىرىدىكى ئىككى لەگلەك قالغان ۋاقىتتا، لەگلەك قوغلىغۇچىلار ئاشۇ شەرەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن تەييار تۇراتتى. ئۇلار لەگلەكنىڭ چۈشۈش ئېھتىمالى بولغان تەرەپكە قاراپ بويۇنلىرىنى سوزۇپ، كۆزلىرى قىسىلىپ كېتەتتى. ھەتتا ئۇرۇش ـ تالاش يۈز بېرەتتى. ئەڭ ئاخىرقى لەگلەكنىڭ يىپى ئۈزۈلگەندە، قالايمىقانچىلىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقاتتى.

خېلى يىللاردىن بېرى، مەن شۇنچە كۆپ لەگلەك قوغلىغۇچىلارنى كۆردۈم. لېكىن، ھەسەن مەن كۆرگەنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇستا لەگلەك قوغلىغۇچى ئىدى. ھەسەندە خۇددى بىر يوشۇرۇن ھېكمەتلىك كومپاس باردەك دائىم لەگلەكنىڭ قەيەرگە چۈشىدىغانلىقىنى لەگلەك يەرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن بىلىۋالاتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە: زىمىستان قىشنىڭ بىر كۈنى ھەسەن ئىككىمىز بىللە لەگلەك قوغلىدۇق. مەن ئېرىقلارنى ئاتلاپ، تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتىم. گەرچە مەن ئۇنىڭدىن بىر ياش چوڭ بولساممۇ، ھەسەن مەندىن تېز يۈگۈرگەچكە، ئۇنىڭ كەينىدە قالغانىدىم.

— ھەسەن! توختاپ تۇر! — دەپ توۋلىدىم ھاسىراپ تۇرۇپ.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى.

— بۇ يول بىلەن يۈگۈرەيلى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ دوقمۇشتىن قايرىلىشتىن بۇرۇن. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. بىز يۈگۈرگەن تەرەپ لەگلەك چۈشۈۋاتقان يۆنىلىشكە

قارشى ئىدى.

— بىز لەگلەكنى يىتتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇق ! بىز خاتا يۈنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتىمىز ! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

— ماڭا ئىشىنىڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى ھەسەن. دوقمۇشقا كەلگەندە ھەسەن ئاسمانغىمۇ قارىماي، چۆپ - چۆپ تەرلەپ، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۇم. ئەمەلىيەتتە مەن ھەسەندىن ئاستا يۈگۈرىدىغان بولۇپلا قالماي، يەنە كالانپايراق ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن مەن دائىم ئۇنىڭ تەنھەرىكەتچىلەرگە خاس ئىقتىدارىغا ھەسەت قىلاتتىم. مەن دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقىنىمدا، ھەسەن يەنە بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ غايىب بولدى. سۈرۈلگەن تىزىمنىڭ ئاغرىقىغا چىشىمنى چىشلەپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاقساقلاپ ماڭدىم.

بىر چاغدا، ئىستىقلال ئوتتۇرا مەكتىپىگە يېقىن يەردىكى تاشلاندۇق توپا يولغا كېلىپ قاپتىمەن. مەكتەپنىڭ بىر تەرىپىدە يازلىق كۆكتاتلىق، يەنە بىر تەرىپىدە ياۋا گىلاس دەرەخلىرى قاتار ئۆسكەن بىر مەيدان بار ئىدى. ھەسەن بىر ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، قۇرۇق ئۈجمىلەرنى چاڭگاللاپ يەۋاتاتتى.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمىز؟ — دېدىم مەن كۆڭلۈم ئېلىشقان ھالدا ھاسىراپ تۇرۇپ.

— مەن بىلەن بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇڭ، ئامىر ئاغا ! — دېدى ئۇ كولۇپ تۇرۇپ. مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ، قارنىڭ ئۇستىدىلا سوزۇلۇپ ياتتىم - دە، ھاسىراپ تۇرۇپ دېدىم:

— سەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىۋاتىسەن. لەگلەك ئاۋۇ تەرەپكە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ھەسەن ئېغىزىغا ئۈجمىنى ئوچۇملاپ سېلىپ تۇرۇپ:

— ئۇ بۇ تەرەپكە كېلىدۇ، — دېدى.

مەن ئاران نەپەس ئېلىۋاتاتتىم، ھەسەن بولسا ھېچ ھارغاندەك كۆرۈنمەيتتى.

— سەن قانداق بىلىسەن؟ — سورىدىم مەن.

— مەن بىلىمەن.

— سەن قانداق بىلەلەيسەن؟

ئۇ ماڭا ئۆرۈلۈپ قارىدى. ئۇنىڭ تاقىر بېشىدىن بىرنەچچە تامچە تەر دومىلاپ چۈشتى.

— مېنىڭ سىزگە يالغان سۆزلىشىم مۇمكىنمۇ، ئامىر ئاغا؟

تۇيۇقسىزلا كاللامغا ئۇنى بىر ئەخمەق قىلىش خىيالى كەلدى.

— مەن بىلمەيمەن. سەن ماڭا يالغان سۆزلەمسەن؟

— مەن سىزنى ئالدىغاندىن ئورنىغا توپا يەيمەن، — دېدى ئۇ رەنجىگەن ھالەتتە.

— راستمۇ؟ سەن راستىنلا شۇنداق قىلامسەن؟

ئۇ گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك قاراپ:

— قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ئەگەر مەن ساڭا توپا يە دېسەم يەمسەن؟ — دېدىم. ھەددىمدىن ئېشىپ كەتكىنىمنى بىلىپ تۇرىمەن. ئۇ مۇرەككەپ سۆزلەرنى چۈشەنمىگەندىمۇ شۇنداق قىلاتتىم. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر ھەسەننى ئەخمەق قىلىش ماڭا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. خۇددى كىچىكىمىزدە ھاشارات ـ قوڭغۇزلارنى قىيناپ ئوينىغاندىكىدەك ھېسسىياتتا بولاتتىم. شۇ تاپتا ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكى لوپا ئەينەكنىڭ ئاستىغا قويۇلغان چۈمۈلىگە ئوخشايتتى.

ئۇ ماڭا خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قاراپ كەتتى. ئىككىمىز ياۋا گىلاس دەرىخىنىڭ ئاستىدا بىر ـ بىرىمىزگە دىققەت بىلەن قارىشىپ ئولتۇراتتۇق. دەل شۇ ۋاقىتتا، ھەسەننىڭ چىرايى توساتتىن ئۆزگەردى. ھەسەن كۆزىنى چىمچىقلىتىپلا ئۆزىنى

دەرھال ئوڭشۇۋالدى.

— ئەگەر سىز تەلەپ قىلسىڭىز، مەن شۇنداق قىلىمەن، — دېدى ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ. مەن دەرھال كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇردۇم. تا ھازىرغىچە ھەسەنگە ئوخشاش راست گەپ قىلىدىغان ئادەملەرگە تىكىلىپ قاراشتىن ئەيمىنىمەن.

— لېكىن، مەن شۇنىڭغا ھەيران، — دېدى ئۇ يەنە، — سىز مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلارسىزمۇ، ئامىر ئاغا؟

ئۇ مۇشۇنداق دېيىش ئارقىلىق مېنى ئۆز يولى بىلەن سىناشقا باشلىدى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى سىنىماقچى بولسام، ئۇمۇ مېنىڭ غورۇرۇمنى سىناشقا تەييار ئىدى.

مەن شۇ سۆزنى قىلىپ قويغىنىمغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. شۇنداقتىمۇ زورغا كۈلۈمسىرەپ:

— ئەخمەق بولما ھەسەن، سەن مېنىڭ سېنى ئۇنداق ئىشقا زورلىمايدىغانلىقىمنى بىلىسەن، — دېدىم.

ھەسەنىنىڭ چىرايىغا قايتىدىن كۈلكە يۈگۈردى. ئەمما، ئۇنىڭ كۈلكىسىدە ياسالمىلىق كۆرۈنمەيتتى.

— مەن بىلىمەن، — دېدى ئۇ.

مانا بۇ سەمىمىي ئادەملەردە بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىك، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىدىن سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش سەمىمىي دەپ ئويلايدۇ.

— مانا كەلدى، — دېدى ھەسەن ئاسماننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سول تەرىپىگە بىرنەچچە قەدەم ماڭدى. مەن ئاسمانغا قاراپ، لەگلەكنىڭ بىز تەرەپكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئارقىدىنلا بىر توپ لەگلەك قوغلىغۇچى باللار قالايمىقان يۈگۈرۈشۈپ، چۇرقىرىشىپ كەلدى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ

قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، ھەسەن ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ كۆلۈمسىرىگىنىچە لەگلەكنىڭ چۈشۈشىنى ساقلاپ تۇراتتى. لەگلەك ھەسەننىڭ كەڭ ئېچىلغان غۇلىچىغا چۈشمىگەن بولسا، خۇدا — ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولسا — كۆزلىرىمنى قارىغۇ قىلسۇن.

1975 ـ يىلى قىشتا مەن ھەسەننىڭ لەگلەك قوغلىغىنىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەنىدىم.

ئادەتتە ھەربىر مەھەللە ئۆز ئالدىغا مۇسابىقە ئېلىپ باراتتى. لېكىن، شۇ يىلى مېنىڭ مەھەللەم، يەنى ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇسابىقىگە كابۇلدىكى كارتەھ ـ چار، كارتەھ ـ پالۋان، مەكروھ ـ رايان ۋە كارتەھ ـ ساخجى قاتارلىق باشقا رايونلارمۇ تەكلىپ قىلىنغانىدى. شۇ كۈنلەردە مەيلى قەيەرگە بارسىمۇ مۇشۇ قېتىملىق مۇسابىقە توغرۇلۇق پاراڭ بولۇناتتى. شۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ يىگىرمە بەش يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ مۇسابىقە بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرلەر ئاللىقاچان تارقىلىپ بولغانىدى.

شۇ يىلى قىشنىڭ بىر كەچلىكى، يەنى مۇسابىقىدىن تۆت كۈن بۇرۇن، دادام ئىككىمىز ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى خۇرۇم ئورۇندۇقتا تام مەشكە قاقلىنىپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئەلى بىز كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلاش ئۈچۈن ھەسەننى باشلاپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنىدى. دادام غاڭزىسىنى تاماكا بىلەن تولدۇرۇۋاتاتتى. مەن دادامدىن بىر توپ بۆرىلەرنىڭ تاغدىن چۈشۈپ ھېراتقا كېلىپ، ئادەملەرنى بىر ھەپتىگىچە تالاغا چىقالماسلىققا مەجبۇر قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈندۇم. بىردەمدىن كېيىن دادام تاماكىسىنى ياندۇردى ـ دە، ئېرەنسىزلىك بىلەن:

— مېنىڭچە سەن بۇ يىللىق مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىسەن.

قانداق دېدىم؟ ــــ دېدى.

مەن نېمە ئويلاپ، نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم. دادام ئەمدى يېڭىشنىڭ ئاچقۇچىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ، كۆچ ئۇلاشنى مەقسەت قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ مەنمۇ ياخشى لەگلەك ئۇچۇرغۇچى ئىدىم. لەگلەك ئۇچۇرۇشقا ھەقىقەتەن ماھىر ئىدىم. بىر قېتىملىق قىشلىق مۇسابىقىدە مەن تېخى ئاخىرقى ئۇچىنىڭ بىرى بولۇپ، يېڭىشقا ئاز قالغانىدىم. لېكىن، يېڭىشقا ئاز قېلىش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ يەڭدى دېگەنلىك ئەمەس، شۇنداققۇ؟ دادام يېڭىشكە ئاز قالمىغان. بەلكى ئۇ راستتىنلا يەڭگەن. چۈنكى، غالىبىيەتچىلەر يېڭىدۇ، مەغلۇپ بولغۇچىلار ئۆيىگە قايتىشىدۇ. مېنىڭ دادام بىر ئىشقا مەقسەت قىلىدىمۇ، ئۇ چوقۇم شۇ ئىشتا يەڭمەي قويمايتتى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆز ئوغلىدىن شۇنداق بولۇشنى كۈتۈش ھوقۇقى يوقمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر مەن مۇسابىقىدە يەڭسەم...

دادام غاڭزىسىنى شورىغاچ سۆزلەۋاتاتتى. مەن يالغاندىن ئاڭلىغان بولۇۋالدىم. دادامنىڭ باياتىن پەرۋاسىزلا قىلغان بىر ئېغىز گېپى كاللامغا ئالىقاچان ئۇرۇق چاچقان بولغاچقا، ئەمدى ئۇنىڭ قىلىۋاتقان سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. كاللامغا قىشلىق مۇسابىقىدە قانداق قىلىپ يېڭىش كىرىۋالغانىدى. مەن مۇسابىقىدە چوقۇم يېڭىشىم كېرەك. مەندە ئۇنىڭدىن باشقا تاللاش يوق. مەن چوقۇم يېڭىمەن، ئاشۇ ئەڭ ئاخىرقى لەگلەكنى قوغلاپ تۇتىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆيگە ئەكىلىپ دادامغا كۆرسىتىمەن. مەن ئۇنىڭغا ئۆز ئوغلىنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايمەن. شۇنداق قىلسام، بەلكىم مېنىڭ بۇ ئۆيدىكى غېرىب ئەرۋاھتەك تۇرمۇشۇم مەڭگۈگە ئاخىرلىشار.

مەن كۆزۈم ئوچۇق ھالەتتە تۇرۇپ چۈش كۆرۈشكە باشلىدىم: ئۆزۈمنى ئانچە ـ مۇنچە چىنە ـ قوشۇقنىڭ تاراقلىشى ۋە غۇدۇراشلاردىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايدىغان تاماق

شىرەسىدە ئەمەس، بەلكى پاراڭ ـ كۈلكىلەر ئارىسىدا خىيال قىلدىم. جۈمە كۈنى دادامنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ پاگمانغا قاراپ ماڭغىنىمىزدا يول بويىدىكى غارغا كۆلى بويىدا توختاپ، مايدا پىشۇرۇلغان تاتلىق سۇ بېلىقى بىلەن بەرەڭگە يېگىنىمىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بەلكىم بىز ھايۋانات باغچىسىغا «مارجان» ئىسىملىك شىرنى كۆرگىلى بارغاندا، دادام زېرىكىپ ئەسنەپ، سائەتكە قاراپ يۈرمەس. بەلكىم دادام ھەتتا مەن يازغان ھېكايىلەردىن بىرەرىنى ئوقۇپ باقار. ئەگەر ئۇ مېنىڭ يازغان ھېكايىلىرىمدىن بىرنى ئوقۇيدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا يۈز ھېكايە يېزىپ بېرىشكە تەييار. بەلكىم ئۇ مېنى رەھىمخاندەك «ئامىرجان» دەپ چاقىرار. بەلكىم يەنە دادام مېنىڭ ئانامنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىمنى كەچۈرۈۋېتەر.

دادام ماڭا ئۆزىنىڭ بىر كۈندە ئون تۆت لەگلەكنى كېسىپ چۈشۈرۈۋەتكەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. مەن كۈلۈمسىرەپ، بېشىمنى لىڭشىتتىم، ھەتتا توغرا كەلگەندە قاقاقلاپ كۈلدۈم. ئەمما، ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ بىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. مېنىڭ ئەمدى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچۇم بار بولدى. مەن بۇ قېتىم دادامنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن. بولۇپمۇ بۇ قېتىم ھەرگىز...

مۇسابىقىدىن بىر كۈن بۇرۇن شۇنداق قاتتىق قار ياغدى. ھەسەن ئىككىمىز كۈرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قارتا ئوينىدۇق. ھويلىمىزدىكى دەرەخ شاخلىرى شامالنىڭ تەسىرىدە دېرىزە ئەينەكلىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە، مەن ئەلىنى بىزگە كۈرسىنى تەييارلاپ قويۇشقا بۇيرۇغانىدىم. كۈرسى توكلۇق ئىسسىتقۇچ بولۇپ، ئادەتتە پاكار ئۈستەلنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە قېلىن يوتقان يېپىلىپ قويۇلاتتى. ئەلى ئۈستەلنىڭ ئەتراپىغا كۆرپە ـ ياستۇقلارنى تىزىپ قويغانىدى. يىگىرمىدەك ئادەم بىمالال ئولتۇرۇپ پۇتىنى

چۈمكىيەلەيتتى. قار ياغقان كۈنلىرى ھەسەن ئىككىمىز پۈتىمىزنى كۆرسى بىلەن ئىسسىتىپ شاھمات ۋە قارتا ئوينايتتۇق.

مەن ھەسەننىڭ ئونلۇق غىشىدىن ئىككىنى ئۆتۈپ، ئىككى سالدات ۋە بىر ئالتىلىكنى يەرگە تاشلىدىم. يېنىمىزدىكى دادامنىڭ كۈتۈپخانىسىدا دادام بىلەن رەھىمخان باشقا ئىككى ئادەم بىلەن سودا توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ئاسسەفنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. ئارا تامدىن كېلىۋاتقان كابۇل رادىيوسىنىڭ گاژ - گۇژ ئارىلاش خەۋەرلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى.

ھەسەن ئالتىلىكنى ئۇرۇپ، ئىككى سالداتنى قولىغا ئالدى. رادىيودا داۋۇتخان چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش توغرۇلۇق بىرنەرسىلەرنى ئېلان قىلىۋاتاتتى.

— ئۇ ئافغانىستاندىمۇ تېلېۋىزور بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەۋاتىدۇ، — دېدىم.

— كىم ئۇ؟

— داۋۇتخان. كالۋا، ئۇ بىزنىڭ زۇڭتۇڭىمىز.

— مەن ئىراندا ئاللىقاچان تېلېۋىزور بولۇپ بولدى دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى ھەسەن پىخىلداپ كۈلۈپ.

— ئۇ ئىرانلىقلار، — ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم مەن.

ئىران نۇرغۇن ھەزارالار تەلپۈنىدىغان مۇقەددەس جاي ئىدى. چۈنكى، كۆپ سانلىق ئىرانلىقلار ھەزارالاردەك شىئە مەزھىپىگە تەئەللۇق ئىدى. ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ يازدا ئىرانلىقلار توغرۇلۇق دېگەن گېپى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئىرانلىقلارنىڭ گېپى بەك سىلىقمىش. ئۇلار باشقىلارنىڭ مۈرىسىگە بىر قولى بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا يانچۇق كولارمىش. مەن دادامغا مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتسام، دادام ئۇ مۇئەللىمنىڭ ئىچى تار ئافغانلارنىڭ بىرى ئىكەن، دېگەنىدى. دادام يەنە مۇشۇ كۈنلەردە ئىراننىڭ

ئاسىيادىكى قۇدرەت تېپىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئەكسىچە دۇنيادىكى نۇرغۇن ئادەملەر ئافغانىستاننى دۇنيا خەرىتىسىدىنمۇ تاپالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا بەزى ئادەملەرنىڭ ئىچى تارلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. «ئەلۋەتتە ئافغانىستاننىڭ بۇ ھالىتى كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ. لېكىن، كۆڭۈل يېرىم بولۇش يالغاندىن ئۆز كۆڭلىنى ياسىغاندىن ياخشىراق» دەيتتى دادام.

— مەن بىر كۈنى ساڭا بىر تېلېۋىزور ئېلىپ بېرىمەن، — دېدىم.

ھەسەننىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى:

— تېلېۋىزور ئېلىپ بېرەمسىز؟ بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئەلۋەتتە، رەڭسىزنى سېتىۋالمايمەن. ئۇ ۋاقىتقىچە بىزمۇ چوڭ بولىمىز، مەن ئىككىنى سېتىۋالىمەن. بىرنى ساڭا، بىرنى ئۆزۈمگە.

— مەن ئۇنى رەسىم سىزىدىغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويىمەن، — دېدى ھەسەن.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ئىمىشقىدۇر كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ھەسەننىڭ كىملىكىگە، قانداق يەردە ياشايدىغانلىقىغا كۆڭلۈم يېرىم بولدى. كۆڭلۈم ھەم ئۇنىڭ لايدىن ياسالغان ئاشۇ ئۆيدە دادىسىغا ئوخشاش قېرىيدىغانلىقىدەك رېئاللىقنى قوبۇل قىلغانلىقىغا يېرىم بولدى.

مەن ئاخىرقى قارتىنى تىزىپ، بىر جۈپ ماتكا بىلەن بىر ئونلۇقنى تاشلىدىم. ھەسەن ماتكىنى ئېلىۋېتىپ:

— مېنىڭچە، سىز ئەتە چوقۇم ساھىب ئاغامنى پەخىرلەندۈرىسىز، — دېدى.

— سەن شۇنداق ئويلامسەن؟

— ئىنشائاللا، — دېدى ئۇ.

— ئىنشائاللا، — دېدىم مەن گەرچە «خۇدا خالىسا» دېگەن

مەندىكى بۇ سۆز ئېغىزىمدىن چىققاندا، ئانچە سەممىي ئاڭلانمىسىمۇ. ھەسەننىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى سەممىيلىك ئەتراپىدىكى ھەرقانداق ئادەمنى يالغانچىدەك ھېس قىلدۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ كارولىنى ئۇتۇپ، قولۇمدىكى ئاخىرقى قاغىنىڭ تۈزىنى تاشلىدىم. ھەسەن ئۇتۇش ئۇچۇن يەردىكى قارتىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئاخىرىدا مەن ئۇتتۇم. لېكىن، مەن قارتىنى شىلاۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ ماڭا قەستەن يېڭىلىپ بەرگىنىنى سەزدىم.

— ئامىر ئاغا؟

— نېمە؟

— مەن تۇرۇۋاتقان جايىمنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۇ. ئۇ داۋاملىق مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلىۋالاتتى، — بۇ مېنىڭ ئۆز ئۆيۈم.

— نېمىنى ياخشى كۆرسەڭ كۆرمەمسەن، — دېدىم مەن، — يەنە يېڭىلىشقا تەييار بول ئەمىسە.

# يەتتىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەسەن چاي دەملىگەچ، ماڭا ئۆزىنىڭ ئاخشام كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بەردى:

— بىز ھەممىمىز، يەنى سىز، مەن، دادام، ساھىب ئاغام، رەھىمخان، شۇنداقلا باشقا مىڭلىغان ئادەملەر غارغا كۆلى بويىدا تۇرغۇدەكمىز، — دېدى ئۇ، — ھاۋا ئوچۇق ھەم ئىسسىقمىش. كۆل سۈيى خۇددى ئەينەكتەك سۈزۈكمىش. بىراق، ھېچكىم سۇ ئۈزمىگۇدەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە سۇدا ئالۋاستى بارمىش. ئۇ سۇ ئاستىدا ساقلاۋېتىپتۇمىش.

ئۇ بىر پىيالە چايغا شېكەر سېلىپ، بىرنەچچە قېتىم پۈۋلىگەندىن كېيىن ئالدىمغا قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنىڭ بىلەن ھېچكىممۇ سۇغا كىرىشكە پېتىنالماپتۇمىش. تۇيۇقسىز سىز ئايىغىڭىزنى چۆرۈۋېتىپ، كۆڭلىكىڭىزنى سالىسىز - دە، «بۇ يەردە ئالۋاستى يوق، پەقەتلا سۇ بار. مەن ھەممىڭلارغا كۆرسىتىپ قوياي» دەپلا باشقىلار سىزنى توسۇۋالغۇچە سۇغا شۇڭغۇپلا ئۈزۈپ كېتىپ قاپسىز. مەن سىزگە ئەگىشىپتىمەن. ھەر ئىككىلەن سۇ ئۈزۈپتۇق.

— ئەمما، سەن سۇ ئۈزەلمەيدىغان تۇرساڭ، — دېدىم مەن.

ھەسەن كۈلدى.

— ئۇ دېگەن چۈش، ئامىر ئاغا، چۈشنىڭ ئىچىدە سىز ھەممە ئىشنى قىلالايسىز. ئىشقىلىپ ھەممە ئادەم «چىقىپ كېتىڭلار! چىقىپ كېتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغۇدەك، ئەمما بىز سوغۇق سۇدا توختىماي ئۈزگۈدەكمىز. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ بېرىپتۇق. قىرغاققا قايرىلىپ قاراپ، كىشىلەرگە

قولىمىزنى پۇلاڭلىتىپتۇق. ئۇلار خۇددى چۇمۇلىدەك كىچىك كۆرۈنسىمۇ چاۋاك چالغان ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغۇدەكمىز. ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ كۆلنىڭ ئاستىدا ئالۋاستى يوقلۇقىغا ئىشىنىپتۇ ـ دە، كۆلنىڭ ئىسمىنى «كابۇل سۇلتانلىرى ئامىر ـ ھەسەن كۆلى» دەپ ئۆزگەرتىپتۇمىش. شۇنىڭدىن كېيىن بىز سۇ ئۈزگەنلەردىن ھەق ئاپتۇمىشمىز.

— ئۇنداق بولسا بۇ چۈشنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدىم مەن. ئۇ مېنىڭ نېنىمغا ئاپپىلسىن قىيامى سۈرتۈپ، تەخسىگە قويغاچ:

— بىلمەيمەن. مەن تېخى سىزنى ماڭا دەپ بېرەمدىكىن دەپ ئويلىغان، — دېدى.

— ئۇ بىر قاملاشمىغان چۈش ئىكەن. ھېچقانداق مەنىسى يوق.

— دادام ماڭا ھەرقانداق چۈشنىڭ مەنىسى بار دەيدىغان.

مەن چايدىن بىر ئوتلىدىم ـ دە:

— ئۇ ئەقىللىق بولغاندىن كېيىن نېمىشقا ئۇنىڭدىن سورىمايسەن، ئەمىسە؟ — دېدىم. لېكىن، گېپىمنىڭ سەل قوپال چىقىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدىم. مەن كېچىچە ئۇخلىمىغاندىم. بوينۇم بىلەن بېلىم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. كۆزلىرىم توختىماي ئېچىشاتتى. شۇنداق تۇرۇپمۇ ھەسەنگە يەنە قوپال تەگكەندىم. مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى بولدۇم ـ يۇ، يەنە توختىۋالدىم. ھەسەن مېنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىمنى چۈشەندى. ئۇ مېنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

دادامنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى تازىلىق ئۆيىدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كوچىلار يېڭىلا توختىغان قاردا پارقىراپ كەتكەن، كۆپكۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. كېچىچە ياغقان ئاپپاق قارلار ئۆگزىلەرنى ياپقان، كوچىنىڭ ئىككى

قاسنىقىدىكى قاتار كەتكەن ئۇجمە دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى ئېگىلىپ كەتكەنىدى. ئازگاللار قار بىلەن تولغانىدى. ھەسەن ئىككىمىز ھويلىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقىنىمىزدا، ئاپپاق قاردىن چاقنىغان نۇردا كۆزلىرىمىزنى ئاچالمىدۇق. ئەلى ئارقىمىزدىن دەرۋازىنى يېپىپ، ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئوغلى ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇيدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ بىزنى ئۇزىتىپ قويدى.

بىزنىڭ كوچىدا ئەزەلدىن مۇنداق كۆپ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. كوچىدا باللار بىر - بىرىگە قار ئېتىشىپ، يوملاقلىشىپ، قوغلىشىپ، كۇلۇشۇپ ئويناۋاتاتتى. لەگلەك ئوچۇرغۇچىلار غالتەككە يىپلىرىنى يۆگەپ ئاخىرقى مىنۇتلۇق تەييارلىقنى قىلىۋاتاتتى. ياندىكى كوچىلاردىن كىشىلەرنىڭ كۇلكە - پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر ئۆگزىلەرگە قومۇشتىن توقۇلغان ئورۇندۇقلارنى قويۇپ، چايدانغا چايلارنى ئىلىپ، مۇسابىقە كۆرۈشكە تەييار بولۇشقانىدى. ئۇنئالغۇدىن ئەخمەت زاھىر[1] نىڭ مۇزىكىسى ياڭراپ تۇراتتى. ئەخمەت زاھىر شۇ دەۋردىكى داڭلىق ناخشىچى بولۇپ، ئۇ بىر قىسىم ئەنئەنچىلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ئافغان مۇزىكىلىرىنى ئەنئەنىۋى چالغۇلاردىن بولغان ناغرا ۋە گارمونغا يېڭى دەۋرنىڭ ئېلېكترونلۇق گىتار ۋە دۇمباقلىرىنى تەڭكەش قىلىپ چېلىپ يېڭىلىق ياراتقانىدى. ئۇ كونا ناخشىچىلارنىڭ ئورنىدا مىدىرلىماي، مەيۇس چىراي بىلەن ناخشا ئېيتىدىغان ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىپ، تاماشىبىنلارغا، ھەتتا ئايالالارغا قاراپ كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتاتتى.

مەن نەزىرىمنى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئاغدۇردۇم. دادام بىلەن رەھىمخان ئۆچىسىدا يۇڭ پوپايكا، چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. دادام بىزگە قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى، لېكىن مەن

---

① ئەخمەت زاھىر — ئافغانىستاننىڭ داڭلىق ناخشا چولپىنى.

ئۇنىڭ ماڭا ياكى ھەسەنگە قول پۇلاڭلاتقىنىنى بىلەلمىدىم.

— بىز ئەمدى باشلايلى، — دېدى ھەسەن. ئۇ پۇتىغا قارا رېزىنكە ئۆتۈك، ئۇچىسىدىكى قېلىن پوپايكىنىڭ ئۈستىگە قېنىق يېشىل رەڭلىك چاپان، ئاستىغا ئۆڭۈپ كەتكەن چىبەرقۇت ئىشتان كىيىۋالغانىدى. يۈزلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. ئۇنىڭ ئۇستۇنكى كالپۇكىدىكى قىزىل تاتۇق پۇتۇنلەي ساقىيىپ كەتكەنىدى.

تۇيۇقسىز كاللامغا مۇسابىقىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ھەممە نەرسىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيگە كىرىپ كېتىش خىيالى كەلدى. مەن نېمە ئويلىدىم - ھە؟ مەن نەتىجىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۇچۇن ئۆزۈمنى بۇ قىيىن ئەھۋالغا قويىمەن؟ دادام ئۆگزىدە ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ماڭا قاراشلىرى خۇددى قۇياشتىن كەلگەن ھارارەتتەك ئۆرۈلۈشقا باشلىدى. بۇ مۇسابىقىنىڭ دادام ئۈچۈن، ھەتتا ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ بىر چوڭ مەغلۇبىيەت بولۇپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

— لەگلەك ئۇچۇرغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدىم مەن.

— بۈگۈن شۇنداق چىرايلىق كۈن بوپتۇ، — دېدى ھەسەن.

مەن بالكونغا قاراشتىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم.

— مەن بىلمىدىم. مېنىڭچە بىز ئۆيگە قايتايلى.

ئۇنىڭ يېنىمغا كېلىپ تۆۋەن ئاۋازدا ئېيتقان سۆزىدىن تېنىم بىر ئاز شۈركۈندى.

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئامىر ئاغا، بۈنداق چىرايلىق كۈندە ئالۋاستى بولمايدۇ.

توۋا، مەن نېمىشقا دائىم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوچۇق كىتاب بولىمەن؟ مەن كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن مەكتەپتە ئوقۇغان، خەت تونۇيمەن. خەت يازالايمەن، ئۆزۈم ئەقىللىق، لېكىن بىرىنچى سىنىپنىڭ دەرسلىك كىتابىنىمۇ تۈزۈكرەك ئوقۇيالمايدىغان ھەسەن مېنىڭ

خىيالىمدىكى ئىشلارنى ئوڭشايلا بىلىۋالالايدۇ. گەرچە سەل كۆڭۈلسىز بىلىنسىمۇ، يېنىمدا سېنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭنى بىلىدىغان ئادەمنىڭ بولۇشىمۇ بىر خىل راھەتلىك ئىش بولسا كېرەك.

— ئالۋاستى يوق، — ئويلىمىغان يەردىن ئۆزۈمنى راستىنلا بىر ئاز خاتىرجەم بولغاندەك ھېس قىلدىم.

— ئالۋاستى يوق، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— سېنىڭ ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

مەن كوچىدىكى قار ئېتىشىپ، يۇگۈرۈشۈپ ئويناۋاتقان باللارغا قارىدىم.

— بۇگۈن شۇنداق گۈزەل كۈن بوپتۇ، شۇنداقمۇ؟ قېنى لەگلەكنى ئۇچۇرايلى.

نېمىشقىدۇر، ماڭا ھەسەن چۈشىنى يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىققاندەك بىلىندى. ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمىدۇ؟ ئەمما، مەن دەرھال ئۇ گۇمانىمدىن يالتايدىم. ھەسەن ئۇنداق ئەقىللىق ئەمەس. مەنمۇ شۇنداق. مەيلى ئۇ چۈشىنى ئويدۇرغان بولسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن، مەندىكى جىددىيلىكنى بىر ئاز بولسىمۇ پەسلەتكىنى راست ئىدى. بەلكىم مەن كۆڭلىكىمنى سېلىۋېتىپ ئۆزۈمنى كۆلگە ئېتىشىم كېرەكتۇ. نېمىشقا ئۇنداق قىلمىغۇدەكمەن؟

— ئەمىسە باشلايلى، — دېدىم مەن. ھەسەننىڭ چىرايى قايتىدىن نۇرلاندى.

— ياخشى، — دېدى ئۇ.

ھەسەن چۆرىسى سېرىق، ئوتتۇرىسى قىزىل قىلىپ ياسالغان لەگلەكنى قولىغا ئالدى. لەگلەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېسىشكەن تاياقنىڭ ئاستىدا سەيفۇلنىڭ ئىمزاسى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ بارماقلىرىنى ھۆللەپ، شامالنىڭ يۆنىلىشىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ لەگلەكنى ئېگىز كۆتۈردى ـ

دە، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ يۆگۆردى. يازدا بەزى كۆنلىرى لەگلەك ئۇچۇرغاندا ھەسەن پۇتى بىلەن يەردىكى توپىنى تېپىپ توزۇتۇپ، شامالنىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىقلايتتى. قولۇمدىكى يىپ ئورالغان غالتەك ھەسەن يىگىرمە مېتىر يەرگە يۆگۆرۈپ بارغاندا چۆرگىلەشتىن توختىدى. ئۇ خۇددى ئولىمپىك تەنھەرىكەتچىسى ئۆزىنىڭ ئالتۇن مېدالىنى كۆرسەتكەندەك، لەگلەكنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. دېيىشىۋالغىنىمىز بويىچە يىپنى ئىككى قېتىم سىلكىپ تارتىپ ئۇنىڭغا بەلگە بەردىم. ھەسەن لەگلەكنى بوشلۇققا قارىتىپ ئاتتى.

دىن دەرسىدە ئۆگەنگەن ئايەتلەر دەرھال ئېسىمگە كېلىپ، پىچىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدىم. مەن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ يىپنى تارتتىم. بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە مېنىڭ لەگلىكىم گويا قەغەز قۇش قانىتىنى قاققاندەك ئاۋاز چىقىرىپ تېزلىك بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھەسەن خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىپ، ئىسقىرتتى ـ دە، ماڭا قاراپ يۆگۆردى. مەن يىپنى بىر قولۇمدا تۇتۇپ، ئۇنىڭغا غالتەكنى تۇتقۇزدۇم. ھەسەن غالتەكنى تېزدىن چۆرگىلىتىپ لەگلەكنىڭ يىپىنى قىسقارتتى.

ئاز دېگەندە يىگىرمىدىن ئارتۇق لەگلەك ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ خۇددى قەغەز لەھەڭلەردەك بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتاتتى. لەپىلدەپ ئۇچۇۋاتقان رەڭگارەڭ لەگلەكلەرنىڭ سانى بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر ھەسسە كۆپەيدى. يۇزۇمنى سىيپاپ ئۆتكەن سوغۇق شامال لەگلەكلەرنىڭ ئۇچۇشىغا پايدىلىق بولۇپ، لەگلەكنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ۋە سىلىق ئۇچۇشىغا ياردەم بېرەتتى. ھەسەن يېنىمدا غالتەكنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالىقانلىرىنى ئاللىقاچان لەگلەكنىڭ يىپى كېسىپ قانىتىۋەتكەنىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، لەگلەك كېسىش باشلاندى ۋە مۇسابىقىدە يېڭىلگەن لەگلەكلەر كونتروللۇقىنى يوقىتىپ يەرگە

چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئاسماندىن خۇددى قۇيرۇقلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ چۈشىدىغان ئۇچقان يۇلتۇزدەك لەگلەك قوغلىغۇچىلارغا مۇكاپات بولۇپ مەھەللىلەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. باللار لەگلەكلەرنىڭ كەينىدىن چۇقان سېلىپ يۈگۈرۈشەتتى. تېخى بىرى ئىككى كوچىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە سوقۇش چىققىنىنىمۇ مەلۇم قىلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

مەن رەھىمخان بىللە بىللەن ئولتۇرغان دادامنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، بىردەم - بىردەم ئوغرىلىقچە قارايتتىم. ئۇ ماڭا مەدەت بېرىپ ۋارقىراۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى مېنىڭ مەغلۇپ بولۇشۇمنى كۈتۈۋاتامدىغاندۇ؟ لەگلەك ئۇچۇرۇشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، سەن لەگلەك ئۇچۇرغاندا، خىياللىرىڭمۇ لەگلەك بىلەن بىللە پەرۋاز قىلىشى كېرەك.

لەگلەكلەر ئارقا - ئارقىدىن يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى. مېنىڭ لەگلىكىم تېخىچە ئاسماندا ئىدى! كۆزلىرىم يۇڭ پوپايكىغا مەھكەم ئورىنىۋالغان دادامدا. ئۇ مېنىڭ لەگلىكىمنىڭ ھازىرغىچە چۈشۈپ كەتمەي شۇنچە ئۇزاق ئۇچۇۋاتقىنىغا ھەيران قېلىۋاتامدىغاندۇ؟ بىردىنلا «لەگلەك ئۇچۇرغاندا كۆزۈڭنى ئاسماندىن قاچۇرساڭ، ئۇزۇنغا بارمايسەن» دېگەن سۆز كۆڭلۈمدىن كەچتى - دە، كۆزۈمنى دەرھال ئاسمانغا تىكتىم. بىر قىزىل لەگلەك لەگلىكىمنى چۈشۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى. مەن ئۇنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرئاز تىركەشكەندىن كېيىن، ئۇ سەۋرىنى يوقىتىپ، مېنىڭ لەگلىكىمنىڭ يېپىنى تۆۋەن تەرەپتىن كەسمەكچى بولدى - يۇ، نىيىتى ئەمەلگە ئاشماي مەغلۇپ بولدى.

كوچىنىڭ باش ۋە ئاخىرلىرىدا لەگلەك قوغلىغۇچىلار تۇتۇۋالغان لەگلەكلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ غەلىبىلىرىنى

تەبرىكلەۋاتاتتى. ئۇلار خۇشاللىقىدا ئاتا ـ ئانا ۋە دوستلىرىغا ماختىنىۋاتاتتى. لېكىن، مۇسابىقىنىڭ ھەل قىلغۇچ قىسمىنىڭ تېخى ئالدىمىزدا ئىكەنلىكىنى، ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتنىڭ ھېلىمۇ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقانلىقىنى ھەممەيلەن بىلەتتى. مەن ئالدىمدىكى يۆگىمەچ ئاق قۇيرۇقلۇق سېرىق لەگلەكنىڭ يىپىنى لەگلىكىمنىڭ يىپى بىلەن ئۇزۇۋەتتىم. ئۇنىڭ بەدىلىگە، لەگلەكنىڭ يىپى ئوتتۇرا بارمىقىمنى كېسىۋېتىپ، قان ئېقىشقا باشلىدى. مەن ھەسەنگە يىپنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئالىقىنىمدىكى قاننى شوراپ، بارمىقىمنى پادىچى ئىشتىنىمغا سۈرتتۈم.

كېيىنكى بىر سائەت ئىچىدە ئاسماندىكى ئەللىكتىن ئارتۇق لەگلەكتىن ئاران ئون ئىككىسى قالغانىدى. مېنىڭ لەگلىكىممۇ ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. مەن ئاخىرقى ئون ئىككىنىڭ قاتارىغا كىرەلىگەنىدىم. مۇسابىقىنىڭ بۇ باسقۇچىغا كىرىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم. چۈنكى، بۇ باسقۇچقا يېتەلىگەن بالىلار ئۇستا لەگلەك ئۇچۇرغۇچىلار ھېسابلىناتتى، ئۇلار ھەسەننىڭ ئېگىزدىن پەسكە شۇڭغۇيدىغان ھۈنەرلىرىگە ئاسانلىقچە ئالدانمايتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە قۇياش ئۆزىنى قاياقلاردىندۇر پەيدا بولغان بىر توپ بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئالدى. سايىلەر ئۇزىراشقا باشلىدى. ئۆگزىنىڭ ئۈستىدىكى تاماشىبىنلار قېلىن ياغلىق ۋە چاپانلارغا ئورىنىۋېلىشقانىدى، ئاسماندا پەقەت ئالتىلا لەگلەك قالغان، مېنىڭ لەگلىكىم يەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچۇۋاتاتتى. پۇتلىرىم ئاغرىپ، بوينۇم چىڭقىلىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، ھەر قېتىم بىر لەگلەكنى ئۈزگىنىمدە كۆڭلۈمدىكى ئۈمىد خۇددى كىچىك قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا توپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئېگىز قار دۆۋىلىرىدەك بارغانسېرى كۈچىيەتتى.

كۆزلىرىم بايىدىن بېرى توختىماي قالايمىقانچىلىق

چىقىرىۋاتقان كۆك لەگلەكتە ئىدى.

— ئۇ قانچە لەگلەكنى كەستى؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— مەن ئون بىرنى سانىدىم، — دېدى ھەسەن.

— ئاۋۇ كىمنىڭ لەگلىكى؟

ھەسەن تىلىنى چىقىرىپ ئېڭىكىنى يالىدى. بۇ ھەسەننىڭ «بىلمەيمەن» دېگىنى ئىدى. ئۇ كۆك لەگلەك ئالدى بىلەن بىنەپشە رەڭلىك بىر لەگلەكنى ئۈزدى - دە، چوڭ چەمبىرەك چىقىرىپ ئىككى قېتىم ئايلاندى. ئون مىنۇتلاردىن كېيىن يەنە ئىككى لەگلەكنى چۈشۈرۈپ بىر توپ لەگلەك قوغلىغۇچىلارنى مۇسابىقىگە ئەۋەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئاسماندا پەقەت تۆت لەگلەكلا قالغانىدى. مېنىڭ لەگلىكىم يەنىلا ئۇچۇۋاتاتتى. خۇددى ھەربىر چىققان شامال مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقاندەك، ھەربىر قەدىمىمنى توغرا ئالاتتىم. مەن ھاياتىمدا ئۆزۈمنى ھېچقاچان شۇ كۈندىكىدەك قۇدرەتلىك ۋە تەلەيلىك ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم. چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمگەنلىكىمدىن ئۆگزىگە قاراشقا ياكى ئاسماندىن كۆزۈمنى ئېلىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتاتتىم. مەن دىققىتىمنى يىغىشىم، ئەقلىمنى ئىشلىتىشىم كېرەك ئىدى. يەنە ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن مەن بۈگۈن سەھەردە مازاق قىلىپ كۈلگەن چۈش رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. مانا ئەمدى ئاسماندا پەقەت مېنىڭ لەگلىكىم بىلەن كۆك لەگلەكلا قالغانىدى.

ئەتراپنى جىددىيلىك باسقانىدى. كىشىلەر پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇشۇپ، چاۋاك چېلىشىپ، ئىسقىرتىشىپ «كەس ! كەس !» دەپ چۇقان سېلىشاتتى. مەن داداممۇ شۇ قاتاردا توۋلاۋاتامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. بىردەمدىن كېيىن ئەتراپتىن مۇزىكا ئاۋازى ياڭراپ، ئۆگزىدىن ۋە ئوچۇق

ئىشىكلەردىن چىققان مانتا ۋە ياغدا پىشۇرۇلۇۋاتقان پاكورا ① نىڭ پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

بىراق، مەن ھازىر مېڭەمدىكى قاننىڭ تومۇرلىرىمغا ئۇرۇلۇشىدىن باشقا ئاۋازنى ئاڭلىمايتتىم. كۆرۈۋاتقىنىم پەقەت كۆك لەگلەكلا ئىدى. بۇرنۇمغا پۇرىغىنى پەقەت غەلبىنىڭ، قۇتۇلۇش ۋە قۇتقۇزۇلۇشنىڭ پۇرىقى ئىدى. ئەگەر دادامنىڭ دېگەن سۆزلىرى خاتا بولۇپ، مەكتەپتە ئۆگەنگىنىم بويىچە خۇدا ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇ بۈگۈن مېنى چوقۇم يەڭگىلى قوياتتى. مەن رەقىبىمنىڭ نېمە مەقسەتتە لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. بەلكىم ئۇ پەقەت ماختىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مۇسابىقىگە قاتنىشىۋاتقاندۇ. لېكىن، بۇ مېنىڭ باشقىلار تاسادىپىي كۆرۈپ قالىدىغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار كۆرۈشكە تەقەززا بولىدىغان ئادەمگە، شۇنداقلا گەپلىرىم باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا تاسادىپىي كىرىپ قالىدىغان ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۇلار گەپلىرىمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئايلىنىشىم ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىردىنبىر پۇرسەت ئىدى. ئەگەر خۇدا ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇ شامالنى توغرا يۆنىلىشكە چىقىرىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن رەقىبىمنى يېڭىمەن - دە، ئاغرىقلىرىم ساقىيىدۇ، ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەن شۇنچە ئۇزاق كۈتتۈم، شۇنچە ئۇزاق مۇساپە بېسىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلدىم. مانا ئەمدى، تۇيۇقسىز مېنىڭ زارىقىپ كۈتكەن ئارزۇلىرىم رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. مېنىڭ يېڭىدىغىنىم ئۆزۈمگە ئايان، پەقەت قاچان يېڭىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن.

كۈتكەن مىنۇتلارمۇ مەن ئويلىغاندىن تېزرەك يېتىپ كەلدى. تۇساتتىن كەلگەن شامال مېنىڭ لەگلىكىمنى يۇقىرىغا كۆتۈردى. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يىپنى قويۇپ بېرىپ،

① پاكورا — ئافغانچە بىر خىل تاماق.

يۇقىرىغا تارتتىم ۋە كۆك لەگلەكنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە چىقىرىپ، ئۆزۈمگە پايدىلىق ئورۇننى ئىگىلىدىم. كۆك لەگلەك بولسا ئۆزىنىڭ قىيىن ئورۇندا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆچىنىڭ بارىچە قۇتۇلۇپ چىقماقچى بولدى. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا يول بەرمەي ئورنۇمنى مەھكەم ساقلىدىم. كۆپچىلىك ئاللىقاچان غەلىبىنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىپ بولغانىدى. كىشىلەرنىڭ «ئۇنى كەس! كەس!» دېگەن ئاۋازى خۇددى رىملىقلارنىڭ پالۋانلارغا ئىلتىجا قىلىپ «ئۆلتۈر! ئۆلتۈر!» دەپ ۋارقىرىغىنىغا ئوخشاش بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى.

— ئاز قالدى، ئامىر ئاغا! ئاز قالدى! — دېدى ھەسەن ھاسىراپ تۇرۇپ.

تەشنالىق بىلەن كۈتكەن ۋاقىت ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ يىپنى قويۇپ بەردىم. شامال لەگلەكنى تارتقاندا، لەگلەكنىڭ يىپى بارماقلىرىمنى يەنە تىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن... نەتىجىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى جامائەتنىڭ چۇرقىراشلىرىدىن ئاڭلىشىمنىڭ ياكى كۆزۈمنى ئېچىپ كۆرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھەسەن چۇرقىراپ بوينۇمنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى:

— بارىكاللا، ئامىر ئاغا! بارىكاللا!

مەن كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، ھېلىقى كۆك لەگلەك خۇددى تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ماشىنىدىن چىقىپ كەتكەن چاقتەك، ئاسماندىن پىلدىرلاپ يەرگە قاراپ چۈشۈۋاتاتتى. مەن كۆزۈمنى يەنە بىر يۇمۇپ ئاچتىم - دە، بىرنەرسە دېمەكچى بولدۇم. ئەمما، ئاغزىمغا گەپ كەلمەيتتى. تۇيۇقسىزلا، خىيالىمدا ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ چىقتىم - دە، تۆۋەنگە قاراپ ئۆزۈمنى — قارا خۇرۇم چاپان كىيگەن، قىزىل شارپا ئارتقان، ئۆڭۈپ كەتكەن پادىچى ئىشتىنى كىيگەن بىر بالىنى كۆردۈم. ئورۇق كەلگەن ئۇ بالىنىڭ چىرايلىرى تاتارغان، ئۆزى بىلەن تەڭ ئون ئىككى

ياشلىق باللارغا قارىغاندا سەل پاكارراق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ مۇرىلىرى تار، قوڭۇر كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. مەيىن شامال ئۇنىڭ قوڭۇر چاچلىرىنى يەلپۈپ ئۆتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. بىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىدۇق.

ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدىم. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە رەڭدار، ئاۋازلىق؛ ھەممە نەرسە گۈزەل ۋە جانلانغانىدى. مەن يەنە بىر قولۇم بىلەن ھەسەننى چىڭ قۇچاقلىدىم. بىز ئورنىمىزدا سەكرەپ، كۆزلىرىمىز ياش ھالدا قۇچاقلىشىپ كۈلۈشەتتۇق.

— سىز يەڭدىڭىز، ئامىر ئاغا ! سىز يەڭدىڭىز !

— ئىككىمىز يەڭدۇق ! بىز يەڭدۇق ! — مەن پەقەت شۇنىلا دېيەلىدىم. خىيالىمدىن مۇنۇلار كەچتى: بۇ رېئاللىق ئەمەس. بىردەمدىن كېيىن كۆزۈمنى ئاچسام، بۇ گۈزەل چۈشلىرىم قاياقلارغىدۇر غايىب بولىدۇ، مەن يەنە بۇرۇنقىدەك ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھەسەندىن باشقا ئادەمگە گەپ قىلماي ئاشخانىدا ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىيىنىپ دادامنى ساقلايمەن. ھەممىدىن ۋاز كېچىپ، يەنە كونا تۇرمۇشۇمغا قايتىمەن. لېكىن، دادام بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە تۇراتتى. ئۇ مۇشتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىماقتا، چاۋاك چالماقتا ئىدى. دەل شۇ ۋاقىت — دادامنىڭ ئاشۇ ئۆگزىدە مەندىن پەخىرلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىم مېنىڭ ئون ئىككى يىللىق ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىت ئىدى.

ئەمما، دادام جىددىي بىر ئىشنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ قولى بىلەن شەرەتلەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندىم.

— ھەسەن، بىز...

— مەن بىلىمەن، — دېدى ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — ئىنشائاللا، بىز كېيىن تەبرىكلەيلى. ھازىر مەن سىزگە كۆك لەگلەكنى ئەكىلىپ بېرەي.

ئۇ قولىدىكى يىپ ئۈرايدىغان غالتەكنى تاشلاپلا يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ يېشىل چاپىنىنىڭ پېشى يەردىكى قارغا سۆرىلىپ تۇراتتى.

— ھەسەن ! ئۇنى قوغلا! ئۇنى چوقۇم ئەكەلگىن ! — دەپ توۋلىدىم.

ئۇ ئاللىقاچان كوچىنىڭ دوقمۇشىغا بېرىپ بولغان، قارا ئۆتىكى ئاستىدا قارلار ھەر تەرەپكە چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ دەرھال توختاپ، كەينىگە قارىدى - دە، ئىككى قولىنى ئاغزىغا ئەكىلىپ سۆيۈش ئىشارىتى قىلىپ:

— سىز ئۇچۇن جېنىم پىدا، — دەپ توۋلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «ھەسەننىڭ كۆلكىسى»دە كۈلۈۋېتىپ كوچا دوقمۇشىدىن غايىب بولدى. كېيىنكى قېتىم ئاشۇ سەبىي كۈلكىنى يىگىرمە ئالتە يىلدىن كېيىن ئۆڭۈپ كەتكەن سۈرەتتىن كۆردۈم.

باشقىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ مېنى تەبرىكلەۋاتقاندا، مەن تېخى لەگلىكىمنى تارتىپ چۈشۈرۈۋاتاتتىم. مەن ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم. كىچىك بالىلار ماڭا ئەيمىنىش نەزىرىدە قارايتتى. مەن قەھرىمانغا ئايلانغانىدىم. قوللار مۈرەمگە ئۇرۇلماقتا، چاچلىرىمنى سىلىماقتا ئىدى. مەن لەگلەكنى چۈشۈرگەچ ھەربىر كۆلكىگە كۈلكە قايتۇراتتىم، لېكىن خىيالىم ئاشۇ كۆك لەگلەكتە ئىدى.

ئاخىر، مەن لەگلىكىمنى چۈشۈرۈۋالدىم. پۇتۇمنىڭ ئاستىغا يىغىلغان يىپنى غالتەككە يۆگىدىم. يەنە بىرنەچچە كىشى بىلەن قول ئېلىشقاندىن كېيىن ئۆدۈل ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. مەن بېزەلگەن تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئەلى مېنى دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ قوللىرىنى رېشاتكىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن سوزۇپ تۇرۇپ:

— مۇبارەك بولسۇن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا لەگلەك بىلەن غالتەكنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ قولىنى سىقتىم ـ دە، «رەھمەت ئەلىجان» دېدىم.

— مەن ئەتىگەندىن بېرى سىز ئۈچۈن تومىماي دۇئا قىلىۋاتاتتىم.

— ئۇنداقتا دۇئايىڭنى داۋاملاشتۇر، ئىشنىڭ ئاخىرى تېخى تۈگىمىدى.

مەن يەنە ئالدىراپ كوچىغا چىقتىم. ئەلىدىن دادامنىمۇ سورىمىدىم. چۈنكى، مېنىڭ دادامنى ھازىرچە كۆرگۈم يوق ئىدى. مەن كاللامدا ھەممىنى پىلانلاپ قويدۇم: مەن دەرۋازىدىن قان يۇقى قوللىرىمدا مۇكاپاتىمنى كۆتۈرۈپ قەھرىمان سۈپىتىدە ھەيۋەت بىلەن كىرىمەن. ھەممە ئادەم باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا تىكىلىدۇ. رۇستەم بىلەن سوھراب بىر ـ بىرىنى ئوبدان كۆزىتىدۇ. ھەممە يەرنى ئاجايىپ بىر خىل تىمتاسلىق قاپلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كونا جەڭچى ياش پالۋاننىڭ يېنىغا بارىدۇ ـ دە، ئۇنى قۇچاقلايدۇ. ئۇنىڭ «قەھرىمان» دېگەن نامغا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارىمنى ئىسپاتلاش، قۇتقۇزۇش، قۇتۇلۇش، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ مەڭگۈلۈك خۇشاللىققا ئېرىشىش، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە بولماقچىدى؟

ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدىكى كوچىلارغا نومۇر سېلىنغانىدى. كوچىلار خۇددى تورغا ئوخشاش بىر ـ بىرى بىلەن كېسىشەتتى. شۇ چاغلاردا بۇ رايون تېخى يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان بولغاچقا، بىكار يەرلەر ياكى ئىككى يېرىم مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى تاملار بىلەن قورشالغان تېخى پۈتمىگەن ئۆيلەر ھەر كوچىدا دېگۈدەك ئۇچرايتتى. مەن كوچىلارنى يۈگۈرۈپ ئايلىنىپ ھەسەننى ئىزدىدىم. كىشىلەر ئورۇندۇقلىرىنى قاتلىشىپ، تاماق قاچىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. تېخىچە ئۆگزىلىرىدە ئولتۇرغانلار مېنى

تەبرىكلەپ توۋلىشاتتى.

بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ جەنۇبىدىن تۈز كوچا ئىچىرىسىدا مەن دادامنىڭ ئىنژېنېر ئاغىنىسىنىڭ ئوغلى ئۆمەرنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا ئاكىسى بىلەن پۇتبول ئويناۋاتاتتى. ئۆمەر خېلى ئوخلۇق بالا ئىدى. بىز تۈتىنچى يىللىقتىن باشلاپ بىر سىنىپتا ئوقۇغانىدۇق. ئۇ تېخى ماڭا بىر قېتىم قەلەم بەرگەنىدى.

— سېنىڭ يەڭگىنىڭنى ئاڭلىدىم، ئامىر، — دېدى ئۇ، — مۇبارەك بولسۇن.

— رەھمەت، ھەسەننى كۆردۇڭمۇ؟

— سېنىڭ ئۆيۈڭدىكى ھەزارانىمۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۆمەر توپنى ئاكىسىغا تېپىپ بېرىۋېتىپ:

— ئاڭلىسام ئۇنى لەگلەك قوغلاشقا بەك ئۇستا دەيدۇ، — دېدى.

ئاكىسى توپنى ئۇنىڭغا قايتىدىن تېپىپ بەرگەندە، ئۇ توپنى تۇتۇۋېلىپ يەرگە ئۇرۇپ ئۇرلىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن دائىم ئۇنىڭ لەگلەكنى قانداق قوغلىيالايدىغانلىقىغا ھەيران قالىمەن. دېمەكچىمەنكى، ئۇ ئاشۇ كىچىك كۆزلىرى بىلەن قانداقمۇ بىرنەرسىنى كۆرەلەيدىغاندۇ ـ ھە؟

ئۇنىڭ ئاكىسى قېقىلىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە توپنى بېرىشنى ئېيتتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى.

— ئۇنى كۆردۇڭمۇ؟

ئۆمەر مۈرىسىنىڭ كەينىدىكى غەربىي جەنۇبنى باش بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلدى:

— ئۇ بايا بازار تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

مەن بازار تەرەپكە بارغىنىمدا كۈن تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ، ئاسماننى يۇلغۇن چېچەكنىڭ رەڭ ۋە بىنەپشە رەڭلەر قاپلىغانىدى. بىرنەچچە دوقمۇشنىڭ ئىچىرىسىدىكى ھاجى ياقۇپ

مەسچىتتىن مەزىننىڭ ئەزان توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەسەن ھېچقاچان بەش ۋاخ نامىزىنى تاشلىمايتتى. بىز ئويناۋاتقان چاغلاردىمۇ، ئۇ ئويۇننى توختىتىپ، ھويلىدىكى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ تەرەت ئېلىپ، ئۆيىگە كىرىپ كېتەتتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ كۈلۈمسىرەپ چىقىپ، مېنى تام تۆپىسىدىن ياكى دەرەخكە چىقىپ ئولتۇرغان يېرىمدىن تېپىۋالاتتى. مانا بۈگۈن مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۇ نامىزىنى ئوقۇيالمايدىغان بولدى.

بازار بارغانسېرى قۇرۇقدىلىپ، دۇكاندارلار بۈگۈنكى سودىسىنى ئاخىرلاشتۇرماقتا ئىدى. مەن بىر - بىرىگە يېقىن سېلىنغان، يېڭى ئۆلتۈرۈلگەن قىرغاۋۇلدىن تارتىپ ھېسابلاش ماشىنىسىغىچە ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدىغان بوتكا - دۇكانلارنىڭ ئالدىدىكى پاتقاقلىق كوچىلاردىن تېزلىكتە ئۆتتۇم. بارغانسېرى ئازىيىۋاتقان كىشىلەر توپىنى، ئۈستىگە قاتمۇقات يىرتىق لاتىلارنى ئارتىۋالغان ئاقساق - چولاق تىلەمچىلەر، مۈرىسىگە گىلەم ئارتىۋالغان سودىگەرلەر، كىيىم - كېچەك ساتىدىغانلار ۋە دۇكانلىرىنى تاقاۋاتقان قاسساپلار ئارىسىنى كېزىپ چىقتىم. لېكىن، ھەسەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

مەن قۇرۇق يەل - يېمىش ساتىدىغان باققالنىڭ يېنىدا توختىدىم. بېشىغا كۆك رەڭلىك سەللە ئورىۋالغان، قارىغاي ئۇرۇقلىرى ۋە يېمىشلىرىنى قېچىرىغا ئارتىۋاتقان ياشانغان باققالغا ھەسەننىڭ تۇرقىنى تەسۋىرلەپ بەردىم. ئۇ ئادەم ماڭا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— مەن ئۇنى كۆرگەندەك قىلىمەن، — دېدى.

— ئۇ قايسى يول بىلەن ماڭدى؟

ئۇ ئادەم ئۈستىبېشىمغا ئىنچىكىلەپ قارىدى - دە:

— مۇشۇ سۆلىتىڭ بىلەن بۇنداق ۋاقىتتا بىر ھەزارانى ئىزدەپ سىرتتا نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دېدى. ئۇ مېنىڭ

ئۇستۇمدىكى خۇرۇم چاپىنىمغا ۋە «پادىچى ئىشتان»ىمغا ھەۋەس بىلەن كۆز يۇگۈرۈتتى. ئافغانىستاندا ئامېرىكىنىڭ ھەرقانداق يېڭى مەھسۇلاتىنى سېتىۋالالىغانلار بايلار ھېسابلىناتتى.

— مەن ئۇنى تاپىسام بولمايدۇ، ئاغا.

— ئۇ سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟ — دېدى ئۇ. گەرچە مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق سوئال سورىغانلىقىنى ھېچ چۈشەنمىسەممۇ، مەن ئالدىرىغان بىلەن ئۇنىڭ ماڭا تېزرەك ئېيتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

— ئۇ بىزنىڭ خىزمەتكارىمىزنىڭ ئوغلى، — دېدىم مەن.

ئۇ بوۋاي ئاق ئارىلاشقان قاشلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دېدى:

— شۇنداقمۇ؟ ئۇ سەندەك بىر كۆيۈمچان خوجايىنى بار بەكمۇ تەلەيلىك ھەزارا ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى پۇتۇڭدىكى توپىلارنى تىزلىنىپ تۇرۇپ، كىرپىكلىرى بىلەن سۈپۈرسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدىكەن.

— سىز ماڭا زادى ئېيتىپ بېرەمسىز - يوق؟

ئۇ بىر قولىنى قېچىرنىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ تۇرۇپ جەنۇبنى كۆرسەتتى:

— سەن تەسۋىرلىگەن ئۇ بالا ئاۋۇ ياقىقا قاراپ يۇگۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر لەگلەك بار، كۆك لەگلەك.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن. ئۇ ماڭا «سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. يەنە شۇ ھەسەن ! ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ياخشى ھەسەن ! بۇ قېتىممۇ يەنە ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ ئاخىرقى لەگلەكنى مەن ئۈچۈن قوغلاپ تۇتۇپتۇ.

— ئۇلار چوقۇم ئۇنى تۇتۇۋالدى، — دېدى ياشانغان باققال غودۇڭشىپ، يەنە بىر ساندۇقنى قېچىرنىڭ ئۇستىگە ئارتقاچ.

— كىملەر؟

— بىرنەچچە بالا، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ

كېتىۋېتىپتىكەن. ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاشلا كىيىنىۋاپتىكەن، — ئۇ ئاسمانغا قاراپ چوڭقۇر تىندى، — بولدى يۈگۈر، مېنى نامازغا كېچىكتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇڭ.

ئەمما، مەن ئاللىقاچان ئۆزۈمنى شۇ يولغا قاراپ ئاتقانىدىم.

كېيىنكى بىرنەچچە مىنۇتتا مەن پۈتۈن بازارنى يەنە بىر قېتىم كېزىپ چىقتىم. «بەلكىم ئۇ ياشانغان باققال كۆك لەگلەكنى كۆرگەن بولسىمۇ، مېنى ئالداپ قويغاندۇ. مەن ئاشۇ لەگلەكنى ئۆز قولۇمغا ئالسام...» مەن بېشىمنى ھەربىر كوچىغا ۋە ھەربىر دۇكانغا تىقىپ چىقتىم. ھېچ يەردە ھەسەننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

مەن ئالدىمدىن چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىغىنىمدا، ھەسەننى تېپىۋالغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدىشىدىن ئەنسىرىدىم. بازارنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يول بىلەن تىك كېسىشىدىغان بىر پاتقاق يولغا چىقىپ قالدىم. مەن يولدىكى كاتاڭنى بويلاپ ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. پۈتۈمدىكى ئۆتۈكۈم ھەربىر قەدەمدە لايغا پاتاتتى؛ ئېغىزىمدىن ئاپپاق ھورلار توختىماي چىقىپ كۆز ئالدىمدا بۇلۇت ياسايتتى. بۇ تار يولنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇ يولغا پاراللېل ھالدا قار بىلەن توشقان بىر ئېرىق بار ئىدى. بەلكىم ئۇ ئېرىقنى باھاردا كەلگەن كەلكۈن ياسىغان بولسا كېرەك. يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئەنجان تېمى بىلەن قورشالغان پاكار ئۆيلەر ۋە دەرەخلەر بىلەن قورشالغان مەھەللە بار ئىدى. ئۇ ئۆيلەر بىر - بىرىدىن تار كوچىلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى.

يەنە باشقىلارنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ قېتىم ئۇ ئاۋازلار ئۈنلۈكرەك بولۇپ، ئۇ يەردىكى بىر تار كوچا تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇ تار كوچىنىڭ ئېغىزىغا ئاستا بېرىپ، تىنىقىمنى چىقارماستىن ئەتراپقا نەزەر سالدىم.

ھەسەن خالتا كوچىنىڭ ئاخىرىدا بوي بەرمىگەن ھالدا تۇراتتى. ئۇنىڭ مۇشتۇمى تۈرۈلگەن، پۇتلىرى ئازراق

كېرىلگەندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە دادامنىڭ كۆڭۈل دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچۇم — كۆك لەگلەك تۇراتتى.

ئۈچ بالا ھەسەننىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇلار داۋۇتخان ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان كۈننىڭ ئەتىسى تاغنىڭ تۆپىسىدە يولىمىزنى توسقان، ھەسەن رەگەتكىسى بىلەن ئۆزىمىزنى قۇتقۇزغان كۈندىكى ئۈچ بالا ئىدى. ۋەلى بىلەن كامال ئىككى چەتتە، ئاسەف ئوتتۇرىدا تۇراتتى. مېنىڭ پۈتۈن بەدىنىم تارتىشىپ، ئومۇرتقامدىن سوغۇق بىر نەرسە ئاققاندەك ھېس قىلدىم. ئاسەف خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئۇ ھېلىقى مۇشتىكىنى ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. قالغان ئىككىسى جىددىيلەشكەن ھالدا پۇتلىرىنى توختىماي يۆتكىشىپ، بىردەم ئاسەفكە، بىردەم ھەسەنگە ھودۇققان ھالدا قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلار خۇددى بىر خىل ياۋايى ھايۋاننى قورشىۋالغاندەك، پەقەت ئاسەفلا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايدىغاندەك ھالەتتە ئىدى.

— رەگەتكەڭ قېنى، ھەزارا؟ — دېدى ئاسەف مۇشتىكىنى قولىغا كىيىپ تۇرۇپ، — سەن ماڭا نېمە دېگەنىدىڭ؟ «ئۇلار سېنى يەكچەشمە ئاسەف دەيدۇ» توغرا، يەكچەشمە ئاسەف. سەن نېمىدېگەن گەپدان ۋە ئەقىللىق - ھە ! راستتىنلا ئەقىللىق ئىكەنسەن. لېكىن، قولۇڭدا بەتلەنگەن قورال بولسا ئاندىن ئەقىللىق بولماق ئاسان.

نەپىسىم توختاپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئاۋاز چىقارماستىن چوڭقۇر تىنىۋالدىم. مەن پالەچ بولۇپ قالغاندەك پۇت - قولۇمنى مىدىرلىتالمايتتىم. ئۇلارنىڭ مەن بىلەن بىللە چوڭ بولغان، توشقان كالپۇكلىرى مېنىڭ تونۇجى ئەسلىمەم بولغان ئۇ بالىغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇراتتىم.

— لېكىن، بۈگۈن سېنىڭ تەلىيىڭ كەلگەن كۈن ئىكەن ھەزارا، — دېدى ئاسەف. ئۇ ماڭا كەينىنى قىلىپ تۇرغان

بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن.

— مەن بۇگۈن ئۇنى كەچۈرۈۋەتسەم، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر، يىگىتلەر؟

— بۇ ھەقىقەتەن كەڭ قورساقلىق، — دېدى كامال دۇدۇقلاپ، — بولۇپمۇ بىزگە ئۆتكەن قېتىم قىلغان قوپاللىقىنى دېسە.

ئۇ گەرچە ئاسەفتەك چوڭ سۆزلىمەكچى بولۇۋاتسىمۇ، ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن بىر نەرسىنى چۈشەندىم. ئۇ ھەرگىزمۇ ھەسەندىن قورقماپتۇ. ئۇ ئاسەفنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە قورقۇپتۇ.

ئاسەف قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— بولدى، مەن كەچۈردۈم، — دېدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئازراق تۆۋەنلىگەنىدى، — ئەلۋەتتە، بۇ دۇنيادا ھېچ نەرسە ھەقسىز بولمايدۇ. مېنىڭ كەچۈرۈشۈمنىڭ ئازراق تۆلىمى بولۇشى كېرەك.

— بۇ ھەق گەپ بولدى، — دېدى كامال.

— ھېچ نەرسە ھەقسىز ئەمەس، — دەپ گەپ قوشتى ۋەلىمۇ.

— سەن تەلەيلىك ھەزارا ئىكەنسەن، — دېدى ئاسەف ھەسەننىڭ ئالدىغا بىرقەدەم مېڭىپ، — چۈنكى بۇگۈن ئاشۇ كۆك لەگلەكنىلا تاپشۇرساڭ بولدى. بۇ ھەقىقەتەن ياخشى كېلىشىم بولدى. شۇنداقمۇ يىگىتلەر؟

مەن ھەسەننىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن، ئۇ بېشىنى چايقىدى:

— ئامىر ئاغام مۇسابىقىدە يەڭدى. مەن بۇ لەگلەكنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قوغلىدىم. قوغلىغاندىمۇ ئادىللىق بىلەن مۇسابىقە قىلدىم. بۇ ئۇنىڭ لەگلىكى.

— سادىق ھەزارا ! خۇددى ئىتقا ئوخشاش سادىق، — دېدى

ئاسسەف. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۇلگەن كامالنىڭ كۇلكىسىدىن تىترەك ۋە ھودۇقۇش بىلىنىپ تۇراتتى.

— بىراق، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ ئۇچۇن قۇربان قىلىشتىن بۇرۇن بۇنى ئويلاپ باق: ئۇمۇ سەن ئۇچۇن شۇنداق قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمانلار كەلگەندە سېنى ھېچقانداق ئويۇنغا قاتمايدىغانلىقىدىن بىرەر قېتىم ئەجەبلىنىپ باقتىڭمۇ؟ ئۇ نېمە ئۇچۇن ئويناپدىغان ئادىمى قالمىغاندا سەن بىلەن ئوينايدۇ؟ نېمە ئۇچۇنلۇكىنى مەن ساڭا دەپ بېرەي، ھەزارا. چۇنكى، سەن ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر بەتبەشىرە ئۆي ھايۋىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. سەن ئۇنىڭ زېرىككەندە بىللە ئوينايدىغان، ئاچچىقى كەلگەندە تېپىدىغان نەرسىسى. سەن ئۆزۈڭنى ئەخمەق قىلىۋەرمە. ئۆزۈڭنىڭ ئازراق قەدرىنى قىل.

— ئامىر ئاغام ئىككىمىز دوست، — دېدى ھەسەن. ئۇنىڭ ھاياجانلانغىنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— دوست؟ — دېدى ئاسسەف كۇلۇپ كېتىپ، — بىچارە ئەخمەق ! سەن بىر كۇنى بۇ خام خىياللىرىڭدىن ئويغانغىنىڭدا، ئۇنىڭ ساڭا زادى قانچىلىك ياخشى دوست ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن. ئەمدى بەس ! بولدى قىل. لەگلەكنى تاپشۇر.

ھەسەن يەرگە ئېڭىشىپ قولىغا تاش ئالدى، ئاسسەف كەينىگە بىر قەدەم داجىپ توختىدى.

— بۇ ساڭا بېرىلگەن ئاخىرقى پۇرسەت، ھەزارا.

. ھەسەن تاش تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈش بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— قولۇڭدىن كەلگەننى قىل.

ئاسسەف قىشلىق چاپىنىنى سېلىپ ئاستا قاتلاپ، تامنىڭ تۈۋىگە قويدى. مەن بىرنەرسە دېيىشكە تەمشەلدىم. ئەگەر مەن شۇنداق قىلغان بولسام ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم بەلكىم باشقىچە بولغان بولاتتى. بىراق، مەن ھېچنېمە دېمىدىم. پەقەت

خۇددى پالەچ بولۇپ قالغاندەك قاراپلا تۇردۇم.

ئاسسەف كامال بىلەن ۋەلىگە يېرىم چەمبىرەك ياساپ ھەسەننى قورشاۋغا ئېلىشنى ئىشارەت قىلدى.

— مەن پىلانىمنى ئۆزگەرتتىم، — دېدى ئاسسەف، — بوپتۇ، لەگلەك سەندە قالسۇن، شۇنداق قىلسام، سەن مېنىڭ نېمە قىلغانلىقىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايسەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەرىكەتكە ئاتلاندى. ھەسەن ئاتقان تاش ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەگدى. ئاسسەف ۋارقىرىغىنىچە ھەسەنگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنى يەرگە يىقىتتى. ۋەلى بىلەن كامالمۇ ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

مەن مۇشتۇمۇمنى چىڭ تۈگۈپ، كۆزۈمنى يۇمدۇم.

*ئەسلىمە*

سىز ھەسەن بىلەن بىر ئانىدىن سۈت ئەمگىنىڭلارنى بىلەمسىز؟ ئېسىڭىزدە بارمۇ، ئامىر ئاغا؟ ئۇنىڭ ئىسمى ساكىنا ئىدى. ئۇ باميان دېگەن جايدىن كەلگەن، ئاقپىشماق، كۆك كۆزلۈك ھەزارا ئايال ئىدى. ئۇ سىلەرگە قەدىمكى توي ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، بىر ئانىدىن سۈت ئەمگەنلەر قېرىنداش ھېسابلىنىدىكەن. سىز بۇنى بىلەمسىز؟

*ئەسلىمە*

— ھەربىرىڭلار بالىلىرىم بىر رۇپىيە، پەقەت بىرلا رۇپىيە بەرسەڭلار، سىلەرگە ھەقىقەتنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ بېرىمەن.

ئۇ بوۋاي لاي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى خۇددى كۈمۈشنى ئېرىتىپ قۇيغان بىر جۈپ چوڭقۇر كامارغا ئوخشايتتى.

ھاسىسىغا يۆلىنىپ تۇرغان ئۇ پالچى بوۋاي قاپىرىپ

كەتكەن قولىلىرى بىلەن قورۇق باسقان مەڭزلىرىنى سىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قولىلىرىنى جۈپلەپ بىزگە تەڭلىدى.

— ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن، بىر رۇپىيە ھېچقانچە پۇل ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

ھەسەن ئۇنىڭ ئالىقىنىغا بىر تەڭگە تاشلىدى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭكىنى تاشلىدىم.

— بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ پالچى بوۋاي. ئۇ ئالدى بىلەن ھەسەننىڭ قولىنى تۇتۇپ، بىر بارمىقىدىكى ئۇزۇن ئۆسكەن تىرنىقى بىلەن ئۇنىڭ ئالىقانلىرىنى قايتا - قايتا چۆرىدەپ سىلىدى. ئۇ بارماقلار ھەسەننىڭ يۈزىگە يۆتكىلىپ ئېڭەكلىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى ئاستا سىلىغاندا تاتىلىغاندەك ئاۋاز چىقىراتتى. قاپىرىپ كەتكەن بارماقلار ھەسەننىڭ كۆزلىرىنى سىلاپ توختىدى ۋە تىترەشكە باشلىدى. بىر سايە بوۋاينىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتتى. ھەسەن بىلەن ئىككىيلەن بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. بوۋاي ھەسەننىڭ قولىنى تۇتۇپ، تەڭگىنى ھەسەننىڭ ئالىقىنىغا قويدى. بوۋاي ماڭا قاراپ:

— سەنچۇ، كىچىك بۇرادەر؟ — دېدى.

تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر خوراز چىللىدى. بوۋاي قولۇمنى تۇتماقچى بولغاندا، مەن دەرھال قولۇمنى تارتىۋالدىم.

*چۈش*

مەن شىۋىرغان ئىچىدە غايىب بولدۇم. غۇيۇلداپ چىقىۋاتقان بوراندا قار ئۇچقۇنلىرى كۆزۈمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. مەن قاتمۇقات قارنىڭ ئارىسىدا دەلدەڭشىپ ئاران مېڭىۋاتاتتىم. مېنىڭ ياردەم سوراپ ۋارقىرىغان

ئاۋازىم بوران ئىچىدە يوقاپ كېتەتتى. مەن قارنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ ھاسىراپ يېتىپ، ئاپپاقچىلىق ئىچىدە غايىب بولدۇم. بوران قۇلاق تۈۋىمدە غۇيۇلدايتتى. يېغىۋاتقان قار ئاياغ ئىزلىرىمنى كۆمۈۋەتكەنىدى. مەن ئەمدى ئەرۋاھقا، ھېچقانداق ئىزى يوق ئەرۋاھقا ئايلاندىم. مەن يەنە ۋارقىرىدىم. ئۆمىدىم خۇددى ئاياغ ئىزىمدەك غايىب بولۇشقا باشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، يىراقتىن غۇۋا ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن كۆزۈمنى تۇسۇپ تىكىلىپ ئولتۇردۇم. كۆز يەتكۈسىز قارنىڭ ئارىسىدىن قارا رەڭلىك بىرنەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ شەكىل ماڭا قولىنى سوزدى. مەن قولىنىڭ ئالىقانلىرىدىكى پاراللېل كەتكەن كېسىلگەن يېرىقلار ئارىسىدىن قان ئېقىپ ئاپپاق قارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن شۇ قولنى تۇتۇشۇمغا، قارلار غايىب بولدى. بىز يېشىل چىملىقلار بىلەن قاپلانغان، ئەتراپىنى ئاق بۇلۇتلار قاپلىغان ئالمىزارلىق ئارىسىدا تۇرۇپتىمىز. مەن ئۇچۇق ئاسمانغا قارىغىنىمدا، ئاسماندا يېشىل، قىزىل، سېرىق ۋە ئاپپىلسىن رەڭلىك لەگلەكلەر ئۇچۇپ يۈرگۈدەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشتىن كېيىنكى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغۇدەك.

ئۇ خالتا كوچىنىڭ ھەممە يېرى كېسەك پارچىلىرى ۋە ئەخلەت ئىدى. خىش ۋە سېمونت پارچىسى دۆۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ۋېلسىپىتنىڭ يېرىلىپ كەتكەن چاقلىرى، ماركىلىرى سويۇلۇپ كەتكەن بوتۇلكىلار، يىرتىلىپ كەتكەن ژۇرناللار ۋە سارغىيىپ كەتكەن گېزىتلەر چېچىلىپ تۇراتتى. تامنىڭ تۈۋىدە داتلىشىپ كەتكەن چويۇن مەش يۆلەكلىك تۇراتتى. لېكىن، شۇ ئەخلەت ئارىسىدىكى ئىككى نەرسىدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيتتىم: بىرى چويۇن مەشكە يېقىن جايدا تامغا يۆلەكلىك تۇرغان كۆك

لەگلەك، يەنە بىرى ھەسەننىڭ خىش دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە تاشلاقلىق تۇرغان ئۆڭكۈپ كەتكەن بىغىر رەڭ چىبەرقۇت ئىشتىنى ئىدى.

— مەن بىلمىدىم، — دەۋاتاتتى ۋەلى، — دادام ماڭا بۇنداق ئىشنى چوڭ گۇناھ دېگەنىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تىترىقىغانلىقى، ھاياجانلانغانلىقى ۋە قورققانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ھەسەن كۆكرىكى يەرگە چاپلاقلىق ھالدا ياتاتتى. كامال بىلەن ۋەلى ئىككىسى ھەسەننىڭ ئىككى قولىنى قايرىپ، ئېگىشىپ تۇرۇپ ھەسەننىڭ دۈمبىسىدىن باستى. ئاسەف ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇپ قىشلىق ئۆتىكىنىڭ پاشنىسى بىلەن ھەسەننىڭ بوينىغا دەسسىدى.

— داداڭ ھەرگىز بىلىپ قالمايدۇ، — دېدى ئاسەف، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئەدەپسىز ئېشەككە دەرس ئۆتۈپ قويغانلىق ھېچقاچان گۇناھ ھېسابلانمايدۇ.

— مەن ھېچ بىلمىدىم، — دەپ غوتۇلدىدى ۋەلى.

— كاللاڭنى سىلكىۋەت، — دېدى ئاسەف، ئاندىن كامالغا ئۆرۈلۈپ قارىدى ـ دە:

— سەنچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن...

— ئۇ پەقەتلا بىر ھەزارا، — دېدى ئاسەف، لېكىن كامال چەتكە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— بولدى، — دەپ قولىدىن قاس چىقاردى ئاسەف، — ئەمىسە سەن مىجىقلار ئۇنى چىڭ تۇتۇپ بېرىش. بۇنىغۇ قىلىشالارسەن؟

ۋەلى بىلەن كامال باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. ئۇلار بىرئاز يېنىكلەپ قالغاندەك كۆرۈندى.

ئاسەف ھەسەننىڭ كەينىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، ئىككى قولى بىلەن ھەسەننىڭ بېلىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ يالىڭاچ ساغرىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بىر قولى بىلەن ئۆزىنىڭ

ئىشتىنىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئاچتى... ھەسەن قارشىلىق كۆرسەتمىدى، ھەتتا ئاۋازمۇ چىقارمىدى. ئۇ بېشىنى ئازراق كۆتۈرگەندە، مەن ئۇنىڭ چىرايىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدىم. ئۇ تەقدىرگە تەن بەرگەندى. ئۇ قاراشلار مەن بۇرۇن كۆرگەن قۇربانلىق قويىنىڭ جان بېرىش ئالدىدىكى قاراشلىرىغا ئوخشايتتى.

ئەتە ئىسلام كالېندارىنىڭ ئاخىرقى ئېيى بولغان دۇل - ھىجقاھ ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى. ئەتە قۇربان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى — ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئاللا ئۈچۈن ئۆز ئوغلىنى قۇربانلىق قىلغان سادىقلىقىنى تەبرىكلەيدىغان كۈن. دادام بۇ يىلمۇ قۇربانلىق ئۈچۈن قولىقى قارا، ئاق رەڭلىك قوينى ئۆز قولى بىلەن تاللىدى.

بىز ھەممەيلەن، يەنى ھەسەن، ئەلى، دادام ۋە مەن ئارقا ھويلىدا ئۆرە تۇرىمىز. موللام ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ دۇئا ئوقۇيدۇ. دادام رەسمىيەت ئۈچۈنلا بىرنەرسىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قوينى ھالال قۇربانلىق قىلىش رەسمىيىتى ئۈچۈن ئوقۇلۇۋاتقان توگمەس ئايەتلەردىن زېرىككەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. دادام دىنىي رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مەسخىرە قىلغاندەك، قۇربان ھېيتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ھېكايىلەرنىمۇ مەسخىرە قىلاتتى. ئەمما، ئۇ قۇربان ھېيتىنىڭ رەسمىيەت ۋە ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلاتتى. ھېيتنىڭ رەسمىيىتى بويىچە قۇربانلىق گۆشنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر قىسمىنى ئۆز ئائىلىسىگە ئېلىپ قېلىش، يەنە بىر قىسمىنى دوست - بۇرادەرلىرىگە بېرىش، قالغىنىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىش لازىم ئىدى. ھەر يىلى دادام گۆشنىڭ ھەممىسىنى كەمبەغەللەرگە بېرىۋېتەتتى. «بايلار ئاللىقاچان يېتەرلىك سەمرىپ بولغان» دەيتتى دادام. موللام ئايەتنى ئوقۇپ بولۇپ، «ئامىن» دەپ قولىغا ئۇزۇن تىغلىق

پىچاقنى ئالدى. ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە قويغا پىچاق كۆرسىتىلمەيتتى. ئەلى «شېكەر ئۆلۈمنى تاتلىق قىلىدۇ» دېگەن قائىدە بويىچە قويغا بىر تال چاقماق قەن يېگۈزىدۇ. قوي ئازراق تېپىرلاپ قويىدۇ. موللام قوينىڭ ئېڭىكىدىن تۇتىدۇ ـ دە، پىچاقنىڭ تىغىنى ئۇنىڭ گېلىغا توغرىلايدۇ. قوينىڭ گېلىغا پىچاق ئۇرۇلۇشتىن بىر سېكۇنت بۇرۇن مەن قوينىڭ كۆزىگە قارايمەن. قوينىڭ قاراشلىرى نەچچە ھەپتىگىچە چۈشلىرىمگە كىرىپ مېنى بىئارام قىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن يىلدا تەكرارلىنىدىغان بۇ جەرياننى كۆرىدىغىنىمنى زادى چۈشەنمەيمەن. مېنىڭ كۆرگەن يامان چۈشلىرىم قۇربانلىق قويدىن ئاققان قان تامچىلىرى چىملىق ئۈستىدىن ئۆڭۈپ يوقالغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ. شۇنداق تۇرۇپمۇ ھەر قېتىم مەن بۇ جەرياننى كۆرەتتىم. ئاشۇ ھايۋاننىڭ رايىشلىق بىلەن تەقدىرگە تەن بەرگەندەك كۆزلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن قاراپ تۇراتتىم. كۆلكىلىك يېرى شۇكى، مەن ئۇ ھايۋاننى بۇ ئىشلارنى چۈشىنىدۇ، دەپ خىيال قىلاتتىم. مەن ئۇ ھايۋان ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرى...

مەن بولۇۋاتقان بۇ ئىشتىن كۆزۈمنى ئۈزدۈم ـ دە، ئارقامغا بۇرۇلۇپ ماڭدىم. قولۇمنىڭ بېغىشىدىن ئىسسىق بىر نەرسە سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ، يەنە ئاچتىم ۋە ئۆزۈمنىڭ تېخىچە مۇشتۇمۇمنى چىشلەۋاتقانلىقىمنى كۆردۈم. بېغىشىمدىن ئاققان ئىسسىق نەرسە چىشلىگەن مۇشتۇمۇمدىن ئاققان قان ئىكەن. مەن يەنە ئۆزۈمنىڭ ئېسەدەۋاتقانلىقىمنىمۇ سەزدىم. مەن ھېلىمۇ ئاسسەفنىڭ كوچىنىڭ ئۇ دوقمۇشىدىن كېلىۋاتقان تېز، لېكىن رىتىملىق ئىنجىقلاشلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتىم.

بۇ مېنىڭ بىر قارارغا كېلىدىغان ئاخىرقى پۇرسىتىم ئىدى. ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىمنى بېكىتىدىغان ھەل قىلغۇچ پەيت ئىدى. مەن ئاشۇ كوچىغا قايتىپ خۇددى ھەسەن ئۆمۈر بويى مەن ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر بېشىمغا كەلگەننى كۆرىمەن ياكى بۇ يەردىن يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىمەن.

ئاخىرىدا مەن يۈگۈردۈم. يۈگۈرۈپ قېچىپ كەتتىم.

مەن قورقۇنچاق بولغاچقا قاچتىم. مەن قورقتۇم. ئاسسەفتىن، ئۇنىڭ مېنى قانداق قىلىشىدىن قورقتۇم. تاياق يېيىشتىن، ئۆزۈمنىڭ يارىلىنىشىدىن قورقتۇم. مۇشۇ سەۋەبلەرنى ئاشۇ كوچىغا كەينىمنى قىلغاندا ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم، ھەسەنگە پىچىرلىدىم. ئاشۇ سەۋەبلەرگە ئۆزۈمنى ئىشەندۇردۇم. ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈم تەسۋىرلىگەندەك قورقۇنچاق بولۇشقا شۇنچە تەشنا ئىدىم. چۈنكى، قاچقىنىمنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ھەقىقىي سەۋەبى دەل ئاسسەفنىڭ دېگىنىدەك ئىدى: دۇنيادا ھېچ نەرسە ھەقسىز بولمايتتى. بەلكىم ھەسەن دادامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشۇم ئۈچۈن تۆلەيدىغان تۆلەمدۇر ياكى مەن قۇربانلىق قىلىدىغان قويدۇر. لېكىن بۇ ئادىل تۆلەممۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئاللىقاچان خىيالىمدا لەيلەپ يۈرگەنىكەن: ئۇ پەقەتلا بىر ھەزارا، شۇنداققۇ؟

مەن كەلگەن يولنى بويلاپ يۈگۈرۈپ قايتتىم. جىمجىتلىق باسقان بازاردىن ئۆتتۇم. كىچىك بىر بوتكىنىڭ ئالدىدا توختاپ، قۇلۇپ سېلىقلىق ئىشىككە يۆلىنىپ تۇردۇم. بەدىنىم تىترىمەكتە. پېشانەمدىن ئاققان تەر ياشلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ يۈزلىرىمنى يۇماقتا. ئەجەبا، بۇ ئىشلار باشقا بىر يول بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟

ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن بولسا كېرەك، يىراقتىن گەپ قىلغان ۋە يۈگۈرگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن دەرھال ئۇ كىچىك

بوتكىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇۋالدىم، ئاسەف بىلەن ھېلىقى ئىككىسى ئادەمسىز كوچىدا كۈلۈشكەن پېتى تېز يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئۆزۈمنى زورلاپ يەنە ئون مىنۇت ساقلىغاندىن كېيىن، قار بىلەن توشقان ئېرىقنىڭ بويىدىكى كاتاڭغا چۈشۈپ قايتىپ ماڭدىم. مەن كۆزۈمنى قىسىپ تۇرۇپ، غۇۋا يورۇقتا ئاستا ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان ھەسەننى كۆردۈم. بىز ئېرىق بويىدىكى يوپۇرماقسىز قېيىن دەرىخىنىڭ يېنىدا ئۇچراشتۇق.

بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنىم ئۇنىڭ قولىدىكى كۆك لەگلەك بولدى. ئەمما، مەن يىرتىلىپ تىتىلغان يەرلەرنى كۆرمىدىم دەپ يالغان سۆزلىيەلمەيتتىم. ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ ئالدى پېشى لاي، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنىڭ تۆۋىنى يىرتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ مېڭىشتىن توختىدى. خۇددى ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك دەلدەڭشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى توختىتىپ، بەدىنىنى ئازراق تەڭپۇڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ماڭا لەگلەكنى ئۇزاتتى.

— نەگە كەتتىڭ؟ مەن سېنى بەك ئىزدەپ كەتتىم، — بۇ سۆزلەر ئېغىزىمدىن خۇددى تاش چايناۋاتقاندەك تەستە چىقاتتى.

ھەسەن يۈزىدىكى پوتلىسى بىلەن ياشلىرىنى يېڭىگە سۈرتتى. مەن ئۇنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم، بىراق بىز ئاستا ـ ئاستا پېتىۋاتقان شەپەق نۇرى ئاستىدا جىمجىت تۇردۇق. مەن گۈگۈم قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئىككىمىزنىڭ چىرايىمىزدىكى ئىپادىلەرنى يوشۇرۇپ بەرگىنىگە مىننەتدار بولدۇم. ئۇنىڭ قاراشلىرىغا ئىنكاس قايتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىغا خۇشال ئىدىم. ئۇ مېنىڭ بىلىدىغىنىمنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئەگەر ئۇ بىلگەن بولسا، مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قارىغىنىمدا نېمىلەرنى كۆرەرمەن؟ ئاغرىنىشمۇ؟ نەپرەتمۇ ياكى خۇدانىڭ ھەققىدە مەن كۆرۈشتىن ئەڭ قورقىدىغان، ھەتتا قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان شەرتسىز ئۆزىنى قۇربان قىلىشمۇ؟

ئۇ بىرنەرسە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئېغىزىنى يۇمدى. يەنە ئېچىپ يەنە يۇمدى. ئۇ كەينىگە بىرقەدەم چېكىنىپ، يۈزىنى سۈرتتى. بۇ بىزنىڭ شۇ كۈنى خالتا كوچىدا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى دېيىشىمىزگە ئەڭ قولايلىق ۋاقتىمىز بولدى. مەن ئۇنى يىغلاپ تاشلايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بەختىمگە يارىشا ئۇ يىغلىمىدى. مەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ تىترەشلىرىنى كۆرمىگەن بولۇۋالدىم. ھەتتا ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئېغىدىكى قارامتۇل داغلارنى ياكى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن ئاپپاق قار ئۈستىگە تامچىپ چۈشكەن قان داغلىرىنىمۇ كۆرمىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالدىم.

— ساھىب ئاغام ئەنسىرەپ قالمىسۇن، — دېدى ئۇ. ئۇ پەقەت شۇ گەپنىلا ئېيتتى ـ دە، مېنىڭ ئالدىمدىن ئاقساپ ئۆتۈپ، ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

خۇددى مەن خىيال قىلغاندەكلا ئىش بولدى. مەن دادامنىڭ كۈتۈپخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، دادام بىلەن رەھىمخاننىڭ بىللە چاي ئىچكەچ رادىيودىن خەۋەر ئاڭلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ باشلىرى مەن تەرەپكە بۇرۇلدى. دادامنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، ماڭا غۇلىچىنى كەڭ ئاچتى. مەن لەگلەكنى يەرگە قويۇپ، دادامنىڭ تۈكلۈك بىلەكلىرىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. يۈزۈمنى ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىدىن چىقىۋاتقان ھارارەت بىلەن ئىسسىتتىم ـ دە، كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم. دادام مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئاستا تەۋرەتتى. مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلغانلىقىمنى ئۇنتۇغانىدىم. پۈتۈن جىسمىمنى خۇشاللىق قاپلىدى.

# سەككىزىنچى باب

بىر ھەپتىگىچە ھەسەننى كۆرگەن ۋاقتىم ناھايىتى ئاز بولدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام، يېڭى پىشۇرۇلغان بولكا، سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە چايلار ئاشخانىدىكى شىرەگە تىزىقلىق تۇراتتى. مېنىڭ شۇ كۈنى كىيىدىغان كىيىملىرىم دەزمال سېلىنىپ، زالدىكى قومۇشتىن ياسالغان ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلاتتى. بۇرۇنقى كۈنلەردە، ھەسەن مەن ناشتىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن كىيىملىرىمگە دەزمال سېلىشقا باشلايتتى. شۇنداق بولغاندا ئىككىمىز پاراڭ سالالايتتۇق. ئۇ تېخى دەزمالدىن چىققان گاژىلدىغان ئاۋازغا تەڭكەش قىلىپ ھەزارالارنىڭ كۈركۈم گۈلزارلىقى ھەققىدىكى قەدىمىي ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئەمدىلىكتە قاتلاقلىق كىيىملەرگە قاراپ كۆڭلۈم يېرىم ھالدا ناشتا قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتىم.

ھاۋا تۇتۇق بىر ئەتىگىنى مەن سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى تەخسەمنىڭ قىرىغا ئۇرۇپ چېقىۋاتقىنىمدا، ئەلى بىر قۇچاق ئوتۇننى قولتۇقلىغىنىچە كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن ھەسەننى سورىدىم.

— ئۇ ئۇخلىغىلى كىرىپ كەتتى، — دېدى ئەلى مەشنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، مەشنىڭ كىچىك قاپقىقىنى ئاچقاچ.

— بۈگۈن ھەسەن مەن بىلەن ئوينىيالارمۇ؟

ئەلى ياغاچنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. چىرايىدا بىر خىل ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— يېقىندىن بۇيان ئۇ ئۇخلاشقىلا ئالدىرايدىغان بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ بولۇپلا يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولارمۇ؟

— ئەگەر زۆرۈر بولسا سوراۋەر...

— ئاشۇ كۈندىكى لەگلەك مۇسابىقىسىدىن كېيىن ئۇ ئۆيگە قان يۇقى، كۆڭلەكلىرى يىرتىق هالدا قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە بولدى دەپ سورىسام ئۇ: «هېچنېمە بولمىدى. باللار بىلەن لەگلەك تالىشىپ سوقۇشۇپ قالدىم» دېدى.

مەن گەپ قىلماستىن قولۇمدىكى تۇخۇمنى تەخسىنىڭ ئىچىدە چۆرگىلىتىپ ئولتۇرىۋەردىم.

— ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ ئۇ مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتامدۇ؟

مەن مۇرەمنى قىسىپ قويۇپ:

— مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدىم.

— سىز ماڭا دەيتتىڭىز، شۇنداققۇ؟ ئىنشائاللا، ئەگەر بىر ئىش بولغان بولسا سىز ماڭا دەيتتىڭىز.

— مەن دېدىمغۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە بولغىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدىم تېرىكىپ، — بەلكىم بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندۇ. ئادەملەر دائىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، ئەلى، مەن توڭلاپ ئۆلەي دېدىم. بۇگۈن مەشكە ئوت قالامسەن - يوق؟

شۇ كۈنى كەچتە مەن دادامدىن جۇمە كۈنى جالالئاباتقا بارامدۇق، دەپ سورىدىم. دادام ئۇستەلنىڭ كەينىدىكى خۇرۇم ئايلانما ئورۇندۇقتا تەۋرىنىپ ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ گېزىتنى ئۈستەلگە قويۇپ، مەن ئەزەلدىن ياقتۇرمايدىغان كۆزەينىكىنى كۆزىدىن ئالدى. دادام قېرى ئەمەس، ئۇ تېخى يەنە ئۇزۇن يىل ياشايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ كۆزەينەكنى تاقايدىغاندۇ؟

— ئەلۋەتتە بارىمىز، — دېدى ئۇ.

يېقىنىدىن بىرى دادام مەن نېمە تەلەپ قىلسام ماقۇل دەيدىغان بولغانىدى. تېخى ئىككى كۈن بۇرۇن ئۇ مەندىن: «چارلىتون خېستون رول ئالغان ‹قەھرىمان› ناملىق فىلىمنى ئارىيانا تىياتىرخانىسىدا قويىدىكەن، بېرىپ كۆرۈپ كېلەمسەن» دەپ سورىغانىدى.

— ھەسەن جالالئابادقا بىز بىلەن بىللە بارامدىكەن، سوراپ باقامسەن؟ — دېدى دادام.

«دادام نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ كېتىدىغاندۇ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

— ئۇنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن، — دېدىم مەن.

— شۇنداقمۇ؟ — سورىدى دادام، — ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

مەن مۈرەمنى قىسىپ قويۇپ، تام مەشنىڭ يېنىدىكى سافادا ئولتۇردۇم.

— ئۇنىڭغا زۇكام تېگىپ قالغانمىكىن، ئەلى ئۇنى كەچكىچە ئۇخلايدىغان بولۇۋالدى، دەيدۇ.

— بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مەن ھەسەننى تۈزۈك ئۇچراتمىدىم، — دېدى دادام، — شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن ـ دە، زۇكام بولۇپ قاپتۇمۇ، باشقا يېرى ئاغرىۋېتىپتۇمۇ؟

مەن دادامنىڭ ئۇنىڭدىن ئۇنچىۋالا ئەنسىرەپ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ كېتىشىنى پەقەت ياقتۇرمىدىم.

— زۇكام بولۇپ قاپتۇ، شۇ. ئەمىسە جۇمە كۈنى بارىدىغان بولدۇقمۇ، دادا؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى دادام ئۈستەلگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ھەسەنگە يامان بوپتۇ. ئۇ بىز بىلەن بىللە بارسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

— ئىككىمىز بارساقمۇ كۆڭۈللۈك ئويناپ كېلىمىزغۇ، — دېدىم مەن.

دادام كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى ـ دە:

— قېلىنراق كىيىنگىن، — دېدى.

مەن دادام بىلەن يالغۇز بېرىشنى ئويلىغانىدىم. ئەمما، چارشەنبە كەچ بولغۇچە دادام يەنە يىگىرمىدىن ئارتۇق ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن فىرانسىيەدە ئىنژېنېرلىقتا ئوقۇپ كەلگەن نەۋرە ئىنىسى هومايونغا تېلېفون قىلىپ بىزنىڭ جالالئابادقا بارماقچى بولغانلىقىمىزنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ جالالئابادتا ئۆيى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ۋە ئىككى خوتۇنىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپتۇ. نەۋرە تۇغقانلاردىن شافىقە ئائىلىسى بىلەن هېراتتىن بۇ يەرگە كەلگەنىكەن، ئۇلارمۇ بىز بىلەن بارىدىغان بوپتۇ. شافىقە هازىر كابۇلدىكى نەۋرە ئاكىمىز نادىرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقاچقا، گەرچە نادىر بىلەن هومايوننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق زىددىيەت بار بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىمۇ تەكلىپ قىلىشقا توغرا كەپتۇ. ئەگەر نادىر تەكلىپ قىلىنسا، ئۇنىڭ ئاكىسى فەرۇقنى قېتىۋالمىساق ئۇمۇ رەنجىپ قېلىپ، كېلەر ئايدا بولىدىغان قىزىنىڭ تويىغا هومايوننى چاقىرماسلىقى مۇمكىن ئىكەن. بىز جەمئىي ئۈچ ئاربىۇسقا لىق توشتۇق. مەن، دادام، رەھىمخان ۋە هومايون تاغام قاتارلىقلار بىر ئاربىۇسقا ئولتۇردۇق. دادام ماڭا كىچىك ۋاقتىمدا هەرقانداق چوڭ ياشتىكى ئەرلەرنى «تاغا»، ئاياللارنى «هامما» دەپ ئاتاشنى ئۆگەتكەن بولغاچقا، مەن هومايوننى «هومايون تاغا» دەپ چاقىراتتىم. ئۇنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، قوللىرىنى سۆگەل قاپلىغان چوڭ خوتۇنى بىلەن داۋاملىق ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان كىچىك خوتۇنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قوشكېزەك قىزلىرىمۇ بىز بىلەن بىر ئاربىۇستا ئىدى، ئەڭ ئارقا رەتتىكى ئورۇندۇقتا يەتتە ياشلىق قوشكېزەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىستىلىپ ئولتۇرۇپ كۆڭلۇم ئېلىشىۋاتاتتى. بۇ قوشكېزەكلەر قوللىرىنى مەندىن ئارتىلدۇرۇپ، بىر - بىرىنى ئۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

جالالئابادقا بارىدىغان يول ئىككى سائەتلىك ئېگىز قىيالىق تاغ يولى بولۇپ، ئاربۇس ھەر قېتىم تىك ئايلانمىدىن قايرىلغاندا كۆڭلۈم ئېلىشاتتى. ئاربۇس ئىچىدىكى ھەممە ئادەم ئافغانلارنىڭ ئادىتى بويىچە بىرلا ۋاقىتتا ئۈنلۈك ئاۋازدا توختىماي پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. ئاۋازنىڭ يۇقىرىلىقىدىن بەزىدە ئۇلار ۋارقىرىغاندەك گەپ قىلىشىپ كېتەتتى. مەن فازىلە بىلەن كەرىمەنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمىگەچكە، قايسىسىدىن سورىغىنىمنى ئېسىمدە يوق، ئەيتاۋۇر، ئازراق ھاۋا ئالماشتۇرسام كۆڭۈل ئېلىشىشىم پەسىيەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە قوشكېزەكلەرنىڭ بىرىدىن ماڭا دېرىزىنىڭ يېنىدىكى ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى سورىغىنىمدا، ئۇ تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپ قويۇپ «ياق» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئورۇننى ئالماشتۇرۇشقا ئۇنىمىساڭ بوپتۇ، لېكىن يېڭى كۆڭلىكىڭگە ياندۇرۇپ سالسام مېنىڭدىن كۆرمە» دەپ ئەسكەرتتىم. بىر مىنۇتتىن كېيىن بېشىمنى دېرىزىدىن چىقىرىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. ئەگرى - بۈگرى تاغ يولى بىردەم ئېگىزلەپ، بىردەم پەسىيەتتى. مەن ياغاچ بېسىلغان ھەر خىل رەڭدىكى يۈك ماشىنىلىرىنىڭ كوزۇپىدا، ياغاچ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەملەرنى ساناپ ۋاقىت ئۆتكۈزدۈم. كۆزۈمنى يۇمۇپ، شامالغا يۈزۈمنى تۇتسامۇ، ئېغىزىمنى ئېچىپ ساپ ھاۋانى قانغۇچە سۈمۈرسەممۇ، كۆڭلۈمنىڭ ئېلىشىشى ھېچ بېسىلمايتتى. توساتتىن بىرى بىقىنىمغا نوقۇدى. ئۇ فازىلە ياكى كەرىمەدۇر.

— نېمە؟ — دېدىم مەن.

— مەن ئۇلارغا ئۇ كۈندىكى مۇسابىقە توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋاتاتتىم، — دېدى دادام ماشىنا ھەيدەۋېتىپ، ھومايون تاغام بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنلىرى ئوتتۇرىدىكى ئورۇندۇقتىن ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتاتتى.

— ئۇ كۈنى ئاسماندا ئاز دېگەندە يۈزدەك لەگلەك بارغۇ دەيمەن، — دېدى دادام، — توغرىمۇ، ئامىر؟

— شۇنداققۇ دەيمەن، — دېدىم مەن تۆۋەن ئاۋازدا.

— يۈزدەك لەگلەك دەيمەن، ھومايونجان. ھەرگىز لاپ گەپ ئەمەس. ئەڭ ئاخىرىدا ئاسماندا پەقەت ئامىرنىڭ لەگلىكىلا قالدى. ئاخىرىدا چۈشكەن لەگلەك ئۆيدە تىزىقلىق، شۇنداق چىرايلىق كۆك لەگلەك ئىكەن. ئۇنى ھەسەن بىلەن ئامىر ئىككىسى بىللە قوغلاپ تۇتتى.

— مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ھومايون تاغام.

ئۇنىڭ سۆگەللىك چوڭ خوتۇنى چاۋاك چېلىپ:

— ۋاھ، ۋاھ، ئامىرجان بىز ھەممىلەن سىزدىن پەخىرلىنىمىز، — دېدى. كىچىك خوتۇنىمۇ قېتىلدى. ئۇلار ھەممىسى چاۋاك چېلىپ، ئېغىز - ئېغىزىغا تەگمەي مەندىن قانچىلىك پەخىرلەنگىنىنى ئېيتىشتى. پەقەت دادامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان رەھىمخانلا ماڭا جىمجىت، غەلىتە نەزەر بىلەن قاراۋاتاتتى.

— ماشىنىنى توختىتىڭ، دادا، — دېدىم.

— نېمە بولدى؟

— مەن بولالمىدىم، — دەپ غودۇڭشىدىم. ھومايون تاغامنىڭ قىزلىرىنى قىستاپ ئورۇندۇقتا يۆلەندىم.

فازىلە بىلەن كەرىمە چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— ماشىنىنى توختىتىڭ تاغا! مېنىڭ يېڭى كۆڭلىكىمگە ياندۇرۇۋېتىدىغان بولدى، — دەپ چۇرقىراشتى.

دادام ماشىنىنى توختاتقان بولسىمۇ، مەن ماشىنىدىن چۈشۈشكە ئۈلگۈرەلمىدىم. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇلار ماشىنىنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرغۇچە مەن يول بويىدىكى تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. دادام بىلەن ھومايون تاغام تاماكا چەككەچ قوشكېزەكلەرنىڭ بىرىگە يىغلىماسلىقنى ئېيتىپ، جالالئابادقا بارغاندا يېڭى كۆڭلەك ئېلىپ بېرىدىغانغا ۋەدە قىلىپ بەزلەۋاتاتتى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ قۇياشقا قارىدىم. كۆز ئالدىمدا خۇددى ئاپتاپتا شەكىل چىقىرىپ ئويناۋاتقان كىچىك

قولـلاردەك شەكـلـلـەر پەيـدا بـولـدى ـ دە، ئارقـىـدىنلا ئـۆزئـارا چـىرمـىـشـىـپ ۋە توپـلـىـشـىـپ بـىـر سۈرەتـكـە ئايلانـدى. ئـۇ دەل ھەسـەننىڭ ھـېلىقى خالتا كـوچىدىكـى كونا خـىش دۆۋىسـىگـە تاشلانغان بېغىر رەڭ چىبەرقۇت ئىشتىنى ئىدى.

ھومايون تـاغامـنىـڭ جالالئابـادتىكى ئـاق سىرلانغـان ئـىككـى قەۋەتلىك ئۆيىنىڭ بالـكونى ئالـما ۋە ئاپپـلـسىن دەرىـخى بىلـەن قورشالغان يوغان باغقا قارايـتتى. باغـدا ياز كۈنلـىرى ھەر خـىل ھايۋانلارنىڭ شەكلىدە قىرقىپ قويۇلىدىغان چىملىق ۋە ياقـۇت رەڭلىك چىنە خىش ياتقۇزۇلغان سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بار ئـىـدى. مـەن ئاستـىـدا بىر قـەۋەت سـۇ ئارىلاش قـار يـىغىـلـىـپ قالـغـان كۆلچەكنىڭ قىرىدا پۈتۈمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردۇم. ھومايـون تاغامنىڭ قىـزلىرى ھويـلىنىـڭ يەنە بـىـر تەرىپـىدە مۆكـۈشمـەك ئوينىۋاتاتتى.

ئايالـلار تاماق ئېتىۋاتاتتى. مـايدا پىشـۇرۇلۇۋاتقان پـىيازنىـڭ پۇرىقـى دىمىقـىمغا ئـۇرۇلاتتى. يۇقـىرى بېسـىملـىـق قازانـنـىـڭ كۇشۇلدىغان ئاۋازى، مۇزىـكا ۋە كـۇلـكـىـلـەر قـۇلـىقـىمـغا كـىرىـپ تۇراتـتى. بالكـوندا دادام، رەھـىـمخان، ھومـايـون تاغام ۋە نـادىـر تاغام‌لار تاماكا چېكىشىپ ئولتۇراتتى. ھـومايون تاغـام ئۆزىنـىـڭ پـىرويـېكتـورىـنى ئالـغـاچ كەلـگـەنلـىكـىـنى، بـىـردەم تـۇرۇپ فىرانسىيەنىڭ رەسىمـلىرىـنى كۆرسىتـىـپ قويىـدىغانلـىقـىـنى سۆزلەۋاتاتـتـى. ئۇنىڭ پـارىژدىن قايـتـىپ كەلـگىنـىـگە ئون يـىـل بولغان بـولـسىمـۇ، تېخـىچە ئاشۇ قـاملاشمـىغان رەسىمـلىرىـنى كۆرسىتىپ يۈرەتتى.

مـەن ئەسلـىـدە بۇنداق چۈشـكۈن كەيپـىياتـتـا بولماسلـىقـىم كېرەك ئىدى. دادام ئىككىمىز ئاخىر يېقىن دوسـتلاردىن بولـۇپ قالدۇق. بىرنەچچە كۈن ئـىلگىرى ھـايۋانات باغـچىسـىغا بېرىـپ «مارجان» ئاتلـىق شىرنـى كۆرۈپ كەلدۇق. مـەن ھەتتا ھـېچكىـم كۆرمىگـەندە ئېيىقـقا تـاش ئېتـىپ بېقىشقىمـۇ ئۈلگـۈردۈم. ئـۇ

يەردىن قايتقۇچە كىنوخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى «دادقۇدا كاۋاپخانىسى»غا بېرىپ تونۇردىن ئەمدىلا چىققان ئىسسىق ناننىڭ ئۈستىگە بېسىلغان پاقلان كاۋىپىنى يېدۇق. دادام ماڭا ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا ۋە رۇسىيەگە بارغاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بومبايدا توي قىلغىنىغا قىرىق يەتتە يىل بولغان، پۇت ـ قوللىرى يوق بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئون بىر بالىنى قاتارغا قوشقىنىغا ئوخشاش ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەردى. دادام بىلەن مۇشۇنداق كۆڭۈلنى بىللە ئۆتكۈزۈش، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاش بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن يىللار بويى تەشنا بولغان ئارزۇلىرىمغا ئاخىر يەتكەن بولسامۇ، ئەجەبا، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئۆزۈمنى خۇددى پۇتۇم ئاستىدىكى مۇشۇ كۆلچەكتەك قۇرۇق ھېس قىلىۋاتاتتىم.

قۇياش ئولتۇرغاندا، ئاياللار ۋە قىزلار كەچلىك تاماققا تەييارلىغان پولۇ، قىيما كاۋاپ ۋە توخۇ قورۇمىسىنى داستىخانغا ئەكىلىشتى. بىز كونا ئادىتىمىز بويىچە كۆرپە ئۈستىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، يەرگە داستىخان سېلىپ قولىمىز بىلەن تۆت ـ بەشەيلەن بىر تەخسىدىن تاماق يېيىشكە ھازىرلاندۇق. مېنىڭ تاماققا ئىشتىھايىم بولمىسىمۇ، دادام، فەرۇق تاغام ۋە ھومايۇن تاغامنىڭ بالىلىرى بىلەن تاماققا ئولتۇردۇم.

دادام تاماقتىن بۇرۇن بىرنەچچە رومكا سكوچ ھارىقى ئىچىۋالغانىدى. تاماق ۋاقتىدا مېنىڭ لەگلەك مۇسابىقىسىدە قانداق قىلىپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئاخىرقى لەگلەكنى ئۈيگە ئەكەلگەنلىكىمنى ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ بوم ئاۋازى ئۆينى بىر ئالغانىدى. باشقىلار تەخسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈشۈپ تەبرىكلىشەتتى. فەرۇق تاغام يەنە بىر قولى بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ قويدى. لېكىن، بۇ ئىش ماڭا خۇددى كۆزۈمگە پىچاق سانجىلغاندەك بىلىندى.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، دادام بىلەن ئۇنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرى بىرنەچچە سائەتتىن بېرى ئوينىغان قارتىلىرىنى

يىغىشتۇرۇپ، بىز تاماق يېگەن ئۆيگە قاتار قىلىپ سېلىنغان كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئايالار بولسا ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتىشكەنىدى. بىر سائەت ئۆتكەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇخلىيالمىدىم. تۇغقانلىرىمنىڭ پۇشۇلداشلىرى، جۆيلۈشى ۋە خورەكلىرىدە ئۇخلىيالماي ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئاخىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. دېرىزىدىن ئاي نۇرى ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

«مەن ھەسەننىڭ زورلۇقىغا ئۇچرىشىغا قاراپ تۇردۇم» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم. ئەمما، ئاۋازىمنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. دادام ئۇيقۇغا غەرق بولغان، ھومايون تاغام خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە بىرەرىنىڭ ئويغىنىپ سۆزۈمنى ئاڭلاپ قېلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن يالغانچىلىقتىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلدىم. ئەمما، ھېچكىم ئويغانمىدى. ئاشۇ جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ بىر يېڭى ھېيلەمنى تونۇپ يەتتىم: مەن قىلغان گۇناھىمدىن بىر ئامال قىلىپ قېچىپ قۇتۇلماقچى بولۇۋېتىپتىمەن.

مەن ھەسەننىڭ كۆلچەكتە سۇ ئۈزۈپ كۆرگەن چۈشىنى ئەسلىدىم. ئۇ: «بۇ يەردە ئالۋاستى يوق، پەقەتلا سۇ بار» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ پۇتۇنلەي خاتالاشقانىدى. كۆلدە ھەقىقەتەن ئالۋاستى بار ئىكەن. ئۇ ئالۋاستى ھەسەننىڭ پۇتىنى تۇتۇپ، كۆلنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ تېگىگە سۆرەپ ئەكىرىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇ ئالۋاستى ئەسلىدە مەن ئىكەنمەن.

مەن شۇ كېچىدىن تارتىپ ئۇيقۇسىزلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولدۇم.

مەن ھەسەنگە تاكى يەنە بىر ھەپتىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە گەپ قىلمىدىم. مەن چۈشلۈك تامىقىمنىڭ يېرىمىنىلا يېدىم. ھەسەن قاچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى. مەن ئۈستىدىكى ھۇجرامغا چىقىپ كېتىۋاتسام، ھەسەن مەندىن، بىللە تۆپىلىككە چىقامدۇق، دەپ

سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ھېرىپ كەتكىنىمنى ئېيتتىم. ھەسەنمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئورۇقلاپ قالغان، كۆزىنىڭ ئەتراپى قارىداپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مەندىن قايتا سورىغىنىدا، مەن خۇشياقمىغان ھالدا ماقۇل دېدىم.

بىز تاغ يولىنى بويلاپ ماڭدۇق. ئۆتۈكلىرىمىز بىلەن پاتقاق ئارىلاشقان قارغا دەسسىگىنىمىزدە غىچىرلىغان ئاۋاز چىقاتتى. بىز يول بويى بىر - بىرىمىزگە سۆز قىلىشمىدۇق. ئەمما، بىز ئۆزىمىزگە ماكان قىلىۋالغان ئانار دەرىخىنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئەمدىلىكتە ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەنىدى. مەن ھەتتا ئەلىنىڭ پىچىقى بىلەن دەرەخنىڭ قوۋزىقىغا ئويۇپ يازغان «ھەسەن بىلەن ئامىر كابۇلنىڭ سۇلتانلىرى» دېگەن خەتكىمۇ قاراشقا پېتىنالمايتتىم.

ئۇ ماڭا «شاھنامە»نى ئوقۇپ بېرىشىمنى ئۆتۈنگەندە، مەن ئۇنىڭغا پىلانىمنى ئۆزگەرتكىنىمنى، ئۆيگە كەتمەكچى بولغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ يىراقلارغا قاراپ مۈرىسىنى قىستى. بىز يەنە كەلگەن يولىمىز بىلەن تۆپىلىكتىن چۈشۈپ، ئۈن - تىنسىز ماڭدۇق. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم باھارغا شۇنچە تەشنا بولدۇم.

1975 - يىلى قىش پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يەنە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنى تولۇق ئېسىمدە يوق. پەقەت دادام ئۆيدە بولغاندا خۇشال بولغىنىم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاماق يەپ، كىنو كۆرگىنىم، بىللە ھومايون ۋە فەرۇق تاغاملارنى يوقلىغىنىمدىن خۇشال ئىدىم. بەزىدە ئۆيىمىزگە رەھىمخان كەلگەندە، دادام مېنى تېخى كۇتۇپخانىسىدا بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە رۇخسەت قىلاتتى. ھەتتا بەزىدە ئۇ ماڭا ئۆزۈم يازغان ھېكايىلەرنى ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇشاللىنارلىق ئىشلار ئىدى. بۇ خۇشاللىقلارنىڭ مەڭگۈلۈك

بولغانلىقىغا ئىشەنگەنىدىم. مېنىڭچە داداممۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

لېكىن، ھەر ئىككىمىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئاشۇ لەگلەك ئۇچۇرۇش مۇسابىقىسىدىن كېيىن، دادام ئىككىمىز ئۆزىمىزنى خىيالىي بىر دۇنياغا تاشلاپ، بىر ـ بىرىمىزگە بۇرۇنقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان كۆز بىلەن قاراۋاتاتتۇق. بىز ئۆزىمىزنى ئالداپ ئاشۇ قەغەز، يېلىم ۋە بامبۇك تايىقىدىن ياسالغان ئويۇنچۇقنىڭ دادا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئۆڭكۈرنى تولدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەندۇرگەنىدۇق.

لېكىن، دادام سىرتقا چىقىپ كەتكەندە ھۇجرامغا سولىنىۋېلىپ، ھەر ئىككى كۈندە بىر كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتەتتىم. ھېكايە يازاتتىم. ھەتتا ئات سىزىشنى ئۆگىنەتتىم. مەن ھەسەننىڭ ئەتىگەندە ئاشخانىدا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، قاچا ـ قۇچىلارنىڭ تاراقلىغان، چاي چەينىكىنىڭ ئىسقىرتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا تۆۋەنكى قەۋەتكە تاماق يېيىشكە چۈشەتتىم. كالېندارىدىكى ئوقۇش باشلىنىدىغان كۈننىڭ ئەتراپىغا چەمبىرەك سىزىپ قويۇپ، شۇ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كۈن سانايتتىم. ھەسەننىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشقا تىرىشىشى مېنى ھودۇقتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم مېنىڭ ئىشىكىمنى چەككەندە، مەن ھۇجرامدا «قەھرىمانلىق خاتىرىسى» ناملىق رومانىنىڭ پارسچە قىسقارتىلمىسىنى ئوقۇۋاتاتتىم.

— نېمە ئىش؟

— مەن ناۋايخانىدىن نان ئەكەلمەكچىدىم، — دېدى ئۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، — مەن سىزنى... سىزنى بىللە بارامدىكىن دېگەن.

— مەن كىتاب ئوقۇۋېتىمەن، — دېدىم مەن چېكەمنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ. يېقىنقى كۈنلەردە ھەر قېتىم ھەسەننى كۆرسەملا،

بېشىمغا ئاغرىق كىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.
— بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بوپتىكەن، — دېدى ئۇ.
— ئۇنى بىلىمەن.
— سىرتقا چىقىپ مېڭىشقا تازا مۇۋاپىق ئىكەندۇق.
— سەن بېرىپ كەلگىن.
— سىز بىللە بارغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دېدى ئۇ. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، بىرنەرسە ئىشىككە قاتتىق ئۇرۇلدى. بەلكىم ئۇ ھەسەننىڭ پېشانىسىدۇر، — مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ھېچ بىلەلمىدىم، ئامىر ئاغا، ماڭا ئېيتقان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى. مەن ئىككىمىزنىڭ ئەمدى نېمىشقا بىللە ئوينىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىمىزنى بىلەلمىدىم.
— سەن ھېچنېمە قىلمىدىڭ ھەسەن، ئەمدى ماڭغىن.
— سىز ماڭا سەۋەبىنى دېسىڭىز، قانداق خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسام تۈزىتەي.
مەن بېشىمنى ئىككى تىزىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، چېكەمنى قىسىشقا باشلىدىم.
— مەن ساڭا نېمە قىلماسلىق كېرەكلىكىڭنى ئېيتاي، — دېدىم مەن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ.
— نېمە بولسا مەيلى.
— سەن مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ قالما، سەن ... سەن نېرى كەت، — دېدىم مەن ۋارقىراپ.
مەن كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ ئىشىكنى تېپىپ كىرىپ، ماڭا ھەممە ئىشنى دېيىشىنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلاتتىم. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ئىشلار ئاسانراق، ياخشىراق ھەل بولغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ مەن ئويلىغاندەك قىلمىدى. بىر مىنۇتتىن كېيىن ئىشىكنى ئاچقىنىمدا، ئۇ ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. مەن قايتىپ كىرىپ كارۋىتىمغا ئۆزۈمنى تاشلاپ، بېشىمنى ياستۇق ئاستىغا تىقىپ، يىغلاپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەن مېنى پاراكەندىچىلىككە سېلىشقا باشلىدى. مەن كۆڭلىرىمنى ئۇنىڭ بىلەن ئامال بار ئاز ئۇچرىشىدىغان قىلىپ پىلانلايدىغان بولدۇم. چۈنكى، ئۇ بار چاغدا كۆكرىكىم چىڭقىلىپ، ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك بولۇپ قالاتتىم. لېكىن، ئەتراپىمدا يوق ۋاقىتلاردىمۇ ماڭا ئۇ ھەممە يەردە كۆرۈنگەندەك بىلىنەتتى. ھەسەن ئۆز قولى بىلەن پاكىز يۇيۇپ دەزمال سېلىپ قويغان كىيىملىرىمدە، ئىشىكنىڭ سىرتىغا ھېلىلا ئىسسىتىپ قويۇپ قويغان ساپما كەشىمدە ۋە مەن ناشتىغا ئولتۇرغاندا ئۇچاقتا كۆيۈۋاتقان ئوتۇننىڭ ئارىسىدا... بار ئىدى. مەن قاياققا قارىسامۇ ئۇنىڭ ساددىلىقىنى، ئاشۇ خۇدا ئۇرغان شەرتسىز ساددىلىقىنى كۆرەتتىم.

باش باھار كېلىپ ئوقۇش باشلىنىشقا بىرنەچچە كۈن قالغاندا، دادام ئىككىمىز باغدا كۈركۈمگۈلى تېرىۋاتاتتۇق. قارلار ئاساسەن ئېرىپ شىمال تەرەپتىكى تاغلاردىكى ئوت ـ چۆپلەر بىخ ئۇرۇپ كۆكىرىشكە باشلىغانىدى. ئۇ كۈنى ئەتىگەندە ھاۋا سوغۇق ھەم تۇتۇق ئىدى. دادام يېنىمدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يەرنى كولاپ، مەن ئۇزاتقان گۈل تۇپىنى كۆچۈرۈۋاتاتتى. مەن دادامغا ئويلىغانلىرىمنى دېيىشنى قارار قىلغان ۋاقتىمدا، ئۇ ماڭا كۆپ ئادەملەرنىڭ كۈركۈمگۈلنى كۈزدە كۆچۈرسە ياخشى بولىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇ خىل قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

— دادا، سىز ئۆيگە يېڭى خىزمەتكار ئېلىشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟

دادام گۈل تۇپىنى يەرگە تاشلاپ، گۈرجەكنى توپىغا سانجىدى ـ دە، قولىدىكى پەلەيىنى سالدى. مەن ئۇنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدىم.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟

— مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم. باشقا ئىش ئەمەس.

— مەن نېمىشقا خىزمەتكارنى ئالماشتۇرغۇدەكمەن؟ — دېدى دادام قوپاللىق بىلەن.
— سىز ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلمايسىز، مەن مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، — مەن شۇنداق دەۋاتقاندا ئۇنىڭ ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى، سورىغىنىمغا پۇشايمان قىلغانىدىم.
— ھەسەن بىلەن سوقۇشۇپ قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ مەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئىش بولغانلىقىنى بىلگەنىدىم. نېمە ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئۆزۈڭ ھەل قىل، مەن بۇنىڭغا ئارىلاشمايمەن.
— كەچۈرۈڭ، دادا.
ئۇ پەلەيلىرىنى يەنە كىيدى.
— مەن ئەلى بىلەن تەڭ چوڭ بولدۇم، — دېدى دادام چىشىنى كىرىشتۈرۈپ، — دادام ئۇنى ئۆيگە ئەكەلگەندىن بېرى ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆردى. ئەلى بىزنىڭ ئائىلىدە قىرىق يىل ياشىدى، قىرىق يىل، سېنىڭچە مەن ئۇنى ئۆيدىن مۇشۇ چاغدا چىقىرىۋېتىمەنمۇ؟ — دادام ماڭا قارىدى، يۈزلىرى خۇددى كۆركۆمگۈلدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، — مەن ساڭا ئەزەلدىن قول تەگكۈزۈپ باقمىغان ئامىر، ئەگەر يەنە شۇنداق دەيدىغان بولساڭ... — ئۇ باشقا تەرەپكە قاراپ بېشىنى چايقىدى، — بەكمۇ نومۇسۇمنى كەلتۈرۈۋاتىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەن، ھەسەن ھېچ يەرگە بارمايدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟
مەن يەرگە قاراپ قولۇمغا لىق بىر سىقىم سوغۇق توپىنى چاڭگاللاپ ئالدىم ـ دە، بارماقلىرىم ئارىسىدىن سىرغۇشقا باشلىدىم.
— گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟ — دادام ھۆركىرىدى.
— چۈشەندىم، دادا، — دېدىم ئارقامغا داجىپ.
— ھەسەن ھېچ يەرگە بارمايدۇ، — دېدى دادام قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، ئۇ گۈرجەكنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ ئۇرەك كولاشقا باشلىدى، — ئۇ مۇشۇ يەردە بىز بىلەن بىللە تۇرىدۇ. بۇ

ئۇنىڭ ئۆيى، بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۇنىڭ ئائىلىسى. بۇنداق گەپنى ئىككىنچى دېگۈچى بولما!

— مەن دېمەيمەن، مېنى كەچۈرۈڭ دادا.

بىز قالغان كۇركۇمگۈللىرىنى جىمجىتلىق بىلەن تىكتۇق.

كېيىنكى ھەپتىسى ئوقۇش باشلانغاندا، مەن خېلى يەڭگىللەپ قالدىم. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار قوللىرىدا دەپتەر ۋە ئۇچلاقلىق قېرىنداشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، مەيداندا بىر يەرگە توپلىشىپ پاراڭلاشقاچ، سىنىپ باشلىقىنىڭ پۇشتەك چېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. دادام ماشىنىسىنى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى توپا يولغا ھەيدەپ كېلىپ توختاتتى. ئىككى قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ دېرىزىلىرى كونىراپ كەتكەنىدى، تاش ياتقۇزۇلغان قاراڭغۇ كارىدورنىڭ تاملىرىنىڭ سويۇلۇپ چۈشكەن سۇۋاقلىرى ئارىسىدىن بۇرۇن بۇ كارىدورنىڭ سېرىق رەڭدە سىرلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوغۇل باللارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپكە پىيادە كېلىدىغان بولغاچقا، دادامنىڭ قارا رەڭلىك «فورد» ماركىلىق ماشىنىسى خېلى كۆپ ھەسەتخور كۆزلەرنى ئۆزىگە تارتىشى ئېنىق ئىدى. بۇرۇنقى چاغلاردا مەن ماشىنىدىن چۈشكەندە، پەخىرلەنگەن ھالدا چىرايىم نۇرلىنىپ كېتەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا خىجىللىق ھېس قىلاتتىم. دادام مەن بىلەن خوشلاشمايلا ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.

مەن كونا ئادەت بويىچە قولۇمدىكى لەگلەك ئۈچۈرۈشتىن قېلىپ قالغان تاتۇقلارنى سېلىشتۇرۇشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ئۇدۇل بېرىپ رەتكە قوشۇلدۇم. قوڭغۇراق چېلىنغاندا، بىز تەقسىم قىلىنغان سىنىپقا قاراپ ئىككى رەت بولۇپ قاتارلىشىپ ماڭدۇق. مەن ئەڭ ئاخىرقى رەتتىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردۇم. پارس تىلى مۇئەللىمىمىز بىزگە دەرسلىك كىتابنى تارقىتىۋاتقاندا، ئىچىمدە ئۇنىڭ بۇ مەۋسۇم كۆپرەك تاپشۇرۇق بېرىشىنى تىلىدىم.

ئوقۇش ھۇجرامدىن چىقماسلىقىمغا ياخشى باھانە بولدى.

شۇنداق قىلىپ، بىر مەزگىلگىچە قىشتا نېمە بولغىنىنى، ياق ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلغىنىمنى ئازراق بولسىمۇ خىيالىمدىن چىقىرىۋەتتىم. بىرنەچچە ھەپتىگىچە ھەسەننى ۋە ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى ئويلاشنىڭ ئورنىغا پۈتۈن ۋاقتىمنى يەرنىڭ تارتىش كۈچى ۋە ئېنېرتسىيە، ئاتوم ۋە ھۈجەيرە، ئىنگلىزلار بىلەن ئافغانلارنىڭ ئۇرۇشى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدىم. ئەمما، خىياللىرىم پات ـ پات ئىختىيارسىز ھالدا ھېلىقى خالتا كوچىغا، ھەسەننىڭ كېسەك دۆۋىسى ئۈستىگە تاشلاقلىق بېغىر رەڭ چېبەرقۇت ئىشتىنىغا، قار ئۈستىگە چۈشكەن قان تامچىلىرىغا كېتىپ قالاتتى.

شۇ يىلى يازنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن ھەسەننى مەن بىللە تۆپىلىككە چىقىشقا دەۋەت قىلدىم. ئۇنىڭغا ئۆزۈم يازغان ھېكايىنى ئوقۇپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ھەسەن ھويلىدا يۇيۇلغان كىيىملەرنى يېيىۋاتاتتى. گېپىمنى ئاڭلاپ ئىشنى تېزرەك پۈتكۈزۈشكە ئالدىرىدى.

بىز تۆپىلىككە چىققاچ قىسقىلا پاراڭلاشتۇق. ئۇ مەندىن مەكتەپتە نېمىلەرنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا مۇئەللىملەر توغرۇلۇق، بولۇپمۇ ئاچچىقى يامان ماتېماتىكا مۇئەللىمىنىڭ دەرس ۋاقتىدا پاراڭ سالغان باللارنىڭ بارماقلىرىنى مېتال سىمدا باغلاپ سىقىپ جازالايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. ھەسەننىڭ تېنى شۈركۈندى ـ دە، مېنىڭ ئۇنداق ئىشقا مەڭگۈ ئۇچراپ قالماسلىقىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن گەرچە تەلەيىنىڭ بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتى يوقلۇقىنى بىلسەممۇ، ئۇنىڭغا ھازىرغىچە تەلىيىمنىڭ ئوڭ كېلىپ ئۇنداق جازاغا دۇچ كەلمىگەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئەمەلىيەتتە، سىنىپتا پاراڭ سېلىشىم جازاغا ئۇچرىغانلاردىن ھېچقانچە كەم بولمىسىمۇ، دادامنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلگەچكە، ئۇنداق جازالاردىن قۇتۇلۇپ قالغانىدىم.

بىز ئانار دەرىخىنىڭ سايىسى ئاستىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ

پاكار تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇق. يەنە بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن تاغ باغرىنى سارغايغان ياۋا ئوت ـ چۆپلەر قاپلايدۇ. ئەمما، بۇ يىل باھاردىكى ھۆل ـ يېغىن تاكى يازنىڭ بېشىغىچە داۋاملاشقاچقا، تاغ باغرى تېخىچە يېشىل ئوت چۆپلەر ۋە ياۋا گۇللەر بىلەن پۈركەنگەنىدى. تۆۋەن تەرىپىمىزدە بولسا ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئاپپاق تاملىرى ۋە ئۆگزىلىرى قۇياش نۇرىدا غۇۋا پارقىراپ تۇراتتى. ھويلىلاردىكى يېيىلغان كىيىملەر شامالدا يەلپۈنۈپ، كېپىنەكتەك ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى.

بىز ئوندىن ئارتۇق ئانارنى دەرەختىن ئۈزۈۋالدۇق. مەن ئەكەلگەن ھېكايە دەپتىرىمنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئاچتىم ـ يۇ، ئۇنى يەرگە قويۇپ قويدۇم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ پىششىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بىر ئانارنى قولۇمغا ئالدىم.

— ئەگەر مەن مۇشۇ ئانار بىلەن سېنى ئۇرسام سەن قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدىم قولۇمدىكى ئانارنى ئاسمانغا ئېتىپ تۇرۇپ.

ھەسەننىڭ كۈلكىسى سۇسلاشتى. ئۇ ئۆز يېشىدىن چوڭراق ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنەتتى. ياق، چوڭراق ئەمەس، راستلا چوڭ كۆرۈنەتتى. بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارىداپ كۆيۈپ كەتكەن يۈزلىرىگە سىزىقلار پەيدا بولغان، كۆزلىرى بىلەن ئېغىزىنىڭ چۆرىسىنى قورۇق بېسىپ كەتكەنىدى. ئاشۇ قورۇقلار خۇددى ئۇنىڭ يۈزىگە مەن پىچاقتا ئويۇپ قويغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— سەن قانداق قىلىسەن؟ — دەپ تەكرارلىدىم مەن.

ئۇنىڭ چىرايى تاتاردى. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان ھېكايەمنىڭ ۋاراقلىرى ئۇنىڭ يېنىدا شامالدا يەلپۈنەتتى. مەن ئانارنى ئۇنىڭغا ئاتتىم. ئانار ئۇنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ يېرىلدى ـ دە، ئىچىدىكى قىزىل سۈيى ئەتراپقا چاچرىدى. ھەسەن تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن ۋە ئاغرىقتىن ۋارقىراپ سالدى.

— ماگا قايتۇرۇپ ئاته ! — دېدىم قولۇمنى شىلتىپ. ھەسەن كۆگلىكمدىكى ئانارنىڭ دېغىدىن كۆزىنى ئېلىپ ماگا تىكىلدى.

— ئورنۇگدىن تۇر ! ماگا ئاته ! — دېدىم مەن. ھەسەن ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، ئۇ خۇددى دېگىز بويىدا خۇشال ئايلىنىپ كېتىۋاتقان ئادەمنى تۇيۇقسىز كەلگەن دولقۇن دېگىزغا سۆرەپ ئەكىرىپ كەتكەندەك ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر ئانارنى ئاتتىم. بۇ قېتىم ئانار مۇرىسىگە تېگىپ، ئانارنىڭ سۈيى يۈزىگە چاچرىدى.

— ماگا قايتۇرۇپ ئات دەيمەن ! — دېدىم ئاچچىق بىلەن، — ماگا قايتۇرۇپ ئات، ھۇ قارغىش تەگكۇر !

مەن ئۇنىڭ مېنى ئۇرۇشىنى، ئۇنىڭ ماگا ئۆزۈم تەشنا بولغان جازانى بېرىشىنى شۇنچە ئۈمىد قىلغانىدىم. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلغان بولسا كېچىدە خاتىرجەم ئۇخلاش ماگا نېسىپ بولۇشى، ئىككىمىلەننىڭ مۇناسىۋىتى بۇرۇنقى ھالەتكە قايتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئانار ئېتىپ ئۇنى ئۇرساممۇ، ئۇ يەنىلا قول ياندۇرماي قاراپ تۇردى.

— سەن قورقۇنچاق ! — دېدىم مەن، — سەن خۇدا ئۇرغان قورقۇنچاق.

مەن ئۇنىڭغا قانچە قېتىم ئانار ئاتقىنىمنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت ئاخىر ھېرىپ، ھاسىراپ ئانار ئېتىشتىن توختىغىنىمدا، ھەسەننىڭ خۇددى بىر توپ ئەسكەر ئۇنىڭغا ئوق ئاتقاندەك، قىپقىزىل بولۇپ كەتكىنىنى كۆردۈم. مەن ھارغىنلىق ۋە ئاچچىقتىن تىزلىنىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدىم.

ھەسەن قولىغا بىر ئانارنى ئېلىپ ماگا قاراپ كەلدى. ئۇ ئانارنى يېرىپ پېشانىسىگە ئۇردى.

— مانا ئەمىسە، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا. ئانارنىڭ قىزىل سۈيى يۈزىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى، — ئەمدى رازى بولدىڭىزمۇ؟ كۆگلىگىز ئەمدى ئارام تاپتىمۇ؟

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، تۆپىلىكتىن چۈشۈپ كەتتى.

مەن كۆز ياشلىرىمنى قويۇۋېتىپ، يەرگە تىزلىنىپ، ئۆزۈمنى ھەر تەرەپكە تاشلىدىم:

— مەن ئەمدى سېنى نېمە قىلاي، ھەسەن؟ مەن سېنى نېمە قىلاي؟

كۆز ياشلىرىم قۇرۇپ توگىدى. مەن تاغدىن چۈشكۈچە ئۇ سوئالىمغىمۇ جاۋاب تاپتىم.

1976 ـ يىلى يازدا، يەنى دۇنياغا ناتونۇش ئافغانىستاننىڭ تىنچلىقىغا ساناقلىق قالغاندا، مەن ئون ئۈچ ياشقا كىردىم. دادام بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت ئاللىقاچان سوغۇقلىشىشقا باشلىغانىدى. مېنىڭچە، بۇنىڭغا چوقۇم گۇل تىككەن كۈنى مېنىڭ يېڭى خىزمەتكار يالالاش توغرۇلۇق ئەخمەقلەرچە دېگەن سۆزۈم سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. مەن ئۆزۈمنىڭ شۇنداق دېگىنىمگە ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلدىم. بىراق، مەن ئۇ سۆزنى دېمىگەن تەقدىردىمۇ ئارىمىزدىكى بۇ قىسقا يېقىنچىلىق ھامىنى ئاخىرلىشاتتى. گەرچە بۇنداق تېز بولمىسىمۇ، ھامىنى ئاخىرلىشاتتى. يازنىڭ ئاخىرلىرىدا كەچلىك تاماق ئۈستىدىكى قىزغىن پاراڭلاشقان ئاۋازنىڭ ئورنىنى قوشۇق ۋە ۋىلكىلارنىڭ تەخسىگە تەگكەن ئاۋازى ئىگىلىدى. دادام تاماقتىن كېيىنلا كۇتۇپخانىسىغا ئىشكىنى يېپىپ كىرىپ كېتىدىغان بولدى. مەن بولسام ھاپىز ۋە ئۆمەر ھەييامىلارنىڭ كىتابلىرىنى ۋاراقلايتتىم ياكى تىرنىقىمنى ئاستىدىكى تېرىسى كۆرۈنگۈچە چىشلەپ ئۆزۈپ ئولتۇرۇپ ھېكايە يازاتتىم. گەرچە دادامنىڭ يازغان ھېكايىلىرىمنى ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىشىمنى سورايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم بولمىسىمۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇلارنى كاربۇتىمنىڭ ئاستىدا ساقلايتتىم.

دادامنىڭ مېھمان چاقىرىپ ئولتۇرۇش قىلىشىدا مۇنداق بىر قارىشى بار: ھەممە ئادەمنى چاقىرمىغان ئولتۇرۇش ئولتۇرۇش ھېسابلانمايدۇ. توغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشۇمدىن بىر ھەپتە بۇرۇن

تىزىملىكتىكى تۆت يۈزدىن ئارتۇق مېھماننىڭ ئارىسىدىن تاغام ۋە ھاممىلىرىمدىن باشقا ئۇچتىن بىر قىسىم ئادەمنى تونۇيالمىغىنىمنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇلار ماڭا سوۋغا ـ سالاملارنى بېرىپ، مېنىڭ ئون ئۈچ ياشقا كىرگەنلىكىمنى تەبرىكلىمەكچىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشقا مەن ئۈچۈن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. گەرچە ئۇ مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم بولسىمۇ، ھەقىقىي چولپاننىڭ كىملىكى ماڭا ئايان ئىدى.

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۆينىڭ ئىچى ئىشلەمچىلەر بىلەن توشتى. قاساپ سالاھىددىن بىر موزاي بىلەن ئىككى قوي ئەكىلىپ، پۇل ئېلىشنى رەت قىلدى ـ دە، ئاق تېرەكنىڭ يېنىدا ئۆز قولى بىلەن قۇربانلىق قىلدى. ئۇ ئاق تېرەكنىڭ ئەتراپىدىكى قانغا بويالغان ئوت ـ چۆپلەرنى كۆرسىتىپ:

— قان دەرەخلەرگە ئوزۇق بولىدۇ، — دېدى.

مەن تونۇمايدىغان ئادەملەر ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى كاۋچۇك دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ، كىچىك چىراغلار بىلەن توك سىملىرىنى ئاستى. باشقىلار ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارنى ھويلىغا تىزىپ، ئۈستىگە داستىخان يېيىپ تەييارلىدى. دادامنىڭ شارىنو كوچىسىدا كاۋاپخانىسى بار دىلمۇھەممەد ئىسىملىك دوستى ئولتۇرۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن كەچتە بىر خالتىدا لىق دورا ـ دەرمەكلەرنى ئەكىلىپ بەردى. دادامنىڭ دىلو دەپ چاقىرىدىغان بۇ دوستىمۇ خۇددى قاساپقا ئوخشاشلا پۇل ئېلىشنى رەت قىلدى. دادامنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئالدىدا بۇلارنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. دىلو گۆشنى دورا ـ دەرمەكلەرگە چىلىغۇچە رەھىمخان ماڭا پەس ئاۋازدا دادامنىڭ دىلونىڭ رېستوران ئېچىشى ئۈچۈن پۇل قەرز بېرىپ تۇرغانلىقىنى، تاكى ئۇ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا «مېرسېدىس» ماركىلىق ماشىنا ھەيدەپ كېلىپ پۇلنى زورلاپ قايتۇرغۇچىلىك قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇنىمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

باشقا ئىشلارغا ئوخشاشلا، ھېچبولمىغاندا ئولتۇرۇشلارنىڭ

ئۆتكۈزۈلۈش ئۆلچىمىدىن قارىغاندا، مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى. مەن بىزنىڭ ئۆيدە مۇنداق كۆپ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى ئىچىملىك ئىستاكانلىرىنى كۆتۈرگىنىچە كارىدوردا پاراڭلىشىپ تۇرۇشقان، يەنە بەزىلىرى پەلەمپەيلەردە تاماكا چېكىشىۋاتقان ياكى ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار ئاشخانىدا، كارىدوردا، ھەتتا پەلەمپەيلەردە، قانداق يەردە ئولتۇرغۇدەك بوش ئورۇن بولسا ئولتۇرۇشاتتى. ئارقا ھويلىدا مېھمانلار دەرەخلەر ئارىسىدىن پارقىراپ تۇرغان قىزىل، كۆك، يېشىل ۋە سېرىق چىراغلار ئاستىدا تۇرۇۋېلىشقان بولۇپ، ئەتراپقا ئېسىپ قويۇلغان كىرسىن چىراغلارنىڭ نۇرىدا يۈزلىرى پارقىراپ كەتكەنىدى. دادام ئارقا ھويلىغا قاراپ تۇرىدىغان بالكونغا مىكروفونلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ سەھنە تەييارلاتقانىدى، تۆۋەندە ئەخمەت زاھىر ئۇسسۇل ئويناۋاتقان مېھمانلارغا قاراپ ئاككورديونغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

دادامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ھەربىر مېھمان بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ چىقىشىم زۆرۈر ئىدى. شۇنداق قىلسام ھېچكىممۇ دادامنىڭ ئوغلىنى قائىدىسىز چوڭ قىلغانلىقى توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك قىلالمايتتى. مەن يۈزلىگەن مەڭزلەرگە سۆيۈپ، تونۇمايدىغان ئادەملەرنى قۇچاقلاپ، ئۇلارنىڭ ئەكەلگەن سوۋغىسى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ چىقتىم. يۈزلىرىم زورلاپ كۈلگىنىمدىن ئاغرىشقا باشلىدى.

مەن ھويلىغا قويۇلغان ئىچىملىك ئۈستىلىنىڭ يېنىدا دادام بىلەن بىللە تۇراتتىم. كىمدۇر بىرى:

— تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن، ئامىر، — دېدى.

ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە تۇرغان بۇ بالا ئاسسەف ئىدى. ئاسسەفنىڭ دادىسى مەھمۇت پاكار بويى، دوغىلاق كەلگەن، قارىمۇتۇق ۋە يۈزى سوزۇنچاق ئادەم ئىدى. ئانىسى تانيا ۋىجىككىنە، چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئايال

بولۇپ، توختىماي كۆزىنى چىمچىقلىتاتتى. ئاسسەف ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوللىرىنى ئۇلارنىڭ مۈرىسىرىگە قويۇپ، ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ھىجىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇلارنى باشلاپ ئالدىمىزغا كەلدى. قارىماققا ئۇ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدەك ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتاتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باستى. دادام ئۇلارنىڭ كەلگىنىگە رەھمەت ئېيتتى.

— مەن بۇ سوۋغىنى ئۆز قولۇم بىلەن ساڭا تاللىدىم، — دېدى ئاسسەف. تانىيانىڭ يۈزلىرى تارتىشىپ، كۆزلىرى ئاسسەفتىن ماڭا يۆتكەلدى. ئۇ ئوغلىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى قوبۇل قىلالمىغاندەك ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈمسىرەپ كۆزىنى چىمچىقلىتاتتى. دادامنىڭ ئۇنىڭغا دىققەت قىلغان ـ قىلمىغانلىقى ماڭا نامەلۇم ئىدى.

— ھازىرمۇ پۇتبول ئويناۋاتامسەن، ئاسسەفجان؟ — دېدى دادام. ئۇ دائىم مېنىڭ ئاسسەف بىلەن دوست بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئاسسەف كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ شۇنچە سەممىي كۈلكىنى قاملاشتۇرالايدىغانلىقىغا ھەيرانمەن.

— ئەلۋەتتە ئاغا.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، سەن ئوڭ قاناتتا ئوينايسەن، شۇنداققۇ؟

— بۇ يىل مەن ئوتتۇرىغا ئالمىشىۋالدىم، — دېدى ئاسسەف، — ئۇنداق بولغاندا ۋاراتاغا كۆپرەك توپ ئۇرۇش پۇرسىتى بولىدىكەن. كېلەر ھەپتە بىز مەكروھ ـ رايان كوماندىسى بىلەن ئويناماقچى. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ياخشى پۇتبولچىلىرى بار، چوقۇم قىزىقارلىق مۇسابىقە بولىدۇ.

دادام بېشىنى لىڭشىتىپ:

— مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا ئالدى ھۇجۇمچى بولۇپ ئوينىغان، — دېدى.

— ئوينايمەن دېسىڭىز ھازىرمۇ ياخشى ئوينىيالايسىز، —

دېدى ئاسسەف دادامغا قاراپ بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ. دادام ئۇنىڭ كۆز قىسىشىغا كۆز قىسىش بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— دادىڭ ساڭا ئۆزىنىڭ دۇنياغا داڭلىق ماختاش ئۇسۇللىرىنى ياخشى ئۆگىتىپتۇ، — دېدى دادام ئاسسەفنىڭ دادىسىنى جەينىكى بىلەن ئىتتىرىپ. ئاسسەفنىڭ ۋىجىككىنە دادىسى يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالدى.

مەھمۇتنىڭ كۈلكىسىمۇ تانيانىڭكىگە ئوخشاشلا چۈشىنىشلىك ئىدى. تۇيۇقسىز كۆڭلۈمدىن ئۇلارنىڭ ئوغلى ئۇلارنىمۇ تەشۋىشكە سالامدىغاندۇ، دېگەن خىيال كەچتى. مەن گەرچە ئۆزۈمنى كۈلۈشكە زورلىساممۇ، پەقەت لەۋلىرىمنى ئانچە - مۇنچە پۈرۈشتۈرۈپلا قويالىدىم. دادامنىڭ ئاسسەف بىلەن قىزغىن مۇڭدىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىئارام بولدى.

ئاسسەفنىڭ كۆزى ماڭا يۆتكەلدى.

— ۋەلى بىلەن كامالمۇ مۇشۇ يەردە. ئاسمان ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇلار سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭگە كەلمەي قالمايدۇ، — دېدى ئۇ چىرايىدىكى ھېيلىگەرلىكىنى يوشۇرۇپ، — بىز ئەتە بىزنىڭ قورۇدا ۋالىبول ئوينىماقچى، سەن بىزگە قېتىلساڭ ياخشى بولاتتى. ئەگەر خالىساڭ ھەسەننىمۇ بىللە ئەكەلسەڭ بولىدۇ.

— بۇ شۇنداق ياخشى گەپ بولدى، — دېدى دادام خۇشخۇيلۇق بىلەن، — قانداق بارامسەن، ئامىر...

— مەن ۋالىبول ئويناشنى ئانچە ياخشى كۆرمەيمەن، — دېدىم مەن. دادامنىڭ كۆزىدىكى كۈلكە نەلەرگىدۇر يوقىلىپ، ئەتراپنى يېقىمسىز جىمجىتلىق قاپلىدى.

— كەچۈرگىن، ئاسسەفجان، — دېدى دادام مۈرىسىنى چىقىرىپ. ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن ئەپۇ سورىغىنىنى تېنىمگە نەشتەردەك سانجىلدى.

— ھېچقىسى.يوق، — دېدى ئاسسەف، — لېكىن، مەن سېنى ئۆيۈمگە ھەرقاچان تەكلىپ قىلىقلىق، ئامىرجان. گەپنىڭ

قىسقىسى، مەن سىنى كىتاب ئوقۇشقا بەك ئامراق دەپ ئاڭلاپ بىر كىتاب ئالغاچ كەلگەن، — ئۇ قولىدىكى سوۋغىنى ئۇزاتتى، — تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن !

ئۇ بويىنىغا قىزىل گالىستۇك تاقىغان، ئۇچىسىغا پاختا كۆڭلەك بىلەن كۆك ئىشتان، پۇتىغا پارقىراق قارا ئاياغ كىيىۋالغانىدى. بەدىنىدىن ئەتىر پۇراپ تۇراتتى. سېرىق چاچلىرى يان تەرەپكە تەكشى تارالغانىدى. ئۇنىڭ قاۋۇل، كۆچلۈك قامىتى، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ۋە تالانتلىق بىر بالا بولۇپ كۆرۈنۈشى ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا ئارزۇ قىلىدىغان بىر پەرزەنتنىڭ مۇجەسسىمى ئىدى. ئۇنىڭ چوڭلار بىلەنمۇ ئۇستىلىق بىلەن چاقچاق قىلالايدىغىنىنى ئېغىزغا ئالماي تۇراي. مېنىڭچە بولسا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇ كۆزلەرگە قارىغىنىمدا، ئۇنىڭ ساختا سىرتقى قىياپىتى غۇۋالىشىپ، ئۇلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان تەلۋىلىكنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

— ئۇنى ئالماسەن، ئامىر، — دەۋاتاتتى دادام.

— نېمە؟

— ساڭا ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى، — دېدى ئۇ ماڭا سىناق نەزىرىدە قاراپ، — ئاسسەفجان ساڭا سوۋغا تەقدىم قىلىۋاتىدۇ.

— ھە، — دېدىم ـ دە، ئاسسەفتىن كوروپكىنى ئېلىپ تۆۋەنگە قارىدىم.

شۇ تاپتا مەن كىشىلەردىن يىراق تۇرۇپ، ئۆيۈمگە كىرىپ كىتابىمنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلاتتىم.

— ئامىر؟

— نېمە؟

دادام مەن ھەر قېتىم ئۇنى كىشىلەر ئالدىدا خىجالەتكە قويغاندا ئىشلىتىدىغان تۆۋەن ئاۋازى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

— سەن ئاسسەفجانغا رەھمەت ئېيتمامسەن؟ ئۇ بەك كايىپ كېتىپتۇ.

دادام ئۇنى «ئاسسەفجان» دەپ چاقىرمىسا نېمە بولار؟ ئۇ مېنى قانچە قېتىم «ئامىرجان» دەپ چاقىرىپ باققان؟

— رەھمەت، — دېدىم مەن. ئاسسەفنىڭ ئانىسى ماڭا قاراپ بىرنېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، توختاپ قالدى. شۇ چاغدىلا، ئاسسەفنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ بىز كۆرۈشكەندىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دادام بىلەن ئۆزۈمنى يەنە خىجىللىقتا قويۇشتىن بۇرۇن، مۇھىمى ئاسسەفتىن ۋە ئۇنىڭ ھىجىيىشلىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتىم.

— كەلگىنىڭلارغا رەھمەت، — دېدىم - دە، كېتىپ قالدىم.

مەن توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تۆمۈر دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقتىم. بىزنىڭ ئۆيدىن ئىككى ئۆي نېرىسىدا كۆلىمى خېلىلا چوڭ بوش يەر بار ئىدى. دادامنىڭ رەھىمخانغا بۇ يەرنى بىر سوتچىنىڭ سېتىۋالغانلىقىنى، قۇرۇلۇش لايىھەلىگۈچىنىڭ ئاللىقاچان لايىھەلەشكە چۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ھازىرچە بۇ يەر بىكار بولۇپ، پەقەت توپا، تاش ۋە ئوت - چۆپلەر دۆۋىلەنگەنىدى.

مەن ئاسسەف بەرگەن سوۋغاتنىڭ بېزەك قەغىزىنى يىرتىپ، كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى ئاي نۇرىغا تۇتتۇم. ئۇ گىتلېرنىڭ تەرجىمىھالى ئىدى، مەن ئۇنى چىرمىشىپ ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرگە قارىتىپ چۆرىدىم.

مەن قوشنىلارنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ، كۆكرىكىمنى تىزىمغا تاقاپ، يولتۇزغا قاراپ ئولتۇردۇم. بۇ كېچىنىڭ تېزرەك ئاياغلىشىشىنى كۈتتۈم.

— سەن مېھمانلار بىلەن بىللە بولۇشۇڭ كېرەكقۇ؟ — بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. رەھىمخان تامنى بويلاپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— دادام ئۇ يەردە بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا مېنىڭ كېرىكىم يوق، شۇنداققۇ؟ — دېدىم. رەھىمخان يېنىمغا كېلىپ

ئۇلتۇرغاندا، قولىدىكى ئىچىملىكنىڭ ئىچىدىكى مۇز پارچىلىرى شاراقلاپ كەتتى.

— مەن سىزنىڭ هاراق ئىچىدىغىنىڭىزنى بىلمەيدىكەنمەن.

— مەن ئىچىدىغان چىقىپ قالدىم، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ جەينىكى بىلەن مېنى نوقۇپ قويۇپ، — ئەمما، مەن پەقەت ئەڭ مۇھىم سورۇنلاردىلا ئىچىمەن.

مەن كۈلۈمسىرىدىم.

— رەھمەت.

ئۇ ماڭا قاراپ ئىستاكاننى كۆتۈرۈپ قويدى ـ دە، بىر يۇتۇم ئىچىۋەتتى. ئاندىن ئۇ دادام بىلەن بىللە چېكىدىغان پاكىستاننىڭ سۆزگۈچى يوق تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى.

— مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ بىر قېتىم توي قىلىشقا تاس قالغانلىقىمنى ئېيتىپ بەرگەنمۇ؟

— راستمۇ؟ — دېدىم. رەھىمخاننىڭ توي قىلماقچى بولغان هالىتىنى ئويلاپ كۈلۈمسىرىدىم. مەن دائىم رەھىمخاننى دادامنىڭ كەم سۆز هالىتىنى ئۆزگەرتكۈچى، مېنىڭ يېزىقچىلىقتىكى يېتەكچىم، داۋاملىق سەپەردىن كەلگەندە ماڭا سوۋغات ئەكىلىشنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدىغان دوستۇم دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، ئۇ توي قىلغان ئەر، دادا، شۇنداقمۇ؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— راست دەۋاتىمەن. ئۇ مېنىڭ ئون سەككىز ياشقا كىرگەن ۋاقتىم ئىدى. مەن بىلەن توي قىلغان قىزنىڭ ئىسمى هومايرا ئىدى. ئۇ بىزنىڭ قوشنىمىزنىڭ هەزارا خىزمەتكارىنىڭ قىزى، پەرىدەك گۈزەل قىز ئىدى. ئۇنىڭ سۇس قوڭۇر چاچلىرى، قوي كۆزلىرى... ئۇنىڭ ئاشۇ كۈلكىسى... هازىرغىچە ئېسىمدە، — دېدى قولىدىكى ئىستاكاننى ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ، — بىز دادامنىڭ ئالمىزارلىقىدا يېرىم كېچىدە، يەنى هەممە ئادەم ئۇيقۇغا كەتكەندە كۆرۈشەتتۇق. ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا بىر ـ بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ ماڭاتتۇق... مەن سېنى

ئۇڭايسىزلاندۇرۇۋاتامدىم، ئامىرجان؟
— ئازراق، — دېدىم مەن.
— ئاڭلاپ قويغىنىڭنىڭ زىيىنى يوق، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى يەنە بىر شورىۋېتىپ، — گەپنىڭ قىسقىسى، بىز بىللە شېرىن خىياللارنى سۈرەتتۇق. بىز داغدۇغىلىق تويى قىلىپ، كابۇلدىن قەندەرخارغىچە ھەممە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمىزنى چاقىرىدىغان، ئۆزىمىزگە ئاق مەرمەر تاش بىلەن ياسالغان، بالكونى بار يوغان ئۆي سالدۇرىدىغان، ھويلىمىزغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ، گۈللۈك ياساپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل گۈللەرنى تېرىيدىغان، يەرگە چىملىق ياتقۇزۇپ، بالىلىرىمىز ئويناپدىغان يەر تەييارلايدىغان بولغاندۇق. تېخى جۈمە نامازدىن كېيىن ھەممە ئادەم بىزنىڭ ئۆيگە يىغىلىپ باغچىدا ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يەيدىغان، قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدىغان، چاي ئىچكەچ تۇغقانلىرىمىز بىلەن بىللە بالىلىرىمىزنىڭ ئويۇنىنى كۆرىدىغان...
ئۇ ھاراقتىن ئېغىزىغا تولدۇرۇپ بىر يۇتۇم ئوتلىدى - دە، ئارقىدىن يۆتىلىپ كەتتى.
— مەن دادامغا ئەھۋالنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرگەن بولساڭ... بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانام دەرھال ھوشىدىن كەتتى. ئاچام ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ چاچتى. ھەممەيلەن ئۇنى بەس - بەس بىلەن يەلپۈپ چىقتى. ھەممەيلەن ماڭا خۇددى مەن ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇزلىغاندەك قاراشتى. ئاكام جالال تېخى مېنى ئاتماقچى بولۇپ مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ كەلدى، — رەھىمخان ئاچچىق بىلەن كۈلدى، — پۈتۈن دۇنيا ھومايرا بىلەن ماڭا قارشى چىقتى. مەن ساڭا دەي ئامىرجان: ئاخىرىدا ھامىنى بۇ دۇنيا يېڭىدۇ. بۇ شۇنداق جاھان...
— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟
— شۇ كۈنىلا دادام ھومايرانى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى يۈك ماشىنىغا بېسىپ ھەزاراجاتقا يولغا سېلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن

مەن ئۇنى كۆرۈپ باقمىدىم.

— تازا كۆڭۈلسىز ئىش بوپتۇ، — دېدىم مەن.

— بەلكىم شۇنداق بولغىنى ياخشىدۇ، — دېدى رەھىمخان مۇرىسىنى قىسىپ، — ئۇ كۆپ ئازاب چەككەن بولاتتى. مېنىڭ ئائىلەم ھەرگىزمۇ ئۇنى باراۋەر كۆرمەيتتى. سەن ھەرگىز بىر ئادەمنى بىر كۈن ئايىغىڭنى مايلاشقا بۇيرۇپ، ئەتىسى يەنە سىڭلىم ياكى ھەدەم دەپ چاقىرمايسەن - دە، — ئۇ ماڭا قارىدى، — سەنمۇ ماڭا ھەرقانداق ۋاقىتتا، قانداق گېپىڭ بولسا ئېيتساڭ بولىدۇ، ئامىرجان، ھەرقانداق ۋاقىتتا.

— بىلىمەن، — دېدىم مەن سەل تېڭىرقىغان ھالدا، ئۇ مېنىڭ گەپ قىلىشىمنى كۈتكەندەك تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرى ئارىمىزدا ئېيتالمىغان سىر بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك قىلاتتى. دەسلەپتە مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتماقچى بولدۇم. ئەمما، ئۇ مېنى قانداق ئويلاپ قالار؟ ئۇ مېنى چوقۇملا ئۆچ كۆرۈپ قالىدۇ.

— بۇنى ئال، — ئۇ ماڭا بىر نەرسە ئۇزاتتى، — ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن.

ئۇ بېغىر رەڭ خۇرۇم تاشلىق خاتىرە دەپتەر ئىدى. مەن دەپتەرنىڭ ئالتۇن يالىتىلغان قىرىنى بارماقلىرىم بىلەن سىلىدىم. بۇرنۇمغا خۇرۇمنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— سېنى تېخىمۇ كۆپ ھېكايە يازسۇن دەپ ... — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشقا تەمشەلگەن چېغىمدا، بىر نەرسە پارتلاپ، ئۇنىڭدىن چىققان ئوتلار ئاسماننى يورۇتتى.

— ساليۇت! — بىز ئورنىمىزدىن دەرھال تۇرۇپ، ھويلىدا ئۆرە تۇرۇپ ئاسمانغا قاراۋاتقان مېھمانلارنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ساليۇتلار ھەر قېتىم پاقىلداپ ياكى پۇشۇلداپ ئاۋاز چىقارغاندا، بالىلار دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ چۇرقىرىشاتتى. كىشىلەر ھەر قېتىم ئاسماندا ئېتىلغان ساليۇتنىڭ يالقۇنى كۆرۈنگەندە چاۋاك چېلىشاتتى. ھەر نەچچە سېكۇنتتا ئارقا ھويلا تۇيۇقسىز

چاقنىغان قىزىل، يېشىل ۋە سېرىق نۇرلار بىلەن يورۇپ كېتەتتى.

ئەنە شۇ يورۇقلارنىڭ بىرىدە مەن مەڭگۇ ئېسىمدىن چىقمايدىغان بىرنەرسىنى كۆردۈم: ھەسەن كۇمۇش پەتنۇسقا ئاسسەڧ بىلەن ۋەلىگە ئىچىملىك سۇنۇۋاتاتتى. يورۇق ئۆچتى، يەنە بىر قېتىم ساليۇتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئەتراپ سارغۇچ رەڭدە يورۇدى. يورۇق كۆرۈنگەندە بولسا ئاسسەڧ ھىجىيىپ تۇرۇپ تۆمۈر مۇشتىكى بىلەن ھەسەننىڭ كۆكرىكىدىن ئىتتىرىۋاتاتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپنى يەنە بىر قۇتقۇزغۇچى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

# توققۇزىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگەندە، مەن ھۇجرامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ سوۋغاتلارنىڭ قېپىنى يىرتىپ كۆرۈشكە باشلىدىم: ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى كۆرۈپ قويۇپلا، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تاشلايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىدەپ ۋاقتىمنى قاپلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئىسراپ قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ھېچ چۈشەنمەيتتىم. بۇلۇڭغا تاشلانغان سوۋغاتلار دۆۋىسى بارغانسېرى ئېگىزلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەڭسىز رەسىم تارتىش ئاپپاراتى، راديو، ناھايىتى تۇجۇپىلەپ ياسالغان ئېلېكترونلۇق پويىز ۋە ئىچىگە پۇل سېلىنىپ ئېغىزى يەملەنگەن كونۋېرتلاردىن بىرنەچچىسى بار ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇ پۇللارنى ھەرگىز خەجلىمەيدىغانلىقىمنى، راديونى مەڭگۈ ئاڭلىمايدىغانلىقىمنى ھەم ئۇ ئېلېكترونلۇق پويىزنىڭ رېلىسىغىمۇ مېنىڭ ياتاق ئۆيۈمدە ئۆز ئورنىنى تېپىش مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ماڭا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كېرەك ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ھارام نەرسىلەر ئىدى. چۈنكى، ئەگەر مەن ئاشۇ مۇسابىقىدە يەڭمىگەن بولسام دادام ھەرگىزمۇ مەن ئۈچۈن بۇ تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمىگەن بولاتتى.

دادام مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئاتاپ ئىككى سوۋغات بەردى. سوۋغاتنىڭ بىرى پۈتۈن مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ كۆزىنى قىزارتىدىغان ۋېلىسىپىتلارنىڭ پىرى دەپ قارىلىدىغان، «كېپىنەك بېلىقى» ماركىلىق ۋېلىسىپىت ئىدى. ئۇنىڭ رولى ئېگىز، قارا رېزىنكە تۇتقۇچى بار، ئورۇندۇقى بانان شەكلىدە ئالاھىدە قىلىپ ياسالغانىدى. چاقلىرىنىڭ سىملىرى ئالتۇن

رەڭلىك، باشقا يەرلىرى قىزىل رەڭدە ئىدى. ئەگەر مەن بۇ ۋېلىسىپىتقا بىرنەچچە ئاي بۇرۇن ئېرىشكەن بولسام، خۇددى ھەرقانداق بىر بالىغا ئوخشاش ئۆزۈمنى دەرھال ئۇنىڭغا ئېتىپ، ئۇنى مىنىپ پۈتۈن مەھەللىنى ئايلىنىپ چىققان بولاتتىم.

— قانداق، ئۇنى ياخشى كۆردۈڭمۇ؟ — سورىدى دادام ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ. مەن دەرھال رايىشلىق بىلەن يالغاندىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— رەھمەت، — دەپلا توختاپ قالدىم. مەن ئىچىمدە ئۇنىڭغا ياخشىراق جاۋاب قايتۇرالىغان بولسام ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىدىم.

— ئەگەر خالىساڭ، ھازىر بىز ئۇنى مىنگىلى سىرتقا چىقىپ كېلەيلى، — دېدى دادام. بۇ ئېنىقلا چىن كۆڭۈلدىن چىققان تەكلىپ ئەمەس، بەلكى پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئېيتىلغان تەكلىپ ئىدى.

— كېيىنرەك چىقايلى، مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، — دېدىم مەن.

— بولىدۇ، — دېدى دادام.

— دادا؟

— ھە؟

— ئاخشامقى سالىيۈتقا رەھمەت، — دېدىم مەن. بۇمۇ چىن كۆڭلۈمدىن چىققان مىننەتدارلىق سۆزى ئەمەس، بەلكى پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا دەپ قويغانىدىم.

— ئەمىسە دەم ئالغىن، — دېدى دادام ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭغاچ.

دادام يەنە بىر قول سائىتى سوۋغا قىلغانىدى. سائەتنىڭ يۈزى كۆك رەڭدە، چاقماق چاققاندا ئاسماندا كۆرۈنىدىغان نۇر شەكلىدە ئالتۇندىن ياسالغان ئىسترېلكىلىرى بار ئىدى. دادام مېنىڭ ئۇ سوۋغىنى قېپىدىن ئېچىشىمنىمۇ ساقلىماي چىقىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ، تاقاپ باقماستىنلا ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا

دۈۋىلەپ قويۇلغان ئويۇنچۇقلارنىڭ ئۈستىگە چۈرۈدۈم. ئاشۇ ئويۇنچۇق دۈۋىسىگە تاشلىمىغان بىردىنبىر سوۋغات رەھىمخان بەرگەن خۇرۇم تاشلىق خاتىرە دەپتەر بولۇپ، مەن ئۇچۇن پەقەت شۇلا هارام هېسابلانمىدى.

مەن كاربۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ، قولۇمدىكى خاتىرە دەپ- تەرنى ۋاراقلىدىم. رەھىمخاننىڭ هومايىرا توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرىنى، ئاخىرىدا دادىسىنىڭ هومايىرانى كەتكۈزۈۋەتكەنلىد- كىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. رەھىمخاننىڭ دادىسىنىڭ هو- مايرانى كەتكۈزۈۋەتكەنلىكى ھەممە ئادەم ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش بولغانىكەن، دەپ ئويلىدىم. «ئۇ كۆپ ئازاب چەككەن بولاتتى». ئەمدىلىكتە خۇددى هومايون تاغامنىڭ چىرىغى بەزىدە بۇزۇلۇپ قېلىپ ئوخشاش بىر رەسىمنى قايتا - قايتا كۆرسەتكەندەك، ھەسەننىڭ بېشىنى ساڭگىلاتقان هالدا ئاسسەق بىلەن ۋەلىگە ئىچىملىك سۇنۇۋاتقان كۆرۈنۈشى مېڭەمدە قايتا - قايتا ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. بەلكىم ئوخشاش ئۇسۇلدا ھەل قىلىش ھەم- مىمىز ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئۇنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتەلەيدىغاندۇ. مېنىڭ ئازابىمنىمۇ يەڭگىللەيدىغاندۇ. قانداق ئۇسۇل قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر مۇنداق بىر يەكۈن كۆڭلۈمدە بارغانسېرى ئېنىق بولماقتا ئىدى: بىرىمىز چوقۇم بۇ يەردىن يوقىلىشىمىز كېرەك.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن ۋېلىسىپىتنى سىرتقا ئاچىقىپ، ئۈنى بىرىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مىندىم. لېكىن، ئۆيىمىز ئالدىدىكى كوچىنى ئىككى قېتىمدەك ئايلىنىپلا قايتىپ كەلدىم. ۋېلىسىپىتنى ئارقا هويلىغا مىنىپ كىرگىنىمدە، ھەسەن بىلەن ئەلى ئاخشامقى ئولتۇرۇشتىن قالغان قالايمىقانچىلىقلارنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. هويلىدا قەغەز ئىستاكانلار، قول سۈرتۈپ تاشلىغان قەغەزلەر ۋە ئىچى قۇرۇقدالغان سوغۇق ئىچىملىك بوتۇلكىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. ئەلى ئورۇندۇقلارنى قاتلاپ تامغا تىكلەپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ قولىنى پۇلاڭلاتتى.

— سالام، ئەلى، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ.

ئۇ بىر بارمىقىنى چىقىرىپ، مېنى بىردەم ساقلاپ تۇرۇشقا شەرەت قىلدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىرنەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى.

— ئاخشام بۇنى سىزگە بېرىش ھەسەن ئىككىمىز نېسىپ بولمىدى، — دېدى ئۇ قولىدىكى قەغەز ساندۇقنى ماڭا ئۇزىتىپ، — بۇ سىزنىڭ لايىقىڭىزدا ئەمەسلىكىنى بىلىمىز ئامىر. شۇنداق بولسىمۇ ياقتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!

شۇ زامان گېلىمغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بىلىندى:

— رەھمەت، ئەلى، — دېدىم مەن. مەن ئۇنىڭ ماڭا سوۋغات بەرمەسلىكىنى شۇنچە ئۈمىد قىلغانىدىم. مەن كورۇپكىنى ئېچىپ، ئىچىدىن قاتتىق تاشلىق، رەڭلىك رەسىملىرى بار «شاھنامە» دېگەن كىتابنى ئالدىم. بىر بەتتە فەرەنگىسنىڭ ئەمدىلا تۇغۇلغان ئوغلى كەيخۇسراۋغا قاراپ تۇرغان رەسىمى، يەنە بىر بەتتە ئافراسىيابنىڭ ئات ئۈستىدە قىلىچىنى ئويىنىتىپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ماڭغان كۆرۈنۈشى تۇراتتى. مەن يەنە رۇستەمنىڭ ئۆز ئوغلى سوھراب پالۋاننى ئەجەللىك يارىدار قىلغانلىقى توغرۇلۇق كۆرۈنۈش بار بەتنىمۇ كۆردۈم.

— نېمىدېگەن گۈزەل، — دېدىم مەن.

— ھەسەن ماڭا سىزدىكى «شاھنامە»نىڭ بەك كونىراپ كەتكەنلىكىنى، بەزى ۋاراقلىرىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، — دېدى ئەلى، — كىتابنىڭ ئىچىدىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسى قولدا سىزىلغانىكەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوقۇيالمايدىغان كىتابقا تىكىلگەنىدى.

— بەك ياخشى ئىكەن، — دېدىم مەن. دېمىسىمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. باھاسىنىڭمۇ ئەرزان ئەمەسلىكى بىلىنىپ

تۇراتتى. مەن ئەلگە بۇنداق سوۋغاتقا ئەرزىمەيدىغانلىقىمنى ئېيتالىغان بولسام قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە! مەن ۋېلىسىپىتنىڭ ئېگىرىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم ـ دە:

— ھەسەنگە مەن ئۇچۇن رەھمەت ئېيتىپ قويغىن، — دېدىم.

مەن بۇ كىتابنىمۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى سوۋغاتلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىدىم. لېكىن، كۆزلىرىمنى ئۇ كىتابتىن زادى ئۈزەلمىدىم. ئاخىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنى سوۋغاتلارنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتتىم. شۇ كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن، مەن دادامدىن مېنىڭ يېڭى سائىتىمنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سورىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مەن ھۇجرامدا ئەلىنى ناشتىدىن كېيىن داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، قاچىلارنى يۇيۇپ، ئىشكاپلارنى سۈرتۈپ بولغۇچە ساقلىدىم. ھۇجرامنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا ھەسەن بىلەن ئەلىنىڭ قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ بازارغا سودىلىقا مېڭىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم.

ئۇلارنىڭ قارىسى غايىب بولغاندىن كېيىن دۆۋىلەكلىك سوۋغاتلارنىڭ ئارىسىدىن پۇل سېلىنغان ئىككى دانە كونۋېرت بىلەن دادام بەرگەن قول سائەتنى ئېلىپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ھۇجرامدىن چىقتىم. مەن دادامنىڭ كۈتۈپخانىسىنىڭ ئالدىدا توختىدىم ـ دە، ئۇ يەردىن چىقىۋاتقان ئاۋازغا قۇلاق سالدىم. دادام ئەتىگەندىن بېرى تېلېفوندا كىملەرگىدۇر كېلەر ھەپتە يېتىپ كېلىدىغان گىلەملەر توغرۇلۇق سۆزلەۋاتاتتى. مەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئەلى بىلەن ھەسەننىڭ ئۆيىگە كىردىم. ھەسەننىڭ كۆرپىسىنى قايرىپ، ئۇنىڭ ئاستىغا يېڭى سائىتىم بىلەن بىر تۇتام ئافغان پۇلىنى تىقىپ قويدۇم.

مەن يەنە ئوتتۇز مىنۇتتەك ساقلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن

دادامنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئۇنىڭغا مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلغان نومۇسسىز يالغان ھېكايەمنى ئېيتتىم.

ھۇجرامنىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ تۇرۇپ، ئەلى بىلەن ھەسەننىڭ گۆش، نان، مېۋە ۋە كۆكتاتلار بىلەن تولغان قول ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىنى كۆردۇم. دادام ئۆيدىن چىقىپ ئەلىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئەلى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. دادام ئۆي تەرەپنى كۆرسەتكەندە، ئەلى بېشىنى لىڭشىتتى. دادام ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئەلى بىلەن ھەسەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
بىر ئازدىن كېيىن دادام ئىشىكىمنى چەكتى.
— كۇتۇپخانامغا كىرگىن، — دېدى ئۇ، — بىز بۇ ئىشنى دەرقەمدە ئولتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلمۇۋېتەيلى.
مەن دادامنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ خۇرۇم سافادا ئولتۇردۇم. ھەسەن بىلەن ئەلىنىڭ كىرىپ بىزگە قېتىلىشىغا يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كەتتى.

ئۇلارنىڭ قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ يىغلىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇلار دادامنىڭ ئالدىدا بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ تۇردى. مەن ئولتۇرغان يېرىمدە ئۆزۈمنىڭ قاچانلاردىن بېرى باشقىلارغا شۇنچىلىك ئازاب ئەكىلەيدىغان بولۇپ قالغىنىمغا ھەيران بولدۇم. دادام ھېچ ئىككىلەنمەيلا ھەسەندىن:
— سەن پۇل ئوغرىلىدىڭمۇ؟ ئامىرنىڭ سائىتىنى سەن ئوغرىلىدىڭمۇ، ھەسەن؟ — دەپ سورىدى.
ھەسەن ئىنچىكە ھەم تۇۋەن ئاۋازدا بىر ئېغىزلا جاۋاب بەردى:
— ھەئە.

مەن بىرى مېنىڭ تەستىكىمگە قاتتىق ئۇرغاندەك شۇركۈنۈپ ئارقامغا سىلكىندىم. يۈرىكىم قاتتىق سىقىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋال ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. لېكىن، مەن ھەممىنى چۈشەندىم: بۇ ھەسەننىڭ مەن ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنى قۇربان قىلىشى ئىكەن. ئەگەر ئۇ «ياق» دېگەن بولسا دادام ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. چۈنكى، ھەسەننىڭ ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقى ھەممىيلەنگە ئايان ئىدى. ئەگەر دادام ئۇنىڭغا ئىشەنسە مەن گۇناھكار بولىمەن ــ دە، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشۈمگە، ئۆزۈمنىڭ زادى قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىمنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولىمەن. شۇنىڭ بىلەن دادام مېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ.

شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن يەنە بىرنەرسىنى چۈشەندىم: ھەسەن بىلىدىكەن. ئۇ مېنىڭ ئاشۇ خالتا كوچىدا يۈز بەرگەن ئىشنى كۆرگەنلىكىمنى، ھېچنېمە قىلماي قاراپ تۇرغانلىقىمنى بىلىدىكەن. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە مېنى قۇتقۇزۇۋېتىپتۇ. بەلكىم ئۇ ئاخىرقى قېتىم شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ. مەن دەل شۇ مىنۇتنىڭ ئىچىدە ھەسەنگە يۈرىكىمنىڭ ھەممىنى بەردىم. مەن ھاياتىمدا ھېچكىمگە بۇنداق ھېسسىياتتا بولۇپ باقمىغانىدىم. مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئوت ــ چۆپ ئارىسىدىكى يىلان، كۆلدىكى ئالۋاستى ئىكەنلىكىمنى، بۇنداق قۇربان بېرىشلەرگە ئەرزىمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن. مەن بولسام بىر يالغانچى، ئالدامچى، ئوغرى ! مەن ھەممىنى ئېيتىشقا تەييار بولدۇم. ھالبۇكى، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە بىر خىل خۇشاللىق بىلىنىشكە باشلىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ئاز قالغانلىقىغا كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى خۇشال ئىدى. دادام ئۇلارنى يولغا سالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ ئىنتايىن ئازابلىق ئىش، لېكىن تۇرمۇش يەنە ئۆز يولىدا ماڭىدۇ. توغرا، مەن ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇيمەن، ئالدىمغا قاراپ ماڭىمەن. يېڭى ھاياتنى باشلايمەن.

ئەمما دادام:

— مەن سىنى كەچۈردۈم، — دەپ مىنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى.

كەچۈردۈم؟ ئەجەبا ئوغرىلىق كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ ئەمەسمىدى؟ دادام مىنى ئۆزىنىڭ قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ: «سەن بىر ئەرنى ئۆلتۈرسەڭ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ئوغرىلىغان بولىسەن. ئۇنىڭ خوتۇنىدىن ئېرىنى، باللىرىدىن دادىسىنى ئوغرىلىغان بولىسەن. سەن يالغان سۆزلىسەڭ، باشقىلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش ھوقۇقىنى ئوغرىلىغان بولىسەن. ئەگەر سەن ئالدامچىلىق قىلساڭ، باشقىلارنىڭ ئادىللىققا بولغان ھوقۇقىنى ئوغرىلىغان بولىسەن. دۇنيادا ئوغرىلىقتىن ئارتۇق شەرمەندىچىلىك بولمايدۇ» دېگەن ئەمەسمىدى؟ ئۇ قانداق بولۇپ ھەسەننى كەچۈرۈۋېتىدۇ؟ دادام ئۇنى كەچۈرەلىگەنىكەن، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئوغلى بولۇپ چىقالمىغىنىمنى كەچۈرەلمەيدۇ؟ زادى نېمە ئۈچۈن...

— بىز كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز، ساھىب ئاغا، — دېدى ئەلى.

— نېمە؟ — دېدى دادام چىرايىدا قان قالمىغان ھالدا.

— بىز بۇ يەردە ئەمدى ياشىيالمىغۇدەكمىز، — دېدى ئەلى.

— لېكىن، مەن ئۇنى كەچۈردۈم ئەلى، ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى دادام.

— بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىمىز ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، ساھىب ئاغا، بىز كېتەيلى.

ئەلى ھەسەننى تارتىپ، قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى. ئۇ ئوغلىنى بىرنەرسىدىن قوغدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھەسەننى كىمدىن قوغداۋاتقانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. ئەلى ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ سوغۇق، غەزەپلىك قاراشلىرىدىن ھەسەننىڭ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتقانلىقىنى جەزم قىلدىم. ئۇ ئەلىگە ھەممىنى ئېيتىپتۇ. ئاسسەف بىلەن دوستلىرىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە قىلغانلىقىنى، لەگلەك، مەن ... ئەمما مەن ئىچىمدە باشقىلارنىڭ

مېنىڭ ئەپت - بەشىرەمنى بىلگىنىڭگە خۇشال بولدۇم. مەن يالغانچىلىقتىن تولىمۇ زېرىككەنىدىم.

— مېنىڭ پۇل ياكى سائەت بىلەن كارىم يوق، — دېدى دادام ئىككى قولىنى ئېچىپ تۇرۇپ، — مەن سېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقىڭنى زادى چۈشەنمىدىم. سېنىڭ «مۇمكىن ئەمەس» دېگىنىڭ نېمە گەپ؟

— كەچۈرۈڭ، ساھىب ئاغا، بىز يۇك - تاقلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ بولدۇق. بىز بىر قارارغا كېلىپ بولدۇق.

دادام ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىنى قايغۇ قاپلىغانىدى.

— ئەلى، مەن سىلەرگە ياخشى قارىيالمىدىممۇ؟ سىلەرنى ياخشى باقالمىدىممۇ؟ سەن بىلىسەن، مېنىڭ سەندىن باشقا قېرىندىشىم يوق. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قىلمىغىن.

— سىز ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرمىسىڭىز، ساھىب ئاغا، — دېدى ئەلى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تىترەشكە باشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاچچىق ئازابىنىڭ بەلگىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. شۇ چاغدىلا ئۆزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ ئازابىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى، ھەتتا ئەلىنىڭ پالەچ يۈزلىرىدىمۇ يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالغان دەرىجىدە ئېغىر يارا قالدۇرغىنىمنى چۈشەندىم. مەن ئۆزۈمنى زورلاپ ھەسەنگە قارىدىم. لېكىن، ئۇ بېشى ساڭگىلىتىپ، كۆڭلىكىدىن ساڭگىلاپ قالغان يىپنى بارمىقىغا يۆگەپ تۇراتتى.

دادام ئۇلارغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ھېچبولمىغاندا ماڭا نېمە ئۈچۈنلۈكىنى دېگىن، مەن سەۋەبىنى بىلەي.

ئەلى دادامغا ھېچ نەرسىنى ئېيتمىدى. ئۇ ھەسەن ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان چاغدىمۇ ئۇن - تىنسىز تۇرغانىدى. مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى مەڭگۈ بىلەلمەسلىكىم مۇمكىن. مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ كىچىك ئۆيدە كۆز يېشى قىلىشقانلىقىنى، ھەسەننىڭ ئۇنىڭغا مېنى

ئاشكارىلىماسلىقىنى ئۆتۈنگەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. شۇنداقتىمۇ، ئەلىنىڭ ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى شۇنچىلىك تۇتۇۋالغانلىقىغا سەۋەب بولغان كۈچنى ئويلاپ يېتەلمىدىم.

— بىزنى ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئاپىرىپ قويالامسىز؟

— مەن سىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭىزغا ھەرگىز يول قويمايمەن! — دېدى دادام ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا، — ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ مەن يول قويمايمەن !

— ئەمما، مەن ھۆرمەت بىلەن ئېيتايكى، سىز مېنى ھېچ نەرسىدىن توسۇپ قالالمايسىز، ساھىب ئاغا، — دېدى ئەلى، — بىز ئەمدى سىزگە ئىشلىيەلمەيمىز.

— ئەمدى قەيەرگە بارىسىلەر؟ — دادامنىڭ ئاۋازى تىترەشكە باشلىدى.

— ھەزاراجاتقا.

— نەۋرە تۇغقىنىڭنىڭ يېنىغىمۇ؟

— ھەئە. بىزنى ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئاپىرىپ قويالارسىزمۇ، ساھىب ئاغا؟

دادام يىغلاشقا باشلىدى. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان بىر ئىشقا گۇۋاھ بولۇشۇم ئىدى. چوپچوڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىشىدىن قورقۇپ قالدىم. دادىلار يىغلىمايتتىغۇ؟

— ئۇنداق قىلمىغىن... — دەيتتى دادام. ئەلى ھەسەننى ئارقىسىغا سېلىپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغانىدى. مەن دادامنىڭ ئۇلارغا يالۋۇرغاندىكى بىچارە قىياپىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن.

شۇ يىلى يازدا كابۇلدا يامغۇر ناھايىتى ئاز ياغدى. ئاسمان كۆندە دېگۈدەك كۆپكۆك بولۇپ، تىك چۈشكەن قۇياش نۇرى ئادەمنىڭ بويىنىنى دەزمال سالغاندەك كۆيدۈرەتتى.

ھەسەن ئىككىمىز ئەتىياز پەسلىدە تاش ئېتىپ ئوينايدىغان ئېرىقمۇ قۇرۇپ كەتكەن، مەپىلەر يولدىن ئۆتكەندە ھەممە يەردىن

توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلەتتى. كىشىلەر مەسچىتكە بېرىپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھاۋا سالقىنلىغۇچە سايە يەرلەرنى تېپىپ ئۇيقۇغا كېتىشەتتى. ياز كۈنلىرىدە باللار لىق توشقان، تۈزۈكرەكمۇ ھاۋا ئالماشمايدىغان سىنىپنىڭ ئىچىدە تەرلەپ ئولتۇرۇپ، تىلىمىز تەستە كېلىدىغان ئەرەب تىلىنى ئۆگىنەتتۇق ۋە قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى يادلايتتۇق. ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ۋاسكېتبول گارىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئايەت ئوقۇۋاتقان موللامغا تەڭكەش قىلىپ غىڭشىلداۋاتقان چىۋىنلەرنى قولىمىز بىلەن تۇتۇۋېلىپ ئوينايتتۇق.

ئەمما، دادام ئەلى بىلەن ھەسەننى ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئېلىپ ماڭغان كۈنى چۈشتىن كېيىن يامغۇر ياغقانىدى. ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، چاقماق چېقىلىپ، بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە شارقىراپ قارا يامغۇر يېغىپ كەتتى.

دادام ئۇلارنى بامىيان شەھىرىگە ئۆزى ماشىنا ھەيدەپ ئاپىرىپ قويماقچى بولغانىدى. لېكىن، ئەلى ئۇنى رەت قىلدى. يامغۇر تامچىلىرى توختىماي ئۇرۇلۇۋاتقان دېرىزىدىن ئەلىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەئەللۇقاتلىرى قاچىلانغان بىرلا چامادانىنى دادامنىڭ ماشىنىسىغا سېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ھەسەن ئۆزىنىڭ كۆرپىسىنى يۆگەپ، يىپ بىلەن باغلاپ دۈمبىسىگە ئارتىۋالغانىدى. مەن ئەتىسى ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنىڭ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا خۇددى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمدىكى سوۋغاتلارغا ئوخشاشلا دۆۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

يامغۇر تامچىلىرى دېرىزەمدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. دادام ماشىنىنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ياپتى. ئۇ ئۈستىبېشى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولغان ھالدا ماشىنىنىڭ شوپۇر ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقى بار ئىشىكى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ماشىنىنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئەلىگە ئاخىرقى قېتىم پىلانىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆتۈنگەن بولسا كېرەك، نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى. ئۇلار بىرھازاغىچە مۇشۇنداق ھالەتتە

سۆزلەشتى. دادام بىر قولىدا ماشىنىنىڭ ئۈستىنى تۇتۇپ ئېگىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى رۇسلىغان چاغدا ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ پەسەيگەن مۈرىسىدىن مەن تۇغۇلغاندىن بېرى ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلىرىمنىڭ مەڭگۈگە كەلمەسكە كەتكىنىنى بىلدىم. دادام ماشىنىغا چىقتى.

ماشىنىنىڭ قوش چىراغلىرى يېقىلغانىدى. ئەگەر بۇ ھەسەن بىلەن ئىككىمىز دائىم كۆرىدىغان ھىندىستان كىنولىرىنىڭ كۆرۈنۈشى بولسا ئىدى، بۇ ۋاقىتتا مەن سىرتقا يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ چىقىپ، يامغۇر سۈيىنى كېچىپ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن «توختا!» دەپ يۈگۈرۈپ توۋلىغان بولاتتىم. ھەسەننى ئارقا ئورۇندۇقتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايتتىم. كۆز ياشلىرىم يامغۇر سۈيى بىلەن بىرلىشىپ كېتەتتى. مەن ئۇنى شارقىراپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئىچىدە چىڭ قۇچاقلايتتىم. لېكىن، بۇ ھىندىستاننىڭ كىنوسى ئەمەس ـ دە. كۆڭلۈم يېرىم بولدى ـ يۇ، لېكىن ياش تۆكمىدىم، ماشىنىنىڭ كەينىدىن قوغلىمىدىم. مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاش بىلەن تۇنجى تىلى چىققان ھەسەننى ئېلىپ ماڭغان ماشىنىنىڭ قوزغالغانلىقىغا جىمجىت قاراپ تۇردۇم. ماشىنا بىز دائىم مەرمەر تاش ئوينايدىغان كوچىدىن سولغا قايرىلغاندا، كەينى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھەسەننىڭ گەۋدىسىنىڭ غۇۋا سېيماسىنى ئاخىرقى قېتىم كۆردۈم.

مەن كەينىمگە داجىپ قارىغىنىمدا، كۆز ئالدىمدا پەقەتلا دېرىزە ئەينىكىگە خۇددى ئېرىگەن كۈمۈشتەك ئېقىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيى زاھىر بولدى.

# ئونىنچى باب

*1981 - يىلى مارت*

ياش بىر ئايال بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىدا زەيتۇن يېشىل رەڭلىك كۆڭلەك، كېچىنىڭ سوغۇقىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن يۈزىنىڭ ئەتراپىنى قارا رەڭلىك روملى بىلەن مەھكەم ئورىۋالغانىدى. ماشىنا ھەر قېتىم چايقالغاندا ئۇ ئايال دەرھال دۇئا قىلاتتى. ئۇنىڭ «بىسمىللا» دېگەن ئاۋازى ماشىنا قاتتىقراق سىلكىنگەندە يۇقىرى پەللىگە چىقاتتى. ئۇنىڭ ئېرى كەڭ ئىشتان كىيگەن، بېشىغا كۆك رەڭلىك سەللە ئورىۋالغان قامەتلىك ئادەم بولۇپ، قۇچىقىدىكى بوۋاقنى ئەللەيلىگەچ، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. ئۇ لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، ئىچىدە دۇئا ئوقۇيتتى. رۇسىيەدە ئىشلەنگەن بۇ كونا يۈك ماشىنىسىنىڭ بىرىزېنت بىلەن يېپىلغان كوزۇپىدا دادام ئىككىمىزنى قوشقاندا ئوندىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدۇق.

كېچە سائەت ئىككىدە كابۇلدىن يولغا چىققاندىن تارتىپ ئىچكى ئەزالىرىم بىئارام بولۇشقا باشلىغانىدى. گەرچە دادام گەپ قىلماي ئولتۇرسىمۇ، ماشىنىدا كۆڭلۇم ئېلىشىدىغانلىقىنى مېنىڭ يەنە بىر ئاجىزلىقىم دەپ بىلەتتى. بىرنەچچە قېتىم ئاشقازىنىم قاتتىق بىئارام بولۇپ، چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ ئىڭرىغىنىمدا، دادامنىڭ مەندىن نومۇس قىلىپ چىرايىنى پۇرۇشتۇرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. ھېلىقى تەسۋى تۇتۇۋالغان قامەتلىك ئادەم مەندىن قۇسقۇڭ كېلىۋاتامدۇ، دەپ سورىدى. مەن «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. دادام دەرھال باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.

ئۇ ئادەم ئۆزى تەرەپتىكى بىرىبىنت ياپقۇچنى قايرىپ شوپۇرنىڭ
دېرىزىسىنى چەكتى ـ دە، ماشىنىنى توختىتىشنى ئېيتتى.
لېكىن، ئۆزى ئورۇق، چىرايى قارامتۇل، بۇرنى قارچىغىنىڭكىدەك
ئىلمەك، قەلەمدە سىزغاندەك ئىنچىكە بۇرۇت قويغان كەرىم
ئىسىملىك شوپۇر بېشىنى چايقاپ توختاشنى رەت قىلدى.

— بىز تېخى كابۇلدىن چىقىپ بولالمىدۇق، ئۇنىڭغا دە،
چىداپ تۇرسۇن، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ.

دادام بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. مەن ئۇنىڭدىن
كەچۈرۈم سورىماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، تۇيۇقسىز ئېغىزىمغا
شۆلگەي كېلىپ، گېلىمغا ئاچچىق سۇ يىغىلىشقا باشلىدى. مەن
كەينىمگە ئۆرۈلۈپ، بىرىبىنتنى قايرىدىم ـ دە، كېتىۋاتقان
ماشىنىنىڭ يان تەرىپىدىن ياندۇرۇۋەتتىم. ئارقامدا دادام خۇددى
ماشىنىدا باش قايغانلىق بىر خىل جىنايەتتەك، ئون سەككىزگە
كىرگەن ئادەمنىڭ ئاغرىپ قېلىشى چەكلەنگەندەك، ئەتراپتىكى
يولۇچىلاردىن كەچۈرۈم سوراشقا باشلىدى. مەن كەرىم ماشىنىنى
توختىتىشقا ماقۇل بولغۇچە ئىككى قېتىم ياندۇردۇم. ئۇ مېنىڭ
بۇ ماشىنىنى، يەنى ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن بەكمۇ
مۇھىم بولغان بىردىنبىر ماشىنىنى بۇلغىۋېتىشىمدىن ئەنسىرەپ
توختاشقا مەجبۇر بولغانىدى. كەرىم كىشىلەرنى سوۋېتلىكلەر
بېسىۋالغان كابۇلدىن بىر ئاز بىخەتەررەك بولغان پاكىستانغا
توشۇيتتى. ئۇ بىزنى كابۇلنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا بىر يۈز يەتمىش
كىلومېتىر كېلىدىغان جالالئابادقا ئاپىرىپ، نەۋرە ئاكىسى تۇرغا
تاپشۇرۇپ بەرمەكچىدى. ئاكىسىنىڭ چوڭراق يۈك ماشىنىسى بار
بولۇپ، ئۇ ئىككىنچى تۇركۈم پاناھ ئىزدىگۈچىلەر بىلەن بىزنى
كايبەر ئېغىزى ئارقىلىق پەشاۋەرگە يەتكۈزمەكچىدى.

ماھىپار[①] شارقىراتمىسىغا بىرنەچچە كىلومېتىر قالغان
يەردە كەرىم ماشىنىنى يول بويىغا توختاتتى. ماھىپار ئېگىز ھەم
خەتەرلىك داۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىدە نېمىسلار 1967 ـ

---

① ماھىپار — ئۇچار بېلىق دېگەن مەنىدە.

يىلى ئافغانىستانغا قوروپ بەرگەن سو ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار ئىدى. دادام ئىككىمىز جالالئاباداقا بېرىش يولىمىزدا بو داۋاندىن نۇرغۇن قېتىم ماشىنا ھەيدەپ ئۆتكەنىدۇق. جالالئاباد ئارچا دەرىخى ۋە شېكەر قومۇش مەيدانلىرى كۆپ شەھەر بولۇپ، ئافغانلارنىڭ قىشلىق ساياھەت ئورنى ھېسابلىناتتى.

مەن ماشىنىنىڭ كەينىدىن يەرگە سەكرىدىم ـ دە، يولنىڭ بويىدىكى دۆڭگە قاراپ دەلدەڭشىپ ماڭدىم. ئېغىزىم يەنە شۆلگەي بىلەن توشتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم قوسۇشنىڭ بەلگىسى ئىدى. مەن چوڭقۇر، قاپقاراڭغۇ ھاڭغا يېقىن كېلىپ، يەرگە ئېڭىشىپ، ئىككى قولۇمنى تىزىمغا قويۇپ، ئاچچىق سۇنىڭ مەيدەمدىن يېنىشىنى كۈتتۈم. قەيەردىندۇر دەرەخ شاخلىرى شىلدىرلاپ، ئارىسىدىن مۇشۇك ياپىلاق ھۇۋلاشقا باشلىدى. سوغۇق شامال دەرەخ شاخلىرىنى لىڭشىتىپ، تاغ باغرىدىكى چاتقاللارنى تەۋرىتەتتى. تۆۋەن تەرەپتىن جىلغىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاۋازى قۇلاققا كىرەتتى.

يولنىڭ بويىدا تۇرۇپ، مەن تۇغۇلغاندىن بېرى ياشاپ كەلگەن ئۆيىمىزنى تاشلاپ مېڭىشقا قانداقمۇ قىيغانلىقىمىزنى ئويلىدىم. قاچىلار ئاشخانىدا تىزىلىپ كەتكەن، كارىدوردىكى سېۋەتكە كىرلەر لىق توشقان، ئۇخلىغان ئورۇنلار يىغىلمىغان پېتى تاشلاپ ماڭغانىدۇق. دادامنىڭ تىجارەت جەريانىدا كىيىدىغان كاستۇم ـ بۇرۇلكىلىرى كىيىم ئىشكاپىدا ئېسىقلىق پېتى قالغانىدى. مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تېمىدا كەشتىلەر، گىلەملەر ئېسىقلىق، ئاپامنىڭ كىتابلىرى دادامنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى كىتاب ئىشكاپىغا تىزىقلىق قالغانىدى. قىسقىسى، ھەممە نەرسە شۇ پېتى قالغان، بىزنىڭ قېچىپ كەتكىنىمىزنىڭ بەلگىسى يوق دېيەرلىك ئىدى. پەقەت ئاتا ـ ئانامنىڭ تويلۇق سۈرىتى، بوۋامنىڭ نادىر شاھ بىلەن ئۆزلىرى ئوۋلىغان كېيىكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ چۈشكەن سۈرىتى ۋە كىيىم ئاسقۇچتىكى بىرنەچچە قۇر كىيىملەرنىلا ئېلىۋالغانىدۇق. رەھىمخان ماڭا بەش يىل بۇرۇن

سوۋغا قىلغان خورۇم تاشلىق خاتىرە دەپتىرىمنىمۇ ئېلىۋالغانىدىم.

تاڭ ئاتقاندا جالالىدىن بىزنى سىرتقا ئايلىنىپ كەلگىلى ياكى ماشىنا بىلەن ئايلانغىلى چىقىپ كەتتى، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. جالالىدىن بىزنىڭ ئۆتكەن بەش يىل مابەينىدىكى يەتتىنچى خىزمەتكارىمىز ئىدى، بىز ئۇنىڭغا نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتمىغانىدۇق. شۇ كۈنلەردە ھېچكىمگە ئىشەنگىلى بولمايتتى. كىشىلەر پۇل ئۈچۈن ياكى تەھدىتتىن قورقۇپ بىر ـ بىرىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويۇشاتتى. قوشنىلار قوشنىلارنى، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنى، قېرىنداشلار ئۆز قېرىنداشلىرىنى، خىزمەتكارلار خوجايىنلىرىنى، دوستلار دوستلىرىنى چېقىپ قوياتتى. مەن مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئون ئۈچ ياشلىق تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئاككوردىيون چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بەرگەن ئەخمەت زاھىرنى ئېسىمگە ئالدىم.

ئۇ بىر كۈنى دوستلىرى بىلەن ماشىنا ھەيدەپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنىكەن، كېيىن بىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئارقا مېڭىسىنى ئوق تېشىۋەتكەن ھالدا يول بويىدىن تېپىۋاپتۇ. رافىگلار① دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۆلۈم كىشىلەر ھەممە يەردە بار بولۇپ، ئۇلار كابۇللۇقلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا، يەنى چېقىمچىلار بىلەن چېقىمچىلىق قىلمايدىغانلارغا بۆلۈۋەتكەنىدى. چاتاق يېرى، كىمنىڭ قايسى گۇرۇپپىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەگەر بىرى يېڭى تىكتۈرگەن كىيىمنى سىنىغاچ، تىككۈچى ئۇستامغا پۇل پاخاللىقى توغرۇلۇق ئارتۇق گەپ قىلىپ سالسا، ئەتىسى ئۆزىنى پولەھ ـ چارقى تۈرمىسىدە كۆرەتتى. بىرى ناۋادا قاسساپ ئۇستامدىن گۆش سېتىۋالغاچ كوچىغا چىقىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىغا نارازىلىقىنى بىلدۈرسە، ئۇ ئۆز خۇدىنى بىلگۈچە ئۆزىنى تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە

---

① راگىفلار ـــ يولداشلار دېگەن مەنىدە.

بەتلەنگەن مىلتىقلارغا قاراپ شۈمشەيگەن ھالدا كۆرەتتى. ھەتتا كىشىلەر ئۆز ئۆيىدە كەچلىك تاماق يەۋېتىپمۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سۆزلىشەتتى. رافىگلار مەكتەپلەردىمۇ باللارغا ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىنى نازارەت قىلىشنى، ئاڭلىغان گەپلىرىنى كىملەرگە ئېيتىشنى ئالىلقاچان ئۆگىتىپ بولۇشقانىدى.

مەن مۇشۇنداق يېرىم كېچىدە بۇ يولدا نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟ بۇنىڭ ئورنىغا مەن بۇرجىكى قاتلىشىپ كەتكەن كىتابىمنى ياستۇقۇم يېنىدا قويۇپ، ئىسسىق يوتقانغا يۆگىنىپ يېتىشىم كېرەك ئىدىغۇ؟ بىراق، بۇ مېنىڭ چۈشۈم، خالاس. ئەتە سەھەردە ئويغىنىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىمدا قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ كوچا چارلاپ يۈرىدىغان رۇس ئەسكەرلىرىنى، تانكىلارنىڭ ئەزىزانە شەھىرىمىزنىڭ كوچىلىرىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرمەيمەن. مۇنارنىڭ ئۈستىدە دائىم چۆرگىلەپ تۇرىدىغان كۈچلۈك نۇرلۇق چىراغلارنى، توسۇقلار، كوچىلاردىكى ھەربىي ھالەت ۋە رۇسلارنىڭ قورالىق ماشىنىلىرى مېنىڭ ئويغىنىشىم بىلەن تەڭلا غايىب بولىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقان ۋاقتىمدا، دادام بىلەن كەرىمنىڭ تاماكا چېكىشكەچ جالالئابادتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

كەرىم دادامغا ئاكىسىنىڭ «ئېسىل ۋە ئالىي دەرىجىلىك» چوڭ ماشىنىسى بارلىقىنى، پەشاۋەرگە بارىدىغان يولنىڭ ئاكىسى ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى.

— ئۇ كۆزنى يۇمۇپ قويسىمۇ سىلەرنى ئازماي ئاپىرالايدۇ، — دېدى كەرىم.

مەن ئۇنىڭ دادامغا ئۇنىڭ بىلەن ئاكىسىنىڭ ھەرقايسى چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىدىكى رۇس ۋە ئافغان ئەسكەرلىرىنى تونۇيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ يەڭ ئىچىدە «ھەممىگە مەنپەئەت بېرىدىغان» مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى

توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. دېمەك، بۇ چۈش ئەمەس ئىكەن. خۇددى ھازىر مېنىڭ چۈش كۆرۈۋاتمىغانلىقىمنى ئىسپاتلىغاندەك سوۋېت ئىستىپاقىنىڭ كۈرەشچى ئايروپىلانى تۇيۇقسىز ئۇستىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. كەرىم تاماكىسىنى تاشلىۋېتىپ، يېنىدىن بىر تاپانچىنى چىقاردى ـ دە، ئاسمانغا قارىتىپ، يالغاندىن ئوق چىقارغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئايروپىلانغا قاراپ غەزەپ بىلەن تۈكۈردى.

«ھەسەن ھازىر قەيەردىدۇ؟» ئارقىدىنلا، مەن ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۇستىگە قۇسۇۋەتتىم. مېنىڭ قۇسۇۋاتقان ۋاقتىمدىكى ئاۋازىم ئايروپىلاننىڭ قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك گۈركىرەشلىرى ئىچىدە غايىب بولدى.

يىگىرمە مىنۇتلاردىن كېيىن بىز ئولتۇرغان ماشىنا ماھىپاردىكى تەكشۈرۈش ئورنىدا توختىدى. شوپۇر ماشىنىنىڭ موتورىنى ئۆچۈرمەستىن، كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يېقىنلىشىۋاتقان ئاۋاز تەرەپكە قاراپ سالام قىلغىلى ماڭدى. پۇتلارنىڭ شېغىلنى دەسسىگەندىكى شاراقلاشلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ قىسقىغىنا سۆزلەشكەن ئاۋازىدىن كېيىن ئەتراپنى سۈكۈت باستى. تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن چاقماق ياندۇرغان ئاۋاز ئاڭلاندى. «رەھمەت!» دېدى بىرى رۇس تىلىدا.

يەنە بىر قېتىم چاقماق ياندۇرغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىرىنىڭ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازىدىن مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم. دادام يوتامغا نوقۇپ، مېنى جىملىدى. ئۇ ئادەم كۈلكىدىن توختاپ، تىلىنى چاينىغان ھالدا قەدىمكى ئافغان توي ناخشىسىنى ئاھاڭىنى بۇزۇپ تۇرۇپ كۈچلۈك رۇس تەلەپپۇزىدا ئېيتتى.

ئۆتۈكلەرنىڭ ئاسفالتتا غىچىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ساڭگىلاپ تۇرغان بىرېزېنت ياپقۇچ قايرىلىپ، ئۈچ كىشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ بىرى كەرىم، يەنە بىرى

ئافغان ئەسكەر، يېنىدا تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ ھىجىيىپ تۇرغىنى رۇس ئەسكىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە تولۇن ئاي كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كەرىم بىلەن ئافغان ئەسكەر پۇشتۇ تىلىدا قىسقىلا سۆزلەشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئەپيۇن يۆتكەش ئىشلىرىنىڭ ئوڭ كەلمىگەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئۆزۈم چالا بىلىدىغان سۆزلەردىن پەرەز قىلدىم. رۇس ئەسكىرى توي ناخشىسىنى غىڭشىغاچ، بىر بارمىقى بىلەن ئارقا ئىشىكنى توختىماي چېكىۋاتاتتى. ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ ماشىنىدىكى ھەربىر يولۇچىغا بىر ـ بىرلەپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. كەچتىكى سوغۇققا قارىماي، ئۇنىڭ پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاخىر قارا رومال ئارتىۋالغان ئايالدا توختىدى. ئۇ ئايالدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، كەرىمگە رۇسچە بىرنېمىلەرنى دېدى. كەرىم ئۇنىڭغا رۇسچە قوپاللا جاۋاب بەرگەندى. ئۇ ئەسكەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەكرەك قوپاللىق بىلەن سۆز قايتۇردى. ئافغان ئەسكەرمۇ تۆۋەن ئاۋازدا ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن گەپ قىلغان بولسىمۇ، رۇس ئەسكىرىنىڭ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ، دەرھال كەينىگە داجىدى. مەن دادامنىڭ تىتىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. كەرىم يۆتىلىپ قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا ئۇ رۇس ئەسكىرىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن يېرىم سائەت ئايرىم تۇرغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

ياش ئايال رومىلىنى چۈشۈرۈپ يۈزىنى يېپىۋېلىپ، يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاقمۇ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەرىمگە:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇ غوجام ئۆز ئانىسى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ياكى ئۆزى ئۆيلەنگەن بولسا خوتۇنىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ رەھىم قىلسا بوپتىكەن، — دېدى.

رۇس ئەسكىرى كەرىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە

بىرنېمىلەرنى دېدى.

— ئۇ بىزنى بۇ يەردىن ئۆتكۈزگەنلىكى بەدىلى ئىكەن، — دېدى كەرىم ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ پېتىنالماي.

كەرىم ئۇ رۇس ئەسكىرى بىلەن يەنە سۆزلەشتى.

— ئۇ: «ھەرقانداق ئىشنىڭ ھەققى بولىدۇ» دەيدۇ، — دېدى كەرىم.

دەل شۇ ۋاقىتتا، دادام دەرھال ئورنىدىن تۇردى. بۇ قېتىم مەن دادامنىڭ يوتىسىغا نوقۇدۇم. بىراق، دادام قولۇمنى سىلكىۋېتىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— سەن ماڭا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سوراپ بەر، — دېدى دادام كەرىمگە، بىراق دادامنىڭ كۆزلىرى رۇس ئەسكىرىگە تىكىلگەنىدى، — ئۇنىڭدىن ئار - نومۇسنىڭ ۋە غۇرۇرنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سوراپ بەر.

ئۇلار بىردەم پاراڭلاشتى.

— ئۇ: «بۇ دېگەن ئۇرۇش، ئۇرۇشتا ئار - نومۇس ياكى غۇرۇر دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس» دەيدۇ، — دېدى كەرىم.

— ئۇنىڭغا ئېيت: ئۇنىڭ دېگەنلىرى خاتا. ئۇرۇش ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرمايدۇ، ئەكسىچە ئۇرۇش ئادەمدىن تېنچ ۋاقىتتىكىدىنمۇ غۇرۇرلۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«دادا سىز دائىم قەھرىمان بولماقچىمۇ؟ — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقاتتى، — مۇشۇ بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتسە بولمامدىغاندۇ؟» لېكىن، مەن دادامنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى پەملىدىم، ئۇنىڭ تەبىئىتى بىزنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

رۇس ئەسكىرى ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ كۈلگىنىچە كەرىمگە يەنە بىرنېمىلەرنى دېدى.

— ئاغا، — دېدى كەرىم، — بۇ رۇسلار بىزگە پەقەت ئوخشىمايدۇ دەڭە. ئۇلار ھۆرمەت ۋە شان - شەرەپ دېگەنلەرنى قەتئىي چۈشەنمەيدۇ.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — دېدى دادام.

— ئۇ سىزنى ئوق بىلەن يىقىتىپ ھۇزۇرلانغانلىق خۇددى ...— ئۇنىڭ ئاۋازى چۇشۇپ كەتتى، ئۇ رۇس ئەسكەرنىڭ كۆزى چۇشكەن ئايالنى ئىشارەتلىدى. ئۇ ئەسكەر تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىدى - دە، تاپانچىسىنى قېپىدىن چىقاردى. «ئەمدى دادام مۇشۇ يەردە جان بېرىدىغان بولدى، — دەپ ئويلىدىم مەن، — شۇنداق بولىدىغان بولدى.» ئىچىمدە مەكتەپتە ئۆگىنىۋالغان ئايەتلىرىمنى توختىماي ئوقۇشقا باشلىدىم.

— ئۇنىڭغا دەپ قوي، ئۇنىڭ مىڭ پاي ئوقىنى يېيىشكە رازىمەنكى، بۇنداق نومۇسسىزلىقنىڭ كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىشىگە يول قويمايمەن، — دېدى دادام. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئالتە يىلنىڭ ئالدىدىكى قىش كۈنى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. مەن خالتا كوچىنىڭ بۇلۇڭىدا ماراپ تۇراتتىم. كامال بىلەن ۋەلى ھەسەننى يەرگە بېسىپ تۇرغان، ئاسسەف ھەسەنگە بەچچىۋازلىق قىلىۋاتاتتى. مەن بولسام قەھرىمان ئاتىلىش ئىستىكىدە، پۈتۈن خىيالىم ئاشۇ لەگلەكتە ئىدى. مەن مۇشۇ سېلىشتۇرمىنى ئويلاپ، ئۆزۈمنىڭ دادامنىڭ پۇشتىدىن بولغانلىقىمدىن يەنە بىر قېتىم گۇمانلاندىم.

رۇس ئەسكەر تاپانچىسىنى كۆتۈردى.

— دادا، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئولتۇرۇۋېلىڭ، — دېدىم مەن دادامنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، — ئۇ سىزگە راستىنىلا ئوق چىقىرىدىغان ئوخشايدۇ.

دادام قولۇمنى سىلكىۋەتتى.

— مەن سېنى مۇشۇنداق تەربىيەلىگەنمىدىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى دادام، ئاندىن دەرھال ھىجىيىپ تۇرغان ئەسكەرگە قارىدى، — ئۇنىڭغا دە، ئۇ ئەڭ ياخشىسى بىرىنچى پاي ئوق بىلەن مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن. ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرەلمىسە، مەن ئۇنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىمەن.

رۇس ئەسكىرى دادامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ

چىرايىدىكى مەسخىرىلىك كۈلكىسى يوقالمىدى. ئۇ تاپانچىنى بەتلەپ، دادامنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلىدى. يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ، ئالىقىنىم بىلەن يۈزۈمنى توسۇۋالدىم.

تاپانچا ئېتىلدى!

«مانا ھەممىسى تۈگىدى. مەن ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە يېتىم قالدىم. بۇ دۇنيادا مېنىڭ ھېچ نەرسەم قالمىدى. دادام ئۆلدى، ئەمدى مەن ئۇنى دەپنە قىلىشىم كېرەك. مەن ئۇنى قەيەرگە دەپنە قىلارمەن؟ ئەمدى مەن نەگە بارارمەن؟...»

ئەمما، كۆزۈمنى ئېچىپ دادامنىڭ تېخىچە ئۆرە تۇرغىنىنى كۆرگىنىمدە، كاللامدا قۇيۇندەك چۆرگىلەۋاتقان خىياللىرىم دەرھال توختاپ قالدى. ئالدىمىزدا يەنە بىر رۇس ئەسكىرى بىلەن بىرنەچچە كىشى تۇراتتى. ئەسلىدە ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ تاپانچىسىدىن چىققانىكەن. دادامنى ئاتماقچى بولغان ئەسكەر ئالىقاچان تاپانچىسىنى قېپىغا سېلىپ بولغانىدى. مەن ھېچقاچان مۇشۇ ۋاقىتتىكىدەك ھەم يىغلاپ، ھەم كۈلۈپ باقمىغانىدىم.

كېيىن كەلگەن چاچلىرى ئاقارغان، سېمىزرەك رۇس ئوفىتسېرى بىزگە پارس تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەپدىشىنىڭ قىلىقى ئۈچۈن بىزدىن ئەپۇ سورىدى.

— سوۋىت ئىتتىپاقى ئۇلارنى بۇ يەرگە ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن، بىراق ئۇلار تېخى يەنىلا بالا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چېكىملىك بىلەن چىقىرىشىدۇ، — ئۇ ھېلىقى ياش ئەسكەرگە خۇددى كەپسىزلىك قىلغان ئوغلىدىن خاپا بولغاندەك قاراپ قويدى، — ئۇنىڭ ھازىر خۇمارى تۇتۇپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنى كۈچۈمنىڭ بارىچە توسىمەن.

ئۇ بىزنى تەكشۈرۈش پونكىتىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ماشىنا قوزغالدى. ئارقىدىنلا، كۈلكە ئاۋازىغا ئەگىشىپ بايىقى ئەسكەرنىڭ كونا توي ناخشىسىنى بۇزۇپ ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بىز كېتىۋاتقان ماشىنا ئىچىدە ئون بەش مىنۇت سۈكۈتتە ئولتۇردۇق. ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرى تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇردى ــ دە، دادامنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيدى. مەن باشقىلارنىڭ دادامنىڭ قولىغا سۆيگەنلىكىنى نۇرغۇن قېتىم كۆرگەنىدىم.

بىز جالالئابادقا كۈنچىقىشقا بىر سائەت قالغاندا يېتىپ كەلدۇق. كەرىم بىزنى دەرھال ماشىنىنىڭ كەينىدىن چۈشۈرۈپ، تۆت كوچا ئېغىزىدىكى بىر قەۋەتلىك ئۆيگە باشلاپ كىردى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر، ئاكاتسىيە دەرىخى ۋە ئىشىكلىرى تاقاقلىق دۇكانلار بار ئىدى. ئۆيگە كىرىپ يۈك ــ تاقلىرىمىزنى قويغۇچە توڭلاپ كېتىپ ياقامنى ئېگىز كۆتۈردۈم. نېمە ئۈچۈندۇر بۇرنۇمغا توختىماي تۇرۇپنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ھەممەيلەن غۇۋا يورۇتۇلغان قورۇق مېھمانخانا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، كەرىم ئالدى ئىشىكنى تاقاپ، دېرىزىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن پەردىسىنى تۈۋەنگە چۈشۈردى. ئاندىن ئۇ چوڭقۇر تىنىۋېلىپ، بىزگە بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى: ئۇنىڭ ئاكىسى تۇر بىزنى پەشاۋەرگە ئاپىرالمايدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ يۈك ماشىنىسىنىڭ موتورى بىر ھەپتە بۇرۇن بۇزۇلۇپ قېلىپ، ھازىرغىچە رېمونت قىلىشقا لازىملىق زاپچاسلارنى ساقلاۋېتىپتۇ.

— ئۆتكەن ھەپتە بۇزۇلۇپتىمىكەن؟ — دەپ توۋلىدى بىرى، — سەن ئۇنى بىلگەن تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بىزنى بۇ يەرگە ئەكەلدىڭ؟

مەن ماھىپاردا قىلغان سۆھبەتنىڭ ئاز بىر قىسمى قۇلىقىمغا كىرىپ قالمىغان بولسا بۇنداق ئەجەبلەنمەيتتىم.

بىرىنىڭ ئۆيىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئىتتىك مېڭىپ ئۆتكىنىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. كېيىن قارىسام، كەرىمنىڭ ساپما كەش كىيىۋالغان پۇتلىرى يەردىن بىر مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن، دادام ئۇنى گېلىدىن ئالغانىدى.

— مەن سىلەرگە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى

دەپ بېرەي، — دېدى دادام ئۇنلۇك ئاۋازدا، — چۈنكى ئۇ بىزنى مۇشۇ يەرگە ئەكەلگىنى ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى پەقەت پۇل.

كەرىم گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك خىرىلداپ يۆتىلىشكە باشلىدى. جاۋىغىيىدىن توختىماي شۆلگەي ئاقاتتى.

— ئۇنى قويۇۋېتىڭ ئاغا، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولدىڭىز، — دېدى بىر يولۇچى.

— مەنمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دەۋاتىمەن، — دېدى دادام. لېكىن، ھېچكىم دادامنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارىمايتتى. كەرىمنىڭ چىرايى ئۆپكىدەك قىزىرىپ ھەدەپ تېپچەكلەۋاتاتتى. دادام تاكى ھېلىقى رۇس ئەسكىرىنىڭ كۆزى چۈشكەن ياش ئانا ئۆتۈنۈپ يالۋۇرغۇچە ئۇنىڭ گېلىنى قويۇۋەتمىدى.

دادام قولىنى بوشاتقاندا، كەرىم يەرگە يىقىلىپ، ھاسىرىغىنىچە يۇمىلاپ كەتتى. ئۆي ئىچى يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى. ئىككى سائەت ئىلگىرىلا دادام ئۆزى تونۇمايدىغان بىر ئايال ئۈچۈن خالىسانە ئوق يېيىشكە تەييار بولغانىدى، ئەمدىلىكتە يەنە شۇ ئايال ئۆتۈنمىگەن بولسا بىر ئادەمنىڭ گېلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا تاسلا قالغانىدى.

تۇيۇقسىز ياندىن، ياق، ياندىن ئەمەس، بەلكى ئۆينىڭ ئاستى تەرەپتىن شاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئۇ نېمە ئاۋاز؟ — دەپ سورىدى بىرى.

— باشقىلار ... — دېدى كەرىم ھاسىراپ تۇرۇپ، — يەر ئاستى ئۆيىدە.

— ئۇلار قاچاندىن بېرى ساقلاۋاتىدۇ؟ — دېدى دادام كەرىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ.

— ئىككى ھەپتە بولدى.

— سەن ماشىنىنى ئۆتكەن ھەپتە بۇزۇلۇپ قالدى دېگەنىدىڭغۇ؟

كەرىم گېلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بەلكىم ئۈچ ھەپتىلەر بۇرۇندۇر، — دەپ غودۇڭشىدى.
— قانچىلىك ۋاقىت؟
— نېمە؟
— زاپچاسلارنى ئەكىلىشكە يەنە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى دادام. كەرىم ئارقىغا داجىدى - يۇ، ھېچ نەرسە دېمىدى. تەلىيىمگە ھەممە يەر قاراڭغۇ بولۇپ، دادامنىڭ قاتتىلدەك سۇرلۇك چىرايىنى كۆرمەيۋاتقانلىقىم ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن شۈكۈر قىلدىم.
كەرىم ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكنىڭ كەينىدە يەر ئاستى ئۆيىگە تۇتىشىدىغان قورقۇنچلۇق پەلەمپەي بار ئىدى. بۇرنۇمغا زەي پۇراق گۇپپىدە ئۇرۇلدى. بىز قاتار تىزىلدۇق. دادامنىڭ ئېغىر لىقىدىن پەلەمپەينىڭ باسقۇچلىرى غىچىرلايتتى. سوغۇق يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشكىنىمدە خۇددى قاراڭغۇدا پارقىراپ تۇرغان كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ھەممە يەردە تۇگۈلۈپ تۇرغان ئادەملەر، ئۇلارنىڭ گەۋدىسى غۇۋا نۇر چېچىپ تۇرغان كىرسىن لامپىنىڭ نۇرىدا تاملارغا سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەملەرنىڭ شىۋىرلاشلىرى بىلەن تەڭ، سۇ تامچىلىغان ئاۋازمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنە بىر يەردە بىرى بەدىنىنى قاشلىغاندەك ئاۋاز ئاڭلاندى.
دادام كەينىمدە تۇرۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى - دە، سومكىسىنى يەرگە قويدى.
كەرىم بىزگە ئىككى كۈندىن كېيىنلا ماشىنا ئوڭشىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز پەشاۋەرگە — بىخەتەر، ئەركىن جايغا قاراپ يول ئالىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى.
شۇنىڭ بىلەن يەر ئاستى ئۆيى بىزنىڭ ئۆيىمىز بولۇپ قالدى. مەن ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ھېلىقى شاراقلىغان ئاۋازنىڭ چاشقاننىڭ كىتىرلىغان ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

كۆزلىرىم قاراڭغۇلۇققا ماسلاشقاندىن كېيىن، يەر ئاستى

ئۆيىدە جەمئىي ئوتتۇزدەك پاناھلانغۇچى بارلىقىنى ساناپ چىقتىم. بىز تامنى ياقىلاپ بىر ـ بىرىمىزگە مۇرىلىرىمىز تېگىشكەن ھالدا ئولتۇرۇپ، پېچىنە، خورما، نان ۋە ئالمىلارنى يەپ قورساق تويدۇردۇق. بىرىنچى كۈنى ھەممە ئەرلەر بىرلىشىپ ناماز ئوقۇشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىشى دادامدىن نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قېتىلمايدىغانلىقىنى سورىدى:

— خۇدا بىز ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلىمەيسىز؟

دادام گېلىنى ئېغىر قىرىپ قويۇپ، پۈتىنى سوزدى.

— بىزنى ھازىر سەككىز سىلىندىر بىلەن بىر ياخشى كاربيۇراتورلا قۇتقۇزالايدۇ.

دادامنىڭ بۇ سۆزى باشقىلارنىڭ خۇدا توغرۇلۇق دېمەكچى بولغان گەپلىرىنىڭ بېلىگە تەپتى.

بىرىنچى كۈنى كەچتە، مەن ئۆزىمىز بىللە يوشۇرۇنغانلارنىڭ ئارىسىدا كامال بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭمۇ بارلىقىنى بايقىدىم. كامالنىڭ مەندىن بىرنەچچە مېتىر نېرىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. لېكىن، ئۇ دادىسى بىلەن بىللە بىز تەرەپكە مېڭىپ ئۆتكەندە، ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆردۈم ...

ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن مېنى تونۇغانلىقىنىڭ ھېچبىر ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ مۇرىلىرى مۈكچەيگەن، مەڭزلىرى خۇددى سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ تۇرغۇسى كەلمىگەندەك ئىككى تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كابۇلدا كىنوخانىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى دادامغا ئۈچ ئاي بۇرۇن ئايالىنىڭ قازا قىلغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئايال بىر ئىبادەتخانا ئىچىدە ئولتۇرغاندا، قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر ئوق ئۇنىڭغا تېگىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇ كامال

تۇغرۇلۇق سۆزلەشكە باشلىدى. مەن بولۇۋاتقان پاراڭنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئاڭلىيالىدىم: «مەن ئۇنىڭ يالغۇز بېرىشىغا يول قويمىغان بولسام بوپتىكەن ... شۇنداق قاملاشقان بىر بالىنىڭ ... قارىمامسىز ... تۆتى بىر بولۇپ ... ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بوپتۇ ... خۇدايىم ... تۆۋەن تەرىپىدىن توختىماي قان ئاقتى ... ئىشتانلىرى بولسا ... ئۇ ئەمدى گەپ ـ سۆز قىلمايدۇ ... پەقەت تىكىلىپ قاراپلا تۇرىدۇ...»

بىز بۇ يەر ئاستى ئۆيىدە چاشقانلار بىلەن بىرلىكتە بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزگەندە، كەرىم بىزگە ئۇ ماشىنىنى رېمونت قىلالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— لېكىن، بۇ يەردە يەنە بىر چارە بار، — دېدى كەرىم ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىر نەۋرە قېرىندىشىنىڭ نېفىت توشۇيدىغان ماشىنىسى بار ئىكەن، ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئاشۇ ماشىنا بىلەن ئادەم توشۇپ باققانىمىش. ئۇ ھازىر جالالئابادقا كەپتۇ، ھەممىمىزنى ئۇنىڭ ماشىنىسىغا پاتقۇزۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بىر جۇپ بوۋاي ـ مومايدىن باشقا ھەممەيلەن ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدۇق.

شۇ كۈنى كەچتە دادام، مەن، كامال، ئۇنىڭ دادىسى باشقا كىشىلەر بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. كەرىم بىلەن ئۇنىڭ ئەزىز ئىسىملىك چاسا يۈزلۈك، پايىنەكباش نەۋرە ئاكىسى بىزنىڭ نېفىت تۇڭىنىڭ ئىچىگە كىرىشىمىزگە ياردەملەشتى. بىز نېفىت توشۇيدىغان ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى شوتا بىلەن ماي باكى ئۈستىگە بىر ـ بىرلەپ يامىشىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە سىيرىلىپ چۈشتۇق. دادام شوتىنىڭ يېرىمىغا چىقىپ بولۇپ، ئارقىسىغا يېنىپ قايتىپ چۈشتى. يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ، قۇتىنىڭ ئىچىنى بىكارلىغاندىن كېيىن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۆيدى. ئاندىن

ئۇ توپىنى قۇتىنىڭ ئىچىگە سالدى، قۇتىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ، مەيدە يانچۇقىغا، يەنى ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئەڭ يېقىن جايغا مەھكەم سالدى.

نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق. ئېغىزىڭنى يوغان ئاچىسەن. جاۋىغاي سۆڭەكلىرىڭ ئاجرىلىپ كەتكۈدەك ئاچىسەن. ئۆپكەڭگە ھاۋا سۈمۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىسەن. چۈنكى، ساڭا ھاۋا كېرەك. مۇشۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە ساڭا ھاۋا كېرەك. لېكىن، سېنىڭ نەپەس يوللىرىڭ ساڭا بويسۇنمايدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ، تارتىشىپ، چىڭ سىقىشىدۇ. سەن تۇيۇقسىز ئىنچىكە ئىچىملىك نەيچىسىدىن نەپەس ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىسەن. ئېغىزىڭ يۇمۇلىدۇ. كالپۇكلىرىڭ پۈرلىشىدۇ. سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدىغىنى پەقەت نەپىسىڭ سىقىلغان ھالەتتە ھاسىراشتىن ئىبارەت، خالاس. قوللىرىڭ تىترەشكە باشلايدۇ. توساتتىن بىر يەرلەردە سۇ ئامبىرىنىڭ توسۇقلىرى تېشىلىپ كەتكەندەك، پۈتۈن بەدىنىڭدىن سوغۇق تەر قۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. سەن ۋارقىرىماقچى بولىسەن. ئەگەر ۋارقىرىيالىغۇدەك ماغدۇرۇڭ بولسا شۇنداق قىلاتتىڭ. لېكىن، ۋارقىراش ئۈچۈن ئالدى بىلەن نەپەس ئېلىشىڭ كېرەك...

نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق. يەر ئاستى ئۆيى قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن، نېفىت تۇڭىنىڭ ئىچى تېخىمۇ قاپقاراڭغۇ. مەن ئەتراپىمغا قارىدىم. قولۇمنى كۆزۈمنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ پۇلاڭلاتتىم. ئەمما، ھېچقانداق ھەرىكەتنىڭ ئىزناسىنى كۆرمىدىم. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ - ئاچتىم. يەنە يۇمۇپ، يەنە ئاچتىم. ھېچ نەرسە يوق.

ئەتراپتىكى ھاۋا نورمال ئەمەس، خۇددى ئۇيۇشۇپ قالغاندەك قاتتىق. ھاۋا دېگەن ئۇنداق قاتتىق بولماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئەتراپىمدىكى ھاۋانى قوللىرىم بىلەن ئېزىپ، پارچە - پارچە قىلىپ، نەپەس يولۇمغا تىققۇم كېلەتتى. بېنزىننىڭ پۇرىقىچۇ

تېخى. كۆزلىرىم خۇددى بىرى قاپاقلىرىمنى قايرىپ، لىمون سۇيى قۇيغاندەك ئېچىشاتتى. ھەر قېتىم نەپەس ئالغىنىمدا، بۇرۇنلىرىم ئېچىگە ئوت كەتكەندەك بىئارام بولاتتىم. مەن بۇنداق يەردە ئۆلۈپ قېلىشنىڭ پۈتۈنلەي مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئويلىدىم. توساتتىن جېنىمنىڭ بارچە ۋارقىرىغۇم كەلدى. يەنە ۋارقىرىماقچى بولدۇم. يەنە ۋارقىرىماقچى بولدۇم ...

ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىككىنە بىر مۆجىزە يۈز بەردى. دادام يېڭىمدىن تارتتى. قاراڭغۇدا بىر يەردىن يېشىل نۇر كۆرۈندى. نۇر! بۇ دادام ماڭا سوۋغا قىلغان نۇر چىقىرىدىغان قول سائەتنىڭ نۇرى ئىدى. مەن كۆزلىرىمنى ئاشۇ يېشىل نۇر چىقىرىۋاتقان سائەت ئىستىرېلكىلىرىغا تىكتىم. مەن ئۇلارنى يىتتۈرۈپ قويۇشتىن شۇنچە قورقتۇم. شۇڭا، كۆزلىرىمنى چىمچىقلىتىشقىمۇ پېتىنالمىدىم.

ئاستا - ئاستا ئەتراپىمدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەن كىشىلەرنىڭ غۇدۇراشلىرىنى، پىچىرلاپ دۇئا قىلىشلىرىنى ئاڭلىدىم. بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ھەم ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇنسىز پەپىلەشلىرى قۇلىقىمغا كىردى. كىملەردۇر «ھۆ» قىلىپ ياندۇراتتى. يەنە بەزىلىرى رۇسلارنى قارغىماقتا ئىدى. ماشىنا چايقالماقتا. باشلار نېفىت تۇڭىنىڭ مېتال تېمىغا تەگمەكتە ئىدى.

— ياخشى ئىشلارنى خىيال قىل، — دېدى دادام قۇلىقىمغا، — خۇشال بولغان چاغلارنى، كۆڭۈللۈك نەرسىلەرنى ئويلا.

ياخشى ئىشلار، خۇشال ئەسلىمىلەر. مەن خىيالىمنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، خۇشال ئەسلىمىلەرنىڭ ئېسىمگە كېلىشىنى كۈتتۇم:

بىر جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن بىز پاگماندا ئىدۇق. كەڭ كەتكەن ئوتلاقتا ئاندا - ساندا چېچەكلىگەن ئۈجمە دەرەخلىرى بار ئىدى. ھەسەن ئىككىمىز ئوشۇقىمىزغا كەلگۈدەك ياۋا ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا ئولتۇراتتۇق. مەن لەگلەك يىپىنى كۈچۈمنىڭ

بارچە تارتىۋاتاتتىم. يىپ غالتىكى ھەسەننىڭ قاپىرىپ كەتكەن ئالىقانلىرىنىڭ ئارىسىدا چۆرگىلەۋاتاتتى. كۆزلىرىمىز ئاسماندىكى لەگلەككە تىكىلگەنىدى. بىر ـ بىرىمىزگە گەپ ـ سۆز قىلىشمايتتۇق. سەۋەبى، ئارىمىزدا قىلىشىدىغان سۆزنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى بىزگە ئوخشاش بىرىمىز يەنە بىرىمىزگە ھاياتلىقتىكى تۇنجى ئەسلىمە بولغان، بىر ئانىنى ئەمگەن ئادەملەر ئۈچۈن ئۆزئارا سۆزلىشىپ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز ئىدى. مەيىن شامال ئوت ـ چۆپلەرنى يېنىك تەۋرىتەتتى. ھەسەن غالتەكنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ چۆرگىلەتتى. لەگلەك بىر پىرقىراپ تۆۋەنلىگەندىن كېيىن يەنە تەڭپۇڭلاشتى. بىزنىڭ سايىمىز دولقۇنلاپ تۇرغان ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناتتى. ئوتلاقنىڭ قارشى تەرىپىدىكى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان پاكار تاملارنىڭ ئارقىسىدىن كۆلكە ـ پاراڭلارنىڭ ۋە فونتاندىن ئېتىلىپ چىققان سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بىر تونۇش مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى. مېنىڭچە ئۇ رۇباب ① بىلەن ئورۇنلانغان «لا ماۋلاھ» دېگەن مۇزىكا بولسا كېرەك. تامنىڭ ئارقىسىدىن بىرى بىزنى چاقىرىپ، چاي بىلەن تورت يەيدىغان ۋاقىت بولغانلىقىنى سەمىمىزگە سالدى.

ئاشۇ ئىشنىڭ قايسى يىلى، قايسى ئايدا يۈز بەرگەنلىكى ئېسىمدە يوق. مېنىڭ بىلىدىغىنىم پەقەت ئۆتمۈشتىكى ياخشى ئىشلارنىڭ ئېسىمدە ساقلانغان ئاشۇ بىر پارچىسى؛ قۇپقۇرۇق، رەڭسىز ھاياتىمىزنىڭ ئانچە ـ مۇنچە رەڭ بىلەن بويالغان بىر قىسمى ئىدى.

نېفىت تۈگىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، قالغان مۇساپىنى بېسىش جەريانىدا باشقا ئەسلىمىلەر ئومۇمەن ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە تېگىشلىك پارچە ـ پۇرات ئىشلار: رۇسلارنىڭ بومباردىمانچى

---

① رۇباب ــ ئافغانىستاننىڭ مىللىي چالغۇسى.

ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇپ ئۆتكەن ئاۋازى؛ تاتاتلاپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى؛ يېقىن ئەتراپتىكى ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى؛ قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشى بىلەن قويلارنىڭ مەرىگەن ئاۋازلىرى؛ ماشىنىنىڭ چاقى دەسسەپ ئۆتكەن شېغىلنىڭ ئاۋازى؛ بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى؛ بېنزىن پۇرىقى؛ قوسۇق ۋە پوقنىڭ پۇرىقى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئېسىمدە قالغىنى، مەن نېفىت تۇڭىدىن ئۆمىلەپ سىرتقا چىققاندا كۆرگەن سەھەرنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان كۈچلۈك يورۇقى ئىدى. مەن ئاسمانغا قاراپ كۆزۈمنى قىسىپ تۇرۇپ، خۇددى ھاۋا بىردەمدىلا يوقاپ كېتىدىغاندەك ئەنسىرەپ جىددىي نەپەس ئالدىم. تاشلىق توپا يولنىڭ چېتىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ، سەھەرنىڭ تۇتۇق ئاسمىنىغا قاراپ تۇرۇپ ھاۋاغا، يورۇقلۇققا ۋە ئۆزۈمنىڭ ھايات قالغىنىمغا شۈكۈر ئېيتتىم.

— بىز پاكىستانغا كەلدۇق، ئامىر، — دېدى دادام قېشىمدا ئۆرە تۇرۇپ، — كەرىم بىزنى پەشاۋەرگە ئاپىرىدىغان ئاپتوبۇسنى چاقىرىپ كېلىدىغان بولدى.

مەن ئۆرۈلۈپ كۆكسۈمنى سوغۇق توپىغا يېقىپ ياتتىم. بىزنىڭ ئىككى چامادىنىمىز دادامنىڭ پۇتىنىڭ يېنىغا قويۇقلۇق ئىدى. دادامنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن بىز چىققان نېفىت توشۇيدىغان ماشىنىنىڭ يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى، باشقا يولۇچىلارنىڭ بىر - بىرلەپ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى شوتىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ توپا يول كۆل رەڭ ئاسمان ئاستىدىكى قورۇق ئېتىزلارنى ۋە قۇياش نۇرىدا قاقاسلىشىپ كەتكەن بىر تاغ تۆپىسىگە جايلاشقان كىچىك يېزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرىدا گۈمبەز شەكىللىك تاغلارنىڭ ئارقىسىدا كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

كۆزلىرىم يەنە بىر قېتىم دادامنىڭ يېنىدا تۇرغان چامادانلارغا چۈشتى. بىچارە دادام بىر ئۆمۈر ئارزۇ قىلىپ، جاپا - مۇشەققەت چېكىپ، توختىماي تىرىشىپ - تىرمىشىپ، ئاخىرىدا

ئېرىشكىنى مەندەك يارىماس بىر ئوغۇل بىلەن ئىككى دانە چامادان بولدى.

تۇيۇقسىز بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى، ياق، زارلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر توپ يولۇچىلار بىر يەرگە توپلىشىپ جىددىيلەشكەن هالدا بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنىڭ «كۆپۈك» دېگىنى ئاڭلاندى. باشقىلارمۇ شۇنداق دېيىشىۋاتاتتى. ئاخىرىدا هېلىقى زارلاشلار كانايىنى يىرتىۋەتكۇدەك ئۇنلۇك نالە ـ پەريادقا ئايلاندى.

دادام ئىككىمىز دەرهال ئادەملەر توپىغا قاراپ يۈگۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتتۇق. ئادەملەر توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كامالنىڭ دادىسى يەرگە تىزلىنىپ، ئالدى ـ كەينىگە تەۋرەنگىنىچە ئوغلىنىڭ قانسىز يۈزىگە توختىماي سۆيۈپ ئولتۇراتتى.

—— ئۇ نەپەس ئالالمايۋاتىدۇ! مېنىڭ ئوغلۇم نەپەس ئالالمايۋاتىدۇ! —— دەپ يىغلاۋاتاتتى ئۇ.

كامال جانسىز هالدا دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى بوشىشىپ، دادىسىنىڭ ئۆكسۈشلىرىگە ئەگىشىپ سىلكىنەتتى.

—— ئوغلۇم ! ئۇ نەپەس ئالالمايۋاتىدۇ. ئۇلۇغ خۇدا، ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغىن ! ئۇنى نەپەسلەندۈر!

دادام كامالنىڭ دادىسىنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتى. لېكىن، ئۇ دادامنى ئىتتىرىۋەتتى ـ دە، يان تەرەپتە نەۋرە ئاكىسى بىللە بىللەن قاراپ تۇرغان كەرىمگە قاراپ ئېتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار چاقماق تېزلىكىدە يۈز بەردى: كەرىم «ۋايجان !» دېدى ـ دە، كەينىگە داجىدى. بىر مۇشت ۋە بىر پەشۋادىن كېيىن، كامالنىڭ دادىسىنىڭ قولىدا كەرىمنىڭ تاپانچىسى پەيدا بولدى.

—— مېنى ئاتماڭ! —— دەپ يېلىندى كەرىم.

لېكىن، ئارىمىزدىن بىرەرى بىرنېمە دېيىشكە ياكى ئۇنى

توسۇۋېلىشقا ئۇلگۇرمەيلا، كامالنىڭ دادىسى تاپانچىنى ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا توغرىلىدى. مەن تاپانچىدىن چىققان ئوق ئاۋازىنى، چاچراپ چىققان ئۇچقۇن بىلەن ئەتراپنى بويىغان قىزىللىقنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن.

مەن يەنە ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، يولنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ، قۇرۇق قەي قىلىشقا باشلىدىم.

# ئون بىرىنچى باب

*1980 ـ يىللار، كالىفورنىيە ئىشتاتىنىڭ فرېمونت شەھىرى*

دادام ئامېرىكىغا بېرىپ ياشاشنى توغرا تاپقانىدى.

لېكىن، ئامېرىكىدا ياشاش جەريانىدا دادام ئاشقازان يارىسى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولدى.

بىز بەزىدە فرېمونتتىكى ئۆيىمىزدىن بىرنەچچە كوچا نېرىسىدىكى ئېلىزابېت كۆلى باغچىسىغا پىيادە بېرىپ، ئوغۇللارنىڭ كالتەك توپ مەشقىنى ۋە قىزلارنىڭ ئىلەڭگۈچ ئۇچقاچ چۇرقىرىشىپ كۇلۇشلىرىنى تاماشا قىلاتتۇق. دادام يول بويى ئۆزىنىڭ سىياسىي كۆزقاراشلىرىنى سۆزلەپ مېنى زېرىكتۈرمەيتتى.

— بۇ دۇنيادا پەقەت ئۈچلا ھەقىقىي ئوغۇل بالىدەك دۆلەت بار، ئامىر، — دەيتتى دادام بارماقلىرى بىلەن ساناپ تۇرۇپ، — ھەممىنى قۇتقۇزىدىغان ئامېرىكا، ئۇنىڭدىن قالسا ئەنگلىيە بىلەن ئىسرائىلىيە، قالغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى، — دېدى ئۇ قولىنى شىلتىپ، — غەيۋەتخور قېرى خوتۇنلارغا ئوخشايدۇ.

دادامنىڭ ئىسرائىلىيە توغرۇلۇق قىلغان بىر قىسىم پىكىرلىرى فرېمونتتىكى ئۇنى «يەھۇدىيپەرەس، ئىسلامغا قارشى» دەپ ئەيىبلەيدىغان ئافغانلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرەتتى. دادام ئۇلار بىلەن بىللە باغچىدا چاي ئىچىپ، پىچىنە ـ پىرەنىك يەپ ئولتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قوياتتى.

«ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ دىن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى چۈشەنمەيدۇ» دەيتتى دادام ماڭا ھېلىقى سۆھبەتلەردىن كېيىن.

دادامنىڭ قارىشىچە، ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ نېفىتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىلا سەمرىتىشنى ئويلايدىغان بىر چوڭ دېڭىز ئىكەن. ئىسرائىلىيە ئاشۇ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر «ئەركەكلەر ئارىلى» ئىكەن.

— «ئىسرائىلىيە ئۇنى قىلدى، ئىسرائىلىيە بۇنى قىلدى» دەپلا قاقشاپ يۈرۈشىدۇ، — دەيتتى دادام ئەرەبلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ تۇرۇپ، — ئۇنداق بولسا ئۆزلىرى بىر ھەرىكەت قىلىپ باقسۇنچۇ. ئەرەب بولغانلىق سۈپىتى بىلەن پەلەستىنلىكلەرگە بىر ياردەم قىلسۇن!

دادام جىممي كات ① نى پەقەت ياقتۇرمايتتى. ئۇنى «توڭكاي چىش ھاماقەت» دەپ ئاتايتتى. 1980 - يىلى بىز تېخى كابۇلدىكى چېغىمىزدا، ئامېرىكا موسكۋا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى بايقوت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى.

— ۋاي - ۋۇي! — دېدى دادام يىرگەنگەن ھالدا، — بىرژنېف ئافغانلارنى قىرىۋاتسا، ماۋۇ يەر ياڭىقى يەيدىغان ئەبلەخ «سىلەرنىڭ كۆلچىكىڭلەرگە بېرىپ سۇ ئۈزمەيمەن» دەۋاتىدا!

دادام كاتىنىڭ ئەخمىقانە قىلىقى بىرژنېفنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويدى، دەپ قارىغاچقا، مۇنداق دەيتتى: «ئۇنىڭ بۇ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ھەرگىز سالاھىيىتى توشمايدۇ. ئۇنى بۇ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قويغانلىق خۇددى ۋېلىسىپىت مىنەلمەيدىغان كىچىك بالىنى ھەيۋەتلىك كادىللاك ماركىلىق ماشىنىنى ھەيدەشكە بۇيرۇغاندەكلا ئەخمىقانە ئىش.» ئۇنىڭ پىكرىچە، ئامېرىكىغا ئۆزى كۈچلۈك، ئەمەلىي ئىش قىلالايدىغان ئادەم رەھبەر بولۇشى كېرەك ئىكەن. رونالد رېگان بولسا دەل دادام ئۈمىد قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقتى. زۇڭتۇڭ رېگان تېلېۋىزوردا سوۋېت ئىتتىپاقىنى «رەزىل ئىمپېرىيە» دەپ

---

① كات — ئامېرىكىنىڭ 39 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى.

ئاتمغاندا، دادام دەرھال بازارغا بېرىپ، ئۇنىڭ باش بارمىقىنى چىقىرىپ كۇلۇمسىرەپ تۇرغان سۈرىتىنى سىتىۋالدى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئۇ سۈرەتنى رامكىغا ئالدى ـ دە، كارىدور تېمىدىكى ئۆزىنىڭ زاھىر شاھ بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرۇپ چۈشكەن رەڭسىز سۈرىتىنىڭ يېنىغا ئاستى.

فرېمونت شەھىرىدىكى قوشنىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئاپتوبۇس شوپۇرلىرى، ساقچى، ماي قاچىلاش پونكىتىدا ئىشلەيدىغانلار، ھۆكۈمەتتىن پاراۋانلىق ئالىدىغان نىكاھسىز ئانىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆك ياقىلىق ئەمگەكچىلەر بولۇپ، رېگان ئىدىيەسى ۋە سىياسەتلىرى سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، دادام بىزنىڭ مەھەللىدە رېگان ۋە ئۇنىڭ جۇمھۇرىيەت پارتىيەسىنى قوللايدىغان يېگانە جۇمھۇرىيەتچى ئىدى.

لېكىن، قولتۇق رايونىنىڭ تۇتۇنلىرى دادامنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىشتۇراتتى. ماشىنىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتاتتى. گۈل ـ چېچەك چاڭلىرى ئۇنى تىنىقلىرىنى تۇختىماي چۈشكۈرگۈزەتتى. مېۋىلەر ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا تېتىمايتتى. بۇ يەرنىڭ سۈيىنى دادام يېتەرلىك پاكىز ئەمەس دەپ قارايتتى. قېنى ئۇ كەڭرى كەتكەن ئېتىزلىقلار، دەرەخلىكلەر؟ ئىككى يىلدىن بېرى مەن دادامنى قايتا ـ قايتا ئىنگلىز تىلى كۇرسىغا تىزىملىتىپ، تەلەپپۇزىنى ياخشىلاشقا دەۋەت قىلدىم. لېكىن، ئۇ مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمنى ياخشى كۆرمىدى. ئۇ ماڭا: «مەن مۇئەللىمگە مۇشۇك دېگەن سۆزنى ئىنگلىزچە يېزىپ بەرسەم، ئۇ ماڭا بىر دانە پارقىراپ تۇرغان قەغەز يۇلتۇز مۇكاپات بېرىدۇ. مەن ئۇنى يۇگۇرۇپ ئەكىلىپ ساڭا كۆرسىتىپ ماختىنارمەن» دەپ تاپا ـ تەنە قىلاتتى.

1983 ـ يىلى ئەتىيازنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى، فرېمونت شەھىرىنىڭ يولۇچىلار پويىز يولى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دوقمۇشىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھىندىستان كىنوخانىسىنىڭ

يېنىغا جايلاشقان كونا كىتاب ساتىدىغان دۇكانغا كىردىم. مەن دادامغا بەش مىنۇتتىلا كىرىپ چىقىدىغانلىقىمنى ئېيتقاندا، ئۇ ماڭا «ئىختىيارىڭ» دېگەن مەنىدە قاراپ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى. دادام فرېمونتتىكى ماي قاچىلاش پونكىتىدا ئىشلەيتتى. ئۇ شۇ كۈنى دەم ئالغانىدى. مەن ئۇنىڭ فرېمونت يولىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كىچىككىنە دۇكانغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ۋېيتناملىق رۇەن ئەپەندى بىلەن خانىمىنىڭ دۇكىنى ئىدى. ئۇلار چاچلىرى ئاقارغان، دوستانە بوۋاي ـ مومايلار، ئايالىنىڭ پاركىنسون (پۇت ـ قول تىترەيدىغان) كېسىلى بار ئىدى. ئېرىگە بولسا سۈنئىي يانپاش سۆڭەك سېلىنغانىدى.

— ئۇ ھازىر ئالتە مىليون دوللارلىق ئادەمگە ئوخشاپ قالدى قاراڭ، — دەيتتى ئايالى ماك ـ ماك ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — «ئالتە مىليون دوللارلىق ئادەم» دېگەن كىنو ئېسىڭىزدىمۇ، ئامىر؟

ئاندىن رۇەن ئەپەندى لى مايورنى دوراپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بوشلۇقتا ئاستا ماڭغاندەك ھەرىكەت قىلىپ بىزنى كۈلدۈرەتتى.

مەن كىتابخانىدا ماك ھامېرنىڭ كىتابىنى ۋاراقلاپ تۇرغىنىمدا، توساتتىن بىرىنىڭ چىرقىرىغان ۋە ئەينەكلەرنىڭ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن كىتابنى دەرھال تاشلىدىم ـ دە، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردۈم. دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرسەم، رۇەن ئەپەندى خوتۇنىنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ تامغا چاپلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەنىدى. يەردە ئاپېلسىنلار، ئۆرۈلۈپ كەتكەن ژۇرنال رامكىسى ۋە كالا گۆشى قىزىسى كونسېرۋاسىنىڭ سۇنۇق پارچىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى.

ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغانىكەن: مەن كىتابخانىغا كىرىپ كەتكەندە، دادام دۇكاندىن ئاپېلسىن ئالماقچى بولغانىكەن. يانچۇقىغا نەق پۇل سالمىغاچقا رۇەن ئەپەندىگە چەك يېزىپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە، رۇەن ئەپەندى دادامدىن سالاھىيەت

كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشىنى سوراپتۇ.

— ئۇ تېخى مېنىڭ سالاھىيەت كىنىشكامنى كۆرمەكچىكەن، — پارسچە سۆزلىدى دادام ئاچچىقلانغان ھالدا، — مەن ئىككى يىلدىن بېرى بۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ قوتۇر مېۋىلىرىنى سېتىۋېلىپ يانچۇقىغا پۇل سالسام، ئۇ تېخى مېنىڭ كىنىشكامنى كۆرگۈدەك.

— دادا، بۇ سىزگىلا چىقارغان قائىدە ئەمەس، — دېدىم مەن بوۋاي ـ مومايلارغا قاراپ كۆلۈمسىرەپ، — ئۇلار قائىدە بويىچە سىزنىڭ كىنىشكىڭىزنى كۆرۈشى كېرەك.

— ئەمدى بۇ يەرگە ھەرگىز كىرگۈچى بولما، — دېدى رۇەن ئەپەندى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ھاسىسىنى دادامغا تەڭلەپ تۇرۇپ. ئاندىن ماڭا قاراپ دېدى، — سەن ياخشى بالا بولغىنىڭ بىلەن داداڭ بىر ساراڭ ئىكەن. ئەمدى ئۇ بۇ يەردە قارشى ئېلىنمايدۇ.

— ئۇ مېنى ئوغرى كۆرۈپتۇمۇ؟ — دېدى دادام ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ. دۇكان سىرتىغا كىشىلەر توپلىشىپ، ئىشىكتىن بىزگە قاراشقا باشلىدى.

— ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان زادى قانداق دۆلەت بۇ؟

— مەن ساقچى چاقىرىمەن، — دېدى رۇەن خانىم بېشىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — بۇ يەردىن دەرھال چىقىپ كېتىش، بولمىسا ساقچى چاقىرىمەن.

— رۇەن خانىم، بولدى قىلىڭ، ساقچى چاقىرماڭ. مەن دادامنى ئۆيگە ئەكىتەي، سىز ساقچى چاقىرماڭ، بولامدۇ؟

— ماقۇل، سەن ئۇنى ئۆيگە ئەكەت، بۇ گېپىڭ جايىدا بولدى، — دېدى رۇەن ئەپەندى. ئۇنىڭ كۆزەينەكىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆزلىرى دادامدىن ئۈزۈلمەيتتى. مەن دادامنى ئىشىكتىن يېتىلەپ ئاچىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئۇ ئىشىك يېنىدا ياتقان ژۇرنالنى غەزەپ بىلەن تەپتى. مەن ئۇنىڭدىن دۇكانغا ئىككىنچى

كىرمەسلىككە ۋەدە ئالغاندىن كېيىن، قايتىپ كىرىپ ئۇلاردىن ئەپۇ سورىدىم. ئۇلارغا دادامنىڭ قىيىنچىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىنى ۋە ئادرېسىنى يېزىپ بەردىم. زىياننى ھېسابلاپ بولغان ھامان ماڭا خەۋەر قىلىشنى ئېيتتىم.

— قانچىلىك پۇل كېتىدىغانلىقىنى ماڭا دەرھال خەۋەر قىلىڭلار. مەن ھەممىسىنى تۆلەي. بۈگۈنكى ئىشقا مەن چىن كۆڭلۈمدىن ئەپۇ سورايمەن.

رۇەن خانىم قولۇمدىكى قەغەزنى ئېلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ قوللىرى ئادەتتىكىدىن بەكرەك تىترەۋاتاتتى. دادامنىڭ بۇ ياشانغان ئايالنى شۇنداق تىترىتىۋەتكىنىگە ئاچچىقىم كەلدى.

— مېنىڭ دادام ھازىرغىچە ئامېرىكىچە تۇرمۇشقا كۆنۈپ بولالمىدى، — دېدىم مەن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ.

مېنىڭ ئۇلارغا كابۇلدا بىز دەرەخ شېخىنى ئىناۋەت كارتىسى ئورنىدا ئىشلىتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقۇم كەلدى. ھەسەن ئىككىمىز ناۋايغا پەقەت قولىمىزدىكى تاياقنى سۇنساق، ئۇ يالقۇنلاپ تۇرغان تونۇرنىڭ ئىچىدىن چىققان ھەربىر نان ئۈچۈن ئاشۇ تاياققا بىر سىزىق سىزىپ قويسىلا بولاتتى، ھەر ئاينىڭ ئاخىرىدا دادام ئۇنىڭغا تاياقتىكى سىزىقنىڭ سانىغا ئاساسەن پۇل بېرەتتى، ھېچقانداق كىنىشكىنىڭ لازىمى بولمايتتى ياكى بىزدىن ھېچقانداق سوئال سورالمايتتى.

لېكىن، مەن بۇلارنى ئۇلارغا ئېيتمىدىم. ئۇنىڭ ئورنىغا رۇەن ئەپەندىنىڭ ساقچى چاقىرمىغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن دادامنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلدىم. مەن كەچلىك تاماقنى تەييار قىلغۇچە دادام بالكوندا ئاچچىقىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. مانا، پەشاۋەردىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە بىر يېرىم يىلدىن ئاشتى. لېكىن، دادام بۇ يەردىكى تۇرمۇشقا تېخىچە كۆنەلمەيۋاتاتتى.

بىز كەچلىك تاماقنى جىمجىتلىق ئىچىدە يېدۇق. دادام

ئىككى قوشۇق يەپلا تەخسىنى نېرى ئىتتەردى.

مەن دادامنىڭ ئۆدۆلىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا نەزەر سالدىم. ئۇنىڭ تىرناقلىرى يېرىلىپ، ئارىسىغا موتورنىڭ قارا مايلىرى سىڭىپ كەتكەنىدى. قوللىرىنىڭ ئۈستى سىزىلىپ كەتكەنىدى. ئۇچىسىدىكى كىيىمىدىن ماي قاچىلاش پونكىتىدا ئىشلىگەندە سىڭىپ كەتكەن بېنزىن، تەر، ئىس ۋە چاڭ - توزاننىڭ ئارىلاشما پۇراقلىرى كېلىپ تۇراتتى. مانا ئەمدىلىكتە دادام قايتا ئۆيلىنىپمۇ ئالدىنقى خوتۇنىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمىگەن ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ جالالئاباتتىكى شېكەرچىلىك مەيدانىنى، پاگماننىڭ گۈزەل باغلىرىنى سېغىنغانىدى. ئۇ شور بازارنىڭ ئادەملەر مىغىلدايدىغان كوچىلىرىنى سېغىنغانىدى. ئۆيىمىزگە ئۇزۇلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان، ئۆزىدىن تارتىپ تاكى بوۋىسىغىچە نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنى تونۇيدىغان يۇرتداشلىرىنى، تارىخى دادامنىڭ تارىخىغا چىرمىشىپ سىڭىپ كەتكەن ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلەرنى سېغىنغانىدى. ئامېرىكا مەن ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمىلىرىمنى دەپنە قىلىدىغان ماكان بولسا، دادام ئۈچۈن ئۆز ئۆتمۈشىگە ھازا تۇتىدىغان زېمىن ئىدى.

— بىز پەشاۋەرگە قايتىپ كەتسەك بولامدىكىن، — دېدىم مەن ئىستاكاندا لەيلەپ تۇرغان مۇز پارچىسىغا تىكىلگەن ھالدا. بىز پەشاۋەردە ئامېرىكا كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى كۈتۈپ ئالتە ئاي تۇردۇق. بىزنىڭ كونا كىچىك ئۆيىمىزدە مەينەت پايپاق ۋە مۈشۈكنىڭ مايىقى پۇراپ تۇرسىمۇ، ئۆزىمىز تونۇيدىغان، ھېچبولمىغاندا دادام تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشايتتۇق. ئۇ بەزىدە ھەتتا پۈتۈن كارىدوردىكى بىزگە ئوخشاش ۋىزا ساقلاۋاتقان ئافغانلارنى تاماققا چاقىراتتى. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى دېيىنى قولتۇقىغا قىستۇرغاچ كەلسە، يەنە بىرى گارمونىنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. چايلار ئۈزۈلمەي دەملىنەتتى. سورۇندا ناخشا ئېيتالايدىغاننىڭ ھەممىسى تاكى تاڭ

ئېتىپ، پاشىنىڭ ئاۋازى توختاپ، قوللار چاۋاكتىن ئاغرىغۇچە ناخشا ئېيتىپ چىقىشاتتى.

— سىز ئۇ يەردە خېلىلا خۇشال ئىدىڭىز، دادا. ئۇ يەر يۇرتىڭىزغا بەكرەك ئوخشايتتى، — دېدىم مەن.

— پەشاۋەر ماڭا ياخشى بولغان بىلەن، ساڭا ياخشى ئەمەس.

— سىز بۇ يەردە بەك قاتتىق ئىشلەپ كېتىۋاتىسىز.

— هازىرقى خىزمىتىم ئۇنچىلىك تەس ئەمەس، — دېدى دادام. چۈنكى، ئۇ ئەمدى گاز قاچىلاش پونكىتىدا كۈندىلىك ئىسمېنا باشقۇرغۇچى بولغانىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ هاۋا نەم كۈنلىرى بېلىنى توختىماي ئۇۋۇلىغىنىنى، تاماقتىن كېيىن ئاشقازان دورىسى ئېلىش ئۈچۈن ئىشكاپقا قولىنى ئۇزاتقاندا پېشانىسىدىن تەرلەر تامچىلاپ ئاققانلىقىنى كۆرگەنىدىم، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ يەرگە ئۆزۈم ئۈچۈن كەلمىدىم، شۇنداققۇ؟

مەن ئۈستەل ئۈستىدىن قولۇمنى سوزۇپ، دادامنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. مېنىڭ قەلەم تۇتقان قوللىرىم پاكىز هەم يۇمشاق ئىدى. ئۇنىڭ قوللىرى جىسمانىي ئەمگەك قىلىپ قېتىپ، قاپىرىپ كەتكەنىدى... بىز كابۇلدىكى ۋاقىتتا، ئۇ ماڭا ئويۇنچۇق ماشىنىلارنى، ئويۇنچۇق پويىزلارنى ۋە ۋېلسىپىتلارنى ئېلىپ بېرەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا ئامېرىكا ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن ئاخىرقى سوۋغىتى ئىدى.

بىز ئامېرىكىغا كېلىپ بىر ئايدىن كېيىنلا دادام فرېمونت شەھىرىنىڭ ۋاشىنگتون كوچىسىدىكى بىر ئافغانىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ماي قاچىلاش پونكىتىدىن خىزمەت تاپتى. بىز ئامېرىكىغا يېتىپ كەلگەن هەپتىسىدىن تارتىپلا ئۇ خىزمەت ئىزدەشكە باشلىغانىدى. دادام بىر هەپتىدە ئالتە كۈن، كۈنىگە ئون ئىككى سائەت ئىشلەپ، كەلگەن ماشىنىلارغا ماي قاچىلاش، پۇل ئېلىش، ماشىنىلارنىڭ موتور مېيىنى ئالماشتۇرۇش، ئەينەكلىرىنى يۇيۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەن بەزىدە دادامغا

چۈشلۈك تاماق ئەكەلگىنىمدە، ئۇنىڭ جازىغا تىزىلغان ماللارنىڭ ئارىسىدىن قىينىلىپ قاپلىق تاماكىلارنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى، خېرىدارنىڭ مايلىشىپ كەتكەن پەشتاختىنىڭ سىرتىدا ئۇنى ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. دادامنىڭ چىرايى چىراغ يورۇقىدا تاتىراڭغۇ ۋە ھارغىن كۆرۈنەتتى. مەن ئىشىكتىن كىرگەندە ئىشىكنىڭ ئېلېكتىرونلۇق قوڭغۇرىقى چېلىناتتى ـ دە، دادام بېشىنى كۆتۈرۈپ، قولىدا ماڭا شەرەت قىلىپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چارچاپ كەتكەنلىكتىن ياشاڭغىراپ تۇراتتى.

دادام ئىشقا قوبۇل قىلىنغان كۈنى، بىز سان خوسې شەھىرىدىكى ھۆكۈمەت قۇتقۇزۇش بېرىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش خادىمى دوببېنس خانىمنى ئىزدەپ باردۇق. دوببېنس خانىم سېمىز قارا تەنلىك ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى كۈلگەندە مەڭزىدە پەيدا بولىدىغان زىنىخلىرىغا خويمۇ ياراشقانىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ بۇرۇن چېركاۋدا ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە شۈبھىسىز ئىشەنگەنىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەسەلدەك شېرىن ۋە يېقىملىق ئىدى. دادام ھۆكۈمەتتىن تۇرمۇشىمىزغا ياردەم قىلىپ بېرىلگەن بىر تۇتام تاماق بېلىتىنى دوببېنس خانىمنىڭ ئۇستىلىگە قويۇپ:

ــــ رەھمەت، لېكىن بۇلارنىڭ ماڭا ئەمدى لازىمى يوق، ــــ دېدى، ــــ مەن داۋاملىق ئىشلەيمەن، ئافغانىستاندىمۇ ئىشلىدىم، ئامېرىكىدىمۇ ئىشلەيمەن. سىزگە كۆپ رەھمەت، دوببېنس خانىم، لېكىن مەن بىكارغا پۇل ئالمايمەن.

دوببېنس خانىم كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقان ھالدا خۇددى بىز ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىۋاتقاندەك ياكى ھەسەننىڭ سۆزى بويىچە «ھۇنەر ئىشلىتىۋاتقاندەك»، بىردە دادامغا، بىردە ماڭا ھەيران بولۇپ قارىدى ـ دە:

ــــ بۇ خىزمەتنى قىلىۋاتقىنىمغا ئون بەش يىل بولغان بولسىمۇ، ھېچقاچان بۇنداق ئىشنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، ــــ

دېدى. مانا شۇنداق يول بىلەن دادام تاماق بېلىتىنى پۇل ئورنىدا پىرىكازچىككە تەڭلەيدىغان، ئۆزىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان ئىشتىن قۇتۇلدى. بىرەر ئافغاننىڭ ئۇنىڭ پاراۋانلىق پۇلىنى خەجلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشىدەك نومۇس ئىشنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇ پاراۋانلىق باشقۇرۇش ئىشخانىسىدىن خۇددى ئەجەللىك راك كېسەللىكىدىن ساقايغان ئادەمدەك مەزمۇت قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى.

مەن 1983 - يىلى يازدا، يىگىرمە يېشىمدا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزدۈم. شۇ كۈنى توپ مەيدانىدا ئۇنىۋان شەپكىسىنى ئاسمانغا ئاتقانلارنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭى مەن ئىدىم. دادامنى ئاپپاراتلىرىنى توختىماي چاقنىتىۋاتقان ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋە كۆك تون كىيگەنلەرنىڭ ئارىسىدا يىتتۈرۈپ قويغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن ئۇنى ئاخىر زەيتۇن توپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقنىڭ يېنىدا قوللىرىنى يانچۇقىغا سالغان، ئاپپاراتنى بوينىغا ئاسقان ھالدا كۆردۈم. ئۇ بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ چۇرقىرىشىۋاتقان قىزلار، ئاتا - ئانىلىرىغا ئالقانلىرىنى سوزۇپ، شاپىلاقلىشىۋاتقان ئوغۇللارنىڭ ئارىسىدا بىردەم غايىب بولۇپ، بىردەم پەيدا بولاتتى.

دادامنىڭ ساقاللىرى تېخىمۇ ئاقىرىپ، ئىككى چېكىسىدىكى چاچلىرى شالاڭلىشىشقا باشلاپتۇ. قېنى، ئۇنىڭ كابۇلدىكى قامەتلىك بويى؟ ئۇچىسىدا يەنە شۇ ئافغانىستاندا توي ۋە دەپنە مۇراسىملىرىغا كىيىپ بارىدىغان جىگەر رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا. بوينىدا مەن شۇ يىلى ئۇنىڭ ئەللىك ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا قىلىپ بەرگەن قىزىل گالستۇك ... ئۇ مېنى كۆرگەن ھامان كۈلۈمسىرەپ قولىنى پۇلاڭلاتتى - دە، مېنى ئۇنىۋان شەپكەمنى كىيىشكە شەرەتلىدى. ئاندىن مەكتەپنىڭ سائەت مۇنارىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ مېنى سۈرەتكە تارتتى. مەن دادام ئۈچۈن كۈلۈمسىرىدىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولدۇم.

چۈنكى، بۈگۈن دادامغا تەئەللۇق كۈن، ئۈنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەيدىغان كۈن ئىدى. دادام ئالدىمغا كېلىپ بىر قولى بىلەن بوينۇمنى قۇچاقلاپ پېشانەمگە سۆيدى.

— مەن چىن كۆڭلۈمدىن پەخىرلەندىم، ئامىر، — دېدى دادام.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. مەن ئاشۇ خۇشاللىق قاراشلارنىڭ سەۋەبچىسى بولغانلىقىمدىن سۆيۈندۈم.

ئۇ مېنى شۇ كۈنى كەچتە هايۋارد شەهىرىدىكى ئافغان رېستورانىغا باشلاپ بېرىپ، شۇنداق كۆپ تاماق بۇيرۇتتى. ئۇ يەنە رېستوران خوجايىنىغا مېنىڭ مۇشۇ كۈزدە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغانلىقىمنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىدى. مەن ئوقۇش پۈتكۈزۈشنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئالدى بىلەن خىزمەت تېپىش ئارزۇيۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتقاندىم. مەن ئالدى بىلەن دادامغا ياردەم قىلىپ، ئازراق ئىقتىساد توپلىغاندىن كېيىن يەنە بىر يىلى ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىشنى پىلان قىلغاندىم. لېكىن، دادامنىڭ ئۆزىگە خاس نارازىلىق ئىپادىلەنگەن كۆزلىرىنى كۆرۈپلا، سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن دادام مېنى رېستوراننىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان قاۋاقخانىغا باشلاپ كىردى. قاۋاقخانا ئىچى قاراڭغۇ، مەن ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغان ئاچچىق پىۋىنىڭ پۇرىقى تاملارغا سىڭىپ كەتكەندى. بېشىغا كالتەك توپچىلار شەپكىسى، ئۇچىسىغا ئاسما مايكا كىيىۋالغان كىشىلەر بىليارت ئويناۋاتاتتى. تاماكىنىڭ ئىسلىرى ئۈستەل ئۈستىدىن لەيلەپ تورۇستىكى چىراغلارنىڭ ئەتراپىنى قاپلىغانىدى. دادامنىڭ جىگەر رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكىسى بىلەن مېنىڭ قىر چىقىرىلغان شىمىم، بوغماق چاپىنىمنىڭ بۇ سورۇنغا ماسلاشمىغانلىقىنى باشقىلارنىڭ بىزگە ئەجەبلىنىپ قاراشلىرىدىن بىلگىلى بولاتتى. بىز قاۋاقخانا بوتكىسىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. دادام تاماكىسىنى

تۇتاشتۇرۇپ، بىزگە پىۋا بۇيرۇدى.

— مەن بۈگۈن بەك خۇشال، — دېدى ئۇ گىراماتىكىسى ئانچە توغرا بولمىغان ئىنگلىز تىلىدا يۇقىرى ئاۋازدا، — بۈگۈن مەن ئوغلۇم بىلەن ئىچمەكچى. يېنىمدىكى بۇ دوستۇمغىمۇ بىر بوتۇلكا پىۋا كەلتۈرۈڭ، — دېدى ئۇ يېنىمدا ئولتۇرغان ياشانغان بىر ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە بوشقىنا ئۇرۇپ تۇرۇپ. ئۇ كىشى بېشىدىكى شەپكىسىنى ئېلىپ بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەندە، چىشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

دادام قولىدىكى پىۋىنى ئۈچ يۇتۇمدىلا تۈگىتىپ، يەنە بىرنى بۇيرۇدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىدىكى پىۋىنى زورلاپ تۇرۇپ بىر ئىستاكاننىڭ تۆتتىن بىرىنى تۈگەتكۈچە، ئۇ ئاللىقاچان ئۈچ ئىستاكاننى قۇرۇقداپ بولغانىدى. ئارقىدىنلا ئۇ ياشانغان كىشىنى بىر ئىستاكان سكوچ ھارىقى بىلەن، بىليارت ئويناۋاتقان كىشىلەرنى بىر قاپاق پىۋا بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇلار باشلىرىنى لىڭشىتىپ دادامنىڭ مۈرىسىگە خۇرسەنلىك بىلەن ئۇرۇپ قويدى. قوللىرىدىكى ئىستاكانلىرىنى دادام ئۈچۈن كۆتۈرۈشتى. ئۇلاردىن بىرى ئۇنىڭ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەردى. دادام بولسا گالىستۇكىنى بوشىتىپ، ياشانغان كىشىگە بىر تۇتام تەڭگىنى ئۇزاتتى - دە، ئاپتوماتىك مۇزىكا قويغۇچنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇ كىشىگە ئېيت، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىسىنى قويسۇن، — دېدى.

ئۇ كىشى بېشىنى لىڭشىتىپ دادامغا ھەربىيچە چاس بەردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا يېزا ناخشىلىرى ياڭراشقا باشلىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە دادام بۇ يەردىمۇ ئولتۇرۇشنى باشلىدى. بىر ئارىلىقتا دادام ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى پىۋىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ياغاچ قىرىندىلىرى بىلەن يېپىلغان پولغا تۆككەچ: «ھۇ! ئاناڭنى رۇسلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ئارقىدىنلا كۈلكىگە ئەگىشىپ يۇقىرى ئاۋازدا دادامنىڭ: «ھۇ! ئاناڭنى رۇسلار!» دېگەن سۆزىنى

تەكرارلىغان سادالار قاۋاقخانىنى بىر ئالدى. دادام يەنە بىر قاپاق پىۋا بىلەن ئەتراپتىكىلەرنى مېھمان قىلدى.
بىز قاۋاقخانىدىن ئايرىلغاندا ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. «دادام مەيلى كابۇل، مەيلى پەشاۋەر، مەيلى ھايۋاردتا بولسۇن، ھەممىلا يەردە ئۆز خاراكتېرىنى ساقلاپ كەلدى» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە كۈلۈپ قويدۇم.
مەن دادامنىڭ «بېك» ماركىلىق سېرىق رەڭلىك كونا ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۆيگە قاراپ يول ئالدىم. دادام ماشىنىغا چىقىپلا، يەر بوشىتىغان ماشىنىنىڭ ئاۋازىدەك چىقىدىغان خورىكىنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن ھاراق ۋە تاماكىنىڭ كۈچلۈك، لېكىن يېقىملىق بىلىنىدىغان پۇرىقى كېلەتتى. مەن ماشىنىنى توختاتقاندا، ئۇ ئورنىدا تىك ئولتۇردى ـ دە، بوغۇق ئاۋاز بىلەن:
— كوچىنىڭ ئايغىغىچە ھەيدە، — دېدى.
— نېمىشقا دادا؟
— ھەيدىسەڭلا بولمىدىمۇ؟
ئۇ ماشىنىنى كوچىنىڭ جەنۇبىي بېشىدا توختاتقۇزدى ـ دە، يانچۇقىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى:
— ئەنە، — دېدى ئۇ ئالدىمىزدا توختىتىپ قويۇلغان كونا ۋە ئازادە «فورد» ماركىلىق ماشىنىنى كۆرسىتىپ. ئاي يورۇقىدا ئۇ ماشىنىنىڭ رەڭگىنى بىلگىلى بولمايتتى.
— ئۇنى بىر قېتىم سىرلاش كېرەك. مەن بىزنىڭ ماي قاچىلاش پونكىتىدىكى بىرىگە دەپ رېمونت قىلىدىغان يەرلىرىنى ئوڭشىتىپ بېرەي. لېكىن، ھازىرچە ئۇنى ھەيدىگىلى بولىدۇ.
مەن ھەيران بولغان ۋە ھاياجانلانغان ھالدا ئاچقۇچنى ئېلىپ، كۆزۈمنى دادامدىن ماشىنىغا يۆتكىدىم.
— سەن ئۇنىۋېرسىتېتقا بارغاندا لازىم بولىدۇ، — دېدى ئۇ.
مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ چىڭ سىقتىم. كېچىدە چىرايىمىزغا چۈشكەن سايىلەرنىڭ تاراملاپ ئېقىۋاتقان

ياشلىرىمنى يوشۇرۇپ قالغىنىمغا ئىچىمدە خۇشال بولدۇم.
— رەھمەت، دادا.
بىز دادامنىڭ ماشىنىسىدىن چۈشۈپ، «فورد»قا چىقتۇق. بۇ «بۈيۈك تورىنو» تىپلىقى بولۇپ، دادام ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ قارا كۆك ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. مەن ئۇ ماشىنىنى ھەيدەپ مەھەللىنى بىر چۆرگىلەپ، ئۇنىڭ تورمۇز، رادىيو ۋە چىراغلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن بىز تۇرۇشلۇق بىنانىڭ يېنىدىكى ماشىنا توختىتىش ئورنىغا توختاتتىم.
— تەشەككۈر، دادا، — دېدىم مەن.
مەن يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېمەكچى، ئۇنىڭ ماڭا بىلدۈرگەن كۆڭۈلدىن قانچىلىك تەسىرلەنگەنلىكىمنى، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك قۇربانلارنى بېرىۋاتقانلىقىدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىمنى ئېيتماقچى بولدۇم - يۇ، ئۇنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم «تەشەككۈر» دەپ توختىدىم.
ئۇ كۆلۈمسىرەپ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويدى. ئۇنىڭ پېشانىسى ماشىنىنىڭ تورۇسىغا تېگىشكە ئاز قالغانىدى. بىز گەپ قىلىشماي، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە موتورنىڭ «چىك - چىك» قىلىپ سوۋۇغان ئاۋازىغا ھەم يىراقتىن ئاڭلانغان ساقچى ماشىنىسىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن دادام بېشىنى مەن تەرەپكە بۇرۇپ:
— مانا بۈگۈنكىدەك كۈنلەردە ھەسەن يېنىمىزدا بولغان بولسا - ھە، — دېدى.
ھەسەننىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەنلا بىر جۈپ تۆمۈر قول كېلىپ كانىيىمنى سىقىۋاتقاندەك بولدۇم. مەن دەرھال ماشىنىنىڭ دېرىزىسىنى چۈشۈرۈپ، ئۇ تۆمۈر قوللارنىڭ ئاجرىشىنى كۈتتۈم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن دادامغا ئۆزۈمنىڭ كۈزدە ئىككى يىللىق ئىنستىتۇتتا دەرس باشلىيالايدىغىنىمنى

ئېيتتىم. دادام سوغۇق چاي ئىچكەچ، ئۆزىنىڭ باش ئاغرىقىنىڭ داۋاسى دەپ ئىشىنىدىغان دورىسى لاچىنىدانە ئۇرۇقىنى چايناپ ئولتۇراتتى.

— مەن ئىنگلىزچە كەسپتە ئوقۇيمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دېدىم - يۇ، يۈرىكىم جىغ قىلغان ھالدا ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتتۇم.

— ئىنگلىزچە؟

— دېمەكچى بولغىنىم يېزىقچىلىقتا ئوقۇيمىكىن.

ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەنىدىن كېيىن چېيىنى بىر ئوتلاپ:

— دېمەكچى بولغىنىڭ ھېكايىچىلىق. سەن ھېكايە ئويدۇرۇپ چىقىرىسەن، شۇنداقمۇ؟

مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ پۇتۇمنىڭ ئۇچىغا قارىدىم.

— ئۇلار سەن ئويدۇرۇپ چىققان ھېكايىلەرگە پۇل بېرەمدۇ؟

— ئەگەر ياخشى يازالىسام، — دېدىم مەن، — ھەم تونۇلالىسام.

— ئۇنداق تونۇلۇشنىڭ، بايقىلىشنىڭ ئېھتىمالى قانچىلىك؟

— ئېھتىمالى بار، — دېدىم مەن.

دادام بېشىنى لىڭشىتتى.

— سەن ياخشى يېزىپ، باشقىلار سېنىڭ تالانتىڭنى بايقاپ بولغۇچە نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ قانداق قىلىپ پۇل تېپىشنى پىلانلاۋاتىسەن؟ ئەگەر ئۆي - ئوچاقلىق بولساڭ خانىمىڭنى قانداق باقماقچى بولۇۋاتىسەن؟

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم.

— مەن ... خىزمەت تاپىمەن.

— ھە، — دېدى ئۇ يەنە، — ۋاھ - ۋۇي! ئۇنداق بولسا، ئەگەر مەن توغرا چۈشەنگەن بولسام، سەن باشتا بىرنەچچە يىل ئوقۇپ دىپلوم ئالىسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئالغان

ئۇنۋانىڭ كۇنلىرىنىڭ بىر كۈنى سىنى تونۇتۇپ، نامىڭنى چىقارغۇچە ماڭا ئوخشاش ھېچ قىيىنالمايلا تاپقىلى بولىدىغان، تايىنى يوق خىزمەتتىن بىرنى تاپىسەن. شۇنداقمۇ؟

ئۇ چوڭقۇر بىر تىن تارتىپ، چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېببىي مەكتەپ، قانۇن مەكتەپ ۋە «تارازىدا توختايدىغان خىزمەت» دەپ نېمىلەرنىدۇر غۇدۇراشقا باشلىدى.

مېنىڭ مەڭزىم ۋىجدان ئازابىدىن قىزىرىپ كۆيۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئاشقازان يارىسى، مايدىن قاپقارا بولۇپ كەتكەن تىرناقلىرى ۋە ئاغرىۋاتقان بىلەكلىرى ھېسابىغا ئۆز مەيلىمچە ئىش قىلىۋاتىمەن. لېكىن، مەن ئۆز مەيدانىمدا چىڭ تۇرىمەن. مەن ئۇنى قارار قىلدىم. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى دادام ئۈچۈن قۇربان قىلمايمەن. ئالدىنقى قېتىم ئاشۇنداق قىلغىنىمدا، ئۆزۈمنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىمغۇ؟

دادام ئېغىر بىر خورسىندى ـ دە، بىر چاڭگال لاچىندانە ئۈرۈقنى بىراقلا ئاغزىغا سالدى.

مەن بەزىدە «فورد» ماركىلىق ماشىنامنىڭ ئەينىكىنى پەسكە چۈشۈرۈۋېتىپ، يېرىم ئارال رايونىنىڭ شەرقىگە، جەنۇبىغا، ھەتتا يېرىم ئارالغىچە ماشىنا ھەيدەپ بېرىپ، يەنە كەينىمگە قايتىپ كېتەتتىم. مەن يەنە ماشىنامنى فرېمونت شەھەر ئەتراپىدىكى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، شاھمات تاختىسىغا ئوخشايدىغان كوچىلارغا ھەيدەپ باراتتىم. بۇ يەرلەردىكى كىشىلەر پادىشاھ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ باقمىغان، ئۇلار دېرىزىلىرى چېقىلىپ كەتكەن كونا بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، بۇ يەرلەردىمۇ مېنىڭ ماشىنامغا ئوخشاش مېيى ئېقىپ تۇرىدىغان كونا ماشىنىلار يول بويىغا توختىتىپ قويۇلىدىكەن. مەن ماشىنامنى دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان باغچىلارنىڭ ئالدىدىن، بىر قېتىمدا بەش مەيدان ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىنى بىمالال

ئۆتكۈزگىلى بولغۇدەك كۆلەمدىكى ئۈستى ئوچۇق چوڭ سودا مەركەزلىرىنىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ ئۆتەتتىم. مەن يەنە لوس ئالتوس تېغىدىن ئۆتۈپ، ئولتۇراق رايونىغا كەلدىم، بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىگە ھەر خىل كۆرۈنۈشلەر چۈشۈرۈلگەن، ھەيۋەتلىك تۆمۈر ئىشىكلىرىنى كۈمۈش رەڭلىك شىر ھەيكەللىرى قوغداپ تۇراتتى، پىيادىلەر يولىنىڭ ئىككى چېتىگە قاناتلىق بالىنىڭ ھەيكىلىدىن ياسالغان فونتانلار قاتار تىزىلغانىدى، ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا مېنىڭكىدەك «فورد» ماركىلىق ماشىنىلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا دادامنىڭ ۋەزىر ئاكبەرخان رايونىدىكى ئۆيى خۇددى خىزمەتكارلارنىڭ كەپىسىدەك بىلىنەتتى.

بەزى شەنبە كۈنلىرى سەھەردە، ماشىنامنى ھەيدەپ 17 ـ نومۇرلۇق تاشيولدىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يوللىرىنى بويلاپ سان كىرۇز شەھىرىگە باراتتىم. مەن ماشىنامنى كونا ماياكنىڭ يېنىغا توختىتىپ، ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، دېڭىز يۈزىدىكى تۇرۇم ـ تۇرۇم تۇماننى تاماشا قىلغاچ قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۈتەتتىم. مەن ئافغانىستاندىكى چېغىمدا، دېڭىزنى پەقەت كىنو ئېكرانىدىلا كۆرگەنىدىم. قاراڭغۇدا ھەسەنگە ياندىشىپ ئولتۇرۇپ، «دېڭىز سۈيىدە تۇزنىڭ ھىدى بارلىقىنى كىتابلاردىن ئوقۇغانىدىم، بۇ راستىمدۇ» دېگەنلىكىمنى خىيال قىلاتتىم. مەن دائىم ھەسەنگە: «كېيىن بىر كۈنلەردە ئىككىمىز چوقۇم دېڭىز يۇسۇنلىرى قاپلىغان دېڭىز قىرغاقلىرىدا يالاڭ ئاياغ مېڭىپ، پۇتىمىزنى قۇمغا كۆمىمىز، دېڭىز سۈيىنىڭ پۇتىمىزغا ئۇرۇلۇپ كەينىگە قايتىشىنى تاماشا قىلىمىز» دەيتتىم. مەن تۇنجى قېتىم تىنچ ئوكياننى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ بالىلىق چېغىمدا كىنو ئېكرانىدا كۆرگەندەكلا چەكسىز ۋە كۆپكۆك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھاياجان ئىچىدە كۆزلىرىمگە ياش ئالغانىدىم.

بەزى كۈنلىرى قۇياش پېتىشىنىڭ ئالدىدا، مەن ماشىنامنى

توختىتىپ قويۇپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ئۈستىدىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈككە قاراپ ماڭاتتىم. يۈزلىرىمنى يول ياقىسىدىكى رېشاتكىغا مەھكەم يېقىپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ كەينىدىكى قىزىل رەڭلىك تورمۇز چىراغلىرىنى سانايتتىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى داڭلىق ماركىلىق ماشىنىلار ئىدى، مەن كابۇلدا كىشىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ۋولگا» ماركىلىق، كونا «ئوپېل» ماركىلىق ماشىنىلارنى ياكى ئىراننىڭ «پايكان» ماركىلىق ماشىنىلىرىنىلا ھەيدىگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم.

گەرچە بىز ئامېرىكىغا كەلگىلى ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ، مەن تېخىچە بۇ دۆلەتنىڭ پايانسىز زېمىنىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى كۆزەتمەكتە ئىدىم. بىر – بىرىگە مىڭلىشىپ چەكسىز سوزۇلغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللىرى، بىر – بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن شەھەرلىرى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان چوڭ – كىچىك تاغلار، ئۇلارنىڭ كەينىدە يەنە قاتار تىزىلغان شەھەرلەر، ئۇ يەرلەردە ياشايدىغان ئادەملەر... ھەممىسى مېنى ھەيران قالدۇراتتى.

رۇسىيە ئارمىيەسى ئافغانىستانغا بېسىپ كىرىپ، مەھەللىلەر كۆلگە ئايلىنىشتىن، مەكتەپلەر ۋەيران بولۇشتىن، يەر ئاستى مىنالىرى ئۆلۈم ئۇرۇقىدەك ھەممە يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشتىن ھەم سان – ساناقسىز بالىلارنىڭ تاش دۆۋىلىرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈشىدىن بۇرۇنلا كابۇل نەزىرىمدە ئالۋاستى شەھىرىگە، توشقان كالپۇكلۇق ئالۋاستىلارنىڭ شەھىرىگە ئايلانغانىدى.

ئامېرىكا كابۇلغا ئوخشىمايتتى. ئامېرىكا ئۆتمۈشكە پەرۋا قىلمايدىغان، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا ئىدى. مەن بۇ يەردە ئاشۇ دەرياغا شۇڭغۇپ، ئۆزۈمنىڭ گۇناھلىرىمنى ئۇنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە چۆكتۈرۈۋېتىپ، سۇ ئېقىمىغا ئەگىشىپ يىراقلارغا، ئالۋاستىدىن، ئۆتمۈشنىڭ ئاچچىق ئەسلىمىلىرىدىن،

گۇناھلاردىن خالىي جايلارغا كېتەلەيتتىم.

مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ، ئامېرىكىنى ئۆزۈمگە پاناھ تاپقانىدىم.

كېيىنكى يىلى، يەنى 1984 ـ يىلى ــــ مەن يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن يىلى يازدا، دادام ئۆزىنىڭ «بېك» ماركىلىق ماشىنىسىنى سېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا بەش يۈز ئەللىك دوللار قوشۇپ، 1971 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان «ۋولكسۋاگېن» ماركىلىق كونا، ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ئاربىۋىسنى سېتىۋالدى. دادام بۇ ماشىنىنى ئافغانىستاندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە تەبىئەت دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بولغان بىر كونا تونۇشىدىن سېتىۋالغانىدى. ماشىنىنى سېتىۋالغان كۈنى چۈشتىن كېيىن ماشىنا توختىتىش ئورنىغا ھەيدەپ كىرگۈچە، ماشىنىنىڭ پاراسلىغان ئاۋازى پۈتۈن كوچىنى بىر ئېلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتتى. دادام دەرھال موتورنى ئۆچۈرۈپ ماشىنىنى توختاتتى. بىز تاكى ھېچكىم بىزگە دىققەت قىلمايۋاتقانلىقىغا كۆزىمىز يەتكۈچە ماشىنا ئىچىدە چۆكۈپ ئولتۇردۇق. بىر چاغدا، بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، كۆزىمىزدىن ياش چىقىپ كەتتى. بۇ ئاربىۋىسنىڭ داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر ـ تەسەك ئىكەنلىكى ئېنىقلا بىلىنىپ تۇراتتى. دېرىزىلىرىنىڭ چېقىلىپ كەتكەن ئەينەكلىرىنىڭ ئورنىغا ئەخلەت سالىدىغان قارا سولياۋ خالتىلار چاپلاپ قويۇلغانىدى، ئورۇندۇقلىرى يىرتىلىپ ئاستىكى پۇرژىنىلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ ئوقۇتقۇچى دادامغا تەكىتلىگىنىدەك ماشىنىنىڭ موتورى ھەقىقەتەن ساق ئىكەن.

شەنبە كۈنلىرى دادام مېنى سەھەردە ئويغىتاتتى. دادام كىيىمىنى كىيگۈچە، مەن تېزلىكتە يەرلىك گېزىتلەردىكى ئېلانلارغا كۆز يۈگۈرتەتتىم ـ دە، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلىرىنى سېتىش ئۈچۈن چىقارغان ئېلانلىرىغا چەمبىرەك سىزىپ بەلگە قوياتتىم. ئاندىن

ئەتراپىمىزدىكى شەھەرلەرگە بارىدىغان يوللارغا خەرىتىدىن بەلگە قوياتتۇق. دەسلەپتە فرېمونت، ئونۋون، نيۇۋارك، هايۋارد شەھەرلىرىنى كېزىپ، ئاندىن سان خوسې، مىلپىتاس، سانىنىۋېيللارنى ئارىلايتتۇق. ۋاقىت يار بەرسە، كامپېل شەھىرىنىمۇ ئايلىنىپ كېلەتتۇق. دادام چايداندىكى قىزىق چېيىنى ئىچكەچ ئاربۇسنى ھەيدەيتتى. مەن بولسام يېنىدا ئولتۇرۇپ يول باشلايتتىم.

ھەپتە ئاخىرىدا كىشىلەر ئۆزلىرى ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلىرىنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا تىزىپ ساتاتتى. دادام ئىككىمىز بۇ نەرسىلەرنى باھا تالىشىپ يۈرۈپ، ئەرزان باھادا سېتىۋالاتتۇق. بىز كونا كىيىم تىكىش ماشىنىلىرى، بىر كۆزى يوق قورچاقلار، ياغاچتىن ياسالغان چويلا توپ پالاقلىرى، تارلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن گىتارلار ۋە كونا ئېلېكترونلۇق گىلەم تازىلاش ماشىنىلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتۇق. چۈشكىچە ئاربۇسنىڭ ئىچىنى سېتىۋالغان كونا نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتەتتۇق. يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، سان خوسېدىكى پىت بازىرىدىن بىر يايما ئورنىنى ئىجارىگە ئېلىپ، سېتىۋالغان نەرسىلىرىمىزنى ئازراق پايدا قوشۇپ ساتاتتۇق. ئەڭ ياخشى ساتالىغان ۋاقتىمىزدا ئالدىنقى كۈنى يىگىرمە بەش تىيىنغا ئالغان نەرسىلەرنى بىر دوللارغا ياكى بەشىنى تۆت دوللارغا ساتاتتۇق. ئون دوللارغا سېتىۋالغان ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى بىرئاز باھا تالاشقاندىن كېيىن يىگىرمە بەش دوللارغىمۇ ساتالايتتۇق.

شۇ يازدىن باشلاپ ئافغانلار سان خوسېدىكى پىت بازىرىنىڭ بىر تەرىپىنى تولۇق ئىگىلەپ بولدى، دۇكانلاردىن ئافغانچە مۇزىكىلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ بازاردىكى ئافغانلار ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دۇكاندىكىلەرگە سالام قىلىپ، ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغاچ پاراڭلىشاتتى، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە تەسەللى بېرەتتى، يېڭى پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلەرنى

تەبرىكلەيتتى. ئەگەر پاراڭ ئافغانىستان بىلەن رۇسلارغا يۆتكەلسە (شۇنداق بولۇشى ناھايىتى ئېنىق)، قايغۇرغان ھالدا بېشىنى چايقايتتى. لېكىن، ئۇلار شەنبە كۈنىنىڭ پارىڭىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. چۈنكى، ئۇدۇلدىكى دۇكاندىكى كىشى سىز تونۇگۇن كونا مال ئالغىلى كېتىۋاتقان يولدا يېنىڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سىزنى سوقۇۋېتىشكە تاس قالغان كىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئاشۇ دۇكاندارلارنىڭ ئارىسىدا چاي ئىچىشتىن قالسىلا، مودا بولۇۋاتقىنى ئافغانلارنىڭ غەيۋىتى ئىدى. كىشىلەر ئوبدان دەملەنگەن يېشىل چاي بىلەن بادام ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان پوشكالنى يېگەچ ئولتۇرۇپ، كىمنىڭ قىزى توي چېيىنى بۇزۇپ، ئامېرىكىلىق ئوغۇل دوستى بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكى، كىمنىڭ بۇرۇنقى ئافغانىستان پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى، كىمنىڭ تېخىچە ھۆكۈمەت پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، قانۇنسىز تاپقان پۇللىرىغا ئۆي سېتىۋالغانلىقى توغرۇلۇق ھارماي پاراڭ سېلىشاتتى. چاي ئىچىش، سىياسىي خەۋەرلەر، كىشىلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى قاتارلىقلار پىت بازىرىدىكى ئافغان يەكشەنبىسىنىڭ كۈنتەرتىپىگە ئايلانغانىدى.

بەزى ۋاقىتلاردا مەن دۇكانغا قارايتتىم، دادام يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يايمىلاردىكى كىشىلەرگە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بېرىپ كېلەتتى. كونا يۈڭ پەلتولارنى ۋە ئۇپراپ كەتكەن ۋېلىسىپىت قالپاقلىرىنى سېتىۋاتقان ئۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن كابۇلدا رېمونتچى ياكى كىيىم تىككۈچى، دىپلومات، دوختۇر ۋە ياكى ئالىي مەكتەپ پىروفېسسورى بولغانلار ئىدى.

1984 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بىر يەكشەنبە ئەتىگىنى، دادام بىزنىڭ يايمىنى رەتلەۋاتاتتى، مەن يېمەكلىك بوتكىسىدىن ئىككى ئىستاكان قەھۋە ئېلىپ كەلسەم، دادام ياشانغان، قامەتلىك بىر كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ. مەن

ئىستاكانلارنى ئاربىۋسىنىڭ كەينى تەرىپىگە چاپلانغان، «رېگان بىلەن بۇشنىڭ 1984 ـ يىللىق زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىششى توغرىسىدىكى سۈرەت»لەرنىڭ قېشىغا قويدۇم.

— ئامىر، — دېدى دادام ماڭا قاراپ، — بۇياق گېنېرال ئىقبال تاھىر ئەپەندى بولىدۇ. بۇ كىشى كابۇلدىكى ۋاقتىدا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا ئىشلىگەن، ئوردېنلار بىلەن مۇكاپاتلانغان گېنېرال ئىدى.

«تاھىر، بۇ ئىسىم تونۇشلا بىلىنىدۇغۇ؟» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

گېنېرال قاقاقلاپ كۈلدى، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ يىغىلىشىغا قاتناشقان كىشىلەر يۇقىرى ئىمتىيازلىق بىرەرسىنىڭ ئاددىي چاقچىقى ئۈچۈن كۈلىدىغان ياسالما كۈلكىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ كۈمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرى كەينىگە تەكشى تارالغان، ئاپتاپتا كۆيگەن كەڭ پېشانىسى ۋە ئاق ئارىلاشقان قويۇق قاشلىرى قامىتىگە خويمۇ ماسلاشقانىدى. كۆپ قېتىم دەزمال سېلىپ پارقىراپ كەتكەن كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىدىن ئەتىر پۇرىقى كېلەتتى. يانچۇق سائىتىنىڭ ئالتۇن زەنجىرى جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— بۇ سۆزلەرگە مۇناسىپ ئەمەسمەن، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، — ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوغلۇم!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، گېنېرال ئەپەندى، — دېدىم ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ. ئۇ ئورۇق قولى بىلەن قولۇمنى شۇنداق چىڭ تۇتتىكى، ئۇنىڭ قولىنىڭ تېرىسىنىڭ ئاستىغا تۆمۈر يوشۇرۇنغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— ئامىر كەلگۈسىدە داڭلىق يازغۇچى بولماقچى، — دېدى دادام، — ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرىنچى يىللىقىنى تۈگەتتى. ھەممە دەرستە «ئەلا» باھالاندى.

— ئىككى يىللىق ئىنستىتۇت، — دېدىم دادامنىڭ سۆزىگە

ئىزاھات بېرىپ.

— ئىنشائاللا، — دېدى گېنېرال، — كەلگۈسىدە بىزنىڭ دۆلىتىمىز توغرۇلۇق ياكى ئۇنىڭ تارىخىنى يازماقچىمۇ؟ ياكى ئىقتىسادى توغرۇلۇقمۇ؟

— مەن ئەدەبىي ئەسەر يازىمەن، — دېدىم مەن رەھىمخان بەرگەن خۇرۇم تاشلىق خاتىرە دەپتەرگە يازغان ئوندىن ئارتۇق قىسقا ھېكايەمنى ئەسكە ئېلىپ. نېمە ئۈچۈن بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن.

— ھە، ھېكايە ئېيتقۇچى بولىمەن دەڭ، — دېدى گېنېرال، — مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا كىشىلەر خاپىلىقلارنى ئازراق بولسىمۇ ئۇنتۇش ئۈچۈن ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا موھتاج بولىدۇ، — ئۇ قولىنى دادامنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ماڭا قارىدى، — ھېكايىگە كەلسەك، دادىڭىز ئىككىمىز يازنىڭ بىر كۈنى جالالئاباداتا قىرغاۋۇل ئوۋلىغانىدۇق، قالتىس چاغلار ئىدى ئۇ. ئەگەر توغرا ئېسىمدە قالغان بولسا، دادىڭىزنىڭ كۆزى ئوۋ ۋاقتىدا سودىدىلا ئەمەس، ئوۋ ئوۋلاشتىمۇ ئۆتكۈر ئىدى.

دادام يەردىكى بىر يېزىت رەختنىڭ ئۈستىدە تۇرغان چويلا توپ پالىقىنى ئۆتۈكىنىڭ تۇمشۇقى بىلەن تەپتى.

— پەقەت بەزى سودىلاردىلا كۆزۈم ئۆتكۈر ئىدى، — دېدى دادام.

گېنېرال تاھىر دەرھال قايغۇ ئارىلاشقان ھالدا كۈلۈمسىرىدى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ دادامنىڭ دولىسىغا يەڭگىل ئۇردى.

— ھاياتلىق داۋاملىشىۋېرىدىكەن، — دېدى گېنېرال ماڭا قاراپ، — ئافغانلار بىر ئىشنى دائىم مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىمىز، ئوغلۇم. مەن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ «ئۇلۇغ» دەپ تەرىپلەنگەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان. لېكىن، سىزنىڭ دادىڭىز ئاز ساندىكى ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەملەر توپىغا مەنسۇپ.

گېنېرال ئەپەندىنىڭ بۇ قىسقىغىنا باھاسى ماڭا خۇددى ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى كونا كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىنىڭ

پارقىرىغىنىدەك سۇئىي بىلىندى.

— سىز مېنى زىيادە ماختىۋەتتىڭىز، — دېدى دادام.

— زىيادە ماختىغىنىم يوق، — دېدى گېنېرال تەكەللۇپ بىلەن بېشىنى سىڭار يان قىلىپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ، — پەرزەنتلەر ئاتىلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك، — ئۇ ماڭا قارىدى، — سىز دادىڭىزدىن رازىمۇ، ئوغلۇم؟ سىز زادى ئۇنىڭدىن مەمنۇنمۇ؟

— شۇنداق، گېنېرال ئەپەندى، مەن ئەلۋەتتە رازى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ مېنى يەنە «ئوغلۇم» دەپ چاقىرماسلىقىنى ئۈمىد قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا مۇبارەك بولسۇن، سىز ئاللىقاچان ھەقىقىي ئوغۇل بالا بولۇش يولىنىڭ يېرىمىنى مۇساپىسىنى تۇگىتىپسىز، — دېدى ئۇ.

— دادا، چېيىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ.

ئارقىمىزدىن بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بوي - تۇرقى قامالاشقان، يۇمشاق چاچلىرى قۇندۇزدەك قاپقارا بىر گۈزەل قولىدا چايدان بىلەن ئىستاكان تۇتۇپ تۇراتتى. مېنىڭ كۆزلىرىم چەكچىيىپ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى ئۇچۇۋاتقان قۇشنىڭ قانىتىغا ئوخشايتتى. ئېقىپ چۈشكەندەك كۆرۈنىدىغان چىرايلىق بۇرنى بولسا قەدىمكى پارس خەلق داستانلىرىدا تەسۋىرلەنگەن گۈزەللەرنى ياكى «شاھنامە»دە تەسۋىرلەنگەن رۇستەمنىڭ خوتۇنى ۋە سوھرابنىڭ ئانىسىنى ئەسلىتەتتى. يەلپۈگۈچتەك كىرپىكلەر قوغداپ تۇرغان قوي كۆزلىرى مېنىڭ كۆزلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ بىرپەس توختاپ قالدى - يۇ، دەرھال يەنە باشقا ياققا يۆتكەلدى.

— كۆپ ئاۋارە بوپسەن، قەدىرلىكىم، — دېدى گېنېرال تاھىر ئىستاكاننى قىزنىڭ قولىدىن ئېلىپ.

ئۇ قىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭماقچى بولغاندا، ئېڭىكىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئورغاق شەكىللىك خالىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ

بىزدىن ئىككى قاتار نېرىدىكى كۆل رەڭ كىچىك ئاربىۋىسىنىڭ يېنىدا توختاپ، قولىدىكى چايدانىنى ئاربىۋىسقا قويىدى ـ دە، ئۇنىڭ ئالغۇ لېنتىلىرى بىلەن كىتابلار قاچىلانغان ساندۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ چاچلىرى بىر تەرىپىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

— مېنىڭ قىزىم سۇرەييە بولىدۇ، — دېدى گېنېرال تاھىر، ئارقىدىنلا پاراڭ تېمىسىنى يۆتكەشكە ئالدىرىغانلىقىدەك ئېغىر بىر تىندى ـ دە، ئالتۇن سائەتكە قارىدى، — ئەمدى دۇكاننى راسلايدىغان ۋاقىت بوپتۇ.

ئۇ دادام بىلەن مەڭزى يېقىشىپ، سۆيۈشۈپ خوشلاشقاندىن كېيىن قولۇمنى ئىككى قولىدا چىڭ تۇتۇپ، كۆزۈمگە قاراپ:

— قەلىمىڭىزگە بەرىكەتلەر تىلەيمەن، — دېدى. ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدە ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىختىيارسىزلا ئاشۇ كۆل رەڭ ئاربىۋىسقا قارايدىغان بولۇپ قالدىم.

ئۆيگە قايتقۇچە «تاھىر» دېگەن ئىسىمنى قەيەردە ئاڭلىغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى.

— بۇرۇن تاھىر ئەپەندىنىڭ قىزى توغرۇلۇق گەپ ـ سۆزلەر تارقىلىپ يۈرگەنىغۇ دەيمەن؟ — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئازادە تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— سەن مېنى بىلىسەن، — دېدى دادام ئاربىۋىسنى پىت بازىرىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى قاتار تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن ئالدىرىماي ھەيدەپ چىقىۋېتىپ، — پاراڭ غەيۋەتكە ئۆزگەرگەندىلا، ئۇنداق يەردىن كېتىپ قالىدىغان ئادىتىم بارغۇ؟

— لېكىن، شۇنداق گەپ ـ سۆز بولغان، شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن.

— بۇنى ئەجەب سوراپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى دادام ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ.

— مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، دادا، — دېدىم مەن دولامىنى چىقىرىپ قويۇپ كۈلۈمسىرەپ.

— شۇنداقمۇ؟ سەۋەبى مۇشۇنداق ئاددىيمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىمگە مەنىلىك قاراپ، — ئۇ قىزغا قىزىقىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

مەن دادامدىن كۆزۈمنى دەرھال قاچۇرۇپ:

— بولدى قىلىڭ، دادا، — دېدىم.

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، ئاربىۇسنى بازاردىن ھەيدەپ چىقىپ، 680 ـ نومۇرلۇق يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولغا قاراپ يول ئالدى. بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن دادام سۆز ئاچتى:

— مەن پەقەت ئۇ قىزنىڭ بۇرۇن بىر يىگىت بىلەن ئاربىلاشقانلىقىنى ئاڭلىغان، كېيىن ئۇ ئىشلار تازا يورۇشمىگەن ئوخشايدۇ.

دادامنىڭ بۇ سۆزى ماڭا خۇددى ئۇ قىزنىڭ كۆكسى راكىغا گىرىپتار بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەندەك ئاڭلاندى.

— ھە...

— ئاڭلىشىمچە، ئۇ تىرىشچان، مىجەزى ئوڭلۇق، ئوبدان قىز ئىكەن. لېكىن، شۇ ئىشتىن كېيىن لايىق چىقماپتۇ. ھېچكىممۇ گېنېرالنىڭ ئىشىكىگە قىز سوراپ كەلمەپتۇ، — دېدى دادام ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — بەلكىم ئۇ ئادىللىق ئەمەستۇ. لېكىن، بەزى ۋاقىتلاردا كىچىككىنە ئىشلارمۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئامىر.

شۇ كۈنى كەچتە، مەن كارىۋاتتا يېتىپ سورەييە تاھىرنىڭ مەڭزىدىكى ئورغاق شەكىللىك خالنى، ئېلىپتەك ئېقىپ چۈشكەن بۇرنىنى، مېنى مەھلىيا قىلغان نۇرلۇق كۆزلىرىنى خىيال قىلدىم. خىياللار ئىچىدە يۈرىكىم تەرتىپسىز سوقاتتى. سورەييە تاھىر — مېنىڭ پىت بازىرىدىكى مەلىكەم.

# ئون ئىككىنچى باب

ئافغانىستاندا جادى ئېيىنىڭ بىرىنچى كېچىسى يىلدا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇزۇن كېچە بولۇپ، قىش پەسلىنىڭ تۇنجى كېچىسى ھېسابلىنىدۇ. كونا ئادەت بويىچە يىلدا كېچىسىدە ھەسەن ئىككىمىز كېچىچە ئۇخلىماي پۇتلىرىمىزنى كۆرسىغا تىقىپ ئولتۇراتتۇق، ئەلى ئالما ئاقلاپ، شۆپۈكىنى مەشكە تاشلىغاچ، بۇرۇنقى پادىشاھ ۋە ئوغرىلارنىڭ ئۇزۇن كېچىلەرنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. مەن ئەلىدىن يىلدا كېچىسى پەرۋانىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئوت يالقۇنىغا ئاتىدىغانلىقىنى، بۆرىلەرنىڭ تاغ چوققىسىغا چىقىپ، قۇياشقا تەلمۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەلى يەنە تېخى بىرگە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، يىلدا كېچىسىدە تاۋۇز يېگەن ئادەمنىڭ پۈتۈن بىر ياز ئۇسسۇزلۇقتىن خالىي بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بەرگەنىدى.

مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغان شېئىرلار توپلاملىرىدا يىلدا باشقىچىرەك تەسۋىرلەنگەنىدى. شېئىرلاردا يىلدا ئۇزۇن ھەم قاراڭغۇ بولۇشى بىلەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى ئازابقا سېلىپ، ئۇلارنى قۇياشنىڭ تېزرەك چىقىشىغا ۋە ئاشىقىنىڭ ۋىسالىغا تېزرەك يېتىشكە تەشنا قىلىدىغان ئۇيقۇسىز كېچە دەپ تەسۋىرلەنگەنىدى. مەن سورەييەنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن كۈندىن باشلاپ، ھەربىر كېچە مەن ئۇچۇن يىلداغا ئايلانغانىدى. ھەر يەكشەنبە كۈنى سەھەردە ئويغانسام، سورەيىەنىڭ قوي كۆزلىرى ۋە خۇش پىچىم چىرايى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. دادامنىڭ ئارىبۇسىغا ئولتۇرۇپ بازارغا بارغۇچە مەن ھەربىر

كىلومېتىر يولنى ھېسابلاپ ماڭاتتىم. سۇرەييەنىڭ يالاڭ ئاياغ ئولتۇرۇپ، قەغەز ساندۇقلاردىكى قەغەزلىرى سارغىيىپ كەتكەن قامۇسلارنى رەتلەۋاتقان ھالىتىنى، يەرگە دەسسىگەن ئاپپاق پۇتلىرىنى، كۇمۇش بىلەزۈكلەر شالدىرلاپ تۇرغان بىلەكلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتىم. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنىڭ يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرغان ھالىتى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئاھ سۇرەييە ! مېنىڭ مەلىكەم ! ئۇزۇن يىللاردا كېچىسىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتقان قۇياشىم !

مېنىڭ نېمە ئۈچۈن پىت بازىرىنى بىر ئايلىنىپ، تاھىر ئەپەندىنىڭ يايمىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمىگانلىقىم دادامنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇڭا، ھەر قېتىم ئۇ يەردىن ئۆتكىنىمدە، دادام ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قوياتتى. كۆپ دەزماللاپ پارقىراپ كەتكەن كۇل رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى ھەرگىز سالمايدىغان گېنېرال تاھىر ئەپەندىگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ سالام قىلغىنىمدا، گېنېرالمۇ ماڭا قاراپ سالام قايتۇراتتى. بەزى چاغلاردا ئۇ ھەيۋەتلىك ئورۇندۇقىدىن قوپۇپ ئالدىمغا كېلەتتى. ئىككىمىز مېنىڭ يېزىقچىلىقىم، ئافغانىستاندا بولۇۋاتقان ئۇرۇش ۋە شۇ كونىلىق بازاردىكى ئەرزان ماللار توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتۇق. بۇنداق ۋاقىتلاردا مەن جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقان سۇرەييە تەرەپكە قاراپ سالماسلىقنى تىرىشاتتىم. گېنېرال بىلەن خوشلىشىپ قايتقىنىمدىمۇ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تولىمۇ ئاۋايلاپ ماڭاتتىم.

بەزى ۋاقىتلاردا، گېنېرال باشقا دۇكاندىكىلەرنىڭ قېشىغا كەتكەندە، سۇرەييە دۇكاندا يالغۇز قالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا شۇنچە تەشنا بولساممۇ، يېنىدىن قەستەن كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. بەزىدە سۇرەييە سەل سېمىزرەك كەلگەن، ئوتتۇرا ياش، چىرايى تاتىراڭغۇ، چاچلىرىنى قىزىل بويىۋالغان بىر ئايال بىللە ئولتۇراتتى. مەن ياز

چىقىپ كەتكۈچە، ئۇ قىزغا گەپ قىلمەن دەپ ئۆزۈمگە ۋەدە قىلغانىدىم. لېكىن، ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىپ، يوپۇرماقلار قىزىرىپ، يەنە سارغىيىپ تۆكۈلدى. قىشتىكى يامغۇرنىڭ تەسىرىدە، دادامنىڭ رېماتىزىم كېسىلى پات ـ پات قوزغىلىپ، پۇت ـ قوللىرى ئاغرىيدىغان بولدى. ئەتىياز كېلىپ، يوپۇرماقلار يەنە بىخ چىقىرىشقا باشلىدى... مەن تېخىچە سۇرەييەنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالماي يۈرىمەن.

1985 ـ يىلى مايدا، ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمى ئاياغلاشتى. مەن ئاساسىي پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتىم. مېنىڭ سىنىپتا ئولتۇرۇپ، دەرسلەرگە قۇلاق سېلىشنىڭ ئورنىغا سۇرەييەنىڭ قاڭشارلىق بۇرنىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپمۇ شۇنداق ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىم ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى.

يازنىڭ تازا ئىسسىق بولغان بىر يەكشەنبە كۈنى، دادام ئىككىمىز پىت بازىرىدىكى دۇكىنىمىزدا گېزىت بىلەن ئۆزىمىزنى يەلپۈپ ئولتۇراتتۇق. قۇياش نۇرىنىڭ ئادەمنى دەرمال سالغاندەك كۆيدۈرۈشىگە قارىماي، بازاردا ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەن، سودىمۇ تازا ئوبدان بولۇۋاتاتتى. گەرچە سائەت ئەمدىلا ئون ئىككى يېرىم بولغان بولسىمۇ، بىز بىر يۈز ئاتمىش دوللارلىق سودا قىلىپ بولغانىدۇق. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پۇت ـ قوللىرىمنى سوزدۇم ـ دە، دادامدىن كولا ئىچەمسىز، دەپ سورىدىم. دادام ئىچىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— دىققەت قىل، ئامىر، — دېدى دادام مېڭىشقا تەمشەلگىنىمدە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، دادا؟

— مەن ئەخمەق ئەمەس، مېنى تولا ئوينىتما.

— مەن سىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمىدىم.

— ئېسىڭدە چىڭ تۇت، — دېدى دادام كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ماڭا چېنەپ، — ئۇ ئادەم ھەقىقىي پۇشتۇ

مىللىتىدىن. ئۇ پۇشتۇلارغا خاس غۇرۇرلۇق، نومۇسچان ۋە ئەقىدىلىك ئادەم. بولۇپمۇ، خوتۇنى ۋە قىزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ.

— مەن پەقەت ئىچىملىك ئالغىلىلا بارىمەنغۇ؟

— ساڭا دەيدىغىنىم، ھەرگىز يۈزۈمنى چۈشۈرىدىغان ئىشنى قىلما.

— مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، خۇدايىم تۇۋا... دادا سىز...

دادام تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى.

مەن يېمەكلىك ساتىدىغان بوتكىغا قاراپ كېتىۋېتىپ، نېمىشقىدۇر ئىيلىسا، ئەلۋىس ۋە جىم موررىسىنلارنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن ئاق مايكىلارنى ساتىدىغان بوتكىنىڭ ئالدىدىن ئىختىيارسىز سولغا قايرىلدىم. بوتكىدا مېكسىكىنىڭ خەلق مۇزىكىسى قويۇۋېتىلگەن، دۇخوپكىدا پىشۇرۇلغان گۆش كاۋاپ بىلەن تۇزلانغان تەرخەمەكنىڭ پۇرىقى دىمىقىمغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

تاھىر ئەپەندىنىڭ يۈك ماشىنىسى بىزنىڭ ماشىنىدىن ئىككى قاتار نېرىسىدا، زىخلىق مانگو ساتىدىغان يايمىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. سۈرەيىيە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋېتىپتۇ. ئۇ ئۇچىسىدا ئوشۇغىغا كېلىدىغان ئاق كۆڭلەك، پۇتىدا يازلىق ئاياغ، چېچىنى كەينىدىن بوغۇپ، ئىككى چېكىسىدىن سېكىلەك چۈشۈرۈۋالغانىدى. مەن بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭ يېنىدىن كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانىدىم. لېكىن، نېمىشقىدۇر كونا دەزمال ۋە گالىستۇكلار تىزىلغان ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان سۈرەيىيەگە تىكىلىپ تۇرۇپ قاپتىمەن. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدىم مەن، — مالال قىلدىم، كەچۈرۈڭ، ھەرگىزمۇ سىزنى مالال قىلماقچى ئەمەس ئىدىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— گېنېرال ئەپەندى بۈگۈن كەلمىدىمۇ؟ — دېدىم مەن. قۇلاقلىرىمنىڭ ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتىم.

— دادام ئاۋۇ تەرەپكە كەتكەن، — دېدى ئۇ ئوڭ تەرىپىنى كۆرسىتىپ. ئۇنىڭ بىلىكىدىكى كۈمۈش بىلەزۈكلىرى تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشتى.

— ئۇنىڭغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويارسىزمۇ؟ — دېدىم مەن.

— بولىدۇ، يەتكۈزۈپ قوياي، — دېدى سۇرەييە.

— رەھمەت، — دېدىم مەن، — ھە، راست، ئىسمىم ئامىر، دادىڭىزغا ئېيتىپ قويۇڭ، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كىرىپتىكەن، سالام ئېيتتى، دەپ قويارسىز.

— بولىدۇ.

مەن كەينىمگە بىر قەدەم داجىپ، گېلىمنى قىرىپ قويۇپ دېدىم:

— مەن قايتاي، سىزنى ئاۋارە قىلدىم.

— ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ، ئەمىسە، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ زورغا كۈلۈمسىرەپ، — مەن ئەمدى قايتاي، — بۇ سۆزنى ھېلىلا دېگەندەك قىلاتتىم، — خەير.

— خەير.

مەن ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم. لېكىن، يەنە توختاپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم ـ دە، ھاياجىنىمنى باسالماي، دەرھال سورىدىم:

— نېمە كىتاب كۆرۈۋاتقانلىقىڭىزنى سوراپ باقسام بولامدۇ؟

ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا قارىدى. بىردىنلا پۈت بازىرىدىكى بارلىق كۆزلەر بىزگە تىكىلگەندەك بىلىنىپ، نەپىسىم توختاپ قالغاندەك بولدۇم. ئەتراپ بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆمۈپ، ھەممە مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتقاندەك، بىردىنلا توختاپ

قالدىم. ھەممەيلەن بىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ، خۇشال ھالدا كۆز قىساتتى.

بۇ نېمە ئىش؟

ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن بېرى بىز تولىمۇ ئاددىي پاراڭلارنى قىلىشقانىدۇق، يەنى مەن بىر ئەر ئۇنىڭ دادىسى بولغان يەنە بىر ئەرنى سورىغانىدىم. مەن ئۇنىڭدىن سوئال سورىدىم، ئۇ جاۋاب بەردى، خالاس. بىز ھېسابتا پاراڭلاشقان بولدۇق. مەندەك بىر بويتاق يىگىتنىڭ يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىز بىلەن پاراڭلىشىشى كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىگە ناھايىتى ياخشى تېما بولاتتى. كىشىلەر شۆپۆك ئېغىزلىق قىلىپ گەپ تارقىتىشقا باشلىغاندا، ئۇ سۆز - چۆچەكلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدىغىنى مەن ئەمەس، بەلكى بۇ قىز بولاتتى. روشەنكى، مېنىڭ بىر ئەر بولغانلىقىم ئافغانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە مېنى ھەرقانداق گەپ - سۆزدىن قوغداپ قالاتتى. ھەرگىزمۇ «ئامىرنىڭ ئۇ قىزغا يېقىنلىشىپ پاراڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ» دېگەندەك گەپلەر ئەمەس، بەلكى «ھەي، ئاۋۇ قىزنىڭ ئامىردىن ئايرىلغۇسى كەلمەي گەپكە تۇتۇپ تۇرغىنىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ نېمىدېگەن يۈزى قېلىن قىز - ھە!» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشاتتى.

ئافغانلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە مېنىڭ ئۇنداق سوئاللارنى سورىشىم ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى. مېنىڭ بۇ سوئاللىرىم ئۇ قىزغا قىزىقىپ قالغانلىقىمنى بىلدۈرەتتى. مەن بولسام بىر ئەر، مېنىڭ بۇنداق تەۋەككۈلچىلىك قىلىشىم پەقەتلا ئەرلىك غۇرۇرۇمغا تېگەتتى. لېكىن، ئابرۇيى تۆكۈلسە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس - دە. ئۇ قىز مېنىڭ بۇنداق تەۋەككۈلچىلىكىمنى قوبۇل قىلارمۇ؟

ئۇ كىتابنى كۆتۈرۈپ، مۇقاۋىسىنى ماڭا كۆرسەتتى:

— «شاۋقۇنلۇق تاغلىق كەنت» دېگەن كىتاب، سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىز. مەن بېشىمنى

لىگىشتتىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى.

— بەك ئىچىنىشلىق ـ ھە؟ — دېدىم مەن.

— ياخشى كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ، — دېدى ئۇ.

— شۇنداق.

— ئاڭلىسام، سىز يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەنسىز.

«ئۇ قانداق بىلگەندۇ؟ دادىسى ئۇنىڭغا دەپ بەرگەنمىدۇ؟ بەلكى ئۇ ئۆزى دادىسىدىن سوراپ بىلگەندۇ...» لېكىن، بۇ بىمەنە پەرەزلىرىمدىن دەرھال يالتىيىۋالدىم. ئاتا ئوغلى بىلەن ئاياللار توغرۇلۇق ئەركىن پاراڭلىشالايدۇ. لېكىن، ھېچبىر ئافغان پۇشتىدىن بولغان قىزنىڭ، بولۇپمۇ يۈزى ئېچىلمىغان قىزنىڭ دادىسىغا يىگىتلەر توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشى مۇمكىن ئەمەس. پۇشتۇ پۇشتىدىن بولغان غۇرۇرلۇق، ئار ـ نومۇسنى ياخشى چۈشىنىدىغان بىر دادىمۇ تېخى قىزىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتمىگەن، قائىدە ـ رەسمىيەت ئۆتىمىگەن بىر يىگىتنىڭ ئۆز قىزى ئارقىلىق ئۇنىڭغا سالام ئېيتىشىنىمۇ ياقتۇرمايدۇ.

— مەن يازغان ھېكايىلەردىن بىرەرنى ئوقۇپ بېقىشنى خالامسىز؟ — دەپ سالغىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم.

— ئەلۋەتتە خالايمەن، — دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭ ئىككى تەرەپكە ئەنسىزلىك بىلەن قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بەلكىم ئۇ گېنېرالنى ئىزدەۋاتقاندۇ. شۇ ۋاقىتتا، نېمىشقىدۇر «ئەگەر گېنېرال مېنىڭ ئۇنىڭ قىزى بىلەن مۇشۇنداق ئۇزاق پاراڭلاشقىنىمنى كۆرسە نېمە دەپ قالار» دەپ ئويلاپ قالدىم.

— باشقا بىر كۈنى يازغان ھېكايىلىرىمدىن بىرەرنى ئالغاچ كېلەي، — دېدىم مەن. مەن يەنە گەپ قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، مەن بۇرۇن سورەييە ئىككىسى بىللە تۇرغاندا كۆرگەن ئايال ئالدىمىزدا بىر سولىياۋ خالتىدا مېۋە كۆتۈرگىنىچە پەيدا بولدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ، ئاۋۋال سورەييەگە، ئاندىن ماڭا

قاراپ كۆلۈمسىرىدى.
— تىنچلىقمۇ، ئامىرجان؟ — دېدى ئۇ خالتىدىكى مېۋىلەرنى ئۈستەلگە تۆككەچ. ئۇنىڭ پېشانىسى تەر تامچىلىرى بىلەن پارقىراپ كەتكەنىدى. قىزىل بويالغان چاچلىرى بېشىغا يېپىشتۇرۇلۇپ تارالغان بولۇپ، چېچى شالاڭ يەرلەردىن بېشىنىڭ تېرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ يېشىل رەڭلىك كىچىك كۆزلىرى يۇمىلاق يۈزىگە بەكمۇ ياراشقانىدى. «ئاللا» دەپ ئويۇلغان ئالتۇن مېداليونى بويىنىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالتۇن زەنجىرى بولسا بويىنىنىڭ قاتلاشقان تېرىسى ئارىسىغا قىسىلىپ قالغانىدى.
— مېنىڭ ئىسمىم جەمىلە، سۇرەييەجاننىڭ ئانىسى بولىمەن.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، هامما، — دېدىم مەن. ئۇنىڭ مېنى قانداق تونۇيدىغانلىقىدىن هەيران قالدىم.
— دادىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدى ئۇ ئايال.
— دادام ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، رەھمەت.
— مەن سىزنىڭ بوۋىڭىز سوتچى غازى ساھىبنى تونۇيمەن. ئۇنىڭ تاغىسى بىلەن مېنىڭ بوۋام بىر نەۋرە تۇغقان. شۇڭا بىزمۇ تۇغقان هېسابلىنىمىز، — دېدى ئۇ كۈمۈش قاپلانغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى جاۋغىيى سەل تۆۋەنگە ساڭگىلىغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردەم سۇرەييەگە، بىردەم ماڭا تىكىلەتتى.
مەن دادامدىن گېنېرال تاھىرنىڭ قىزىنىڭ نېمە ئۈچۈن هازىرغىچە ياتلىق بولمىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، دادام ماڭا ئاددىيلا قىلىپ، ئۇنىڭغا تېخىچە مۇۋاپىق لايىق چىقمىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن ئارتۇق بىرنەرسە دېمەيتتى. چۈنكى، دادام ھەرقانداق ئاساسسىز قۇرۇق پاراڭنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، بىر ياش قىزنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئافغان ئەرلىرىنىڭ،

بولۇپمۇ نوپۇزلۇق ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلارنىڭ قىزلارغا بولغان ئىشەنچى بەكمۇ ئاجىز ئىدى. ئازراق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالسىلا، خۇددى ئۇركۇپ كەتكەن قۇشتەك ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى.

خېلى كۈنلەرگىچە ئۇيەر ـ بۇيەرلەردە تويلار بولۇپ تۇردى. لېكىن، سۇرەييە ئۇچۇن «ئاستا مېڭىڭ» دېگەن ناخشا ئېيتىلمىدى، ئۇنىڭغا ئالىقانلىرىنى خېنە بىلەن بوياشمۇ نېسىپ بولمىدى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بېشىدىن «قۇرئان»نى ئۆرۈمىدى. تويلاردا ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتىدىغان بىردىنبىر كىشى گېنېرال تاھىر ئىدى.

ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ ئانىسى بولغان بۇ ئايال كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ، ماڭا مەنىلىك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بىچارىلەرچە قاراپ تۇراتتى. مەن ئەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن توساتتىن ئېرىشكەن بۇ ئىمتىيازدىن بىرئاز قورۇندۇم.

مەن گەرچە گېنېرالنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى.

— ئولتۇرۇڭ ئامىرجان، — دېدى ئۇ، — سۇرەييە، ئامىرجانغا ئورۇندۇق ئەكەلگىن قىزىم. ھە راست، مەن ئەكەلگەن شاپتۇلدىن يۇيۇپ كەل. ئۇ شاپتۇللار يېڭىلا ئۈزۈلگەنىكەن، تەممۇ بەك تاتلىق ئىكەن.

— رەھمەت، بولدى ئاۋارە بولماڭ، — دېدىم مەن، — مەن قايتاي، دادام ساقلاپ قالغاندى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى جەمىلە خانىم. ئۇ ئېنىقلا مېنىڭ ئەدەپ بىلەن رەت قىلغانلىقىمدىن تەسىرلەنگەندى.

— ئۇنداق بولسا، بۇنى بولسىمۇ ئالغاچ كېتىڭ، — دېدى ئۇ قەغەز خالتىغا لىق قاچىلانغان شاپتۇللارنى ماڭا تەڭلىگەچ، — دادىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ، ۋاقتىڭىز بولغاندا يەنە

كېلەرسىز.

مەن باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرغان سۈرەييەگە كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدىم.

— مەن سېنى كولا ئالغىلى كەتكەن چېغى دەپ قاپتىمەن، — دېدى دادام قولۇمدىكى شاپتۇلنى ئالغاچ، ماڭا مەنىلىك قاراپ. مەن گەپ ياساپ چۈشەندۈرمەكچى بولۇشۇمغا، دادام شاپتۇلدىن بىرنى چىشلەپ، قولىنى شىلتىدى ـ دە:

— گەپ ياسايمەن دەپ ئاۋارە بولما، ئامىر، گېپىمنى يادىڭدىن چىقىرىپ قويمىساڭلا بولدى، — دېدى.

شۇ كۈنى كەچتە مەن كارىۋاتتا يېتىپ خىيال قىلدىم. سۈرەييەنىڭ قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، خۇش پىچىم چىرايى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن دېيىشكەن سۆزلىرىم قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. مەن يوتقىنىمنى مەھكەم يېپىنىپ، تورۇسقا تىكىلدىم. ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرگۈچە بوگۈنكىدەك تۈگىمەس ئۇيقۇسىز يېلدا كېچىسىدىن ئالتىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندىم.

كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىدە كۈنلەر بىر خىلدا تەكرارلاندى. ھەر بازار كۈنى، مەن گېنېرالنىڭ ئۆز يايمىسىدىن كېتىشىنى كۈتەتتىم. ئۇنىڭ قارىسى يوقالغان ھامان، ئۇلارنىڭ يايمىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتىم. ئەگەر جەمىلە خانىم بار بولسا مېنى چاي ـ پاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلاتتى. بىز چاي ئىچكەچ كابۇل، تونۇش ـ بىلىشلەر ۋە رېماتىزم كېسەللىكى توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتۇق. جەمىلە خانىم مېنىڭ دائىم گېنېرال دۇكاندىن چىقىپ كېتىشىگە پەيدا بولىدىغانلىقىمغا دىققەت قىلغان بولسىمۇ، بۇنى ئېغىزىدىن چىقارمايتتى. ئەمەلىيەتتە، جەمىلە خانىمنىڭ يايمىدا بار بولۇشى مەن ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى. بۇ ئۇنىڭ دوستانە

مۇئامىلىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى سۇرەييە ئانىسى بار يەردە ئۆزىنى تولىمۇ ئەركىن ھېس قىلىپ، مەن بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشالايتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، جەمىلە خانىم بىز بىلەن بىللە بولسا، بىز باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىگە قالمايتتۇق.

بىر كۈنى، سۇرەييە بىلەن ئۇلارنىڭ دۇكىنىدا يالغۇز پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئورۇن ئالىي تېخنىكومىدا ئومۇمىي پەن دەرسلىرىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— سىز قايسى كەسىپتە ئوقۇشنى ئويلاۋاتىسىز؟ — سورىدىم مەن.

— مېنىڭ ئوقۇتقۇچى بولغۇم بار.

— شۇنداقمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

— مەن بۇرۇندىنلا ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىز ۋېرگىنىيە ئىشتاتىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مەن ئىنگلىزچە ئوقۇتقۇچىلىق گۇۋاھنامىسى ئالغانىدىم. ھازىر ئامما ۋۇ كۇتۇپخانىدا ھەر ھەپتىدە بىر كۈن ئىنگلىزچە دەرس ئۆتۈۋاتىمەن. ئاپامۇ ئوقۇتقۇچى ئىدى. بىز كابۇلدىكى چاغدا، ئۇ قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە پارس تىلى بىلەن تارىخ دەرسى ئۆتكەنىدى.

بېشىغا ئۈچى قالپىقى كىيگەن، يوغان قورساق بىر ئادەم يايما ئالدىغا كېلىپ، بەش دوللارلىق بىر باغلام شامغا ئۈچ دوللار بەرمەكچى بولدى. سۇرەييە ئۇنىڭ بىلەن باھا تالاشمايلا پۇلنى ئالدى ـ دە، پۇتىنىڭ يېنىدىكى كەمپۈت ساندۇقىغا تاشلىدى. ئۇ ماڭا قاراپ تارتىنغان ھالدا:

— مەن سىزگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي دېگەن، لېكىن سەل خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دېدى.

— قېنى، ئېيتىڭ.

— لېكىن، ئۇ سەل بىمەنە ھېكايە.

— ھېچقىسى يوق. قېنى ئېيتىڭا؟

ئۇ كۈلدى.

— ئۇنداق بولسا ئېيتتىم - ھە. كابۇلدا تۆتىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقىنىمدا، دادام زىبا ئىسىملىك ئايالنى ئۆي خىزمەتكارلىقىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ مەشئەد دېگەن يېرىدە بىر سىڭلىسى بار ئىكەن. زىبا ساۋاتسىز بولغاچقا، سىڭلىسىغا خەت يازماقچى بولسا، ماڭا يازدۇراتتى. سىڭلىسى خەت قايتۇرغاندا، مەن زىباغا ئوقۇپ بېرەتتىم. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ساۋاتلىق بولۇشنى خالامسىز دەپ سورىسام، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، چىن كۆڭلىدىن خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ھەر كۈنى تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولۇپ، ئاشخانىدىكى شىرەدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېلىپبە ئۆگىتەتتىم. بەزىدە تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەۋېتىپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، زىبا ئاشخانىدا تاماق ئەتكەچ مەن بىر كۈن بۇرۇن بەرگەن ئېلىپبە تاپشۇرۇقىنى ئىشلەيتتى. ئىشقىلىپ، بىر يىل ئىچىدە، زىبا باللار كىتابلىرىنى ئوقۇيالايدىغان بولدى. بىز ھويلىدا بىللە ئولتۇرغاندا ئۇ «دارا بىلەن شارا» ناملىق ھېكايىنى ماڭا ئاستا ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ مېنى «مۇئەللىم» دەپ چاقىرىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، — ئاڭلىماققا ئەخمىقانە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن، زىبا تۇنجى قېتىم مۇستەقىل خەت يېزىشقا باشلىغاندا، ئوقۇتقۇچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق خىزمەتنى كۆڭلۈم تارتمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، مەن شۇنچىلىك پەخىرلەنگەن، ئۆزۈم بىر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلغاندەك ھېس قىلغانىدىم.

— ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەن.

مەن ئېنىقلا يالغان سۆزلىگەنىدىم. كۆڭلۈمدە بولسا ھەسەننى ئۆزۈمنىڭ ساۋاتلىقلىقىمنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ بوزەك قىلغانلىقىمنى، ئۇ بىلمەيدىغان مۇرەككەپ سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئۇنى مازاق قىلغانلىرىمنى ئويلىدىم.

— دادام مېنى قانۇن ئوقۇ دەيدۇ. ئاپام پات - پات دوختۇرلۇق مەكتىپىدە ئوقۇشۇم توغرۇلۇق شەپە بېرىپ قويىدۇ. لېكىن،

ئۆزۈم ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالايمەن. بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

— مېنىڭ ئاپاممۇ مۇئەللىم ئىدى، — دېدىم مەن.

— بىلىمەن، ئاپام دەپ بەرگەن، — دېدى ئۇ، لېكىن يۈزلىرى ئالمىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىنكاسىدىن مەن يوق يەردە مېنىڭ گېپىمنىڭ بولۇنغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم. مەن خۇشاللىقىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم.

— مەن سىزگە بىرنەرسە ئەكەلدىم، — دېدىم مەن يانچۇقۇمدىن تۇپلەنگەن بىرنەچچە بەت قەغەزنى چىقارغاچ، — بۇ مەن سىزگە بېرىشكە ۋەدە قىلغان نەرسە، — مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم يازغان قىسقا ھېكايىلەردىن بىرنى بەردىم.

— ھە، ئېسىڭىزدە بار ئىكەن - دە، — دېدى ئۇ چىرايىدىن نۇر ياغدۇرۇپ، — رەھمەت.

ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇيۇقسىز مېنىڭ ئارقامدىكى بىرنەرسىگە تىكىلگەندەك بولدى. مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈشۈمگە، كۆزۈم گېنېرال تاھىرنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— ئامىرجان، بىزنىڭ تالانتلىق يازغۇچىمىز، خۇش كەپسىز، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، گېنېرال ساھىب، — دېدىم تەستە ئېغىز ئېچىپ.

ئۇ يېنىمدىن ئۆتۈپ دۇكاننىڭ ئىچىگە كىردى.

— بۈگۈن ھاۋا نېمىدېگەن ئوچۇق - ھە؟ — دېدى ئۇ بىر قولىنىڭ باش بارمىقىنى جىلىتكىسىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سېلىپ. ئۇ يەنە بىر قولىنى سورەيىگە ئۇزاتتى. سورەيىە قولىدىكى مەن ئۇنىڭغا بەرگەن بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى دادىسىغا بەردى.

— ئۇلار بۇ بىر ھەپتىدە يامغۇر ياغىدۇ دەيدۇ. ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئۇ قولىدىكى يۆگەكلىك قەغەزنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ قولىنى مۇرەمگە ئاستا قويدى. ئىككىمىز تەڭلا ئالدىمىزغا بىرنەچچە قەدەم ماڭدۇق.

ـــ ماڭا قارا، ئوغلۇم، مەن سېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، سەن ياخشى تەربىيە كۆرگەن، مەن راستىنلا شۇنداق قارايمەن، بىراق... ـــ دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ـــ ياخشى تەربىيە كۆرگەنلەرمۇ بەزىدە ئاگاھلاندۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. شۇڭا، مەن سېنىڭمۇ بۇ پىت بازىرىدىكى ئادەملەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىڭنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى لايىق كۆردۇم... ـــ ئۇ توختاپ قالدى.

ئۇنىڭ ئىپادىسىز كۆزلىرى مېنىڭ كۆزۈمگە تىكىلدى.

ـــ دېمەكچى بولغىنىم، بۇ يەردىكى ھەربىر ئادەم ھېكايە توقۇپ چىقالايدۇ، ـــ دېدى ئۇ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ، ـــ داداڭغا مەندىن سالام ئېيتىپ قوي، ئامىرجان.

ئۇ قولىنى مۇرەمدىن ئېلىپ، يەنە كۈلۈمسىرىدى.

ـــ نېمە بولدى؟ ـــ دەپ سورىدى دادام. ئۇ بىر مومايدىن ياغاچ ئاتنىڭ پۇلىنى ئېلىۋاتاتتى.

ـــ ھېچ ئىش بولمىدى.

مەن كونا تېلېۋىزورنىڭ ئۈستىدە بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردىم.

ـــ ھەي، ئامىر... ـــ دېدى دادام خورسىنغان ھالدا.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشلارغا قايغۇرۇپ يۈرۈشكە پۇرسەتمۇ بولمىدى. چۈنكى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دادام زۇكام بولۇپ قالدى.

دادامنىڭ زۇكىمى قاتتىق يۆتىلىش ۋە بۇرنىدىن سۇ ئېقىش بىلەن باشلانغانىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇرنىدىن سۇ ئېقىش توختىغان بولسىمۇ، يۆتىلى پەقەتلا توختىمىدى. ئۇ يانچۇقىدىن

قول ياغلىقنى چىقىرىپ، ئاغزىنى ئېتىپ يۆتىلەتتى ـ دە، قول ياغلىقنى يەنە يانچۇقىغا قاتلاپ سېلىۋالاتتى. مەن ھەر قېتىم ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقاي دېسەم، ئۇ پەقەت ئۇنىماي تۇرۇۋالاتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر دوختۇرخانىنى ۋە دوختۇرلارنى ئۆچ كۆرەتتى. بىلىشىمچە، دادام ئۆمرىدە دوختۇرخانىغا پەقەت بىرلا قېتىم بارغان، ئۇ چاغدا، ئۇ ھىندىستانغا بېرىپ بەزگەك كېسەللىكىنى يۇقتۇرۇۋالغانىدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىنكى بىر كۈنى، مەن ئۇنىڭ ھاجەتخانىدا قاتتىق يۆتىلىپ، قان ئارىلاش تۈكۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم.

— بۇنداق بولغانغا قانچە ئۇزاق بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— كەچلىك تاماققا نېمە يەيمىز؟ — دېدى ئۇ.

— مەن سىزنى دوختۇرغا ئاپىرىمەن.

گەرچە دادام ماي قاچىلاش پونكىتىدا باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ ئىگىسى ئۇنى تېخىچە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دادامۇ ئۇ ئىشقا سەل قاراپ، سورۇشتۇرمىگەنىدى. شۇڭا، مەن ئۇنى سان خوسې شەھىرىگە قاراشلىق ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپاردىم. چىرايى تاتىراڭغۇ، كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن بىر دوختۇر ئۆزىنى ئىككى يىللىق خىزمەت تارىخىغا ئىگە كېسەلخانا دوختۇرى دەپ تونۇشتۇردى.

— ئۇ سەندىن ياش بولغان بىلەن، مەندىن بەكرەك كېسەلچان كۆرۈنىدىكەن، — دەپ غودۇڭشىدى دادام.

ئۇ دوختۇر بىزنى تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ رېنتىگېندە تەكشۈرتۈشكە بۇيرۇدى. رېنتىگېنگە چۈشۈپ بولۇپ، سېستىرا بىزنى دوختۇرنىڭ قېشىغا كىرىشكە چاقىرغاندا، ئۇ دوختۇر بىر جەدۋەلنى توشتۇرۇۋاتاتتى.

— بۇنى ئالدى پەشتاختىغا ئاپىرىڭلار، — دېدى ئۇ جەدۋەلنى

ئالدىراپ توشتۇرۇپ.
مەن ئۇنىڭدىن:
— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم.
— هاۋالە خېتى.
مەن يۆگەپ يېزىلغان لاتىنچە خەتلەرگە قارىدىم.
— نېمىگە هاۋالە؟
— ئۆپكە كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە.
— سۆزىڭىزنى چۈشەنمىدىمغۇ.
ئۇ ماڭا لەپپىدە قارىدى ـ دە، كۆزەينىكىنى قولى بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈۋېتىپ، قەغەزگە يەنە نېمىلەرنىدۇر يازدى.
— دادىڭىزنىڭ ئۆپكىسىنىڭ ئوڭ قانىتىدا قارا داغ بار ئىكەن. مەن ئاشۇ داغنى ئۇلارغا قايتا تەكشۈرتكۈزمەكچى.
— قارا داغ؟
ئۆينىڭ ئىچى كىچىكلەپ كەتكەندەك بىلىنىپ، نەپسىم بوغۇلۇشقا باشلىدى.
— راكمىكەن؟ — دەپ سورىدى دادام هېچ ئىش بولمىغاندەك.
دوختۇر تەمتىرىگەن هالدا:
— بەلكىم، ئىشقىلىپ گۇمانلىق تۇرىدۇ، — دېدى.
— سىز بىزگە تەپسىلىيرەك دەپ بېرەلەمسىز؟ — دېدىم مەن.
— هازىرچە ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن، ئالدى بىلەن «CAT» ئارقىلىق رەسىمگە ئېلىپ تەكشۈرۈپ، ئاندىن ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرىغا كۆرۈنۈڭلار.
ئۇ ماڭا قولىدىكى هاۋالە خېتىنى ئۇزاتتى.
— سىز دادىڭىزنى تاماكا چېكىدۇ دېدىڭىز، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق.
ئۇ مەندىن كۆزلىرىنى ئۈزۈپ دادامغا قارىدى، ئاندىن يەنە ماڭا قاراپ:
— ئۇلار سىلەرگە ئىككى هەپتە ئىچىدە تېلېفون قىلىدۇ، — دېدى.

مەن ئۆنىڭدىن ئاشۇ «گۇمانلىق» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان تۇرۇقلۇق ئىككى ھەپتىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىمنى سورىماقچى بولدۇم. ئەمدى قانداقمۇ گېلىمدىن تاماق ئۆتىدۇ؟ قولۇم قانداقمۇ ئىشقا بارىدۇ؟ دەرسلەر قانداقمۇ كاللامغا كىرىدۇ؟ مېنى مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويۇشقا ئۇنىڭ قانداقمۇ كۆڭلى ئۇنىغاندۇ؟

مەن ئۇنىڭ قولىدىن قەغەزنى ئېلىپ، تىزىملىتىش ئورنىغا تاپشۇردۇم. شۇ كۈنى ئاخشىمى، مەن دادام ئۇخلاپ قالغۇچە ساقلاپ تۇردۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەدىيالنى قاتلاپ جايناماز ئورنىدا يەرگە سالدىم. بېشىمنى يەرگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، كابۇلدىكى چېغىمدا موللام زورلاپ يادقا ئالدۇرغان «قۇرئان»دىكى ئايەتلەردىن چالا ـ بۇلا ئېسىمدە قالغانلىرىنى ئوقۇپ، خۇدادىن دادامغا ئامانلىق تىلىدىم. مەن ئەمدى موللامغا، ئۇنىڭ خۇداغا بولغان ئىشەنچ ـ ئەقىدىسىگە ھەۋەس قىلدىم.

ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ھېچكىم بىزگە تېلېفون قىلمىدى. مەن ئۇلارغا تېلېفون قىلسام، ئۇلار ماڭا ھاۋالە خېتىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنى ئۇلارغا ئۆز قولۇم بىلەن بەرگەنىدىمغۇ؟ ئۇلار ماڭا يەنە ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن بىزنى چاقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارغا ئاچچىقىمدا ۋارقىرىۋىدىم، ئۇلار بىر ھەپتىدىن كېيىن «CAT» دا تەكشۈرۈپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن دوختۇرغا كۆرۈنۈشنى ئېيتتى.

ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرى شىنەيدېر ئەپەندى دادامنى ئىنتايىن تەپسىلىي تەكشۈرۈۋاتاتتى. لېكىن، دادام توساتتىن ئۇنىڭدىن يۈرتىنى سورىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ رۇس ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، دادام شۇ ھامان ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى.

— كەچۈرۈڭ، دوختۇر، — دېدىم مەن دادامنى بىر چەتكە تارتىپ. دوختۇر قولىدا تىڭشىغۇچنى تۇتقىنىچە كۈلۈمسىرەپ كەينىگە داجىدى.

— دادا، مەن شىنەيدېر دوختۇرنىڭ تەرجىمىھالىنى نۆۋەت كۈتۈش ئۆيىدە ئوقۇدۇم. ئۇ مىچىگان ئىشتاتىدا تۇغۇلغانىكەن، ئۇ ئادەم يەرلىك ئامېرىكىلىق ئىكەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئامېرىكىغا سەن بىلەن مەندىن بەكرەك كونا ئىكەن.

— ئۇنىڭ نەدە تۇغۇلغانلىقى بىلەن كارىم يوق. ئۇ بەرىبىر رۇس ئىكەن، — دېدى ئۇ خۇددى بىرنەرسىدىن سەسكەنگەندەك چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ، — ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى رۇس، بوۋا - مومىلىرى رۇس. مەن سېنىڭ ئاناڭنىڭ چىرايى بىلەن قەسەم قىلاي. ئەگەر ئۇ رۇس مېنىڭ بىر يېرىمنى تۇتىدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋېتىمەن.

— دوختۇر شىنەيدېرنىڭ ئاتا - ئانىسى رۇسىيەنى تاشلاپ قېچىپ كەلگەنىكەن. ئەمدى بىلگەنسەن، ئۇلار قېچىپ كەلگەنلەر.

بىراق، دادام ھەرقانچە چۈشەندۈرسەممۇ قۇلاق سالمىدى. بەزى چاغلاردا مەن دادامنىڭ ھاياتىدا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى پەقەتلا ئىككى، بىرى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنى، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنى ئافغانىستانمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. مەن تېرىكىپ، ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. لېكىن، يەنە ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم - دە، شىنەيدېر دوختۇرغا قارىدىم.

— كەچۈرۈڭ، دوختۇر، تەكشۈرۈشنى مۇشۇ يەردە توختىتساق بولغۇدەك.

كېيىن ئىرانلىق ئامان دوختۇر دادامنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى، دادامۇ ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشكە ماقۇل بولدى. ئامان دوختۇر شاپ بۇرۇت، چاچلىرى ئاقارغان، يۇمشاق سۆزلۈك كىشى ئىدى، ئۇ بىزگە «CAT» تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۆرگەنلىكىنى، ئەمدى دادامنىڭ ئۆپكىسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرىدىغانلىقى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ كېلەر ھەپتىگىچە چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن دوختۇرغا رەھمەت ئېيتىپ،

دادامنى يېتىلەپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. ئەمدى مەن يەنە بىر ھەپتىگىچە تېخىمۇ ۋەھىمە ئىچىدە يۈرىدىغان بولدۇم. شۇ تاپتا، سۈرەييەنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىم.

راك كېسەللىكىنىڭمۇ خۇددى شەيتانغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئىسىملىرى بار ئىكەن. دادام «ئارپا ھۇجەيرىلىك ئۆپكە راكى»نىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا بېرىپ قالغاچقا، ئوپېراتسىيە قىلغىلى بولمايدىكەن. دادام كېسىلىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىنى سورىغاندا، دوختۇر لېۋىنى چىشلەپ قويۇپ، ئېھتىيات بىلەن «ئېغىر» دەپ جاۋاب بەردى.

ــ ئەلۋەتتە خىمىيەلىك داۋالاشقا بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ، ــ لېكىن، ئۇنىڭ پەقەت كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىش رولى بار.

ــ ئۇ قانداق گەپ؟ ــ دەپ سورىدى دادام.

ئامان دوختۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:

ــ بۇ خىل داۋالاشتا كېسەللىكنى ساقايتقىلى بولمايدۇ، پەقەت ئۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ، ــ دېدى.

ــ بۇ ناھايىتى ئېنىق جاۋاب بولدى، ئامان دوختۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت، ــ دېدى دادام كەسكىنلىك بىلەن، ــ لېكىن، مېنى خىمىيەلىك داۋالاش ھاجەتسىز.

ــ بىراق، دادا...

ــ ئادەم بار يەردە مەن بىلەن تاكاللاشما، ئامىر، ھەرگىز ئۇنداق قىلما، سەن ئۆزۈڭنى كىم چاغلايسەن؟

بىز ئامان دوختۇر بىلەن خوشلىشىپ، سىرتقا چىققىنىمىزدا، يولدا ماشىنىلار يەردىكى يامغۇر سۈيىنى ئىككى تەرەپكە چاچرىتىپ كېتىۋاتاتتى. دادام تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ماشىنىدا ئۆيگە بارغۇچە كەينى ـ كەينىدىن تاماكا چېكىپ، ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇردى.

— دادا، خىمىيەلىك داۋالاشنى بىر سىناپ باقىقان بولساق ياخشى بولاتتى، — دېدىم دادام ئاچقۇچنى تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ قۇلۇپىغا سېلىۋاتقاندا.

دادام ئاچقۇچنى يانچۇقىغا قايتا سېلىپ، مېنى يامغۇردىن تارتىپ، بىنانىڭ ئۈستى يېپىقلىق يېرىگە ئەكەلدى. ئۇ تاماكا توتقان قولى بىلەن مەيدەمدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ:

— بولدى، بەس! مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، — دېدى.

— مەنچۇ دادا، مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدىم كۆزلىرىمگە لىق ياش ئېلىپ.

ئۇنىڭ يامغۇر سۈيى ئېقىپ تۇرغان يۈزلىرىدە بىر خىل يىرگىنىش ئىپادىسى پەيدا بولدى. مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئويناۋېتىپ، تىزىم سۈرۈلۈپ كەتكەندە يىغلىسام، ئۇ ماڭا مۇشۇنداق يىرگىنىش بىلەن قارايتتى. بۇرۇنقى چاغلاردا يىغلىساملا ئۇنىڭدا ئاشۇنداق ئالامەت پەيدا بولاتتى. هازىرمۇ شۇنداق بولدى.

— سەن يىگىرمە ئىككى ياشقا كىردىڭ، ئامىر! چوپچوڭ يىگىت بولدۇڭ! سەن... — دادام سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۈستىمىزدىكى بىرېزېنت بىلەن يېپىلغان لەمپىگە يامغۇرنىڭ تاراسلاپ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، — سەن قانداق قىلىمەن دېدىڭما؟ شۇنچە يىللاردىن بېرى مەن ساڭا شۇنى ئۆگىتىۋاتىمەن، مۇشۇنداق سوئاللارنى سورىمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەۋاتىمەن.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، ماڭا قايرىلىپ قاراپ:

— يەنە بىر گەپ، بۇ ئىشنى هېچكىم بىلمىسۇن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ هېچكىمگە تىنما، مەن هەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا موهتاج ئەمەس، — دېدى ـ دە، قاراڭغۇ كارىدورغا قاراپ ماڭدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچكىچە تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ توختىماي تاماكا چەكتى. مەن ئۇنىڭ كىم بىلەن

قارشىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇ مەن بىلەن قارشىلىشىۋاتامدىغاندۇ ياكى ئامان دوختۇر بىلەنمۇ؟... ياكى ئۇ ئۆزى ئەزەلدىن ئىشەنمەيدىغان خۇدا بىلەنمۇ؟

دادام راك كېسەللىكى سەۋەبلىك بىر مەزگىلگىچە پىت بازىرىغا بېرىشتىن توختاپ قالمىدى. يەنە بۇرۇنقىدەكلا دادام شوپۇر، مەن يول باشلىغۇچى بولۇپ، شەنبە بازارغا بېرىپ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىپ، يەكشەنبە كۈنى ساتاتتۇق. مىستىن ياسالغان چىراغلار، كالتەك توپ پەلىيى، قار تېيىلغاندا كىيىدىغان، سىيرىتمىلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن چاپان قاتارلىق ماللارنى ساتاتتۇق. دادام يەنە بۇرۇنقىدەكلا ۋەتەنداشلىرى بىلەن قىزغىن مۇئامىلىدە بولاتتى، مەن خېرىدارلار بىلەن بىر - ئىككى دوللارنىمۇ تالىشىپ دېگۇدەك سودا قىلاتتىم. شۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ يېتىم بولىدىغان كۈنلىرىمنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمەيتتىم.

گېنېرال تاھىر بەزىدە خوتۇنى بىلەن دۇكىنىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. گېنېرال يەنىلا دىپلوماتقا خاس سالاپەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ، بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى. لېكىن، جەمىلە خانىم ناھايىتى سوغۇق كۆرۈنسىمۇ، گېنېرال دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قوياتتى.

شۇ كۈنلەردە، مەن «تۇنجى قېتىم» دادامنىڭ ھاجەتخانىدا ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، «تۇنجى قېتىم» دادامنىڭ ياستۇقىدا قان دېغىنى كۆردۈم. دادام ماي قاچىلاش پونكىتىدا ئۈچ يىل ئىشلەش جەريانىدا بىر قېتىممۇ ئاغرىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن رۇخسەت سوراپ باقمىغانىدى، مانا ئەمدى تۇنجى قېتىم رۇخسەت سورىدى.

شۇ يىلى تەشەككۈر بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن باشلاپلا، دادام ھالسىزلىنىشقا باشلىدى.

مەن كونا ماللارنى باھا تالىشىپ سېتىۋالغۇچە، دادام ماشىنىدا مېنى ساقلاپ ئولتۇردى، تەشەككۇر بايرىمى كۈنى چۈشكە يېقىن دادام يەنە ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا چانا توختىتىلغان، يالغان قارلار قارىغايلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقاندا دادام ئۆيدە يالغۇز قالدى، مەن ئۆزۈم دادامنىڭ ئارىبۇسىنى ھەيدەپ، يېرىم ئارال رايونىدىكى كوچىلارنى كېزىشكە مەجبۇر بولدۇم.

پەت بازىرىدىكى ئافغان ۋەتەنداشلار دادامنىڭ ئورۇقلاپ كېتىش سەۋەبى توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشتى. دەسلەپتە، ئۇلار دادامنىڭ ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قانداق ئورۇقلىغانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋالغانىدى، كېيىنچە ئۇلار دادامنىڭ داۋاملىق ئورۇقلاپ، بىر تېرە، بىر ئۈستىخان بولۇپ قالغانلىقى، ئىككى مەڭزىدە ئورەكچە پەيدا بولۇپ، كۆزلىرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى سورۇشتۇرمەيدىغان بولدى.

يېڭى يىل كىرگەندىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۈنى، ھاۋا سوغۇق ئىدى. دادام دوغلاقىنا كەلگەن بىر فىلىپپىنلىققا چىراغ قالپىقى سېتىۋاتاتتى. مەن دادامنىڭ پۇتىغا يېپىپ قويۇش ئۈچۈن، ئارىبۇستىن ئەدىيال ئىزدەۋاتاتتىم. تۇساتتىن فىلىپپىنلىق ئادەمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي يىگىت، بۇ ئادەم بولالمايۋاتىدۇ!

ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، دادام يەردە تۈگۈلۈپ يېتىپ قاپتۇ.

— قۇتقۇزۇڭلار! — مەن ۋارقىرىغىنىمچە، دادام تەرەپكە يۈگۈردۈم، — ماڭا ياردەم قىلىڭلار!

دادامنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك يېنىپ، ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى، كۆز قارىچۇقى كەينىگە كېتىپ، ئېقىلا كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

كىشىلەر بىز تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. بىرى

«ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپتۇ» دېسە، يەنە بىرى «911»غا تېلېفون قىلىڭلار، دەيتتى. ئولىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەتراپىمۇ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى.

دادامنىڭ ئاغزىدىن قىزىل كۆپۈك چىقىشقا باشلىدى، ئۇ تىلىنى چىشلىۋالغانىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قولىنى چىڭ تۇتۇپ، خۇددى ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابلىرىنى يېنىكلىتەلەيدىغاندەك ئۇنىڭغا:

— دادا، قېشىڭىزدا مەن بار، سىز چوقۇم ساقىيىپ كېتىسىز. مانا مەن بار... — دېدىم. بىردىنلا تىزلىرىمنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم، دادام كىچىك تەرىتىنى تۇتالماي قالغانىدى.

ساقىلىغا ئاق كىرگەن، تاقىرباش دوختۇر مېنى كېسەلخانىنىڭ سىرتىغا باشلاپ چىقىپ:

— مەن سىزگە دادىڭىزنىڭ «CAT» تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەي، — دېدى.

ئۇ پىلىيونكىنى چىراغلىق تاختىغا قويۇپ، خۇددى ساقچى ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئوق تەگكەن يەرلەرنى كۆرسەتكەندەك، قولىدىكى قېرىنداشنىڭ ئۇچۇرگۇچى بىلەن ماڭا دادامنىڭ مېڭىسىدىكى ئۆسمە تارالغان يەرلەرنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. رەسىمدە دادامنىڭ مېڭىسى خۇددى يوغان ياڭاق مېغىزىنىڭ كەسمە يۈزىگە دۈگىلەك كۆل رەڭ نەرسىلەرنى تىزىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى.

— مانا كۆردىڭىز، ئۆسمە بەك چوڭىيىپ كېتىپتۇ، — دېدى دوختۇر، — ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى ئۆسمىنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن ستېروئىد دورىسى ئىچىشى كېرەك. شامال دارىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسىنىمۇ ئىچمىسە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ۋاقىتلىق لازېر نۇرىدا داۋالاشنىمۇ تەۋسىيە قىلىمەن. سۆزۈمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەندىم، — دېدىم مەن. دېمىسىمۇ مەن راك كېسەللىكى توغرۇلۇق خېلى سەۋىيەلىك بولۇپ قالغانىدىم.
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ چاقىرغۇسىغا قارىۋېتىپ، — مەن ماڭمىسام بولمىغۇدەك، لېكىن قانداق ۋاقىتتا بولسىمۇ، تارتىنماي ماڭا چاقىرغۇ قىلىۋېرىڭ.
— رەھمەت.
مەن شۇ كېچىنى دادامنىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدۈم.

ئەتىسى ئەتىگەندە، دوختۇرخانىنىڭ نۆۋەت كۈتۈش ئۆيى ئافغان ۋەتەنداشلار بىلەن تولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نيۇۋاركتىن كەلگەن قاسساپ دادامنىڭ كابۇلدىكى دارىلئېتام قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىنژېنېر ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرلەپ دادامنىڭ يېنىغا كىرىپ، تۆۋەن ئاۋازدا ئەھۋال سوراپ، كېسىلىگە خۇدادىن شىپالىق تىلەشتى. دادامنىڭ تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن، ئۆزى بەك ماغدۇرسىز بولسىمۇ، كاللىسى سەگەك ئىدى.
چۈشكە يېقىن گېنېرال تاھىر ئەپەندى خوتۇنى بىلەن قىزى سۇرەييەنى باشلاپ كىردى. سۇرەييە ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە لەپپىدە قاراشتۇق - دە، كۆزىمىزنى تېزلا قاچۇردۇق.
— قانداقراق تۇرىسىز، دوستۇم؟ — دېدى گېنېرال تاھىر دادامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.
دادام بىلىكىدىكى ئاسما ئوكۇلنى ئىشارەت قىلىپ، ئاجىز كۈلۈمسىرىدى. گېنېرالمۇ دادامغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.
— ھەممىڭلار ئاۋارە بولۇپ مېنى يوقلاپ كەپسىلەر، — دېدى دادام تۆۋەن ئاۋازدا.
— ئاۋارە بولمىدۇق، — دېدى جەمىلە خانىم.
— بىز ھېچقانداق ئاۋارە بولمىدۇق. ھەممىدىن مۇھىمى، سىزگە بىرنەرسە كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى گېنېرال، —

قانداق نەرسە كېرەك بولسا، بىزنى ئۆز قېرىنداشلىرىمىزدەك كۆرۈپ دەۋېرىڭ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، دادام بىر چاغلاردا ماڭا پوشتۇلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ ماڭا: «بىز پوشتۇلار بىر ـ بىرىمىزدىن جاھىل، ھاكاۋۇر بولغىنىمىز بىلەن، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە يەنە شۇ پوشتۇلاردىن باشقىلارنى كۆڭلىمىز تارتمايدۇ» دېگەنىدى.

— سىلەرنىڭ يوقلاپ كەلگىنىڭلارنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولۇۋاتىمەن، — دېدى دادام بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

گېنېرال كۈلۈپ تۇرۇپ دادامنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى.

— سىز قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز، ئامىرجان؟ سىزگە بىرنەرسە كېرەكمۇ؟

ئۇنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ بەكمۇ ھاياجانلاندىم.

— ياق، رەھمەت، گېنېرال ساھىب، مەن ... — گېلىم بوغۇلۇپ، كۆزلىرىم ياشقا تولدى ـ دە، تېزدىن سىرتقا چىقىپ كەتتىم.

مەن كارىدورغا چىقىپ، ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئەزرائىلنىڭ چىرايىنى كۆرگەن جايدىكى چىراغلىق تاختىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم.

دادام ياتقان كېسەلخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، سورەييە چىقىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىدا كۈل رەڭ پوپايكا بىلەن پادىچىلار ئىشتىنى، چاچلىرى قويۇۋېتىلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ باغرىدىن ئۆزۈمگە تەسەللى ئىزدەيتتىم!

— كەچۈرۈڭ، ئامىر، — دېدى ئۇ، — دادىڭىزنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بىراق قانداق ياردەم قىلىشىمىزنى بىلەلمەيۋاتىمىز.

مەن كۆزلىرىمنى يېڭىم بىلەن سۈرتتۈم.

— دادام كېسىلىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمىدى.

— سىزگە بىرەر نەرسە كېرەكمۇ؟

— ياق، — دېدىم مەن زورىغا كۈلۈمسىرەپ. ئۇ قولۇمنى تۇتتى. بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىم قول تۇتۇشۇشىمىز ئىدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئاستا يۈزۈمگە، كۆزلىرىمگە ياقتىم.

— سىز ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ، بولمىسا دادىڭىز چىقىپ مېنىڭ ئەدىپىمنى بېرىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ.

ئۇ كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— شۇنداق قىلاي، — دېدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— سۆرەييە؟

— نېمە؟

— سىزنىڭ دادامنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزنى كۆرۈپ، بەك خۇشال بولدۇم... بۇنىڭدىن مەن...

دادام ئىككى كۈندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقتى. دوختۇرخانا راكنى نۇر بىلەن داۋالاش مۇتەخەسسىسى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى دادامنى نۇر بىلەن داۋالىنىشقا قايىل قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. لېكىن، دادام رەت قىلدى. ئۇلار مېنى ئارىغا سالماقچى بولۇشتى. مەن دادامنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەچكە، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، جەدۋەللەرگە قول قويۇپ، دادامنى «فورد» ماركىلىق ماشىنامغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدىم.

شۇ كۈنى كەچتە، دادام ئۈستىگە يۇڭ ئەديىالنى يېپىپ، سافادا ياتاتتى. مەن قورۇلغان بادام مېغىزى بىلەن چاينى ئەكىلىپ ئۈستەلگە قويۇپ، دادامنى دۈمبىسىدىن ئاستا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدۇم. ئۇنىڭ تاغاق سۆڭەكلىرى قولۇمغا خۇددى قۇشنىڭ قانىتىدەك بىلىندى. مەن ئەديىالنى تارتىپ، ئۇنىڭ مەيدىسىنى مەھكەم ئوراپ قويدۇم.

— دادا، سىزگە باشقا بىرنەرسە كېرەكمۇ؟
— ياق، بالام، رەھمەت.
مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم.
— دادا، سىز بەك چارچاپ كەتمىگەن بولسىڭىز، ماڭا بىر ئىش قىلىپ بېرەلەرسىزمۇ؟ مەن ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ بەرگەن بولسىڭىز، گېنېرال تاھىرنىڭ قىزىنى ماڭا سوراپ بەرگەن بولسىڭىز.
دادامنىڭ كالپۇكلىرى قۇرۇپ، گەز باغلاپ كەتكەن چىرايىغا كۆلكە يۈگۈردى، بۇنىڭدىن خۇددى سولىشىپ، قۇرۇپ كەتكەن يوپۇرماقنىڭ ئۇستىدە كىچىككىنە يېشىللىقنى كۆرگەندەك بولدۇم.
— راست دەۋاتامسەن؟ — دېدى دادام.
— مەن ھاياتىمدا ھېچقانداق ئىشقا بۇنداق چىن دىلىمدىن ئىشەنچ قىلىپ باقمىغان.
— ئەستايىدىل ئويلاندىڭمۇ؟
— ئەلۋەتتە ئەستايىدىل ئويلىنىپ دەۋاتىمەن، دادا.
— ئۇنداق بولسا تېلېفون بىلەن تېلېفون دەپتىرىمنى ئاچقىپ بەر.
— ھازىرلا دەمسىز؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.
— ئەمىسە قاچان دەيمەن؟
— بوپتۇ، ئەمىسە، — دېدىم مەن كۈلۈمسىرەپ.
دادامغا تېلېفون بىلەن ئۇنىڭ ئافغان دوستلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرى يېزىلغان كىچىك قارا دەپتەرنى ئەكىلىپ بەردىم. دادام تاھىر ئەپەندىنىڭ نومۇرىنى تېپىپ، تېلېفون نومۇرىنى بېسىپ، تۇرۇپكىنى قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىشىگە، يۈرىكىم كۆكرەك قەپىسىمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇپ كەتتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جەمىلە خانىممۇ؟ — دېدى دادام جەمىلە خانىمغا ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، — خېلى ياخشى. رەھمەت، سىلەرنىڭ مېنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارغىنىڭلاردىن بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم، — دېدى دادام قارشى

تەرەپىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ، ــ چوقۇم ئېسىمدە تۇتىمەن، رەھمەت، گېنېرال ساھىب ئۆيدىمىدۇ؟ ھە، رەھمەت.

دادام ماڭا قارىدى. نېمىشقىدۇر قاقاقلاپ كۈلگۈم ياكى جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇم كېلەتتى. مۇشتۇمۇمنى چىڭ چىشلەشكە باشلىدىم. دادام پىسسىڭىدە كۈلدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، گېنېرال ساھىب... شۇنداق، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم... سىز بەك كۆيۈمچان جۇمۇ، گېنېرال ساھىب، مەن ئەتە ئەتىگەندە سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىپ، خانىم ئىككىڭلارنى يوقلاپ كېلەيمىكىن دەپ تېلېفون قىلىشىم. يەنە مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى... شۇنداق... سائەت ئون بىردە بولسۇن... خەير، خۇداغا ئامانەت.

دادام تۇرۇپكىنى قويدى. بىز بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. مەن تۇيۇقسىز كۈلۈپ كېتىۋىدىم، داداممۇ ماڭا قوشۇلۇپ كۈلدى.

دادام چېچىنى ھۆل قىلىپ ئارقىسىغا تارىدى. مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ پاكىز ئاق كۆڭلىكىنى كىيدۇرۇپ، گالستۇكىنى تاقاپ قويدۇم. گالستۇكنى تاقاۋېتىپ، دادامنىڭ بوينى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى ئارىلىقىدا ئىككى دىيۇمچە بوشلۇق قالغانلىقىنى كۆردۈم. «دادام بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالسا، يەنە قانچىلىك بوشلۇقلار قالار» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. لېكىن، ئۇ ھازىر تېخى ھايات، ئۇ مېنىڭ قېشىمدا بار. شۇنداق ئىكەن، بۈگۈن ياخشى خىياللارنى قىلاي. دادامغا مېنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىمغا كىيىپ بارغان كاستۇممنى كىيدۈردۈم. دادام بەك ئورۇقلاپ كەتكەچكە، كاستۇممىنىڭ يېڭىنى تۈرۈپ قويۇشۇمغا توغرا كەلدى. مەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ دادامنىڭ ئايىغىنىڭ يىپىنى چىگىپ قويدۇم.

تاھىر ئەپەندىلەر فرېمونتتىكى ئافغانلار ئولتۇراق رايونىدىكى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن. ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرى كۆل

رەڭ سىرلانغان، ئۇچلۇق ئۆگزىسى يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئالدىدا پېشايۋىنى بار بولۇپ، خېلى يىراقتىنلا تەشتەكتىكى سېسىقيارگۈللىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گېنېرالنىڭ كۆل رەڭ ئاربىۋسى ئۆينىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغانىدى.

مەن دادامنى ماشىنىدىن ئاستا يۆلەپ چۈشۈرۈپ قويۇپ، يەنە ماشىنىغا چىقتىم. دادام ماشىنا ئەينىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ:

— سەن كېتىۋەر، مەن بىر سائەتتىن كېيىن ساڭا تېلېفون قىلىمەن، — دېدى.

— ماقۇل دادا، — دېدىم مەن، — ئىشلار خەيرلىك بولغاي.

دادام ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

مەن ماشىنىنى ھەيدەپ ماڭدىم. ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن دادامغا قارىدىم، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئاتلىنىق بۇرچىنى ئادا قىلغىلى كېتىۋاتاتتى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، دادامنىڭ تېلېفونىنى ساقلىغاچ، مېھمانخانىنىڭ چوڭلۇقىنى قەدەملىرىم بىلەن ئۆلچەپ چىقتىم. ئۇزۇنلۇقى ئون بەش قەدەم، كەڭلىكى ئون يېرىم قەدەم ئىكەن. «گېنېرال رەت قىلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەگەر ئۇ ئادەم ماڭا ئۆچ بولسىچۇ؟» مەن ئاشخانىغا توختىماي كىرىپ ـ چىقىپ، بىردەم ـ بىردەم سائەتكە قارايتتىم.

چۈشكە يېقىن تېلېفون جىرىڭلىدى، دادام تېلېفون قىلغانىدى.

— قانداق بولدى؟

— گېنېرال ماقۇل بولدى.

مەن چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ، جايىمدا ئولتۇردۇم. قوللىرىم تىترەۋاتاتتى.

— راستمۇ؟

— راست، لېكىن سۇرەيىيە قىز سەن بىلەن باشتا پاراڭلاشماقچى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا.

— بولىدۇ، دادا.

دادام كـىمگـىدۆر بـىرنەرسە دەپ، تېلېفـون كۆنۇپكـىسـىنـى ئىككى قېتىم بېسىۋېتىپ، تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى.

— ئامىر، — بۇ سۇرەييەنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— مېنىڭ دادام قوشۇلدى.

— بىلدىم، — دېدىم مەن تـۇرۇپكـىنـى يەنە بـىـر قولـۇمـغـا ئالماشتۇرۇپ، خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغمايۋاتاتتى، — مـەن هازىر خۇشاللىقىمدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— مەنمۇ بەك خۇشال، ئامىـر. مەن... مەن... بۇ ئـىشلارنىـڭ راستلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— مەنمۇ شۇ، — دېدىم قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ، — مەن سىزگە بىـر ئىشنـى ئېيتماقچى، ھەرقانداق ئىش باشلىنىشتىن ئاۋۋال بىلىشىڭىز بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىش بار...

— نېمە ئىش بولسىمۇ ماڭا بەرىبىر.

— سىز بىلىشىڭىز بولمايدۇ. مەن ھاياتىمىزنىڭ سىر بىلەن باشلىنىشىنى خالىمايمەن، ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ دېمەكچى بولغان گېپىمنى ئاڭلاڭ.

— ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز كۆڭلىڭىز ئارام تاپىدىغان بولسا مەيلى، لېكىن قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مېنىڭ ئىرادەمگە توسالغۇ بولالمايدۇ.

سۇرەييە بىرھازاغىچە جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، سۆز باشلىدى:

— بىز ۋىرگىنىيە ئىشتاتىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مەن بىر ئافغان بىلەن قېچىپ كەتكەنىدىم. ئۇ ۋاقىتتا تېخى ئون سەككىز ياشتا ئىدىم. ئۆزۈمنىڭ قارام... سارالڭ ۋاقىتلىرىم ئىدى... ئۇ كىشى زەھەرلىك چېكىملىك چېكەتتى... بىز بىر ئايدەك بىللە تۇردۇق. ۋىرگىنىيەدىكى بارلىق ئافغانلار ئارىسىدا بىز توغرۇلۇق غۇلغۇلا بولۇشتى. دادام ئاخىر بىزنى تېپىۋالدى.

ئۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ... مېنى ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇرلىدى. مەن ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا ۋارقىراپ، دادامنى قانچىلىك ئۆچ كۆرىدىغىنىمنى ئېيتتىم... ئىشقىلىپ مەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن... — سۇرەييە يىغلاۋاتاتتى، — كەچۈرۈڭ، — ئۇنىڭ تۇرۇپكىنى تۆۋەن تۇتۇپ، بۇرنىنى سۈرتكىنىنى ئاڭلىدىم، — كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا، — مەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئانامنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، ئوڭ يۈزىنىڭ پالەچ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى شۇنچىلىك گۇناھكار ھېس قىلدىم. ئۇ بۇنداق خاپىلىق تارتىشقا تېگىشلىك ئەمەس ئىدى. دادام بىزنى تېزلا كالىفورنىيەگە كۆچۈرۈپ... — سۇرەييە يەنە جىمىپ كەتتى.

— ھازىر دادىڭىز بىلەن ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت قانداق؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— بىز چىقىشالماي كېلىۋاتىمىز، ھېلىھەم شۇنداق. لېكىن، مەن ئۇنىڭ شۇ كۈنى مېنى ئىزدەپ تېپىپ كەلگىنىگە چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارمەن. ئۇ مېنى ھەقىقەتەن قۇتقۇزۇپ قالغانىكەن، — ئۇ بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئاڭلاپ بىئارام بولدىڭىزمۇ؟

— ئازراق، — دېدىم مەن. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا راست گەپ قىلغانىدىم. مەن تېخى ھېچبىر ئايال بىلەن يېتىپ باقمىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بىر ئەر بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغانلىقىنى قانداقمۇ غورۇرۇم كۆتۈرسۇن؟ بۇنىڭدىن كۆڭلۈم يېرىم بولغىنى راست. لېكىن، مەن دادامنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىشتىن بۇرۇن بىرنەچچە ھەپتىگىچە ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنى پەرەز قىلىپ، ئۆزۈمدىن ھەر خىل سوئاللارنى سوراپ، قايتا - قايتا ئويلانغانىدىم. ھەر قېتىم ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزۈمدىن: «مەن نېمدەپ باشقىلارنىڭ ئۆتمۈشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلىگۈدەكمەن؟» دەپ سورايتتىم.

— بەك بىئارام بولغان بولسىڭىز، قارارىڭىزنى ئۆزگەرتەمسىز؟ — دەپ سورىدى سوْرەييە.

— ياق، سوْرەييە، ئۇ ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس، — دېدىم مەن، — نېمە دېسىڭىزمۇ قارارىمنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيمەن. مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن.

ئۇ يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

سوْرەييەگە ھەستىم قوزغالدى، ئۇنىڭ سىرلىرىمۇ ئاشكارا بولدى، بىز سۆزلىشىپ، مەسىلىنى ھەل قىلدۇق. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ھەسەنگە قانداق ئاسىيلىق قىلغانلىقىمنى، ئۇنىڭغا يالغان ئېيتقانلىقىمنى، ئەلى بىلەن دادامنىڭ قىرىق يىللىق دوستلۇقىنى بەربات قىلىپ، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقىمنى ئېيتماقچى بولدۇم. لېكىن، ئۇنداق قىلمىدىم. كۆڭلۈمگە سوْرەييە تاھىرنىڭ نوْرغوْن جەھەتلەردە مەندىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ئايان بولدى. جۇرئەتلىك بولۇش ئاشۇ ئۈستۈنلۈكلەرنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە.

# ئون ئۈچىنچى باب

بىز ئەتىسى كەچتە تاھىرلارنىڭ ئۆيىگە «چاي ئىچۈرۈش» مۇراسىمىغا باردۇق. بىز يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ كۆپلۈكىدىن ماشىنامنى خېلى يىراقتىكى بىر كوچىغا توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇچامغا ئالدىنقى كۈنى دادامنى ئەلچىلىكتىن قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن بازارغا بېرىپ سېتىۋالغان كۆك رەڭلىك كاستۇمۇمنى كىيگەنىدىم. مەن ماشىنىنى توختىتىپ، ماشىنىنىڭ ئارقا تەرەپىنى كۆرۈش ئەينىكىگە قاراپ گالستۇكۇمنى تۈزەپ قويدۇم.

— سەن ناھايىتى قاملاشقان يىگىت بولۇپ كېتىپسەن، — دېدى دادام.

— رەھمەت دادا، ئۆزىڭىز قانداقراق تۇرىسىز؟ بۈگۈنكى ئىشقا ماغدۇرىڭىز بارمۇ؟

— نېمە دەۋاتىسەن؟ بۈگۈن مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشاللىق كۈنۈم، ئامىر، — دېدى ئۇ ھارغىن كۆرۈنسىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئۆي ئىچىدىن كىشىلەرنىڭ كۈلكە ـ پاراڭلار، شۇنداقلا ئۇستاد ساراخان[1]نىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى باستىم. بىرى دېرىزە پەردىسىدىن قاراپ قويۇپلا غايىب بولدى.

— ئۇلار كەپتۇ! — دېدى بىر ئايال. ئارقىدىنلا كۈلكە ـ پاراڭلار توختاپ، مۇزىكا ئۈچۈرۈلدى.

---

① ئۇستاد ساراخان (1924 — 1983) — ئافغانىستاننىڭ ناخشا چولپىنى.

جەملە خانىم ئىشىكنى ئاچتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن. ئۇنىڭ چاچلىرى بۇدۇر قىلىنغان، ئۇچىسىغا ئۇششۇقىغا كەلگۈدەك يارىشىملىق قارا كۆڭلەك كىيگەنىدى. مەن بوسۇغىغا قەدەم قويغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى.

— سىز ئۆيگە كىرەر ـ كىرمەيلا يىغلىغىلى تۇرغىنىمنى قاراڭ، ئامىرجان، — دېدى ئۇ.

مەن تۇنۇگۇن كەچتە دادامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئۇنىڭ قولىغا سۆيدۇم.

ئۇ بىزنى كۇچلۇك چىراغ يورۇتۇلغان كارىدور بىلەن مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. تاختاي مىخلانغان تامدا مېنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇغقانلىرىمنىڭ سۈرەتلىرى ئېسىقلىق تۇراتتى. سۈرەتلەرنىڭ بىرىدە چاچلىرى كۆپتۈرۈلۈپ تارالغان ياش جەملە خانىم بىلەن گېنېرال نىئاگارا شارقىراتمىسى ئالدىدا تۇراتتى. يەنە بىرىدە جەملە خانىم ئۇچىسىغا سىدام كۆڭلەك كىيگەن، گېنېرال تار ياقىلىق كاستۇم كىيىپ، ئىنچىكە گالستۇك تاقىغان، چاچلىرى قويۇق ۋە قارا ئىدى.

ئەنە ئاۋۇ سۈرەتتە سۈرەيىيە ياغاچ ئاتقا مىنگىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتقانىكەن. چىشلىرىغا قاپلانغان كۈمۈش سىم ئاپتاپتا پارقىراپ تۇراتتى. يەنە بىر سۈرەتتە گېنېرال ئۇچىسىدا تولۇق ھەربىي فورما، ئىئوردانىيەنىڭ پادشاھى ھۇسەيىن شاھ بىللە بىلەن تۇراتتى. ئاۋۇ تەرەپتە زاھىر شاھنىڭ سۈرىتى بار ئىدى.

مېھمانخانا ئۆيدە يىگىرمىدىن ئارتۇق مېھمان قاتار چۆرىدەپ قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇراتتى. دادام كىرگەن ھامان ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەن دادامغا ئەگىشىپ مېھمانلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتىم. گېنېرال يەنىلا دائىم كىيىدىغان كۈل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىنى كىيىۋالغانىدى. دادام ئىككىسى قۇچاقلىشىپ ھەم

بىر - بىرىنىڭ دۈمبىسىگە ئاستا ئۇرۇشۇپ، پەس ئاۋازدا ھۆرمەت بىلەن سالاملاشتى.

گېنېرال كۈلۈمسىرىگىنىچە قوللىرىنى كەڭ ئېچىپ مېنى مەھكەم قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن ماڭا: «مانا بۇ ئافغانچە توغرا يول، ئوغلۇم» دەۋاتقاندەك بىلىندى. بىز بىر - بىرىمىزنىڭ مەڭزىگە ئۈچ قېتىم سۆيۈپ سالاملاشتۇق. مېھمانلار بىلەن لىق تولغان ئۆيدە دادام ئىككىمىز گېنېرال بىلەن ئۇنىڭ خانىمىنىڭ قارشىسىدا ئولتۇردۇق. دادام نەپىسى سىقىلىپ، پېشانىسىدىكى تەرلەرنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ مېنىڭ قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، زورلاپ كۈلۈمسىرەپ:

— مېنىڭ ئەھۋالىم ياخشى، — دېدى.

ئۆرپ - ئادەت بويىچە سۈرەييە بۇ سورۇندا يوق ئىدى. بىرنەچچە مىنۇت داۋام قىلغان قىسقا سۆھبەت - پاراڭلاردىن كېيىن گېنېرال گېلىنى قىرىپ قويۇۋىدى، ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكۈپ، ھەممەيلەن بېشىنى تۆۋەن قىلىشىپ قوللىرىغا قاراشتى. گېنېرال دادامغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

دادامۇ گېلىنى قىرىپ سۆزىنى باشلىدى. ئۇ ھەربىر جۈملە سۆزنى سۆز ئارىلىقىدا توختاپ چوڭقۇر نەپەس ئالماستىن تۈگىتەلمەيتتى.

— گېنېرال ساھىب، جەمىلە خانىم... بۈگۈن مەن ئوغلۇم بىلەن بىللە... ھەرقايسىلىرىنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىمدىن چوڭقۇر شەرەپ ھېس قىلىمەن. ھەرقايسىلىرى... بەكمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر... ياخشى جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى. مەن ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىغا پەقەت ئۆزلىرىگە، ئائىلە ئاتاقلىرىغا ۋە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا بولغان ئېھتىرامىمنى ئېلىپ كەلدىم ... — ئۇ سۆزىدىن توختاپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ، قاشلىرىنى سۈرتۈپ قويدى، — ئامىرجان مېنىڭ يالغۇز ئوغلۇم... بىردىنبىر پەرزەنتىم. ئۇ ياخشى بالا بولدى. مەن ئۇنىڭ ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا تۇشلۇق كۈتكەن يەرلىرىدىن

چىقىشىغا ئىشىنىمەن. شۇنداقلا ئوغلۇم ئىككىمىزنىڭ ئېھتىرامىنى ئىلىك ئېلىپ، ئوغلۇمنى ئۆز ئائىلىلىرىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

گېنېرال ھۆرمەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىز ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر جانابنىڭ ئوغلىنى ئائىلىمىزگە شەرەپ بىلەن قوبۇل قىلىمىز، — دېدى ئۇ، — ئۆزلىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم. مەن كابۇلدىكى چېغىمدا ئۆزلىرىگە چىن قەلبىمدىن قايىل بولغانلارنىڭ بىرى ئىدىم. بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ ھەم شۇنداق. ئۆزلىرى بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى بولىدىغانلىقىمىزدىن شەرەپ ھېس قىلىمىز. ئامىرجان، شەخسەن مەن سىزنى ئۆيۈمگە ئۆز ئوغلۇمدەك، مېنىڭ كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى بولغان قىزىمنىڭ بولغۇسى ئېرى سۈپىتىدە قارشى ئالىمەن. سىزنىڭ خاپىلىقىڭىز بىزنىڭ خاپىلىقىمىز، سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز بىزنىڭمۇ خۇشاللىقىمىز. سىزنىڭ مېنى ۋە جەمىلە ھامىمىڭىزنى ئۆز ئاتا - ئانىڭىزدەك كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىز ۋە سۆيۈملۈك قىزىمىز سۇرەييەنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. بىز سىلەرگە بەخت تىلەپ رازىلىقىمىزنى بەردۇق.

ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشىپ كارىدور تەرەپكە قاراشتى، مەن تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى.

سۇرەييە كارىدورنىڭ ئۇ چېتىدە پەيدا بولدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئوتقاشتەك قىزىل رەڭلىك، گىرۋىكىگە ئالتۇن رەڭ زىغزىق تۇتۇلغان ئىنتايىن يارىشىملىق ئافغانچە كۆڭلەك كىيگەنىدى. دادام قولۇمنى مەھكەم سىقتى. جەمىلە خانىمنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشلاندى. سۇرەييە ياش قىز تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىز تەرەپكە قاراپ ئاستا مېڭىپ كەلدى.

ئۇ دادامنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى سۆيگەندىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇردى. ئۆي ئىچىدە يەنە بىر قېتىم چاۋاك ياڭرىدى.

ئەنئەنە بويىچە، سۇرەييەنىڭ ئائىلىسى «تاتلىق يېيىش» دەپ ئاتىلىدىغان چاي ئىچۇرۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئاندىن بىرنەچچە ئايلىق ۋەدىلىشىش مەزگىلىدىن كېيىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى، بارلىق چىقىمنى دادام كۆتۈرەتتى.

لېكىن، ھەممەيلەن چاي ئىچۇرۇش مۇراسىمىنى قىسقارتىشقا قوشۇلدى. سەۋەبىنى ھېچكىم ئېيتمىسىمۇ، دادامنىڭ ساناقلىق كۈنى قالغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى.

تويغا تەييارلىق قىلىش جەريانىدا، سۇرەييە بىلەن بىر قېتىممۇ يالغۇز سىرتقا چىقمىدىم. چۈنكى، بىز تېخى توي قىلمىغان، ھەتتا بىزگە چاي ئىچۇرۇلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىللە سىرتقا چىقىشىمىز ئۆرپ ـ ئادەتكە سىغمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلار بولسا، دادام ئىككىمىز تاھىرلارنىڭ ئۆيىگە كەچلىك تاماققا باراتتۇق. تاماق ئۈستىلىدە سۇرەييەنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغاندا، خىيال كەپتەرلىرىم قاياقلارغىدۇر پەرۋاز قىلاتتى. سۇرەييەنىڭ قولىنى كۆكسۈمگە قويۇپ، چاچلىرىنى پۇرىسام، ئۇنى سۆيسەم، باغرىمغا باسسام...

دادام توي مۇراسىمىغا بانكىدىكى ئوتتۇز بەش مىڭ دوللارغا يېقىن پۇلىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلدى. ئۇ توي مۇراسىمى ئۈچۈن فرېمونتتىكى چوڭ ئافغانىستان رېستورانىنى ئالدى. رېستوران خوجايىنى دادامنى كابۇلدىكى چېغىدىلا تونۇغاچقا، باھاسىنى خېلىلا تۆۋەنلىتىپ بەرگەنىدى. دادام يەنە مۇزىكانتلارنىڭ ھەققىنى، مەن تاللاپ ئالغان ئالماس ئۈزۈكنىڭ ھەققىنى، مەن ئالغان تويلۇق كاستۇم ـ بۇرۇلكىنىڭ ۋە نىكاھ ئوقۇغاندا كىيىدىغان يېشىل رەڭلىك ئافغانچە فىراكنىڭ چىقىملىرىنى تۆلىدى.

تەلىيىمىزگە، توي كېچىسىگىچە بولغان بارلىق تەييارلىقلارنى جەمىلە خانىم بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى ئۆز

ئۇستىگە ئالغانىدى. مېنىڭ ئېسىمدە قالغىنى پەقەت بىرنەچچە ئۇنتۇلماس پەيتلەرلا بولدى.

ئاشۇ پەيتلەرنىڭ بىرى بىزنىڭ نىكاھىمىزنى قىلغان ۋاقىت: يۇملاق ئۇستەلدە چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدا سۇرەييە ئىككىمىز ئىسلام دىنىنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا باھاردەك يېڭى ھاياتنىڭ باشلىنىشىنىڭ سىمۋولى بولغان يېشىل رەڭلىك كىيىم بىلەن ئولتۇراتتۇق. مېنىڭ ئۇچامدا يەكتەك، سۇرەييە (ئۇستەلدىكى بىردىنبىر ئايال) ئۇزۇن يەڭ كۆڭلەك كىيىپ، ئۇستىگە چۇمبەل ئارتىۋالغانىدى، ئۇستەلدە يەنە دادام، گېنېرال تاھىر (بۇ قېتىم قارا رەڭلىك فىراك كىيگەنىدى) ۋە سۇرەييەنىڭ تاغىلىرىمۇ بار ئىدى. ھەر ئىككىمىز ئەدەپ بىلەن يەرگە قاراپ ئولتۇرساقمۇ، بىر - بىرىمىزگە پەقەت كۆزىمىزنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇشاتتۇق. موللام ئۇستەلدىكى گۇۋاھچىلاردىن سوئال سورىغاندىن كېيىن، «قۇرئان» ئوقۇدى. بىز بىر - بىرىمىزگە رازىلىقىمىزنى بەرگەندىن كېيىن، گۇۋاھنامىگە ئىمزا قويدۇق. سۇرەييەنىڭ ۋېرگىنىيە ئىشتاتىدىن كەلگەن تاغىلىرىدىن بىرى، يەنى جەمىلە خانىمنىڭ شارىفجان ئىسىملىك ئىنىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ، سۆزلەشكە تەييارلىق قىلدى. سۇرەييە ماڭا ئۇ تاغىسىنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقىنىغا يىگىرمە يىلدىن ئاشقانلىقىنى، بۇرۇن ئۇنىڭ كۆچمەنلەر ئىدارىسىدە ئىشلىگەنلىكىنى، ئامېرىكىلىق خوتۇنى بارلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ يەنە شائىر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم. ئۇ بويى پاكار، يۈزى كىچىك كەلگەن، بۇدۇر چاچ كىشى بولۇپ، مېھمانخانىنىڭ ئىش قەغىزىگە سۇرەييەگە ئاتاپ يازغان ئۇزۇن شېئىرىنى كۆپچىلىككە دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى.

— ۋاھ، ۋاھ، شارىفجان ! — دەپ چۇرقىراشتى كۆپچىلىك شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن.

مېنىڭ ئۇچامدا فىراك، سۇرەييە ئاپپاق توي كۆڭلىكى كىيىپ، يۈزىنى يېپىۋالغان، ئىككىمىز قول تۇتۇشۇپ سەھنىگە قاراپ ماڭدۇق.

دادام يېنىمغا كېلىپ تۇردى. گېنېرال بىلەن خانىمىمۇ قىزىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. باشقا بارلىق تۇغقانلار ئارقىمىزغا تىزىلدى. ئىككى چەتتە چاۋاك چېلىۋاتقان مېھمانلار، توختىماي چاراسلاۋاتقان ئاپپاراتلار... سۇرەييەنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى، يەنى شارىفجاننىڭ ئوغلى قۇرئاننى بېشىمىزغا تۇتۇپ ماڭدى. زالدا ئافغانچە «ئاستا ماڭ» دېگەن توي ناخشىسى ياڭراپ تۇراتتى. ئۇ ناخشا دەل دادام ئىككىمىز كابۇلدىن ئايرىلغان چاغدا ھېلىقى رۇس ئەسكىرى ماھىپار تەكشۈرۈش ئورنىدا ئېيتقان ناخشىنىڭ ئۆزى ئىدى:

ئاچقۇچ قىلىپ قۇدۇققا تاشلا تاڭ سەھەرنى،
ئاستا ماڭغىن، تولۇن ئايدەك گۈزەلىم، ئاستا ماڭ.
ئاشۇ سەھەر قۇياشى ئۇنتۇپ قالسۇن شەرقنى،
ئاستا ماڭغىن، تولۇن ئايدەك گۈزەلىم، ئاستا ماڭ.

مەن سەھنىدىكى سافادا خۇددى تەختتە ئولتۇرغاندەك، سۇرەييەنىڭ قولىنى تۇتقىنىمچە، كۆزلىرى بىزگە تىكىلگەن ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مېھمانغا قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇلار بىزگە بىر ئەينەكنى تۇتقۇزۇپ بېشىمىزنى چۈمبەل بىلەن ئورىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئەينەككە قارىتىش» مۇراسىمى باشلاندى.

چۈمبەل ئاستىدا ئېرىشكەن ۋاقىتلىق خالىيلىقتىن پايدىلىنىپ، سۇرەييەنىڭ ئەينەكتىكى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ئۇنى سۆيىدىغانلىقىمنى پىچىرلىغىنىمدا، ئۇنىڭ مەڭزلىرى شۇ ھامان ئوت ئېلىپ كەتتى.

داستىخانلارغا چوپان كاۋىپى، قورداق ۋە ياۋا ئاپېلسىن رەڭگىدىكى سېرىق رەڭلىك پولۇلار رەڭگارەڭ پەتنۇسلاردا تىزىلغانىدى. دادام سافادا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. پېشانىسىدىن تەر تامچىلاپ تۇرغان ئەرلەر تېز رىتىم بىلەن

چېلىنىۋاتقان تابلاغا ئەگىشىپ، سەكرىشىپ، چۆرگىلىشىپ، قەدىمىي ئاتتان ئۇسۇلىنى ئوينىۋاتاتتى. ھەربىر مۇزىكا تاكى ئاخىرىدا بىرنەچچە ئادەم قالغۇچە داۋاملىشاتتى. مۇشۇنداق خۇشاللىق پەيتلەردە رەھىمخان بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟

ھەسەنچۇ؟ ئۇمۇ توي قىلغاندۇ بەلكىم. ئۇ چۈمبەلىنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ يۈزىنى كۆرگەندۇ؟ كىمنىڭ خېنە ياققان قولىنى تۇتقاندۇ؟

ئەتىگەن سائەت ئىككىلەر بولغاندا ئولتۇرۇش رېستوراندىن دادامنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلدى. قايتىدىن داستىخان راسلىنىپ، مۇزىكىلار قوشنىلار ئەرز قىلىپ ساقچى چاقىرغانغا قەدەر چېلىندى. مېھمانلار قۇياش چىقىشقا بىر سائەت قالغاندا ئۈزىدى. ماڭا ئاخىر سۇرەييە بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇش نېسىپ بولدى. مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە ئەرلەر بىلەن بىر مۇھىتتا ياشاپ كەلگەنىدىم. شۇ كۈنى كېچىسى تۇنجى قېتىم ئايال زاتىنىڭ نەقەدەر راھەتلىكىنى ھېس قىلدىم...

سۇرەييە ماڭا دادام بىلەن بىللە تۇرغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.
— مەن تېخى سىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئايرىم ئۆيى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن.
— ئاغرىق دادىمىز بىلەن كارىمىز بولمايمۇ؟ — دەپ سوئال بىلەن جاۋاب بەردى ئۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا يېڭى تۇرمۇشنى بۇنداق باشلىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇراتتى.
مەن ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ:
— رەھمەت، — دېدىم.
سۇرەييە دادامنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە دادامنىڭ ناشتىلىقىغا ئوتقا قاقلانغان نان بىلەن چاي تەييارلايتتى. ئۇنى كارىۋاتتىن يۆلەپ چۈشۈرۈپ ياكى

كارىۋاتقا يۆلەپ چىقىرىپ قويانتى. ئاغرىق توختىتىش دورىلىرىنى ۋاقتىدا ئىچۈرۈپ، كىيىملىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى. چۈشتىن كېيىن بولسا گېزىتنىڭ خەلقئارا خەۋەرلەر قىسمىنى ئوقۇپ بېرەتتى. كەچتە دادامنىڭ بىرنەچچە قوشۇقلا تاماق يەيدىغانلىقىغا قارىماي، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان بەرەڭگە شورپىسىنى ئېتىپ بېرەتتى. ھەر كۈنى بىر قېتىم ئۇنى يۆلەپ سىرتتا بىردەم ئايلاندۇرۇپ كىرەتتى.

دادام كارىۋاتتىن چۈشەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن، بەدىنىنىڭ يوتقان يارىسى بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دادامنى ھەر سائەتتە بىر قېتىم ئۆرۈپ تۇراتتى.

بىر كۈنى، مەن دورىخانىدىن دادامنىڭ ئاغرىق پەسەيتىش دورىسىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرسەم، سۇرەييە ئالدىراش ھالدا بىرنەرسىنى دادامنىڭ ئەدىيالىنىڭ ئاستىغا سېلىۋېتىپتۇ.

— ھەي، مەن كۆرۈپ قالدىم جۇمۇ! ئىككىڭلار نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ — دېدىم مەن.

— ھېچنېمە، — دېدى سۇرەييە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— يالغانچى.

مەن دادامنىڭ ئەدىيالىنى قايرىپ، خۇرۇم تاشلىق خاتىرەمنى دەرھال قولۇمغا ئالدىم ـ دە:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم. قوللىرىم خاتىرەمنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قىرلىرىنى سىلايتتى. ئاسماندا رەڭگارەڭ ساليۇتلار ئېتىلغان، ئون ئۈچ ياشلىق تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمىم ئۆتكۈزۈلگەن ھېلىقى كېچىسى رەھىمخان بۇ خاتىرىنى ماڭا سوۋغا قىلغانىدى.

— سىزنىڭ بۇنچىلىك يازالايدىغىنىڭىزغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى سۇرەييە.

دادام بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ:

— مەن خاتىرىنى ئۇنىڭغا ئالدۇرغان، خاپا بولماسسەن ـ ھە؟ —

دېدى.

مەن خاتىرىنى سۈرەييەگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. دادام مېنىڭ كۆز يېشى قىلىشىمنى ياقتۇرمايتتى...

توي بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن، تاھىر ئەر - ئايال، شارىپ ۋە ئۇنىڭ ئايالى سۆزى، يەنە سۈرەييەنىڭ بىرنەچچە ھەمشىرىسى بىزنىڭ ئۆيگە كەچلىك تاماققا كەلدى. سۈرەييە مېھمانلارغا پالەك بىلەن قوي گۆشى سېلىنغان گۇرۇچ تاماقنى ئېتىپ بەردى. تاماقتىن كېيىن، ھەممەيلەن يېشىل چاي ئىچكەچ قارتا ئوينىدۇق. سۈرەييە، شارىپ، سۆزى تۆتىمىز بىر گۇرۇپپا بولۇپ، دادام يۇڭ ئەدىيالغا يۆگىنىپ ياتقان سافانىڭ يېنىدىكى قەھۋە ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇق. ئۇ مېنىڭ شارىپ بىلەن چاقچاقلاشقىنىمغا، سۈرەييە بىلەن بارماقلىرىمىزنى كىرىشتۇرۇپ يېقىن ئولتۇرغىنىمىزغا، شۇنداقلا مېنىڭ ئۇنىڭ يۇزىگە چۇشۇۋالغان چاچلىرىنى قولۇم بىلەن كەينىگە تاراپ قويغىنىمغا قاراپ ياتاتتى. مەن دادامنىڭ كۆڭلىنىڭ خۇددى ئاق تېرەك يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىشى ۋە چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كابۇل كېچىلىرىنىڭ چەكسىز كەتكەن ئاسمىنىدەك كۆلۈمسىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم.

يېرىم كېچە بولغاندا، دادام كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇشىمىزنى ئېيتتى. سۈرەييە ئىككىمىز ئۇنىڭ قولىنى مۈرىلىرىمىزگە قويۇپ، بېلىدىن يۆلىدۇق. بىز ئۇنى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇۋاتقىنىمىزدا، ئۇ سۈرەييەنى كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى ھەمدە پېشانىمىزگە سۆيۈپ قويدى.

— مەن سىزنىڭ دورىڭىز بىلەن بىر ئىستاكان سۇ ئەكىرەي، دادا، — دېدى سۈرەييە.

— بولدى، ئەكىرمەڭ. بۈگۈن ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى، — دېدى دادام.

— ماقۇل، — دېدى سۈرەييە. ئاندىن دادامنىڭ ئۈستىگە ئەدىيالنى يېپىپ قويدى. بىز ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتۇق.

دادام شۇنىڭدىن كېيىن ئويغانمىدى. ئۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ھايۋاردتىكى مەسچىتنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانى ماشىنىلارغا توشۇپ كەتكەنىدى. بىنانىڭ كەينىدىكى قۇرۇپ كەتكەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىدىمۇ ماشىنىلار نۆۋەت ساقلاپ توختاشماقتا ئىدى. كېيىنرەك كەلگەن بەزى كىشىلەر ماشىنىلىرىنى مەسچىتنىڭ شىمالىدىن ئاز دېگەندە تۆت كوچا نېرىغا توختىتىشقا توغرا كەلدى.

مەسچىتنىڭ ئەرلەر ناماز ئوقۇيدىغان تەرىپىگە ئافغان گىلەملىرى ۋە كۆرپىلەر سېلىنغانىدى. ئەرلەر ئاياغلىرىنى ئىشىك ئالدىغا سېلىپ، كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. بىر موللام مىكروفوندا خەتمىقۇرئان قىلدى. مەن ئىشىكنىڭ يېنىدىكى ھازىدارلار ئولتۇرىدىغان جايدا ئولتۇردۇم. گېنېرال تاھىر يېنىمدىن ئورۇن ئالدى.

ئوچۇق ئىشىكتىن سىرتتا قاتار تىزىلىپ كېلىۋاتقان ماشىنىلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ ماشىنىلارنىڭ ئالدى ئەينىكىدىن قايتقان قۇياش نۇرلىرى كۆزنى چاقناتاتتى. قارا كاستۇم كىيگەن ئەرلەر ۋە ئۈستىگە قارا كۆڭلەك كىيىپ، باشلىرىغا ئەنئەنىۋى ئاق ھىجاپ ئارتقان ئاياللار ماشىنىدىن چۈشۈپ مەسچىت تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

مەسچىت ئىچىدە قۇرئان ئوقۇلۇۋاتاتتى، مەن دادامنىڭ بالۇچىستاندا قارا ئېيىق بىلەن ئېلىشقانلىقىنى ئەسلىدىم. ئويلىسام دادام ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئېيىقلار بىلەن ئېلىشىپ چىقىپتۇ. خوتۇنىدىن ياش تۇرۇپلا ئايرىلدى. ئوغلىنى

ئۆزى يالغۇز چوڭ قىلدى. سۆيۈملۈك ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، نامراتلىقنى بېشىدىن كەچۈردى، غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يېڭەلمەيدىغان بىر ئېيىققا دۇچ كەلدى. لېكىن، ئۇ ئاخىرقى ئېيىققا يەنىلا ئۆزى تاللىغان ئۇسۇل بىلەن يېڭىلدى.

ھەر قېتىملىق قۇرئان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر تۇركۈم مېھمان مەسچىتتىن چىققۇچە قاتار بولۇپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى كۆرۈپ باقمىغاندىم. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ھۆرمەت بىلەن كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتىم. ئۇلارنىڭ دادام توغرۇلۇق تەرىپلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدىم.

— تايماندا ماڭا ئۆي سېلىشقا ياردەملەشكەندى ...

— ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن ...

— ماڭا ياردەم بېرىدىغان ھېچقانداق ئادەم چىقمىغاندا، ئۇ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ماڭا ياردەم قىلغان...

— مېنى تونۇمىسىمۇ ماڭا خىزمەت تېپىپ بەرگەنىدى...

— مېنى ئۆز قېرىندىشىدەكلا كۆرەتتى...

......

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىم پەقەت دادام ئارقىلىق، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا قالدۇرغان ئىزلىرى ئارقىلىق بەلگىلەنگەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئۆمرۈمدە كىشىلەرگە پەقەت «دادامنىڭ ئوغلى» بولۇپلا تونۇلۇپ كەلگەنىدىم. دادام بۇ ئالەمدىن كەتتى. ئەمدى ئۇ ماڭا يول كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن باسىدىغان يولۇمنى ئۆزۈم تېپىشىم كېرەك. ئەنە شۇلارنى ئويلىغىنىمدا ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ باستى.

بۇنىڭدىن بۇرۇنراق، قەبرىستانلىقنىڭ مۇسۇلمانلار بۆلىكىدە، ئۇلار دادامنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە ئاستا چۈشۈردى. موللام بىلەن يەنە بىر كىشى قەبرىستانلىقتا قايسى ئايەت ئوقۇلىدىغانلىقى توغرۇلۇق تەرگىشىپ قالدى. ئەگەر گېنېرال

تاھىر ئارىغا كىرمىگەن بولسا، جېدەل چىقاتتى. ئاخىر موللام ھېلىقى كىشىگە ئەيىبلەش نەزىرىدە قاراپ قويۇپ، بىر ئايەتنى تاللاپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇلار يەرلىككە گۆرجەك بىلەن توپا تاشلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاستا مېڭىپ، قەبرىستانلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى قىزىل ئىران دەرىخىنىڭ سايىسىگە بېرىپ ئولتۇردۇم.

پەتىگە كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ، مەسچىتنىڭ ئىچى قۇرۇقدىلىپ قالدى. موللامۇ مىكروفوننى يىغىشتۇرۇپ، «قۇرئان»نى بىر پارچە يېشىل رەختكە يۆگەۋاتاتتى. مەن گېنېرال بىلەن بىللە مەسچىتتىن چىقتىم. چۈشتىن كېيىنكى ئاپتاپتا يەر ـ جاھان ئىسسىپ كەتكەندى. بىز پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، بىر يەرگە توپلىشىپ تاماكا چېكىپ تۇرغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. ئۇلارنىڭ ھەپتە ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان پۇتبول مۇسابىقىسى ۋە سان كلارا شەھىرىدىكى يېڭىدىن ئېچىلغان ئافغان رېستورانى توغرۇلۇق قىلىشقان پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. مانا، دادام كەتتى، لېكىن ھايات يەنىلا ئۆز يولىدا داۋاملىشىۋېرىدىكەن.

ـــ ئەھۋالىڭىز قانداقراق، ئوغلۇم؟ ـــ دەپ سورىدى گېنېرال.

مەن چىشىمنى چىڭ چىشلەپ، ئەتىگەندىن بېرى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىۋاتقان كۆز يېشىمنى يەنە تۇتۇۋالدىم.

ـــ مەن سۇرەييەنىڭ قېشىغا باراي، ـــ دېدىم مەن.

ـــ ماقۇل.

مەن مەسچىتنىڭ ئاياللار ناماز ئوقۇيدىغان تەرىپىگە باردىم. سۇرەييە پەلەمپەينىڭ يېنىدا ئانىسى ۋە مەن تونۇيدىغان چالا ـ بۇلا كۆرگەن باشقا بىرنەچچە ئايال بىلەن بىللە تۇراتتى. مەن سۇرەييەگە ئىشارەت قىلدىم. ئۇ ئانىسىغا بىرنېمىلەرنى دەپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى.

ـــ بىز پىيادە ئايلىنىپ كەلسەك بولامدۇ؟ ـــ دېدىم مەن.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دەپ قولۇمنى تۇتتى ئۇ.

بىز ئىككى تەرىپىدە پاكار ئوت - چۆپ ئۆسكەن، ئۇششاق شېغىللىق چىغىر يولدا ئون - ئىنىسىز مېڭىپ، بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق، بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بىر قەبرىنىڭ ئالدىدا ياشانغان ئەر - ئايال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قەبرىگە بىر دەستە گۈل قويۇۋاتاتتى.

— سۇرەييە؟

— نېمە؟

— مەن دادامنى سېغىنىۋاتىمەن.

ئۇ قولىنى تىزىمغا قويدى. دادامنىڭ ئۇزۇكى سۇرەييەنىڭ نامسىز بارمىقىدا چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن نامازغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ چوڭ كوچىغا قايرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. بىزمۇ بىردەمدىن كېيىن قايتىمىز. دادام تۇنجى قېتىم ئۆزى يالغۇز قالىدىغان بولدى.

سۇرەييە مېنى ئۆزىگە تارتتى، ياشلىرىم ئاخىر كۆزۈمدىن ئېتىلىپ چىقىپ، مەڭزىمدىن سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى.

سۇرەييە بىلەن چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەستىنلا توي قىلغان بولغاچقا، مەن پەقەت بىز توي قىلغاندىن كېيىنلا تاھىر ئائىلىسىنى چۈشىنىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. گېنېرالنىڭ ھەر ئايدا بىر قېتىم باش ئاغرىق كېسىلى قوزغىلىدىكەن، كۆپ ھاللاردا بىر ھەپتىگىچە ئاغرىق توختىمايدىكەن. ھەر قېتىم باش ئاغرىقى تۇتقاندا، گېنېرال ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالىدىكەن. يالىڭاچ بولۇپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ تاكى ئاغرىق پەسلىگۈچە ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدىكەن.

ھېچكىمنىڭ كىرىشىگە ياكى ئىشىكنى چېكىشىگە يول قويۇلمايدىكەن. ئاخىر بېشى ساقايغاندا، گېنېرال يەنە شۇ كۈل

رەڭ كاستۇمىنى كىيىپ، ھازىرلا ئويغانغاندەك، كۆزلىرى ئىششىپ قىزارغان، ئۆزى ئۇيقۇسىرىغان ھالدا ئۆيدىن چىقىدىكەن.

سۇرەييەنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، گېنېرال بىلەن جەمىلە خانىمنىڭ ئايرىم ھۇجرىدا يېتىۋاتقىنىغا ئۇزاق يىللار بولغانىكەن. بەزىدە گېنېرالنىڭ شۇنچىلىك خۇيى تۇتىدىكەنكى، خوتۇنى ئالدىغا ئەكەلگەن قورۇمىنى بىر قوشۇق يەپ قويۇپلا، تىن تارتىپ قويىدىكەن ـ دە، نېرى ئىتتىرىۋېتىدىكەن. بۇنداق چاغدا، جەمىلە خانىم يەنە: «مەن سىزگە باشقا نەرسە ئېتىپ بېرەي» دېسە، گېنېرال ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، قۇرۇق نان بىلەن پىياز ئېلىپ يېيىشكە باشلايدىكەن. گېنېرالنىڭ بۇ قىلىقلىرى سۇرەييەنىڭ بەكمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىكەن. ئانىسى كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلايدىكەن. سۇرەييە يەنە ماڭا گېنېرالنىڭ روھى چۈشكۈنلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا يەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

مەن يەنە ئۇنىڭ ئامېرىكىغا كەلگەندىن بۇيان پۈتۈن ئائىلىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ پاراۋانلىق پۇلى بىلەن باقىدىغانلىقىنى، بۇنداق قىلىشنى ئۆزىگە ئوخشاش نوپۇزلۇق بىر زاتنىڭ ئۆزىگە لايىق كەلمەيدىغان خىزمەتلەرنى قىلغىنىدىن ئەلا بىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. ئۇ پەت بازىرىغا ئەمەلىيەتتە پەقەت ئافغان ۋەتەنداشلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا بارىدىكەن. گېنېرال ئافغانىستاننىڭ ھامان بىر كۈنى ئازاد بولىدىغانلىقىغا، خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ قايتىدىن تىكلىنىپ، ئۆزىنىڭ يەنە بۇرۇنقى ۋەزىپىسىنى قولىغا ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. شۇڭا، ئۇ ھەر كۈنى كۈل رەڭ كىيىمىنى كىيىپ، يانچۇق سائىتىنى ئېسىپ، ئاشۇ كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدىكەن.

مەن جەمىلە خانىمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن كابۇلدا داڭق چىقارغانلىقىنىمۇ بىلدىم. گەرچە ئۇ كەسپىي

ناخشچى بولمىسىمۇ، خەلق ناخشىلىرىنى، غەزەللەرنى، ھەتتا ئەرلەرلا ئېيتىدىغان راگا[1] نىمۇ ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئېيتالايدىكەن. لېكىن، گېنېرال ئۆزىنىڭ مۇزىكىنى شۇنچە قەدىرلەيدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى ئافغان ۋە ھىندى غەزەل توپلاملىرىنى ساقلاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا قارىماي، ناخشا ئېيتىشنى تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەرگە مەنسۇپ ئىش دەپ قارايدىكەن. ئۇلار توي قىلغاندا گېنېرال ئۇنىڭغا جامائەت ئالدىدا ناخشا ئېيتماسلىقنى شەرت قىلغانىكەن. سورەييەنىڭ دېيىشىچە، جەمىلە خانىم بىزنىڭ توييىمىزغا ئاتاپ پەقەت بىرلا ناخشا ئېيتىشنى تەلەپ قىلغانىكەن، لېكىن گېنېرالنىڭ بىر قاراپ قويۇشى بىلەنلا ئۇ ئىشمۇ يوق بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، جەمىلە خانىمنىڭ ھاياتى ھەپتىدە بىرەر قېتىم لاتارىيە بېلەتى ئويناش، ھەر كۈنى كەچتە تېلېۋىزوردا جونىنى كارسوننىڭ پىروگراممىسىنى كۆرۈش، ھويلىدىكى گۈللۈكتە ئەتىرگۈل، سېسىقيار، بەرەڭگىگۈلى، ياۋا كەشمىر قاتارلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىش بىلەن ئۆتىدىكەن.

مەن سورەييە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، جەمىلە خانىمنىڭ گۈللىرى بىلەن جونىنى كارسوننىڭ پىروگراممىلىرىنىڭ ئورنىنى مەن ئالدىم. گېنېرال بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىمىز تېخىچە بۇزۇلمىغان، مەن ئۇنى «گېنېرال ساھىب» دەپ چاقىرسام، ئۇ ھازىرغىچە مېنىڭ ئۇنداق چاقىرىشىمنى تۈزەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، جەمىلە خانىم ئۆزىنىڭ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەرقاچان ئاشكارىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ساناقسىز ئاغرىقلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، يېڭىلىق ھېس قىلدىم. ئەلۋەتتە، گېنېرال ئۇنىڭ ۋايساشلىرىنى ئاللىقاچان ئاڭلىماس بولۇۋالغانىدى. سورەييەنىڭ ئېيتىشىچە، جەمىلە خانىم سەكتە بولۇپ قالغاندىن

---

① راگا — ھىندىستاننىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى مۇزىكىسى.

بېرى، يۈرەك كېسىلى، رېماتىزم قاتارلىق كېسەللىرى پات ـ پات قوزغىلىپ تۇرىدىكەن.

جەمىلە خانىم ماڭا تۇنجى قېتىم بويىنىدىكى بىر پارچە ئۆسمە گۆشنى كۆرسەتكەندە، مەن ئۇنىڭغا:

— ئەتە مەن مەكتەپكە بارماي سىزنى دوختۇرغا ئاپىراي، — دېدىم. گېنېرال مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ئۇنداق بولسا، سىز ئەڭ ياخشىسى ئوقۇشتىن چېكىنىسىڭىز بولغۇدەك، ئوغلۇم. ھاممىڭىزنىڭ كېسەللىرىنى بىر ـ بىرلەپ تىزىملىسىڭىزلا، ئاخىرىدا رومىنىڭ توپلىمىدەك نەچچە پارچە قېلىن كىتاب چىقىدۇ، — دېدى.

لېكىن، نېمىلا دېگەنبىلەن جەمىلە خانىم مېنى ئۆزىنىڭ ئاغرىقلىرى توغرۇلۇق ۋايساشلىرىنى ئاڭلاپ بېرىدىغان بىردىنبىر ئادەم، دەپ قارايتتى. ئەگەر مەن قولۇمغا قورال ئېلىپ، ئادەم ئۆلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا شەرتسىز ھالدا ئۆز مۇھەببىتىنى مەندىن ئايىمايتتى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئەڭ يامان يارىنى ساقايتقاندىم. ئۇنى ھەرقانداق ئافغان ئانىنى قورقۇتىدىغان ۋەھىمىدىن خالاس قىلغاندىم. ئۇ دائىم ئۆز قىزىغا بىرەر لايىق چىقماي قېلىشىدىن ۋايىم يەيتتى، ئەمدى ئۇ ئۆز قىزىنىڭ قېرى قىز بولۇپ قېلىشىدىن، بالىسى يوق، ئېرى يوق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى، ھەرقانداق ئايال ئەرگە موھتاج. ئۇنىڭ ئېرى يۈرىكىدىكى گۈزەل ناخشىلارنى پىچەتلىۋەتسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئەرگە موھتاج.

مەن يەنە سورەيىيەدىن ۋىرگىنىيەدە يۈز بەرگەن ئىشنىمۇ ئاڭلىدىم.

بىر كۈنى، بىز سورەيىيەنىڭ كۆچمەنلەر ئىدارىسىدە ئىشلىگەن تاغىسى شارىفنىڭ ئوغلىنىڭ تويىغا قاتناشتۇق. ئۇنىڭ ئوغلى نيۇۋاركتىكى بىر ئافغان قىزى بىلەن توي قىلغانىدى. توي مۇراسىمى ئالتە ئاي بۇرۇن بىز توي زىياپىتى بەرگەن رېستوراندا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بىز مېھمانلار بىللە قىزنىڭ

يىگىت تەرەپتىن ئۆزۈك قوبۇل قىلغىنىغا قاراپ تۇراتتۇق. يېنىمىزدىكى ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى ئايالنىڭ پارىڭى ھەر ئىككىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— نېمىدېگەن ئوماق كېلىن ئۇ، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى، — قاراڭ ئۇ قىزغا، خۇددى تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ.

— شۇنداق، — دېدى يەنە بىرى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە پاك دەڭە. بىر ەر يىگىتنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغان.

— شۇنى دەڭە، مەن سىزگە دېسەم، بۇ يىگىت نەۋرە سىڭلىسى بىلەن توي قىلماي توغرا قىلدى.

سۇرەييە ئۆيگە قايتىش يولىدا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. مەن ماشىنىنى فرېمونت كوچىسىنىڭ چىراغ يورۇپ تۇرغان يول ياقىسىغا توختاتتىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ چېچىنى قايرىپ تۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن نېمە كارىڭىز؟

— بۇ بىر ئادالەتسىزلىك! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— بولدى، ئۇ گەپلەرنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.

— ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى يېرىم كېچىگىچە قاۋاقخانىدىن كەلمەي كۈڭۈل ئېچىشىدۇ، نەچچە قىزنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، يوتقان سىرتىدىن بالا تاپسا ھېچكىم ئۇلارغا ھېچنېمە دېمەيدۇ. «ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن شوخلۇق قىلىپ قويۇپتۇ» دېيىشىدۇ. مەن ھاياتىمدا بىر قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزسەم ھەممە ئادەم ئەدەپتىن، نومۇستىن گەپ قىلىپ چۇشىدۇ. مەن ئۆلگۈچە ئاشۇ ئىش پېشانەمدىن كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ.

مەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنىڭ ئۈستىدىكى خالىنى بويلاپ چۇشۇۋاتقان كۆز يېشىنى باش بارمىقىم بىلەن سۈرتتۇم.

— مەن سىزگە تېخى ئۇ ئىشنى تەپسىلىي ئېيتمىدىم، — دېدى سۇرەييە كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئۇ كۈنى كەچتە دادام قولىدا مىلتىق كۆتۈرۈپ ئىشىكتە پەيدا بولدى. ئۇ مىلتىقتا ئىككى تاللا ئوق بارلىقىنى، ئەگەر ئۆيگە قايتمىسام،

بىر پاي ئوقتا ئۇنى، يەنە بىر پاي ئوقتا ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن چىرقىرىدىم، دادامنى ئېغىزىمغا كەلگەن ئەسكى گەپلەر بىلەن تىللىدىم. ئۇنىڭغا: «سەن مېنى مەڭگۈ سولاپ قويالمايسەن، سەن ئۆلگەن بولساڭچۇ» دېدىم، — ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يەنە تۆكۈلۈشكە باشلىدى، — مەن ئۇنىڭغا راستىنلا «سەن ئۆلگەن بولساڭچۇ» دېدىم. دادام مېنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلگەندە، ئانام ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئېسەدەپ يىغلىغاچقا، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالمايتتىم. دادام مېنى ھۇجرامغا سۆرەپ دېگۈدەك كىرىپ، ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى. قولۇمغا قايچا تۇتقۇزۇپ، چېچىمنى كېسىشىمنى ئېيتتى. مەن چېچىمنى كەسكۈچە ئۇ ماڭا قاراپ تۇردى. مەن بىرنەچچە ھەپتىگىچە ئۆيدىن سىرتقا چىقمىدىم. لېكىن، سىرتقا چىققىنىمدا، نەگىلا بارسام كىشىلەرنىڭ كۇسۇرلاشقانلىقى كۆزۈمگە چېلىقاتتى ياكى شۇنداق قىلغاندەك بىلىنەتتى. بۇ ئىشلار تۆت يىلنىڭ ئالدىدا، بۇ يەردىن بەش مىڭ كىلومېتىر يىراقتا يۈز بەرگەن. شۇنداق تۇرۇپ، ھېلىمۇ مەن يەنە شۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن.

— ئۇنداقلارنىڭ ئېغىزىغا مەرەز چىقسۇن، — دېدىم مەن.

سۆزۈم تۈگىگەن ھامان، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— دادىڭىز ئەلچىلىككە كەلگەن كۈنى ئاخشىمى، مەن بۇ ئىشلارنى سىزگە تېلېفوندا ئېيتقىنىمدا، مەن سىزنى چوقۇم نىيىتىدىن يېنىۋالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم، سۆرەييە.

ئۇ كۈلۈمسىرەپ قولۇمنى تۇتتى.

— تەلىيىمگە سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. سىز باشقا ئافغان يىگىتلىرىگە پەقەت ئوخشىمايسىز.

— بىز ئەمدى بۇ سۆزلەرنى ھەرگىز تىلغا ئالمايلى، بولامدۇ؟

— ماقۇل.

مەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، ماشىنىنى قايتىدىن

ئوت ئالدۇردۇم. ماشىنىنى ھەيدىگەچ، ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىم توغرۇلۇق ئويلاندىم. بەلكىم مېنى ئەرلەر تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. مەن ئاياللار بار مۇھىتتا چوڭ بولمىغاچقا، ماڭا ئافغان جەمئىيىتىنىڭ ئاياللارنى تۆۋەن كۆرىدىغان ئۆلچەملىرىنى باشتىن كەچۈرىدىغان پۇرسەت بولمىغاندۇر ۋە ياكى دادامغا ئوخشاش، جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزى تۇزگەن تۇزۇم بويىچە ياشايدىغان بىر ئادەمنىڭ قولىدا چوڭ بولغانلىقىمدىندۇر.

لېكىن، سۇرەييەنىڭ ئۆتمۈشىگە ئېرەن قىلماسلىقىمنىڭ بىر چوڭ سەۋەبى ئۆزۈمنىڭمۇ پۇشايمان قىلىدىغان ئۆتمۈشۈمنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن دەپ ئويلايمەن.

دادام ئۆلۈپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سۇرەييە ئىككىمىز گېنېرال بىلەن جەملە خانىمنىڭ ئۆيىدىن بىرنەچچە كوچا نېرىسىدىكى بىر ياتاقلىق ئۆيگە كۆچۈپ كەلدۇق. سۇرەييەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىزنىڭ ئۆيىمىزنى مۇبارەكلەپ، جىگەر رەڭ خۇرۇم سافا بىلەن خىرۇستال چىنە ـ تەخسىلەرنى ئېلىپ بەردى. گېنېرال ماڭا يەنە يېڭى «IBM» ماركىلىق خەت ئۇرۇش ماشىنىسى سوۋغا قىلدى. ئۇ خەت ئۇرۇش ماشىنىسىنىڭ ساندۇقىنىڭ ئىچىگە پارسچە بىر پارچە خەت يېزىپ سېلىپ قويغانىدى:

*ئامىرجان:*

*مۇشۇ خەت ئۇرۇش ماشىنىسىنىڭ كۇنۇپكىلىرى بىلەن كەلگۈسىدە نۇرغۇن ھېكايىلەرنىڭ سىرىنى ئاچقايسىز.*

*گېنېرال ئىقبال تاھىر*

مەن دادامنىڭ ئاربىۋسىنى سېتىۋەتكەندىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پىت بازىرىغا قەدەم بېسىپ باقمىدىم. مەن ھەر جۈمە كۈنى دادامنىڭ قەبرىسىگە باراتتىم. بەزى ۋاقىتلاردا قەبرىنىڭ تاش خاتىرىسى ئالدىدا يېڭى بىر دەستە گۈلنىڭ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، سۈرەييەنىڭمۇ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلەتتىم.

سۈرەييە ئىككىمىز ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىغا ئاستا - ئاستا ماسلىشىشقا باشلىدۇق. بىز چىش چوتكىمىز بىلەن پايپاقلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتەتتۇق. ئەتىگەندە بىللە ئولتۇرۇپ گېزىت ئوقۇيتتۇق. ئۇ كارىۋاتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، مەن سول تەرىپىدە يېتىشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ يۇمشاق ياستۇقتا يېتىشنى ياخشى كۆرەتتى. مەن بولسام قاتتىقراقىنى تاللايتتىم. ناشتىدا ئۇ تالقاننى قۇرۇق يەپ، سۈتنى ئايرىم ئىچەتتى...

شۇ يىلى يازدا، مەن سان خوسې ئىشتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى كەسپىگە تەقسىم قىلىندىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سان ۋايىلدىكى بىر ئۆي - جاھازلىرى دۇكىنىنىڭ ئىسكىلاتىدا ئامانلىق ساقلىغۇچى بولۇپ ئىشلىدىم. گەرچە بۇ خىزمەت ناھايىتى زېرىكىشلىك بولسىمۇ، مەن ئۈچۈن پايدىلىق تەرەپلىرى بار ئىدى: ھەممە ئادەم كەچ سائەت ئالتىدە ئىشتىن چۈشكەندە، ئۈستىگە سولياۋ يېپىلغان سافالارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، كىتابلىرىمنى ئېلىپ ئۆگىنىش قىلىشقا باشلايتتىم. ئاشۇ قارىغاي ياغىچى پۇرايدىغان ئىسكىلاتتا مەن ئۆزۈمنىڭ تۇنجى رومانىمنى يېزىشقا باشلىدىم.

كېيىنكى يىلى سۈرەييەمۇ سان خوسې ئىشتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىلىندى. ئۇ دادىسىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاللىدى.

— مەن سېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز ئىقتىدارىڭنى بۇنداق كەسپكە زايە قىلىدىغىنىڭنى ھېچ چۈشەنمىدىم، — دېدى گېنېرال بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، — بىلەمسىز

ئامىرجان، ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدىكى نەتىجىسى ھەرقاچان A دىن چۈشۈپ باقمىغان، — ئۇ سۇرەييەگە قارىدى، — سەندەك ئەقىللىق قىزلار ئادۋوكاتلىقتا، سىياسىي قانۇن كەسپىدە ئوقۇشى كېرەك. خۇدايىم بۇيرۇسا ئافغانىستان ئازاد بولغاندا، قانۇن يېزىشقا قاتنىشىسەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ چاغدا ساڭا ئوخشاش ياش ھەم تالانتلىق ئافغانلارغا ئېھتىياج زور بولىدۇ. ئۇلار تېخى ئائىلەڭنىڭ شان ـ شۆھرىتىگە ئاساسەن ساڭا مىنىستىرلىق ھوقۇقىنى بېرىشىمۇ مۇمكىن.

سۇرەييە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايى تاتارغانىدى.

— مەن ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، دادا. مەن توي قىلغان ئايال. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئوقۇتقۇچىغىمۇ ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

— ئوقۇتقۇچىلىقنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ.

— يەنە گۈرۈچ بارمۇ، ئاپا؟ — دەپ سورىدى سۇرەييە.

تاماقتىن كېيىن گېنېرال ھايۋاردتىكى بىرنەچچە دوستى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سىرتقا ماڭغاندىن كېيىن، جەمىلە خانىم سۇرەييەگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— داداڭنىڭ كۆڭلى ياخشى، — دېدى ئۇ، — ئۇ پەقەت سېنىڭ ئىستىقبالىڭنى ئويلاپ شۇنداق دەۋاتىدۇ.

— ئۇ دوستلىرىغا ئۆزىنىڭ ئادۋوكات قىزىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، ئۆزى يەنە بىر شەرەپ مېدالىغا ئېرىشمەكچى، — دېدى سۇرەييە.

— نېمانداق قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىدىغانسەن؟

— ئىستىقبالمىش، — دېدى سۇرەييە مەسخىرە ئاھاڭدا، — ئىشقىلىپ، مەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايمەن. ئۇنىڭغا ئوخشاش، باشقىلار رۇسلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتسا، ئۇچىدا يېتىپ چاڭ ـ توزانلارنىڭ بېسىقىشىنى ھەم ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتتىكى كىچىككىنە ئەمىلىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى خىيال قىلمايمەن.

ئوقۇتقۇچىلىقىنىڭ مائاشى كۆپ بولمىسىمۇ، مەن شۇ ئىشنى قىلىشنى خالايمەن. مەن ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ھۆكۈمەتنىڭ پاراۋانلىق پۇلىغا قاراشلىق قالغاندىن كۆپ ياخشى.

جەمىلە خانىم لېۋىنى چىشلىدى.

— ئەگەر داداڭ بۇ سۆزلىرىڭنى ئاڭلايدىغان بولسا، سەن بىلەن ئاتا - بالىلىقتىن كېچىپ كېتىدۇ.

— ئەنسىرىمەڭ، — دېدى سۇرەييە قولىدىكى قەغەز سالفېتكىنى تەخسىسىگە تاشلاپ، — مەن ئۇنىڭ قىممەتلىك ئابرۇيىغا ھەرگىز داغ تەگكۈزمەيمەن.

1988 - يىلى يازدا، يەنى سوۋېت قوشۇنلىرى ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىشتىن ئالتە ئاي بۇرۇن، مەن ئۆزۈمنىڭ تۇنجى رومانىمنى گېنېرال سوۋغا قىلغان خەت ئۇرۇش ماشىنىسىدا يېزىپ پۈتكۈزدۈم. بۇ روماندا كابۇلدىكى ئاتا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى توغرىسىدىكى ۋەقەلىك بايان قىلىنغانىدى.

كىتاب نەشر قىلىشقا مەسئۇل ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ئۇنىغا رومانىم توغرۇلۇق خەت يېزىپ ئالاقىلەشكەندىن كېيىن، ئاۋغۇستنىڭ بىر كۈنى خەت ساندۇقىدىن نيۇيوركتىكى بىر ئىش بېجىرىش ئورنىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خۇشاللىقىمدا ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم. خەتتە ئۇلار رومانىمنىڭ تولۇق ئارگىنالىنى ئەۋەتىشىمنى تەلەپ قىلغانىكەن. مەن ئەتىسىلا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىدىم. سۇرەييە كىتابىمنىڭ ئارگىنالىنى ئېھتىيات بىلەن يۆگەپ، سۆيۈپ قويدى. جەمىلە خانىم ئۇنى «قۇرئان»نىڭ ئاستىدىن بىر قېتىم ئۆتكۈزۈۋېتىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە ئەگەر ئۇلار رومانىمنى بېسىشقا قوشۇلسا، قوي سويۇپ، كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىپ، نەزىر قىلىشقا ۋەدە بەردى.

— ئانا، نەزىر قىلمايلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ مەڭزىگە

سۆيۈپ تۇرۇپ، — موھتاجلارغا پۇل بېرىپ زاكات قىلساقلا بولدى، قوي سويۇپ قان قىلىشىمىز ھاجەتسىز.

ئالتە ھەپتىدىن كېيىن، مارتىن گرىنۋولت ئىسىملىك بىر كىشى ماڭا نيۇيورك شەھىرىدىن تېلېفون بېرىپ، كىتاب ئۇچۇن ماڭا ۋەكىللىك قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ ئىشنى پەقەت سۇرەييەگىلا ئېيتتىم.

— مېنىڭ ھازىر ۋەكىلىم بولغانلىقى كىتابىمنىڭ چوقۇم نەشردىن چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر مارتىن رومانىمنى ساتالىسا، ئۇنىڭدىن كېيىن تەبرىكلىسەك بولىدۇ.

بىر ئايدىن كېيىن مارتىن تېلېفون قىلىپ، مېنىڭ پات ئارىدا رەسمىي ھالدا «كىتابى نەشردىن چىققان يازغۇچى» بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. مەن سۇرەييەگە بۇ خەۋەرنى ئېيتقاندا، ئۇ خۇشاللىقىدا چىرقىراپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، بىز بۇ ئىشنى تەبرىكلەش ئۈچۈن سۇرەييەنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆيىمىزگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدۇق. جەمىلە خانىم قىيما گۆشتە ياسالغان كۆفتە بىلەن قىرىققۇلاق سېلىنغان پولۇ ئەتكەنىدى. گېنېرال كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ كۈلۈمسىرەپ، ئۆزىنىڭ مەندىن بەكمۇ پەخىرلەنگەنلىكىنى ئېيتتى. گېنېرال بىلەن خانىم كەتكەندىن كېيىن، سۇرەييە ئىككىمىز بۇ ئىشنى قىممەت باھالىق مېرلوت ھارىقى بىلەن تەبرىكلىدۇق. مەن ئۇنى ئۆيگە قايتىشىمدا ماگىزىندىن سېتىۋالغانىدىم. گېنېرال ئاياللارنىڭ ھاراق ئىچىشىنى قوللىمىغاچقا، سۇرەييە دادىسىنىڭ ئالدىدا ئىچىشنى لايىق كۆرمىگەنىدى.

— مەن سىزدىن ناھايىتى پەخىرلەندىم، — دېدى ئۇ قولىدىكى رومكىنى رومكامغا سوقۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — دادىڭىز ھايات بولغان بولسا، سىزدىن تولىمۇ پەخىرلەنگەن بولاتتى.

— شۇنداق، — دېدىم مەن. دېمىسىمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا دادامنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

سۈرەييە هاراق ئىچسىلا ئۆيقۇسى كېلىپ كېتەتتى، بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى. مەن بالكونغا چىقىپ يازنىڭ مەيىن شامىلىغا يۈزۈمنى ياقتىم. رەھىمخاننىڭ تۇنجى قېتىم مېنىڭ ھېكايەمنى ئوقۇغاندا يازغان قىسقا خېتى ئېسىمگە كەلدى. ھەسەنمۇ ماڭا: «خۇدايىم بۇيرۇسا سىز چوقۇم داڭلىق يازغۇچى بولىسىز، دۇنيادىكى ھەممە ئادەم سىزنىڭ ھېكايىڭىزنى ئوقۇيدۇ» دېگەنىدى. ھاياتىمدا نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلار بولدى، نۇرغۇنلىغان خۇشاللىقلارغا ئېرىشتىم. لېكىن، مەن ئاشۇ ياخشى ئىش ۋە خۇشاللىقلارغا ئەرزىمىدىم، بۇنى ئۆزۈممۇ تېخىچە بىلمەيتتىم.

مەن يازغان رومان كېيىنكى يىلى، يەنى 1989 - يىلى يازدا نەشردىن چىقتى. نەشرىياتتىن ماڭا بەش شەھەرگە بېرىپ كىتاب تەشۋىقاتى قىلىش سەپىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئافغان كۆچمەنلىرى ئارىسىدا خېلى ئابروي تېپىپ قالدىم. شۇ يىلى رۇسلار ئافغانىستاندىن تولۇق چېكىنىپ چىققانىدى.

ئەسلىدە شۇ يىلى ئافغانىستان ئۈچۈن مۇقەددەس يىل بولۇشى كېرەك ئىدى. بەختكە قارشى، ئۇرۇش يەنە داۋاملاشتى، بۇ قېتىم ئافغان مۇجاھىدىنلىرى [1] بىلەن رۇسلار قوشۇن چېكىندۇرۇش ئالدىدا تىكلىگەن ناجىبۇللاھ[2] قورچاق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئافغانىستان خەلقى پاكىستانغا توختىماي پاناھلىق ئىزدەپ بېرىشقا باشلىدى. ئۇ يىلى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، بېرلىن تېمى چېقىپ تاشلاندى. ئەنە شۇ سەۋەب بىلەن دۇنيا ئافغانىستاننى ئۇنتۇپ قالدى. گېنېرال تاھىرنىڭ رۇسلار

---

[1] مۇجاھىدىن — 1979 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى مىللىي تەشكىلات، كېيىن ئافغانىستاندىكى ئاساسلىق سىياسىي كۈچ بولۇپ قالدى.

[2] ناجىبۇللاھ (1947 — 1996) — 1987 - يىلى ئافغانىستان خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغان، 1992 - يىلى زۇڭتۇڭلۇقتىن ئىستېپا بەرگەن.

چېكىنگەندىن كېيىن پەيدا بولغان ئۈمىد ئۈچقۇنلىرى ئۆچۈپ، كۆنلىرى يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك داۋاملاشتى.
شۇ يىلى سۇرەييە ئىككىمىز پەرزەنتلىك بولۇشنى قارار قىلدۇق.

دادا بولۇشۇمنى ئويلىغىنىمدا، بىر تۇرۇپ جىسمىمدا كۈچ ـ قۇۋۋەت پەيدا بولسا، يەنە بىر تۇرۇپ مېنى ئەنسىزلىك باساتتى. قانداقراق دادا بولارمەن دېگەن ئەندىشە خىيالىمدىن كەتمەيتتى. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدىن دادامدەك بولۇشنى ئويلىسام، يەنە بىر يەرلىرىدىن مەڭگۈ ئۇنىڭغا ئوخشىماسلىققا قەسەم قىلاتتىم. ھالبۇكى، بىر يىل ئۆتتى، سۇرەييەدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق، ئايلار ئۆتتۈەردى. سۇرەييەنىڭ تاقىتى توشۇپ بارغانسېرى سەۋرسىز، ئاسان چېچىلىدىغان بولۇپ قالدى. جەمىلە خانىم ئانچە ـ مۇنچە سوئال مەنىسىنى بىلدۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇدۇللا «قانداقراق؟»، «مەن قاچان نەۋرەمگە ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بېرىمەن؟» دەپ سورايدىغان بولدى.
گەرچە سوئالغا جاۋاب بېرىدىغان كىشى قىزىنى ئۆز ئەمرىگە ئالغىلى تۆت يىل بولغان بولسىمۇ، گېنېرال ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق پۇشتۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن قىزىدىن بۇنداق سوئاللارنى سوراشنى نومۇس دەپ بىلىپ، ئۇنداق سوئاللارنى سوراشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. لېكىن، جەمىلە خانىم بالىنىڭ پارىڭىنى چىقىرىپ چاقچاق قىلغاندا بولسا، گېنېرالنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتەتتى.
— بەزى چاغلاردا بالا بولۇشقا بىرئاز ۋاقىت كېتىدۇ، — دېدىم مەن بىر كۈنى كەچتە سۇرەييەگە.
— بىر يىل ھەرگىزمۇ «ئاز» ۋاقىت ئەمەس، ئامىر! — ئۇنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى، — چوقۇم بىر مەسىلە بار، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا دوختۇرغا تەكشۈرتەيلى.

دوختۇر روسېن يوغان قورساق، يۈزلىرى كىچىك ھەم يۇمىلاق، چىشلىرى رەتلىك كىشى ئىدى، شېۋىسىدىن شەرقىي ياۋروپالىقلىقى، بولۇپمۇ سلاۋىك مىللىتىگە يېقىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئىشخانىسىدىكى پويىزلارنىڭ مودېللىرى ۋە تۆمۈريولنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى كىتابلاردىن ئۇنىڭ پويىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى. ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا يېشىل تاغلارنى بويلاپ ياكى كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىدا كېتىۋاتقان پويىزلارنىڭ ماي بوياق رەسىملىرى ئېسىلغانىدى. ئۇستىلىدە بولسا چوڭ قىلىپ يېزىلغان «ھايات پويىزغا ئوخشايدۇ. قېنى مەرھەمەت، ھاياتلىق پويىزىغا چىقىپ سەپىرىڭىزنى باشلاڭ» دەپ يېزىلغان خەتلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پىلان بويىچە مەن دەسلەپتە تەكشۈرتىدىغان بولدۇم.

— ئەرلەرنىڭ ئىشى ئاسان، — دېدى ئۇ شەمشاد دەرىخىدىن ياسالغان ئۇستىلىنى بارمىقى بىلەن يېنىك چېكىپ تۇرۇپ، — ئەرلەرنىڭ تۇرۇبا يوللىرى خۇددى ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە ئوخشاش ئاددىي، خۇدا سىلەر خانىملارنى ياراتقۇچە ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان ئوخشايدۇ.

ماڭا بۇ دوختۇر ئالدىغا كەلگەن بارلىق ئەر - خوتۇنلارغا مۇشۇ تۇرۇبا يولى مىسالىنى تىلغا ئېلىپ لېكسىيە سۆزلەيدىغاندەك بىلىندى.

— ئۇنداقتا بىز خانىملارنىڭ تەلىيىمىز بار ئىكەن، — دېدى سۇرەييە.

روسېن دوختۇر كۈلۈپ كەتتى. سۇرەييە ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا جاۋاب بەرگەنىدى. دوختۇر ماڭا لابوراتورىيە قەغىزى بىلەن بىر پىلاستىك قۇتىنى بەردى. سۇرەييەگە ئادەتتىكى قان تەكشۈرتۈش

قەفەزلىرىنى سۈندى. بىز دوختۇر بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتۇق.

— توپقا قوشۇلغانلىقىڭلارنى قارشى ئالىمەن، — دېدى ئۇ بىزنى ئۇزاتقاچ.

مېنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىمدە مەسىلە كۆرۈلمىدى.

كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتىدە سۈرەييەنى تەكشۈرتتۇق: بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ھەربىر خىل ھورمۇن مىقدارىنى ئۆلچەش ئۈچۈن قان تەكشۈرۈش، سۈيدۈك تەكشۈرۈش. جىنسىي يولدىن سۈيۈقلۇق ئېلىپ تەكشۈرۈش، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى بىلەن تەكشۈرۈش، تەكرار قان تەكشۈرۈش، تەكرار سۈيدۈك تەكشۈرۈش... قاتارلىقلار. دوختۇر روسېن سۈرەييەنىڭ بالىياتقۇسىغا ئەسۋاب كىرگۈزۈپ كۆزىتىدىغان ئاخىرقى تەكشۈرۈشنىمۇ تاماملىدى. بۇنىڭدىمۇ ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىدى.

— تۇرۇبا يوللىرى راۋان ئىكەن، — دېدى ئۇ قولىدىكى رېزىنكە پەلەينى سالغاچ. تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇ بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن پەرزەنتلىك بولالمايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز كۆپ ئۇچرايدىغان «سەۋەبى ئېنىق بولمىغان تۇغماسلىق»قا مەنسۇپمىش.

ئەمدى بىز داۋالاش باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق. بىز دەسلەپتە كىلومىفىن دەپ ئاتىلىدىغان دورىنى ئىشلەتتۇق، سۈرەييەگە ئوكۇل ئۇرغۇزۇپ سىناپ باقتۇق. ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىغاندىن كېيىن، دوختۇر روسېن بىزگە بەدەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ بېقىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. لېكىن، بىز «سالامەتلىكنى ئاسراش تەشكىلاتى» شىركىتىنىڭ بىزگە ئۇتۇقلار تىلەيدىغانلىقى، ئەمما داۋالاش چىقىمىنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق.

شۇنىڭ بىلەن مەن يازغان رومانغا ئالدىن بېرىلگەن قەلەم ھەققىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدۇق. لېكىن، بەدەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ۋاقىت ئالىدىغان، زېرىكىشلىك، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنۇمى كۆرۈلمەيدىغان بىر ئۇسۇل بولۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، نەچچە ئاي ۋاقىت كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئوقۇغاچ كۈتۈش ئۆيىدە ساقلاش، غۇۋا نۇردا يورۇتۇلغان، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق تەكشۈرۈش ئۆيلىرىدە قەغەزدىن ياسالغان تەكشۈرۈش كىيىمىنى تەكرار ئالماشتۇرۇش، يات بىر ئادەم بىلەن كىشىنى بىئارام قىلىدىغان جىنسىي تۇرمۇشىمىز توغرۇلۇق پاراڭلىشىش، يەنە ئۇرۇقلاندۇرۇش، ئەۋرىشكە تاپشۇرۇش... دېگەندەك ئىشلارغا سەرپ بولدى. بىز ئاخىرىدا يەنە دوختۇر روسېنىنىڭ پويىز ئويۇنچۇقلىرىغا تولغان ئىشخانىسىغا قايتىپ كىردۇق. ئۇ بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇرۇپ، ئۇستەلنى ئاستا چېكىپ تۇرۇپ، پەقەت ئامال بولمىغاندا «بالا بېقىۋېلىش»نى ئېيتتى. سۇرەييە ئۆيگە بارغۇچە توختىماي يىغلىدى.

دوختۇر روسېنىنىڭ ئىشخانىسىغا ئاخىرقى قېتىم بارغاندىن كېيىنكى ھەپتە ئاخىرىدا ، يەنى 1991 ـ يىلى مارتنىڭ بىر كۈندىكى گۈگۈم چۈشكەن ۋاقىتتا سۇرەييە ئاتا ـ ئانىسىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. بىز شۇ چاغدا تاھىرنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى ئۇستەلنىڭ يېنىدا بېلىق كاۋىپى قىلغاچ قېتىق ئىچىپ ئولتۇراتتۇق. جەمىلە خانىم ھويلىدىكى ئەتىرگۈللىرىگە سۇ قۇيۇۋاتاتتى. گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى كاۋاپداندىكى بېلىق كاۋىپىنىڭ پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. سۇرەييە بۇ سۆزلەرنى دەۋاتقاندا، جەمىلە خانىم ئىككى قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇرەييەنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ:

—— پەرزەنتلىك بولالماسلىقىڭلارنىڭ سەۋەبىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، قىزىم. بەلكىم بالىلىق بولۇش سىلەرگە نېسىپ بولمىغاندۇ، —— دېدى.

سۇرەييە بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە قوللىرىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلاردىن شۇنچىلىك زېرىككەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم.

— دوختۇر بىزگە، بالا بېقىۋالساڭلارمۇ بولىدۇغۇ، دەيدۇ، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا.

گېنېرال تاھىر بېشىنى دەرھال كۆتۈردى ـ دە، كاۋاپدانىنىڭ ئاغزىنى ياپتى.

— ئۇ شۇنداق دېدىمۇ؟

— ئۇ پەقەت ئۇنى يەنە بىر خىل ئامال دەپ تەۋسىيە قىلدى، — دېدى سۇرەييە.

بىز ئۆيدە بالا بېقىۋېلىش توغرىسىدا سۆزلەشكەنىدۇق. بۇ ئىشتا سۇرەييەنىڭ ھەقىقەتەن بېشى قېتىپ قالغانىدى.

— ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ ئەخمىقانە خىياللارنى قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقىنىمىزدا، — لېكىن، مەن ئۇ خىياللاردىن ھېچ قۇتۇلالمايۋاتىمەن. مەن بۇرۇن ئۆز جىسمىمدا تۆرىلىپ، توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈشۈمدىن كېيىن تۇغۇلغان بالامنى باغرىمغا بېسىپ چۈشەيتتىم. بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدىن سىزنى ياكى ئۆزۈمنى كۆرۈشنى، چوڭ بولغاندا سىزنىڭ ياكى مېنىڭ كۆلكەمنى ئۇنىڭدا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەگەر بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىسا... ئويلىغانلىرىم خاتامۇ؟

— ياق، — دېدىم مەن.

— مەن شەخسىيەتچىلىك قىلىۋاتامدىمەن؟

— ياق، سۇرەييە.

— ئەگەر سىز ھەقىقەتەن بالا بېقىۋالماقچى بولسىڭىز...

— ياق، — دېدىم مەن، — ئەگەر بالا بېقىۋالماقچى بولساق، ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىدە ھەرگىزمۇ گۇمان قالماسلىقى، ھەر ئىككىمىز تەڭ قوشۇلۇشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بوۋاققا ئادىللىق بولمايدۇ.

سۇرەييە بېشىنى ماشىنىنىڭ دېرىزىسىگە قويۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە ئۈندىمەي ئولتۇرغانىدى.

گېنېرال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قىزىم، بالا بېقىۋېلىش ئىشىغا كەلسەك... ئۇنىڭ بىزدەك ئافغانلارغا مۇۋاپىق ئىش ئىكەنلىكىگە تازا ئەقلىم يەتمەيدۇ.

سۇرەييە هارغىن قىياپەتتە ماڭغا قاراپ ئۇھ تارتتى.

— ئۇنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، ئۇلار چوڭ بولغاندا ئۆزلىرىنى تۇغقان ئاتا - ئانىسىنى بىلگۈسى كېلىدۇ، — دېدى گېنېرال، — سىلەر ئۇلاردىن ھەرگىز ئاغرىنالمايسىلەر. بالىنى قانچە ئەجىر سىڭدۈرۈپ باقساڭلارمۇ، ئۇلار ھامان بىر كۈنى ئۆز ئاتا - ئانىسىنى تېپىپ، سىلەرنى تاشلاپ كېتىدۇ. قانداشلىق دېگەن ناھايىتى ئۇلۇغ نەرسە، سەن ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما.

— مېنىڭ ئەمدى بۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلاشقۇم يوق، — دېدى سۇرەييە.

— مەن يەنە بىر گەپنى دەپ قوياي، — دېدى گېنېرال. مەن ئۇنىڭ جانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بىزگە نۇتۇق سۆزلەشكە تەييار بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم، — مانا ئامىرجاننى مىسالغا ئالايلى. بىز ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلىمىز. ئۇنىڭ بوۋىسىنى، ھەتتا بوۋىسىنىڭ دادىسىنى مەن كابۇلدىكى چاغدىلا بىلەتتىم. ئەگەر تەلەپ قىلساڭ، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنى مۇشۇ يەردىلا بىرمۇبىر ساناپ بېرەلەيمەن. شۇڭا، ئۇنىڭ رەھمەتلىك دادىسى ئەلچىلىككە كەلگەندە، مەن ھەرگىز ئىككىلەنمىدىم. ماڭا ئىشەنسەڭ، ئامىرنىڭ دادىسىمۇ سېنىڭ كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىڭنى بىلمىگەن بولسا، ھەرگىزمۇ سېنى كېلىن بولۇشقا سوراپ كەلمىگەن بولاتتى. قانداشلىق ناھايىتى كۈچلۈك نەرسە، قىزىم. سەن بالا بېقىۋالساڭ، كىمنىڭ قېنىنى ئۆيۈڭگە ئەكىلىدىغانلىقىڭنى بىلمەيسەن - دە. ئەگەر سەن ئامېرىكىلىق بولغان بولساڭ ئۇ چاغدا بۇ ئىشقا باش قاتۇرمىساقمۇ بولاتتى. كىشىلەر بۇ يەردە مۇھەببەت ئۈچۈنلا توي قىلىدۇ. ئائىلىسىنىڭ

نامى، ئاتا ـ بوۋىلىرى ئېگىلىرى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار بالا بېقىۋالغاندىمۇ شۇنداق. بالا ساغلام بولسىلا، ھەممە ئادەم خۇشال بولىدۇ. لېكىن، بىز ئافغانلار ئۇلارغا ئوخشىمايمىز، قىزىم.

— بېلىق تەييار بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇرەييە. گېنېرال تاھىر ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ سۇرەييەنىڭ تىزىغا ئاستا ئۇرۇپ قويۇپ:

— سەن تېنىڭنىڭ سالامەت بولغانلىقىغا، ئۇبدان ئېرىڭنىڭ بولغىنىغا خۇشال بولساڭ بولىدۇ، — دېدى.

— سىز قانداق ئويلايسىز، ئامىرجان؟ — دېدى جەمىلە خانىم.

مەن قولۇمدىكى ئىستاكاننى يوپۇرماقلىرىدىن سۇ تېمىپ تۇرغان گۈل تەشتەكلىرى تىزىلغان تەكچىگە قويۇپ:

— مەن گېنېرال ساھىبنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، — دېدىم.

جاۋابىمدىن رازى بولغان گېنېرال بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كاۋاپدان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بىز ھەممىمىزنىڭ بالا بېقىۋالماسلىقىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئۆز ئالدىمىزغا سەۋەبىمىز بار ئىدى. مېنىڭ سەۋەبىم مۇنداق ئىدى: بەلكىم قەيەردىدۇر بىر كىشى ياكى بىر نەرسە مېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىم ئۈچۈن مېنى ئاتا بولۇشتىن چەكلەۋاتقاندۇ. بەلكىم بۇ مەن تارتىشقا تېگىشلىك جازادۇر. مەنمۇ ھەم مۇشۇنداق جازالىنىشقا ھەقلىقتۇرمەن. خۇددى جەمىلە خانىم ئېيتقاندەك، ئاتا بولۇش ماڭا نېسىپ بولمىغان ياكى نېسىپ بولۇشى چەكلەنگەندۇ.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، مېنىڭ ئىككىنچى رومانىمغا ئالدىن بېرىلگەن قەلەم ھەققىنى دەسلەپتە تۆلەيدىغان ھەق ئورنىدا بانكىغا تۆلەپ، قالغان قىسمىنى بانكىدىن قەرز ئېلىپ، سان

فرانسىسكونىڭ بېرنالد هايتس دېگەن يېرىدىن ئىككى ئېغىزلىق هۆجرىسى بار، ۋېكتورىيە پاسونىدا سېلىنغان چىرايلىق بىر ئۆي سېتىۋالدۇق. ئۆينىڭ تورۇسى ئېگىز، پولىغا تاختاي ياتقۇزۇلغان، چاققان كەلگەن بالكون شەكلىدىكى ئارقا هويلىسىدا تام ئوچىقى بار ئىدى. گېنېرال مېنىڭ تاملارنى ئاقارتىپ، بالكوننى قايتا ياسىشىمغا ياردەملەشتى. جەمىلە خانىم سۈرەييەنى ئۆزىنىڭ كۆيۈنۈشىگە، مۇھەببىتىگە موهتاج دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ بىزنىڭ ئۆزلىرىدىن بىر سائەت يىراقلىقتىكى جايغا كۆچۈپ كەتكىنىمىزگە هەيران قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ نىيىتى ياخشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ هەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈشلىرى سۈرەييەنى يىراققا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

بەزى چاغدا، سۈرەييە مېنىڭ يېنىمدا ئۇخلاۋاتقاندا، مەن كارىۋاتتا يېتىپ، دېرىزىنىڭ سىرتقى ياپقۇچىنىڭ شامالدا ئېچىلىپ - يېپىلغان ئاۋازىغا قوشۇلۇپ هويلىدا چىرىلدىغان چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايتتىم. سۈرەييەنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. ئاشۇ بوشلۇق خۇددى تىنىقى بار هاياتلىقتەك بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا، كۈلكىمىزگە، بىر ياستۇقتا باش قويۇپ مۇھەببەت ئىپادىلىشىمىزگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانىدى. ئاشۇ يېرىم كېچىدە، ئۆيىمىزدىكى قاراڭغۇلۇق خۇددى سۈرەييەنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈپ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك ئارىمىزغا قىستىلىپ ئۇيقۇغا كەتكەندەك هېس قىلاتتىم.

# ئون تۆتىنچى باب

*2001 - يىلى 6 - ئاي*

مەن قولۇمدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ، خېلى ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ قاپتىمەن. ئەگەر ئەپلاتون قاۋاپ مېنى چۆچۈتمىگەن بولسا، يەنە قانچە ئۇزاق قاراپ تۇراتتىمكىنتاڭ. مەن ھەتتا سۇرەييەنىڭ تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈۋەتكىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن.

— چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتۇغۇ، ئامىر؟ — دېدى ئۇ سافادا ئولتۇرۇپ. بۇ سافانى بىرنەچچە يىل بۇرۇن بىز ئۆي كۆچكەندە، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆيىمىزنى مۇبارەكلەپ ئېلىپ بەرگەنىدى. ئەپلاتون بېشى سۇرەييەنىڭ مەيدىسىدە، سۇرەييە سافادا قىڭغىيىپ يېتىپ، تېلېۋىزوردىن مىنىسوتا ئىشتاتىدىكى بۆرىلەر توغرىسىدىكى ھۆججەتلىك فىلىمنى كۆرگەچ، يازلىق تەتىلدە ئوقۇتۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. سۇرەييە يازلىق تەتىلدە ئىشلەۋاتقان مۇشۇ مەكتەپتە خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا ئالتە يىل بولغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا ئەپلاتونمۇ سافادىن پەسكە سەكرەپ چۈشتى. ئەپلاتون ئۇزۇن يۇڭلۇق، سالپاڭ قۇلاق ئەركەك ئىت ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى گېنېرال تاھىر قويغانىدى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، «ئەپلاتون» مەشھۇر گىرېك پەيلاسوپى پلاتوننىڭ ئىسمىنىڭ پارسچە ئاتىلىشى ئىكەن. گېنېرالنىڭ بۇنداق ئىسمنى تاللىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەگەر بىر ئادەم ئىتنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە دىققەت بىلەن ئۇزاق قارىسا، ئىتنىڭ ئاقىلانە پىكىر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيدىكەن.

ئەمدىلىكتە، سۇرەييەنىڭ ئېڭەكلىرىنىڭ ئاستىغا ئازراق گۆش قونغانىدى. ئون يىلدىن بېرى، ئۇنىڭ يانپاشلىرىنىڭ ئەگمىلىرى ئازراق يوقالغان، قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغانىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردىلاردىكى مەلىكىلەرنىڭكىدەك جامالى، قۇشنىڭ قانىتىدەك ئەگمە قاشلىرى، خۇددى قەدىمكى ئەرەبچە خەتلەرنىڭ ئەگمىلىرىدەك كەلگەن قاڭشىرى بىلەن يەنىلا گۈزەل ئىدى.

— چىرايىڭىز سارغىيىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم قولىدىكى بىر تۇتام قەغەزنى ئۈستەلگە قويۇپ تۇرۇپ.

— مەن پاكىستانغا بارمىسام بولمىغۇدەك.

ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى:

— پاكىستانغا؟

— رەھىمخان ئېغىر كېسەل ئىكەن، — شۇ سۆزلەرنى دېيىشىمگە، يۈرىكىمنى بىر قول سىققاندەك بىلىندى.

— دادىمىزنىڭ سودا شېرىكىمۇ؟ — سورىدى سۇرەييە. ئۇ گەرچە رەھىمخاننى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا رەھىمخان توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدىم. مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ھە، — دېدى ئۇ، — خۇدا ئۇ كىشىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرگەي.

— رەھىمخان ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىمىز بەك يېقىن ئىدى، — دېدىم مەن، — ئۇ مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدا چوڭلاردىن تۇتقان تۇنجى دوستۇم ئىدى.

شۇ پەيتتە دادام بىلەن رەھىمخان ئىككىسىنىڭ كۇتۇپخانىدا بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقان، دېرىزىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان، گۈللۈكتىن كەلگەن خۇش پۇراقنىڭ ئىككى توپ تاماكا ئىسى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىۋاتقان ھالەتلىرى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

— ھە، شۇنداق دەۋاتاتتىڭىز، — دېدى سۇرەييە جىمىپ

كەتكەندىن كېيىن، — قانچىلىك ۋاقىت تۇرماقچى بولۇۋاتىسىز؟
— بىلمىدىم. ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ.
— ئۇ يەر...
— ھەئە، ئۇ يەر بىخەتەر، ماڭا ھېچنېمە بولمايدۇ، سۇرەييە.
سۇرەييەنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم. ئون بەش يىل بىللە ياشاش جەريانىدا بىر - بىرىمىزنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېغىزىمىزدىن چىققۇچە بىلەلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدۇق.
— مەن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي، — دېدىم مەن.
— مەن سىز بىلەن بىللە چىقايمۇ؟
— ياق، مېنىڭ ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىپ كەلگۈم بار.

بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى. مەن گولدېن گات باغچىسىغا ماشىنا ھەيدەپ بېرىپ، باغچىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆلنى بويلاپ پىيادە ماڭدىم. مەن باغچىغا كەلگەندە، چۈشتىن كېيىن بولغانىدى. ئەتراپ شۇنچە گۈزەل. قۇياش نۇرى سۇ ئۈستىدە جىلۋە قىلاتتى. كىچىك قېيىقلار سان فرانسىسكو شامىلىنىڭ يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن باغچىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم، ئۇدۇلۇمدا بىر ئادەم زەيتۇن توپىنى ئوغلىغا قارىتىپ ئاتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا توپنى يان تەرەپتىن تۇتۇپ، بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئېتىشنى ئۆگەتتى. ئاسماندا، باغچىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى شامال چاقپەلەكنىڭ ئۈستى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان ئېگىزلىكتە ئۇچۇۋاتقان بىر جۈپ كۆك قۇيرۇقلۇق قىزىل لەگلەككە كۆزۈم چۈشتى.
رەھىمخاننىڭ تېلېفوننى قويۇش ئالدىدا قىلغان سۆزلىرى يەنە خىيالىمدىن كېچىشكە باشلىدى. مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم. رەھىمخان يىراقتىكى غۇۋا يورۇقلۇق ئاستىدا، بېشىنى بىر تەرەپكە سىڭار يان قىلىپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرىگە

ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى تېخى تىلغا ئېلىنمىغان مەخپىيەتلىك يوشۇرۇنغانىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلمەن. مېنىڭ شۇنچە يىللاردىن بۇيانقى گۇمانلىرىم توغرا ئىكەن. ئۇ ئاسسەف بىلەن بولغان ئىشنى، لەگلەك ۋەقەسىنى، پۇل ۋە ھېلىقى قول سائەتنىڭ ئىشىنى بىلىدىكەن. ئۇ ئىشلارنى ئۇ دەسلەپتىلا بىلىدىكەن.

«كەلگىن. گۇناھىڭنى يۇياي دېسەڭ، ساڭا يەنىلا پۇرسەت بار» دېگەنىدى رەھىمخان تېلېفوندا.

مەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، سورەييە ئانىسى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقانىكەن.

— ئۇزاق تۇرمايدۇ، ئاپا. بەلكىم بىر - ئىككى ھەپتىلەر كېتەر... توغرا، دادام بىلەن ئىككىڭلار ماڭا ھەمراھ بولىسىلەر...

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، گېنېرالنىڭ ئوڭ يانپاش سۆڭىكى سۇنۇپ كەتكەنىدى. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ باش ئاغرىقى قوزغىلىپ قالغانىكەن، ياتاق ئۆيىدىن چىققاندا كۆزلىرى تورلىشىپ، گىلەمنىڭ قىرىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ جەمىلە خانىم ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ.

— شۇ چاغدىكى ئاۋاز خۇددى سۇپۇرگىنىڭ ياغىچى ئوتتۇرىدىن سۇنغاندەكلا ئاڭلاندى، دەڭە، — دەيتتى ئۇ دائىم. گەرچە دوختۇر يانپاشنىڭ سۇنغان ئاۋازىنى ئاڭلاش مۇمكىن ئەمەس دېگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا شۇ سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

گېنېرالنىڭ يانپاش سۆڭىكىنىڭ سۇنۇپ كېتىشى، ئۆپكە ياللۇغى ۋە قاندىن زەھەرلىنىش قاتارلىق كېسەللىرى، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ساناتورىيەدە ئۇزاق مۇددەت يېتىشى جەمىلە خانىمنىڭ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى توغرۇلۇق توختىماي سۆزلەيدىغان

داستانلىرىنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. ئەمدى ئۇ گېنېرال توغرۇلۇق يېڭى ھېكايىلەرنى باشلىغانىدى. ئۇ ئازراقلا قۇلاق سالغان ھەرقانداق ئادەمگە دوختۇرنىڭ گېنېرالنىڭ بۆرىكىنىڭ كاردىن چىققانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى سۆزلىمەي قويمايتتى.

— لېكىن، ئۇلار ئافغانلارنىڭ بۆرىكىنىڭ قانچىلىك ساغلام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ـ دە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەيتتى ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا.

گېنېرال دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، جەمىلە خانىمنىڭ گېنېرالنىڭ قېشىدا ئۇ ئۇخلاپ قالغۇچە ناخشا ئېيتىپ بەرگەنلىكى ھېلىھەم ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن بۇ ناخشىنى كىچىكىمدە كابۇلدا دادامنىڭ گاژىلداپ چىقىدىغان رادىيوسىدىن ئاڭلىغانىدىم.

گېنېرالنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىششى ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاتا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىقمۇ سۇسلىششقا باشلىغانىدى. سورەييە بەزىدە گېنېرالنى يۆلەپ ئايلاندۇرۇپ كېلەتتى. شەنبە كۈنلىرى چۈشلۈك تاماققا بىللە باراتتى. بەزى ۋاقىتلاردا گېنېرال ھېلىقى كۈل رەڭ، پارقىراق كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىنى كىيىپ، سورەييەنىڭ سىنىپىغا كىرىپ، ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلايتتى. تېخى بەزىدە خاتىرىمۇ قالدۇراتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، سورەييە بىلەن كارىۋاتتا ياتاتتىم. ئۇنىڭ چاچلىرى يۈزۈمگە يېيىلغانىدى. بىز بۇرۇن بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ يېتىپ، بوۋاقنىڭ ئوماققىنا كىچىك پۇتلىرى، تۇنجى كۈلكىسى، تۇنجى سۆزى ۋە تۇنجى قەدەملىرى توغرۇلۇق شېرىن خىياللارنى قىلىپ پىچىرلىشاتتۇق. ھازىرمۇ شۇنداق پىچىرلىشىمىز، لېكىن پاراڭ تېمىمىز مەكتەپ، مېنىڭ يېزىۋاتقان كىتابىم توغرۇلۇق بولىدۇ. بەزىدە باشقىلارنىڭ ئولتۇرۇشلاردا كىيىۋالغان قاملاشمىغان كىيىملىرى توغرۇلۇقمۇ

پىچىرلىشىپ كۆلۈشىمىز.

رەھىمخان تېلېفون قىلغان كېچىسى، دېرىزە پەردىسىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئاينىڭ تامغا چۈشكەن نۇرىغا تىكىلىپ قاراپ ياتتىم. بەلكىم كۆنچىقىشنىڭ ئالدىدا بولسا كېرەك، كۆزلىرىم ئاندىن ئۇيقۇغا كەتكەندى. مەن چۈشۈمدە ھەسەننى كۆردۈم. ئۇ چاپىنىنىڭ پېشى ساڭگىلاپ قالغان ھالدا قار ئۈستىدە يۈگۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارا رېزىنكە ئۆتۈكىنىڭ ئاستىدىن قارنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ ۋارقىرايتتى: سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا!

بىر ھەپتىدىن كېيىن، مەن پاكىستان خەلقئارا ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ بىر ئايروپىلانىنىڭ دېرىزە يېنىدىكى ئورۇندۇقىغا جايلاشتىم. خىزمەت كىيىمى كىيگەن ئىككى خىزمەتچىنىڭ ئايروپىلان شوتىسىنى ئېلىۋەتكىنىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ ئولتۇردۇم. ئايروپىلان قوزغىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇچۇشقا باشلىدى. مەن ئۇخلىماقچى بولۇپ، بېشىمنى دېرىزىگە قويدۇم.

# ئون بەشنچى باب

ئايروپىلاننىڭ پەشاۋەرگە قونغىنىغا ئۈچ سائەتلەر بولغانىدى. مەن ئورۇندۇقلىرى يىرتىلىپ كەتكەن تاكسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇراتتىم. تاكسى شوپۇرى توختىماي تاماكا چېكەتتى، بەدىنىدىن تەر پۇراپ تۇراتتى، ئۇ ئۆزىنى «غۇلام» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ ماشىنىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن شۇنداق تېز ھەيدىدىكى، بىرنەچچە قېتىم باشقا ماشىنىلارغا سوقۇلۇپ كېتىشكە قىل قالدى. شۇنداقتىمۇ ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيتتى.

— ... سىزنىڭ ۋەتىنىڭىزنىڭ بېشىغا شۇنچە دەھشەتلىك كۈنلەر كەلدى. مەن سىزگە ئېيتسام، ئافغانلار بىلەن پاكىستان خەلقى خۇددى قېرىنداشلاردەك. ھەممىمىز ئوخشاش مۇسۇلمان ئەمەسمۇ، شۇڭا...

ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. مەن پەقەت ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە بېشىمنى لىڭشىتىپ جاۋاب قايتۇراتتىم. 1981 ـ يىلى دادام ئىككىمىز پەشاۋەردە بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ قالغان بولغاچقا، ماڭا بۇ يەر خېلى تونۇش ئىدى. شۇڭا، مەن بىزنىڭ ھازىر جامرۇد كوچىسى بىلەن غەربكە قاراپ مېڭىپ، ھەيۋەتلىك ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان بىنالارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى دەرھال پەرق ئېتىۋالدىم. قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن بۇ شەھەر ماڭا مەن بىلىدىغان كابۇلنىڭ تېخىمۇ باس ـ باس كۆرۈنۈشىنى ئەسلەتتى. بولۇپمۇ، كابۇلنىڭ توخۇ بازىرى مۇشۇنداق باس ـ باس ئىدى. ھەسەن ئىككىمىز ھەر قېتىم شۇ بازارغا بارغىنىمىزدا، گىلاس

شىرنىسى ۋە چۈتنىپى[1] غا مىلەنگەن بەرەڭگە سېتىۋېلىپ يەيتتۇق. ۋېلىسىپىت مىنگەنلەر، پىيادە ماڭغانلار، كۆك ئىس چىقىرىپ كېتىۋاتقان موتورلۇق مەپىلەر ئىرماش-چىرماش تار كوچىلاردا مىغىلداپ يۈرەتتى. ساقاللىق يايمىچىلار ئالدىغا نېپىز داستىخاننى سېلىپ، ھايۋان تېرىسى، ئۈستەل چىراغلىرىنىڭ قالپىقى، گىلەم، كەشتە تىكىلگەن ياغلىق قاتارلىقلارنى سېتىۋاتاتتى. بەزىلىرى بولسا بىر-بىرىگە يېقىن قىلىپ سېلىنغان كىچىك بوتكىلارنىڭ ئالدىغا مىستىن ياسالغان خىلمۇخىل ئۆي سايمانلىرىنى قاتار تىزىۋېلىشقانىدى.

شەھەر ئىچىدە ئېلىپساتارلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، دۇكانلاردىن چىقىۋاتقان ھىندىچە مۇزىكىلار، موتوسىكلىت ئاۋازلىرى، ئات سۆرىگەن مەپىلەرنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پاكورانىڭ ئاچچىق پۇرىقى، دادام ياخشى كۆرىدىغان نىھارىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى، موتورلاردىن چىققان گاز پۇراقلىرى ۋە ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراقلار ئارىلىشىپ، تاكسىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇدۇل دىمىقىمغا ئۇرۇلاتتى.

پەشاۋەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىزىل خىشلىق بىنالىرىدىن ئۆتۈپلا، توختىماي سۆزلەيدىغان شوپۇر ئېيتقان «ئافغانلار مەھەللىسى»گە يېتىپ كەلدۇق. مەھەللىدىكى چەرچىنماللار دۇكانلىرى، گىلەمچىلەر، كاۋاپدانلار، كىرلىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن سىگار سېتىۋاتقان كىچىك بالىلار، دېرىزىلىرىگە ئافغانىستاننىڭ خەرىتىسى چۈشۈرۈپ سىرلانغان ئاشخانىلار... كۆزۈمگە چېلىقتى، ئۇ يەردە يەنە بەزى پاراۋانلىق ئورۇنلىرىمۇ بار ئىدى.

— سىزنىڭ ۋەتەنداشلىرىڭىزنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ رايوندا تۇرىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە يېڭى تىجارەتلەرنى باشلاۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ناھايىتى كەمبەغەل، — دەپ تىلىنى

---

[1] چۈتنىپى — ئاچچىقسۇ، شېكەر ۋە ئاچچىق-چۈچۈك مېۋىلەردىن ياسالغان تېتىتقۇ.

چىقىرىپ ئۇھ تارتتى شوپۇر، — ئىشقىلىپ، بىز بارىدىغان يەرگە ئاز قالدۇق.

مەن رەھىمخاننى 1981 - يىلى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەنىدىم. بىز كابۇلدىن قېچىپ كەتكەن ئاخشىمى، ئۇ بىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەنىدى. دادام ئىككىسى بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلىشقانىدى. بىز ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ دادام رەھىمخان بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى. ئۇلار بىر يىلدا ئاز دېگەندە تۆت - بەش قېتىم تېلېفوندا سۆزلىشەتتى. بەزى چاغلاردا دادام سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن تېلېفوننى ماڭا تۇتقۇزاتتى. مەن رەھىمخان بىلەن ئاخىرقى قېتىم دادام ۋاپات بولۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي سۆزلەشكەنىدىم، دادامنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەر كابۇلغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا تېلېفون قىلغانىكەن. بىز پەقەت بىرنەچچە مىنۇت سۆزلىشىپلا تېلېفون ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى.

شوپۇر ماشىنىسىنى ئەگرى - بۈگرى كەتكەن ئىككى كوچىنىڭ كېسىشكەن دوقمۇشىدىكى بىر تار بىنانىڭ ئالدىغا توختاتتى. مەن شوپۇرغا يول كىراسىنى بېرىپ، چامادىنىمنى ماشىنىدىن ئېلىپ، ئىنچىكە نەقىش ئويۇلغان ئىشىكتىن بىناغا كىردىم. بۇ بىنادىكى ئۆيلەرنىڭ ياغاچتىن ياسالغان بالكونلىرى بار ئىدى، بەزى ئوچۇق بالكونلاردىن يېيىپ قويۇلغان كىرلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن غىچىلداپ تۇرغان پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، قاراڭغۇ كارىدورنىڭ ئوڭ تەرەپ ئەڭ ئىچىدىكى ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدىم. قولۇمدىكى پارچە قەغەزگە يېزىلغان ئادرېسقا قايتىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىكنى چەكتىم. بىردەمدىن كېيىن بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىر ئادەم ئىشىكنى ئېچىپ ئۆزىنى رەھىمخان دەپ تونۇشتۇردى.

سان خوسې ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، يېزىقچىلىق دەرسى ئۆتىدىغان مۇئەللىم: «ئورۇنسىز مۇبالىغىلىك

ئوخشىتىشتىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قېچىش كېرەك»
دېگەنىدى كۆلۈپ تۇرۇپ. ئارقىدىنلا پۈتۈن سىنىپتىكىلەر
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈپ كەتكەنىدى. لېكىن، مېنىڭ
قارىشىمچە ئۇلار مۇبالىغىلىك ئوخشىتىشقا خاتا ھالدا ئۇۋال
قىلغانىدى. چۈنكى، ئۇ خىل ئوخشىتىشلاردا يەنىلا ھەقىقەت
يوشۇرۇنغان ئەمەسمۇ؟ رەھىمخان ئىككىمىز بىر - بىرىمىز
توغرۇلۇق ئىشلارنى شۇنچە ئېنىق بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن جەم
بولغاندىكى بۇ پەيتنى ئاشۇ مۇبالىغىلىك ئوخشىتىشتىن باشقا
سۆز بىلەن توغرا ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىز تۆۋەندىكى قايناق كوچىغا قاراپ تۇرغان دېرىزىنىڭ
يېنىدىكى تامنى بويلاپ سېلىنغان نېپىز كۆرپە ئۈستىدە
ئولتۇردۇق. ئەينەكتىن يانتۇ كىرگەن قۇياش نۇرى پولغا
سېلىنغان ئافغان گىلىمىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى.
ئىككى دانە قاتلاقلىق ئورۇندۇق تامغا يۆلەكلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ
يېنىدا بىر كىچىك مىس ساماۋار تۇراتتى. مەن ئورنۇمدىن
تۇرۇپ، ئاشۇ ساماۋاردىن چاي قۇيدۇم.

— سىز مېنى قانداق تاپتىڭىز؟

— ئامېرىكىدىن ئادەم تاپماق ئانچە قىيىن ئەمەس ئىكەن.
مەن ئامېرىكىنىڭ خەرىتىسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇچۇر ئىگىلەش
ئۈچۈن شىمالىي كالىفورنىيەدىكى شەھەرلەرگە تېلېفون ئۇردۇم.
پاھ، پاھ، سېنىڭ بۇنداق چوڭ يىگىت بولۇپ كەتكىنىڭنى
كۆرۈپ، تېرەمگە پاتماي قېلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ.

مەن كۈلۈمسىرىدىم. ئۇنىڭ قارا چاينى ئاچچىق ئىچىشنى
ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئېسىمدە بولغاچقا، ئۈچ دانە قەنت ئېلىپ
ئۆزۈمنىڭ پىيالەمگىلا سالدىم.

— دادامنىڭ سىزگە خەۋەر قىلىشىغا پۇرسەت بولمىدى.
مېنىڭ ئۆي - ئوچاقلىق بولغىنىمغىمۇ ئون بەش يىل بولدى.
ئەمەلىيەتتە، شۇ ۋاقىتلاردا دادام مېڭىسىدىكى ئۆسمىنىڭ
تەسىرىدە ئۇنتۇغاق بولۇپ قالغانىدى.

— سەن توي قىلدىڭمۇ؟ كىمنى ئالدىڭ؟
— ئايالىمنىڭ ئىسمى سۇرەييە تاھىر.
سۇرەييەنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىمدىن چىقىرىش بىلەنلا ئۇنىڭ ئۆيدە مەندىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى. تەلىيىمگە، ئۇ ئۆيدە يالغۇز ئەمەس ئىدى.
— سۇرەييە؟ ئۇ كىمنىڭ قىزى؟
مەن ئۇنىڭغا تەپسىلىي ئېيتىپ بەردىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.
— ھە، توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. گېنېرال تاھىر، شارىفجاننىڭ ھەدىسىنى نىكاھىغا ئالغانغۇ دەيمەن. ئىسمى نېمە ئىدى...
— جەمىلە.
— توغرا، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — مەن شارىفجاننى ئامېرىكىغا كېتىشتىن بۇرۇن، كابۇلدىكى چېغىدىلا بىلەتتىم.
— ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى، ئامېرىكىدا كۆچمەنلەر ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئافغان كۆچمەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلىدۇ.
— ھە، مۇنداق دېگىن، — دېدى ئۇ، — بالاڭ بارمۇ؟
— ياق.
— شۇنداقمۇ؟ — ئۇ چېيىنى ئىچىشكە تەمشەلدى. بالا توغرۇلۇق پاراڭمۇ شۇ يەردە بېسىقتى. رەھىمخان مەن بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سەزگۈر كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى.
مەن ئۇنىڭغا دادام، ئۇنىڭ خىزمىتى، پىت بازىرى ۋە دادامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بۇ دۇنيادىن رازىمەنلىك بىلەن كۆز يۇمغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ مەكتىپىم ۋە نەشردىن چىققان تۆت پارچە رومانىم توغرۇلۇق بايانلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەكمۇ مەمنۇن بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ ماڭا ئەزەلدىن ئىشەنچ باغلىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ئۆزى سوۋغا قىلغان خۇرۇم تاشلىق خاتىرىگە داۋاملىق قىسقا

ھېكايىلەرنى يازغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ خاتىرىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

سۆھبەتنىڭ ئاخىرى تەبىئىي ھالدا تالىبانلارغا يۆتكەلدى.

— ئەھۋال مەن ئاڭلىغاندەك ناچارمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ناچارلا ئەمەس، بەكلا ناچار، — دېدى ئۇ، — ئۇلار سېنى ئادەمدەك ياشىغىلى قويمايدۇ.

ئۇ ئوڭ كۆزىنىڭ ئۈستىدىن باشلىنىپ، قويۇق قاشلىرىنى كېسىپ ئۆتكەن تاتۇقنى كۆرسەتتى.

— 1998 ـ يىلى غازى مەيدانىدا پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرۈۋاتاتتىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، كابۇل بىلەن مازارى شارىف مۇسابىقىگە چۈشكەنىدى. تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ كالتە ئىشتان كىيىشى مەنئىي قىلىنغانىدى. بەلكىم نامەھرەم بولىدۇ دەپ شۇنداق قىلىشقاندۇ، — ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى، — ئىشقىلىپ، كابۇل توپ كىرگۈزگەندە، يېنىمدىكى بىر ئادەم ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدى. تۇيۇقسىز، بىز تەرەپتىكى ئورۇنلارنى تەكشۈرۈۋاتقان ساقاللىق بىرى ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، قولىدىكى رۇس مىلتىقىنىڭ سېپى بىلەن پېشانەمگە ئۇردى. قاراشتىلا ئون سەككىز ياشتىن چوڭ ئەمەسلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «ئەگەر يەنە شۇنداق ۋارقىرىساڭ تىلىڭنى كېسىۋېتىمەن، ھۇ قېرى ئېشەك» دەپ تىللىدى، — رەھىمخان بارمىقى بىلەن ئۇ تاتۇقنى ئاستا سىلىدى، — مەن ئۇنىڭ بوۋىسىدەك ئادەم تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزۈمنىڭ قان بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، ئۇ ئىتنىڭ بالىسىدىن كەچۈرۈم سورىدىم.

مەن ئۇنىڭغا يەنە چاي قۇيدۇم. رەھىمخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ بەزىلىرى مەن بىلىدىغان پاراڭلار، بەزىلىرىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ دادام بىلەن كېلىشكىنى بويىچە، 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ كىرگىنىنى بىلەتتىم. دادام ئۆيىمىزنى بىز كابۇلدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا «سېتىپ» بەرگەنىدى. شۇ

ۋاقىتلاردا دادام ئافغانىستاننىڭ قالايمىقانچىلىقلىرىنى بىزنىڭ تورمۇشىمىزغا بولغان ۋاقىتلىق بۇزغۇنچىلىق دەپ ئويلىغان. ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدىكى ئولتۇرۇشلار، پاگماندىكى باغ سەيلىسىنىڭ ئۇزاققا قالماي يەنە ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. شۇڭا، ئۇ رەھىمخانغا ئۆيىمىزگە قاراپ قويۇشنى ھاۋالە قىلغانىدى.

رەھىمخان شىمالىي ئىتتىپاقنىڭ 1992 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە كابۇلنى قانداق قىلىپ كونتروللۇققا ئالغانلىقىنى، ئوخشىمىغان گورۇپپىلارنىڭ كابۇلنى قانداق بۆلۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەگەر سەن كابۇلنىڭ شارىنو رايونىدىن كارتەھ - پارۋان رايونىغا كىلەم ئالغىلى بېرىپ قالساڭ، گەرچە سەن ھەممە تەكشۈرۈش ئېغىزلىرىدىن سالامەت ئۆتەلىگەن تەقدىردىمۇ، سېنىڭ يوشۇرۇن ئېتىلغان ئوق بىلەن ئۆلۈشۈڭ ياكى بومبا بىلەن پارتلىتىلىپ كۆلگە ئايلاندۇرۇلۇشۇڭ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكىلا ئىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە، سەن بىر مەھەللىدىن يەنە بىر مەھەللىگە بېرىشىڭ ئۈچۈن ۋىزا ئېلىشىڭ كېرەك. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھېچ يەرگە مىدىرلىماي ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئۈستىگە بومبا چۈشمەسلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلىشاتتى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كىشىلەر خەتەرلىك كوچىلاردىن ماڭماسلىق ئۈچۈن، تاملاردىن تۆشۈك ئېچىپ، شۇ تۆشۈكلەر ئارقىلىق بىر دوقمۇشتىن يەنە بىر دوقمۇشقا بارىدىغان بوپتۇ. يەنە بەزىلەر بولسا يەر ئاستى يولى كولاپ ھەرىكەت قىلىدىغان بوپتۇ.

— سىز نېمىشقا كەتمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— كابۇل مېنىڭ ئۆيۈم. ھازىرمۇ شۇنداق، — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ، — سىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئىستىقلال مەكتىپىنىڭ يېنىدىكى ھەربىيلەرنىڭ بازىسىغا

تۇتىشىدىغان ھېلىقى كوچا ئېسىڭدىمۇ؟

— ھەئە، ئېسىمدە.

ئۇ كوچا مەن مەكتەپكە بارىدىغان قىسقا يول ئىدى. ھەسەن بىلەن شۇ يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا ئەسكەرلەرنىڭ ھەسەننى ئۇنىڭ ئانىسىنى تىلغا ئېلىپ مازاق قىلغانلىقى، ئۇ تىياتىرخانىدا يىغلىغاندا قولۇمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە.

— تالىبانلار شىمالىي ئىتتىپاقنى كابۇلدىن ھەيدەپ چىقارغاندا، مەن كوچىغا چىقىپ ئۇسسۇل ئوينىدىم، — دېدى رەھىمخان، — ئىشەنسەڭ، ئۇسسۇل ئوينىغان مەنلا ئەمەس. كىشىلەر چاماندا ۋە دەھ - مازاڭدا تەنتەنە قىلىپ، كوچىلاردا تالىبانلارنى قارشى ئېلىشقان، ئۇلارنىڭ تانكىلىرىغا يامىشىپ چىقىپ، ئۇلار بىلەن سۈرەتكە چۈشكەنىدى. كىشىلەر ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشتىن، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان راكېتالاردىن، ئوق ئاۋازىدىن، پارتلاش ئاۋازىدىن، گۇلبۇددىن ھېكمەتيار [1] ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مىدىرلىغانلىكى نەرسىگە ئوق چىقىرىشىدىن بەكمۇ سەسكىنىپ كېتىشكەنىدى. شىمالىي ئىتتىپاق كابۇلنى رۇسلاردىنمۇ ئارتۇق ۋەيران قىلدى. ئۇلار داداڭنىڭ دارىلئېيتامىنىمۇ ۋەيران قىلدى، ئۇنىڭدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدىم مەن، — ئۇلار نېمە ئۈچۈن دارىلئېيتامنى بۇزۇۋېتىدۇ؟

دارىلئېيتامنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، دادامنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدىم. شۇ كۈنى شامال دادامنىڭ تۇمىقىنى ئۇچۇرۇۋەتكەندە مېھمانلار كۈلۈشۈپ كەتكەنىدى. دادامنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندا، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزۇن چاۋاك چېلىشقانىدى. ئەمدىلىكتە ھەممە نەرسە، دادامنىڭ سەرپ قىلغان

---

[1] گۇلبۇددىن ھېكمەتيار (1948 —) — 1993 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە ئافغانىستان زۇڭلىسى بولغان.

پۈللىرى، كېچىلەپ ئۇلتۇرۇپ لايىھەلىگەنلىرى، ھەربىر پارچە خىش، ھەربىر تال ياغاچنىڭ جايىدا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش مەيدانىدا ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر دۆۋە توپىغا ئايلىنىپ قالغانىدى...

— بومبا خاتا چۈشۈپ قاپتۇ دەيدۇ تېخى، — دېدى رەھىمخان، — سەن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن دارىلئېتامنىڭ قالدۇقىنى قانداق ئاختۇرغىنىمىزنى بىلمەيسەن. ئۆرۈلگەن تاملارنىڭ ئارىسىدىن باللارنىڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن جەسەتلىرى چىقتى...

— تالىبان كەلگەندىن كېيىنچۇ؟

— ئۇلار قەھرىمانلارغا ئايلاندى، — دېدى رەھىمخان.

— ئاخىر تىنچلىق يېتىپ كەپتۇ.

— شۇنداق، ئۇمىد دېگەن غەلىتە نەرسە ئىكەن، تىنچلىققىغۇ ئاخىر ئېرىشتۇق. لېكىن تۆلىگەن بەدەلچۇ؟

ئېغىر بىر يۆتەل بىلەن رەھىمخاننىڭ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بەدىنى قاتتىق سىلكىندى. قول ياغلىقىدا قىزىل قان ئارىلاش بەلغەم بار ئىدى.

— ئۆزىڭىز قانداقراق تۇردىڭىز؟ — دەپ سورىدىم، — زادى قانداقراق تۇردىڭىز؟

— ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ساناقلىق كۈنۈم قالدى، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا. ئۇنى يەنە يۆتەل تۇتۇپ كەتتى. قول ياغلىققا يەنە قان تۈكۈردى. ئۇ ئېغىزىنى قول ياغلىق بىلەن، پېشانىسىدىكى تەرلەرنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ مېنىڭ نېمىلەرنى سورايدىغانلىقىمنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى.

— ئۇزاق قالمىدى.

ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

— يەنە قانچىلىك ئۇزاق؟

ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى ۋە يەنە يۆتىلىپ كەتتى.

— مېنىڭچە، يازنىڭ ئاخىرىنى كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن، — دېدى ئۇ.

— مەن سىزنى ئامېرىكىغا ئەكىتەي. مەن ياخشى دوختۇر تاپالايمەن. ئۇلار داۋالىق يېڭى ئۇسۇللاردا داۋالاش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە يېڭى دورىلار، سىناق خاراكتېرلىك داۋالاشلار بار. سىزنى شۇلارنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشتۇرالايمەن...

سۆزلىرىمنىڭ قولاشمايۋاتقانلىقى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن مۇنداق دېيىش يىغلىغاندىن ياخشىراق. لېكىن، يىغلاشقا تەييار بولغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى.

ئۇ قېقىلىپ كۈلۈپ كەتتى. ئاستىدىكى ئۇدۇل چىشلىرى يوق ئىدى. مەن ئۇنداق ھارغىن ۋە ئاجىز كۈلكىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

— ئامېرىكا ئۆزىنى ئۇلۇغ قىلغان ئۈمىدۋارلىق روھىنى ساقلاپ قالالمىسا ئۈمىد دېگەن ياخشى نەرسە. ئەمما، بىز ئافغانلار روھىمىز سولغۇن ئىنسانلار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ داۋاملىق ئاھ ئۇرىمىز، ئۆزىمىزگە ئىچ ئاغرىتىمىز. خاپىلىقلارغا، كەمبەغەلچىلىككە، بوزەك قىلىنىشلارغا «تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى» دەپ تەن بېرىمىز. بىزدە «ھايات يەنە داۋاملىشىۋېرىدۇ» دېگەن گەپ بار. لېكىن، مەن تەقدىرگە تەن بېرىۋاتقىنىم يوق، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىۋاتىمەن. مەنمۇ بۇ يەردىكى نامى بار بىرنەچچە دوختۇرلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش جاۋاب بەردى. مەن ھەم ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەندىم. ئۇلارغا ئىشەندىم. بىزدە يەنە «خۇدانىڭ ئىرادىسى» دېگەن سۆزمۇ بار.

— لېكىن، «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپمۇ بار، — دېدىم مەن.

رەھىمخان يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— سەن داداڭغا ئوخشاشلا گەپ قىلىدىڭ. مەن ئۇ رەھمەتلىكنى شۇنچە سېغىندىم. نېمىلا دېگەنبىلەن، بۇ خۇدانىڭ

ئىرادىسى، ئامىرجان. ھەقىقەتەن شۇنداق، — ئۇ بىردەم گەپ قىلماي جىم تۇرغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمەلىيەتتە مېنىڭ سېنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىشىمنىڭ باشقا سەۋەبلىرىمۇ بار. كۆزۈم يۇمۇلغۇچە سېنى بىر كۆرۈۋېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن، باشقا سەۋەبمۇ بار.

— نېمە ئىش بولسا ئېيتىڭ.

— سىلەر كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەردە تۇرغىنىمنى بىلىسەنغۇ؟

— شۇنداق، بىلىمەن.

— مەن ئۇ يەردە ئاشۇ يىللارنىڭ ھەممىسىنى يالغۇز ئۆتكۈزمىدىم. ھەسەن مەن بىلەن بىللە تۇردى.

— ھەسەن، — دېدىم مەن.

ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان ۋاقتىم قاچان بولغىيدى؟ گۇناھلىرىمنىڭ تىكەنلىرى بەدىنىمگە يەنە سانجىلىشقا باشلىدى. خۇددى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئېغىزىمدىن چىقىشى بىلەن كونىقاپىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، ئاشۇ تىكەنلەر ئەركىن قويۇۋېتىلگەندەك مېنى قىيناشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز، رەھىمخاننىڭ بۇ كىچىككىنە تۇرالغۇسى تونۇردەك دىمىق ۋە كوچىدىكى كۇچلۇك پۇراقلار بىلەن لىق توشۇپ نەپىسىمنى قىسىپ، مېنى بىئارام قىلىشقا باشلىدى.

— مەن ساڭا بۇرۇنلا خەت يېزىپ ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن، سېنىڭ بىلگۈڭ بارلىقىغا تازا جەزم قىلالمىدىم. سېنىڭ ئۇ ئىشلارنى بىلگۈڭ بارمىدى؟

مېنىڭ بىلگۈم يوق ئىدى، لېكىن مەن يالغان ئېيتىشنىمۇ لايىق كۆرمەي، «ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن» دەپ ئېنىقسىز جاۋاب بەردىم... ئۇ يەنە بىر قېتىم يۆتىلىپ قول ياغلىقىغا قان تۈكۈردى. تۈكۈرۈش ئۇچۇن بېشىنى پەس قىلغىنىدا، بېشىنىڭ ئارقىسىدىكى قاپىرىپ كەتكەن ئىششىقلار كۆزۈمگە چېلىقتى.

— مەن سېنى بۇ يەرگە بىر ئىشقا چاقىرتقانىدىم. ئۇنىڭ

نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتىن بۇرۇن، مەن ساڭا ھەسەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي، بولامدۇ؟
— بولىدۇ، — دېدىم تۆۋەن ئاۋازدا.
— مەن ساڭا ئۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي، ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي، سەن ئاڭلايسەن، شۇنداققۇ؟
مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.
رەھىمخان يەنە بىر يۇتۇم چاي ئىچتى.

# ئون ئالتىنچى باب

رەھىمخان ھېكايىسىنى باشلىدى:

مېنىڭ ھەزاراجاتقا ھەسسەننى ئىزدەپ بېرىشىمدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بار ئىدى. ئەڭ مۇھىم سەۋەب، ئاللا گۇناھىمنى كەچۈرگەي، مەن يالغۇز قالدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا، مېنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلگەن ياكى پاكىستان، ئىرانغا قېچىپ كەتكەنىدى. كابۇلدا مەن تونۇيدىغانلاردىن ھېچكىم قالمىغانىدى. ھەممەيلەن كابۇلنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى. كارتەھ - پارۋان رايونىدىكى قوغۇن ساتىدىغان باققاللار تۇرىدىغان جاي ئېسىڭدىمۇ؟ ئەگەر مەن ئۇ يەردە پىيادە ماڭسام، مەن بىلەن سالاملىشىدىغان، بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىدىغان بۇرۇنقى تونۇشلاردىن بىرىمۇ ئۇچرىمايتتى. كوچىلارنى چارلاپ يۈرگەن رۇس ئەسكەرلىرى ئىگىلىگەنىدى. ئاخىر، مەن كوچىغا چىقمايدىغانلا بولدۇم. كۈنلىرىمنى داداڭنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئولتۇرۇپ، ئاپاڭنىڭ كونا كىتابلىرىنى ئوقۇش، رادىيودىن خەۋەر ئاڭلاش ياكى تېلېۋىزوردا رۇسلارنىڭ قۇرۇق تەشۋىقاتلىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتىم. كۈندىلىك ئىش تەرتىپىم بىر خىللا ئىدى: ناماز ئوقۇش، كىتاب ئوقۇش، تاماق ئېتىش، يەنە كىتاب ئوقۇش، يەنە ناماز ئوقۇش، ئۇخلاش ...

رېماتىزم كېسىلىم سەۋەبىدىن ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ھالغا قالدىم. ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا، تىزىم بىلەن بېلىمنىڭ ئاغرىقى ئاز دېگەندە بىر سائەتتە قويۇپ

بېرەتتى. قىش كۈنلىرى كۈنۈم تېخىمۇ تەسكە توختايتتى. مېنىڭ داداڭنىڭ ئۆيىنى تاشلىۋېتىشكە ئەسلا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. چۈنكى، ئۇ يەردە مېنىڭ ئەڭ خۇشال ئۆتكەن كۈنلىرىمنىڭ ئەسلىمىسى بار ئىدى، ئامىرجان. ئۇنداق قىلسام ھەرگىز توغرا بولمايتتى. داداڭ ئۇ ئۆيىنى ئۆز قولى بىلەن لايىھەلىگەن، بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەر پاكىستانغا مېڭىش ئالدىدا، مەن داداڭغا ئۆيىنى ياخشى ئاسرايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا ئۆيدە مەنلا بار... مەن قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. دەرەخلەرنى بىرنەچچە كۈندە بىر قېتىم سۇغاردىم، چىملارنى قىرقىدىم، گۈللەرنى ئوبدان پەرۋىش قىلدىم، بۇزۇلغان يەرلەرنى ياسىدىم. لېكىن، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا مەن خېلىلا قېرىپ قالغانىدىم.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆيىنىڭ ھۆددىسىدىن بىر مەزگىل چىقالىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن، داداڭنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن... تۇنجى قېتىم ئاشۇ ئۆيدە شۇنداق يالغۇزلۇق، چىدىغۇسىز غېرىبلىق ھېس قىلدىم.

شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى، ماشىنىمغا ماي قاچىلاپ ھەزاراجاتقا قاراپ ماڭدىم. ئەلى ئۆيدىن كېتىپ قالغاندا، داداڭ ماڭا ئۇلارنىڭ بامىياننىڭ سىرتىدىكى كىچىك بىر يېزىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئەلىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنىنىڭ شۇ يەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن، ئەلىلەرنىڭ شۇ يەرگە بارغان ـ بارمىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنى بىرەرسىنىڭ تونۇيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. چۈنكى، ئۇ چاغدا، ئەلى بىلەن ھەسەننىڭ كەتكىنىگە ئون يىللار بولغانىدى. 1986 ـ يىلى، ھەسەننىڭ ئاللىقاچان يىگىرمە ئىككى ـ يىگىرمە ئۈچ ياشلاردىكى چوڭ يىگىت بولۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. بۇ ئېپلاس رۇسلار دوزاختا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزنى قانداق ۋەيران قىلغانلىقىنى، سانسىزلىغان

ياشلىرىمىزنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرغۇم يوق.

لېكىن، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن، مەن ئۇنى تېپىۋالدىم. ئۇنى ئىزدەپ تېپىشىمۇ ئانچە قىيىنغا توختىمىدى. بامىيانغا بارغاندا كىشىلەردىن بىرنەچچىلا سوئال سورىدىم. ئۇلار ماڭا ئۇ تۇرۇۋاتقان يېزىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ يېزىنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن، ئاشۇ يازنىڭ تونۇردەك ئىسسىق كۈنى يېزىغا بارغۇچە، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چاتقاللىقلارنىڭ ئاپتاپتا قاغجىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە. مەن ئىككى قاسنىقىنى ئەگرى - بۈگرى شېخى بار تىكەنلىك دەرەخلەر، قۇرۇپ سامانىدەك بولۇپ كەتكەن ئوت - چۆپلەر قاپلىغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل توپا يولدا ماشىنامنى ھەيدەپ ئاشۇ يېزىغا قاراپ ماڭدىم. يولنىڭ بويىدىكى چىرىپ كەتكەن ئۆلۈك ئېشەكنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ دوقمۇشتىن قايرىلغىنىمدا، ئاشۇ چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، تاملىرى لايدىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەر كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدا ھەرە چىشىغا ئوخشاش تىزىلغان تاغ چوققىلىرى بىلەن چەكسىز كەتكەن ئاسماندىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى.

بامىياندىكىلەر ماڭا ھەسەننى ناھايىتى ئاسان تاپالايدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدى. چۈنكى، ئۇ ئاشۇ يېزىدىكى ھويلا تېمى بار بىردىنبىر ئۆيدە ياشايدىكەن. كوچىدا ئۇششاق باللار يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈشۈپ، يىرتىلىپ كەتكەن سېتكا توپنى ياغاچ كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئويناۋاتقانىدى. مەن ماشىنىنى توختىتىپ، موتورنى ئۆچۈرگىنىمدە، ئۇ باللارنىڭ ھەممىسى ئويۇنلىرىنى توختىتىپ، ماڭا تىكىلىپ قاراشتى. مەن ھويلىنىڭ ياغاچ ئىشىكىنى چېكىپ، بۆلجۈرگەن شاخلىرى بىلەن مېۋىسىز لىمون دەرىخىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ھويلىنىڭ ئىچىگە كىردىم. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ

ئاستىدىكى تونۇرنىڭ يېنىدا بىر ئادەم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، نانني يوغان ياغاچ كەپكۈردە تونۇرغا چاپلاۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەنلا قولىدىكى خېمىر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ مېنىڭ قوللىرىمغا توختىماي سۆيەتتى.

— مەن ساڭا ياخشىراق بىر قارىۋالاي، — دېدىم مەن. ئۇ بىرنەچچە قەدەم ئارقىغا چېكىندى. ئۇنىڭ بويى ئۆسۈپ كېتىپتۇ. پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرساممۇ، بويۇم ئۇنىڭ ئېڭىكىگە ئاران تەڭلەشتى. بامىيانىنىڭ ئاپتىپىدا ئۇنىڭ تېرىلىرى قېلىنلاپ، مەن كۆرگەندىكىگە قارىغاندا خېلىلا قارىداپتۇ. ئالدى تەرەپتىكى بىرنەچچە چىشى چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئېڭەكلىرىدە شالاڭ ساقىلى بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاشۇ قىسىق يېشىل كۆزلىرى، ئۈستۈنكى كالپۇكىدىكى تاتۇقى. يۇملاق يۈزلىرى، شۇنداقلا ھېلىقى يېقىملىق كۈلۈمسىرەشلىرى پەقەتلا ئۆزگەرمەپتۇ. شۇ چاغدا، ئۇنى كۆرگەن بولساڭ. سەنمۇ ئۇنى دەرھال تونۇۋالالايتتىڭ، ئامىرجان. مەن جەزم قىلالايمەن. بىز ئۆيگە كىرگىنىمىزدە، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئاقپىشماق كەلگەن ياش ھەزارا ئايال ياغلىق تىكىپ ئولتۇرۇپتىكەن. ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى بىر قاراشتىلا بىلگىلى بولاتتى.

— بۇ مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ، رەھىمخان، — دېدى ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا، — ئىسمى فەرزانە.

ئۇ ناھايىتى خىجىلچان ئايال بولۇپ، ئاۋازى پىچىرلىغاندىن سەللا يۇقىرى چىقاتتى. ئۇ چىرايلىق قوڭۇر كۆزلىرىنى يەردىن ئالمايتتى. ئۇنىڭ ھەسەنگە پات ـ پات قارىشىدىن ھەسەننىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى پادىشاھتەك ھۆرمەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

— ئاي ـ كۈنى قاچان توشىدۇ؟ — دەپ سورىدىم ھەممىمىز تاملىرى لاي بىلەن سۇۋالغان ئۆيدە چۆرىدەپ ئولتۇرغاندىن كېيىن. ئۆينىڭ ئىچىدە كونىراپ كەتكەن ئەسكى گىلەم، ئازراق

قاچا ـ قومۇچ، بىر جۇپ كۆرپە ۋە بىر كىرسىن لامپىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

— ئىنشائاللا، مۇشۇ قىشتا، — دېدى ھەسەن، — دادامنىڭ نام ـ ئاتىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن خۇدا بىزگە بىر ئوغۇل بەرسىكەن دەپ دۇئا قىلىۋاتىمەن.

— ئەلىچۇ؟ ئۇ قەيەردە؟

ھەسەننىڭ كۆزلىرىدىكى نۇر دەرھال غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەلى بىلەن ئۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان بىر نەۋرە تۇغقىنى ئىككى يىل بۇرۇن باميياننىڭ سىرتىدىكى يەرگە كۆمۈلگەن مىناغا دەسسىۋېلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇ جاھاندا ئافغانلار ئۈچۈن باشقا ئۆلىدىغان يول يوقمىدۇ، ئامىرجان؟ بەلكىم ساراڭدەك خىياللارنى قىلغاندۇرمەن. لېكىن، پەرىزىمچە، ئەلىنىڭ ئاشۇ توكۇر ئوڭ پۇتى ئاخىر ئۇنىڭ بېشىغا چىقىپ، كۆمۈكلۈك مىناغا دەسسەپ سالغان گەپ. ئۇنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى. سەن بىلىسەن، مەن دادىڭ بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئەلىمۇ داۋاملىق دادىڭ بىلەن بىللە ئىدى. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا، ئەلى پالەچ بولۇپ قېلىپ، جىنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالغانىدى. شۇ چاغدا، دادىڭ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي كۈنبويى يىغلىغانىدى.

فەرزانە بىزگە پۇرچاق، تۇرۇپ ۋە بەرەڭگە سېلىپ شورپا قىلىپ ئەكىردى. بىز قولىمىزنى يۇيۇپ، تونۇردىن ھېلىلا چىققان ناننى شورپىغا چىلاپ، مەززە قىلىپ يېدۇق. راستىمنى ئېيتسام، ئۇنداق ئوخشىغان تاماق يېمىگىلى نەچچە ئايلار بولۇپ كېتىپتىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەسەنگە مېنىڭ ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزۈم يالغۇز چىقالمايۋاتقانلىقىمنى، مۇمكىن بولسا مەن بىلەن كابۇلغا كۆچۈپ كېتىشىنى، خوتۇنى ئىككىسىگە رازى بولغۇدەك ئىش ھەققى بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدى. تاماقتىن كېيىن قوللىرىمىزنى يۇيۇپ، فەرزانە ئەكىرگەن ئۈزۈمگە ئېغىز

تەگكەندىن كېيىن ھەسەن ماڭا بۇ يېزىنىڭ خۇددى ئۆز ئۆيىدەك بولۇپ قالغانلىقىنى، فەرزانە ئىككىسىنىڭ بۇ يەرگە ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە بامىيان بۇ يەرگە بەك يېقىن، ئۇ يەردە تونۇشلىرىمىز بار. كەچۈرۈڭ رەھىمخان، سىزنىڭ مېنى چۈشىنىشىڭىزنى خۇدادىن تىلەيمەن، — دېدى ئۇ.

— ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن، — سېنىڭ كەچۈرۈم سورىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. مەن چۈشىنىمەن.

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ھەسەن سېنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا سېنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى، باشقا ئىشلىرىڭنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ھەسەننىڭ سەن توغرۇلۇق نۇرغۇن سوئاللىرى بار ئىكەن. «توي قىلدىمۇ؟ بالىلىق بولدىمۇ؟ بويى قانچىلىك ئۆستى؟ ھازىرمۇ لەگلەك ئۇچۇرامدۇ؟ كىنوخانىغا بارامدۇ؟ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈكمۇ؟...» دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بامىياندا پارس تىلى دەرسى بەرگەن بىر قېرى مۇئەللىم بىلەن دوست بولۇپ قاپتىكەن. ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ يۇرۇپ ساۋاتىنىمۇ چىقىرىۋاپتۇ. شۇڭا، ئۇ ماڭا: «ئەگەر ئامىرغا خەت يازسام يەتكۈزۈپ بېرەلەرسىزمۇ، ئامىر جاۋاب خەت يازارمۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا دادالڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم تېلېفوندا سۆزلەشكەندە بىلگەن خەۋەرلەرنى ئۇنىڭغا قويماي سۆزلەپ بەرگەن بولسامۇ، سوئاللىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالدىم. ئۇ داداڭنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا داداڭنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇپ كەچ كىرگۈچە ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئۇلار مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشىمنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈندى. فەرزانە ماڭا ئورۇن سېلىپ بەرگەندىن كېيىن بېشىمغا بىر ئىستاكان قۇدۇق سۈيى ئەكىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. تاڭ ئاتقۇچە فەرزانەنىڭ ھەسەنگە پىچىرلىغانلىقىنى، ھەسەننىڭ

توختىماستىن ئۆكسۈپ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ياتتىم.

ئەتىسى سەھەردە، ھەسەن ماڭا فەرزانە ئىككىسىنىڭ مەن بىلەن بىللە كابۇلغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— مەن بۇ يەرگە باشتىلا كەلمىسەم بوپتىكەن، — دېدىم مەن، — سىنىڭ دېگىنىڭ توغرا، ھەسەنجان. سەن بۇ يەردە ياشاۋاتىسەن، مېنىڭ بۇ يەرگە شەخسىيەتچىلىك قىلىپ كېلىپ، ھەممە نەرسەڭدىن ۋاز كېچىشىڭنى سورىشىم توغرا بولمىدى، — دېدىم.

— بىزنىڭ بۇ يەردە كۆز قىيمىغۇدەك كۆپ نەرسىمىز يوق رەھىمخان، — دېدى ھەسەن. ئۇنىڭ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىدىكى قىزىللىق تېخى يانمىغانىدى، — بىز سىز بىلەن بىللە كېتىمىز. ئۆي ئىشلىرىڭىزغا قارىشىپ بېرىمىز.

— سەن شۇنداق قىلىشقا چىن كۆڭلۈڭدىن رازىمۇ؟

ئۇ يەرگە قارىغىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ساھىب ئاغام مېنىڭ ئۆز دادامدەك ئىدى... رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن.

ئۇلار نەرسىلىرىنى يىرتىلىپ كەتكەن رەختنىڭ ئوستىگە دۆۋىلەپ ئۇچىدىن چىگدى. بىز ئۇ بوغچىلارنى ماشىنىغا باستۇق. ھەسەن ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا «قۇرئان»نى تۇتۇپ تۇردى. بىز بىر - بىردىن «قۇرئان»نى سۆيۈپ ئاستىدىن ئۆتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز كابۇلغا قاراپ يول ئالدۇق. ماشىنا مەھەللىدىن يىراقلاشقاندا، ھەسەن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆيىگە ئاخىرقى قېتىم قارىدى.

بىز كابۇلغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەسەننىڭ ياتاق ئۆيگە كۆچۈپ كىرىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدىم.

— بىراق، بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى بىكار ھەسەنجان، باشقا ئادەملەر يوق، — دېدىم مەن.

لېكىن، ئۇ سۆزۈمگە كىرمىدى... ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بۇ ئائىلىنىڭ ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلغانلىق

ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ھەسەن بىلەن فەرزانە نەرسە-كېرەكلىرىنى ئارقا ھويلىدىكى ھەسەننىڭ ئۆزى تۇغۇلغان ئۆيىگە ئەكىرىشتى. مەن ئۇلارغا ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى مېھمانخانا ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشنى شۇنچە يالۋۇرۇپ ئېيتقان بولساممۇ، ھەسەن قوشۇلمىدى...

— ئۇنداق قىلسام، ئامىر ئاغام نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا، — ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇ كابۇلغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغىنىمنى كۆرسە، نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟

ئەتىسىدىن باشلاپ، ھەسەن داداڭغا قارىلىق تۇتۇپ، قىرىق كۈن قارا كىيىم كىيىپ يۈردى.

مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، ئىككىسى تاماق ئېتىش، ئۆي تازىلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ھەسەن باغچىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ، سارغىيىپ كەتكەن يوپۇرماقلارنى ئېلىپ، ئەتىرگۈللەرنى كۆچۈرۈپ تېرىدى. تاملارنى سىرلىدى، نەچچە يىللاردىن بېرى تازىلانمىغان ئۆيلەرنى سۈپۈرۈپ، ھېچكىم ئىشلەتمىگەن مۇنچىلارنى تازىلاپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى خۇددى بىرىنىڭ كېلىشىگە تەييارلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. داداڭ ئولتۇرغان بىر رەت قوناقلىقنىڭ كەينىدىكى ھېلىقى تام ئېسىڭدە بارمۇ، ئامىرجان؟ ھەسەن ئىككىڭلار نېمە دەپ ئاتايتىڭلار ئۇ تامنى، ئەيتاۋۇر، «كېسەل قوناقنىڭ تېمى» دەمتىڭلار؟ شۇ يىلى كۈزدە راكېتا ئۇ تامنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىغانىدى. ھەسەن ئاشۇ تامنى ئۆز قولى بىلەن قايتىدىن قوپۇرۇپ چىقتى. ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، مەن نېمە قىلىشىمنىمۇ بىلمەيتتىم.

شۇ يىلى كۈزنىڭ ئاخىرى، فەرزانەنىڭ قىزى ئۆلۈك تۇغۇلدى. ھەسەن ئۇ بوۋاقنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، بىز ئۇنى ئارقا ھويلىدىكى ياۋا ئەتىرگۈللۈك ئاستىغا كۆمۈپ قويدۇق. توپا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىنى ئاق تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى

بىلەن ياپتۇق. مەن خەتمىقۇرئان قىلدىم. فەرزانە كەپىنىڭ ئىچىدە يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالە ـ پەرياد قىلدى. ئامىرجان، ئانىنىڭ ئۇنداق پەريادىنى ئاللا ھېچكىمگە ئاڭلاتمىسۇن.

ھويلا تېمىنىڭ سىرتىدا ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى. بىز داداڭنىڭ ئۆيىدە پاناھلىنىپ ئولتۇردۇق. 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا مېنىڭ كۆزۈم ئاجىزلىششقا باشلىدى. ھەسەن ماڭا ئاناڭنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان بولدى. فەرزانەنىڭ تامىقى تەييار بولغۇچە ھەسەن ماڭا زالدىكى ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ «مەسنەۋى» ۋە ئۆمەر ھەييامنىڭ «رۇبائىيلار»ىنى ئوقۇپ بېرەتتى، ھەر كۈنى سەھەردە ھەسەن ئورنىدىن تۇرۇپلا، ياۋا ئەتىرگۈل چاتقىلىنىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە توپا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە گۈل قويۇپ قوياتتى.

1990 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، فەرزانە يەنە ھامىلىدار بولدى. شۇ يىلى يازنىڭ بىر كۈنى كۆك چۈمبەل سالغان بىر ئايال دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولدى. مەن دەرۋازىنى ئاچقاندا، ئۇ ئايال پۇت ـ قولىدا جان يوق، يەرگە ئاران دەسسەپ تۇرغانىكەن. مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىشى بارلىقىنى سورىدىم. لېكىن، ئۇ جاۋاب بەرمىدى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن. لېكىن، ئۇ شۇ زامان يەرگە يىقىلدى. مەن دەرھال ھەسەننى ياردەمگە چاقىردىم. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۇ ئايالنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا ئەكىردۇق. بىز ئۇنى سافاغا ياتقۇزۇپ، بېشىدىكى چۈمبەلنى ئاچتۇق. ئايالنىڭ چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن، ئاق چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، بىلەكلىرى يارا ئىزى ئىدى. تۇرقىدىن نەچچە كۈن ئاچ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى، ئۇنىڭ يۈزلىرى پىچاقتا تىلىنغانىدى... ئامىرجان، ئۇنىڭ يۈزى پۈتۈنلەي دېگۈدەك كېسىلگەن، سول كۆزىمۇ قوشۇپ كېسىلىپتۇ. شۇنداق ئېچىنىشلىق. مەن دەرھال ئۇنىڭ قاشلىرىنى ھۆل داكا بىلەن سۈرتتۇم. ئۇ بىردەمدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ:

— ھەسەن قەيەردە؟ — دەپ پىچىرلىدى.

— مەن بۇ يەردە، — دېدى ھەسەن ئايالىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنىڭ يارىلانمىغان ئوڭ كۆزى ھەسەنگە تىكىلدى.

— مەن يىراقتىن بەكمۇ ئۇزۇن يول يۈرۈپ، چۈشلىرىمدە كۆرگىنىمدەك قاملاشقان يىگىت بولدۇڭمۇ، قانداق، كۆرگىلى كەلگەنىدىم. سەن چۈشلىرىمدە كۆرگىنىمدىنمۇ ئارتۇق قاملاشقان يىگىت بوپسەن، — دېدى ئۇ ھەسەننىڭ قولىنى تىلىنىپ كەتكەن يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ، — ماڭا بىر كۈلۈپ بەرگىنە.

ھەسەن ئۇ ئايالغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئايال ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

— سەن كۈلۈمسىرەپ تۇغۇلغانىدىڭ، ساڭا بىرەرى دېمىگەنمىدى؟ لېكىن، مەن سېنى قولۇمغا ئېلىپمۇ قويمىغانىدىم. ئاللا مېنى كەچۈرسۇن، مەن سېنى كۆتۈرۈپمۇ باقمىغانىدىم.

1964 - يىلى، سەنۇبەر ھەسەننى يەڭگىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر توپ ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچىلار بىلەن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېچقايسىمىز ئۇنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. سەن ئۇنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغان، ئامىر. ئۇ ياش ۋاقتىدا ھەقىقەتەنمۇ بىر گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ زىننەخلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈشلىرىنى، مېڭىشلىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئەر ئەقىل - ھوشىنى يوقىتاتتى. كوچىدا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەرقانداق ئەر ياكى ئايال ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ تويمايتتى. ئەمدىلىكتە بولسا...

ھەسەن ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدىم. ئۇ پۈتىنىڭ ئاستىدىن توپا - چاڭ توزۇتۇپ، سىلەر كىچىك ۋاقتىڭلاردا بىللە ئوينايدىغان تۆپىلىككە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشمىدىم. مەن سەنۇبەرنىڭ يېنىدا تاكى قاراڭغۇ

چۈشكۆچە قاراپ ئولتۇردۇم. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ئاي يورۇقى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لېكىن، ھەسەندىن ھېچ ئەسەر يوق ئىدى. سەنۇبەر ئۆزىنىڭ قايتىپ كېلىپ توغرا قىلمىغانلىقىنى، بەلكىم تاشلاپ كەتكەندىنمۇ بەتتەر ئېغىر ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ يىغلاشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇنى تۇتۇپ قالدىم. چۈنكى، ھەسەننىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

ھەسەن ئەتىسى ئەتىگەندە قايتىپ كەلدى. ئۇ كېچىچە كۆز يۇممىغاندەك، چىرايىدىن ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ سەنۇبەرنىڭ قوللىرىنى ئىككى قولىدا تۇتتى. ئۇنىڭغا ئەمدى كۆز يېشى قىلماسلىقنى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئانىسىنىڭ يۈزلىرىدىكى تاتۇقنى ۋە چاچلىرىنى سىلىدى.

ھەسەن بىلەن فەرزانە سەنۇبەرنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالدى. قورساقىنى تويدۇرۇپ، كىيىملىرىنى يۇيۇپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى مېھمانلار ياتىدىغان ھۇجرىلارنىڭ بىرىنى تەييارلاپ بەردىم. مەن بەزىدە دېرىزىدىن پەسكە قاراپ، ھەسەن بىلەن سەنۇبەرنىڭ يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ پەمىدۇر ئۇزۇۋاتقانلىقىنى، ئەتىرگۈللەرنىڭ شاخلىرىنى قىرقىغاچ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. قارىغاندا ئۇلار ئايرىلىپ تۇرغان كۈنلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. بىلىشىمچە، ھەسەنمۇ ئانىسىدىن نېمە ئۈچۈن ئۇنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى، شۇ يىللاردىن بۇيان نەلەردە يۈرگەنلىكىنى سورىمىدى، سەنۇبەرمۇ ئۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. بەزى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

1990 ـ يىلى قىشتا، سەنۇبەر ھەسەننىڭ ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن دۇنياغا كۆز ئاچۇردى. ئۇ ۋاقىتتا قار ياغمىغان بولسىمۇ، قىشنىڭ شامالىرى يۈزىمىزگە ئۇرۇلۇپ، گۈللەرنىڭ

شاخلىرىنى ئېگىپ، يوپۇرماقلارنى ھەر تەرەپكە توزۇتۇپ تۇراتتى. سەنۇبەرنىڭ نەۋرىسىنى يۇڭ ئەدىيالغا يۆگەپ كۆتۈرگەن پېتى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى نەشتەردەك سانجىۋاتقان سوغۇق شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بوۋاقنى چىڭ قۇچاقلىغان، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ بوۋاقنى ھەسەنگە تۇتقۇزدى. ھەسەن بوۋاقنى ماڭا ئۇزاتتى. مەن بوۋاقنىڭ قولىقىغا ئايەتلكۇرسىنى پىچىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

ئۇلار بوۋاقنىڭ ئىسمىنى سوھراب قويدى. ئۇ «شاھنامە»دە تەسۋىرلەنگەن، ھەسەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قەھرىماننىڭ ئىسمى ئىدى. بۇ ئىسىم بەلكىم سىنىڭ ئېسىڭدە باردۇ، ئامىرجان؟ ئۇ شۇنداق ئوماق، تاتلىق بالا بولدى. مىجەزى خۇددى دادىسىغىلا ئوخشايتتى. سەنۇبەرنىڭ ئۇ بالا بىلەن بىللە بولغان چېغىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ، ئامىرجان... ئۇنىڭ پۈتۈن كۈنى ئاشۇ نەۋرىسى بىلەن بىللە ئۆتەتتى. ئۇنىڭغا كىيىم تىكەتتى، ياغاچتىن، قۇرۇق ئوت - چۆپتىن ئويۇنچۇق ياساپ بېرەتتى. نەۋرىسىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان كۈنى كېچىچە ئۇخلىمايتتى ۋە ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتى. ئۇنىڭغا يامان كۆز تەگمىسۇن دەپ ئىسرىق سالاتتى. سوھراب ئىككى ياشقا كىرگەندە، مومىسى سەنۇبەرنى «ساسا» دەپ چاقىرىشقا باشلىدى.

سەنۇبەر نەۋرىسى تۆت ياشقا كىرگەن يىلى بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. سەنۇبەرنىڭ چىرايىدىن خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى. خۇددى ئۇ ئالەمگە ئۆز رازىلىقى بىلەن كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بىز ئۇنى دۆڭدىكى قەبرىستانلىقتا ئاپىرىپ ئانار دەرىخىنىڭ ئاستىغا دەپنە قىلدۇق. مەن خەتمىقۇرئان قىلىپ، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردۈم. ئانىسىدىن ئايرىلىش ھەسەن ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر كەلدى. بىر نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭغا پەقەت ئېرىشمىگەنگە قارىغاندا كۆپ ئازابلىق بولسا

كېرەك. لېكىن، ھەممىدىن بەكرەك سوھرابقا ئۆۋال بولدى. ئۇ ئۆينىڭ ھەممە يېرىدىن ساسانى ئىزدەيتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1995 ـ يىلى رۇسلار مەغلۇپ بولۇپ، كابۇلنى ماسسود، رابانى ۋە مۇجاھىدىنلار ئىشغال قىلدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش شۇنچىلىك ۋەھشىي بولدىكى، ھېچكىممۇ كۈن ئولتۇرغۇچە ئۆزىنىڭ ھايات قېلىشىنى بىلمەيتتى. بىزنىڭ قۇلاقلىرىمىز بومبىنىڭ پارتلىغان ئاۋازىغا ۋە ئوق ئاۋازلىرىغا كۆنۈپ قالغانىدى. ئادەملەرنىڭ خىش ـ كېسەك دۆۋىسىنىڭ ئاستىدىن جەسەتلەرنى كولاپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىناتتى. شۇ ۋاقىتلاردا، ئامىرجان، كابۇل شەك ـ شۈبھىسىز يەر ئۈستىدىكى دوزاخقا ئايلانغانىدى. لېكىن، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن، بىز تۇرۇۋاتقان ۋەزىر ئەكبەرخان رايونى باشقا جايلارغا سېلىشتۇرغاندا ئانچە كۆپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىدى. شۇڭا، باشقا رايونلاردا ياشايدىغانلارغا قارىغاندا بىزنىڭ ھالىمىز يامان ئەمەس ئىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا، راكېتانىڭ چۈشكەن ئاۋازى بىلەن ئوق ئاۋازى بىر ئاز پەسلىسىلا، ھەسەن سوھرابنى ھايۋانات باغچىسىغا ئاپىرىپ، «مارجان» ئاتلىق شىرنى كۆرسىتەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا كىنولارغىمۇ ئاپىراتتى. سوھرابقا يەنە رەگەتكە ئېتىشنىمۇ ئۆگەتكەنىدى. ئۇ سەككىز ياشقا كىرگەندە، رەگەتكە ئېتىشقا شۇنداق ئۇستا بولۇپ كەتتىكى، ئۇ بالكوندا تۇرۇپ ھويلىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تۈگىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان مەدەكنى سوقۇپ چۈشۈرەلەيدىغان بولدى.

ھەسەن ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ساۋاتسىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا خەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەتتى. مەنمۇ ئۇ بالىغا شۇنداق كۆنۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ تۇنجى قەدەملىرىگە، تىلى چىققاندىكى تۇنجى سۆزلىرىگە گۇۋاھ بولدۇم ئەمەسمۇ... مەن بەزىدە كىنوخانىنىڭ يېنىدىكى كىتابخانىغا

بېرىپ، ئۇنىڭغا باللار كىتابلىرىنى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ بېرەتتىم. كېيىنچە ئۇ كىتابخانىمۇ ۋەيران بولدى. مەن كىتابلارنى ئۆيگە ئەكىرىشىمگە، سوھراب تېزلا ئوقۇپ بولاتتى. ئۇ ماڭا سىڭلا ئەسلىتەتتى. سەن كىچىك ۋاقتىڭدا كىتاب ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىڭ، ئامىرجان. بەزى ۋاقىتلاردا، مەن كېچىلەردە ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ، تېپىشماق ئېيتىپ بېرەتتىم، تېخى ئانچە - مۇنچە قارتا سېھىرگەرلىكلىرىنىمۇ ئۆگىتىپ قويغانىدىم. ھەي ... ئۇنى شۇنداق سېغىنىدىم.

قىش كۈنلىرى ھەسەن ئوغلىنى لەگلەك قوغلاشقا ئاپىراتتى. ئۇ چاغلاردا بۇرۇنقىدەك كۆپ لەگلەك ئۇچۇرۇش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلمايتتى. چۈنكى، ھېچ كىشى سىرتتا خاتىرجەم تۇرالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئانچە - مۇنچە مۇسابىقىلەر بولۇپ تۇراتتى. ھەسەن سوھرابنى مۈرىسىگە مىندۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كوچىلاردا لەگلەك ئۇچۇراتتى. دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قالغان لەگلەكلەرنى دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ ئالاتتى. ھەسەننىڭ ئۇستا لەگلەك قوغلىغۇچى ئىكەنلىكى ئېسىڭدە بارمۇ، ئامىرجان؟ قىش پەسلى ئاخىرلىشاي دېگەندە، ھەسەن بىلەن سوھراب قىشتا قوغلاپ قولغا چۈشۈرگەن لەگلەكلىرىنى كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامغا خۇددى رەسىم ئاسقاندەك قاتار قىلىپ ئېسىپ قوياتتى.

مەن ساڭا 1996 - يىلى تالىبان كېلىپ، ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرغاندا ھەممە ئادەمنىڭ تەنتەنە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم. شۇ كۈنى كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، ھەسەن ئاشخانا ئۆيدە رادىيو ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتىكەن. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىسام، ئۇ پەقەت بېشىنى چايقاپلا قويدى.

— خۇدا ھەزارالارنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، رەھىمخان ساھىب، — دېدى ئۇ.

— ئەمدى ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، ھەسەن، — دېدىم مەن، — بۇنىڭدىن كېيىن، ئىنشائاللا، بىزگە تىنچلىق، خۇشاللىق ھەم خاتىرجەملىك يار بولىدۇ. راكېتانىڭ ئېتىلغان ئاۋازىنى ئەمدى ئاڭلىمايمىز. ۋاقىتسىز ئادەم ئۆلۈش ئەھۋاللىرى بولمايدۇ.

ھەسەن رادىيونى دەرھال ئۆچۈرۈپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن مەندىن بىرەر نەرسە لازىممۇ، دەپ سورىدى.

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن تالىبانلار لەگلەك ئۇچۇرۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى چەكلىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1998 - يىلى، ئۇلار مازارى شارىفتىكى ھەزارالارنى قىرىپ تاشلىدى.

# ئون يەتتىنچى باب

رەھىمخان پۈتلىرىنى ئاستا سوزۇپ، تامغا ئاۋايلاپ يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ ھەربىر مىدىرلىغاندا، بەدىنىنىڭ ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. سىرتتىن ئىشەكىنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى بىلەن بىرىنىڭ ئوردۇ تىلىدا ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. غەربكە پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئىنچىكە قىزغۇچ نۇرلىرى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بىنانىڭ يېرىقلىرىدىن بىنا ئىچىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

ھېلىقى قىشتا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يازدا قىلغان - ئەتكەنلىرىم يەنە كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ماڭا زەربە بېرىشكە باشلىدى. كاللامدا يەنە ئاشۇ ئىسىملار: ھەسەن، سوھراب، ئەلى، فەرزانە، سەنۇبەر. رەھىمخان «ئەلى» دېگەن ئىسىمنى تىلغا ئېلىشى بىلەن خۇددى ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەتمەي توپا بېسىپ كەتكەن كونا مۇزىكاساندۇقىنى تېپىۋالغاندەك بولدۇم. ئاشۇ ساندۇقتىن دەرھال تونۇش بىر مۇزىكا ئاڭلىنىشقا باشلىدى: «بۈگۈن سەن كىمنى يېڭىڭ بابۇلۇ؟ كىمنى يېڭىڭ دەيمەن، ھۇ قىسىق كۆز بابۇلۇ!»

مەن ئەلىنىڭ تەمكىنلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئاشۇ كۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتىم. لېكىن، ۋاقىت دېگەن بەزىدە بەكمۇ ئاچ كۆز كېلىدىكەن. ئۇ سېنىڭ بەزى ئەسلىمىلىرىڭنىڭ تەپسىلاتىنى ئاستا - ئاستا ئوغرىلاپ ئەپقاچىدىكەن.

— ھەسەن ھازىرمۇ شۇ ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

رەھىمخان قولىدىكى پىيالىنى قورۇپ كەتكەن كالپۇكىغا

تەگكۈزۈپ، چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىدى. ئاندىن مەيدە يانچۇقىدىن بىر لېپاپنى ئېلىپ ماڭا سۇندى.

— بۇ سىڭنىڭ.

مەن پېچەتلەنگەن ئۇ لېپاپنى يىرتتىم. ئىچىدىن بىر پارچە سۈرەت بىلەن قاتلاقلىق بىر پارچە خەت چىقتى. مەن سۈرەتكە خېلى ئۇزۇن تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم.

سۈرەتتە بېشىغا ئاق سەللە يۆگىگەن، ئۈستىگە يېشىل سىزىقلىق چاپان كىيگەن، ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازا ئالدىدا بىر كىچىك ئوغۇل بالا بىلەن بىللە ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ سېمىز يۈزىنىڭ سول تەرىپىگە كۆن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. سۈرەتتىن ئۇنىڭ ئىككى دانە ئالدى چىشىنىڭ كەملىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گەرچە سۈرەت ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، چاپان كىيىپ تۇرغان بۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە كۆڭۈل توقلۇقىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سەل كېرىپ، قوللىرىنى كۆكرىكى ئالدىدا قوۋۇشتۇرۇپ، بېشىنى قۇياش تەرەپكە ئازراق سىڭار يان قىلىپ تۇرۇشىدىن بىر خىل ئىشەنچ ۋە كۆڭۈل توقلۇقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىدا ئىشەنچ ۋە ھۇزۇر تېخىمۇ گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەنىدى.

سۈرەتنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى سۈرەتتىكى ئۇ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىن تولىمۇ رازى ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىدىغانلىقى چوقۇم ئىدى. رەھىمخان توغرا ئېيتىپتۇ. ئەگەر مەن ھەسەننى كوچىدا ئۇچرىتىپ قالسامۇ دەرھال ئۇنى تونۇۋالالىشىمدا گەپ يوق ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدىكى يالاڭ ئاياغ بالا ئۇنىڭ بىر پاچىقىغا ئېسىلىپ، چاچسىز بېشىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قويىۋالغانىدى. ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاشلا كۆزلىرىنى قىسىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

مەن خەتنى ئاچتىم. پارسچە يېزىلغان بۇ خەت خۇددى كىچىك

بالىنىڭ خىتىگە ئوخشاش رەتلىك، ئېنىق بولۇپ، خەتنىڭ چېكىت - پەشلىرىنىڭ بىرىمۇ ئۆنتۈلۈپ قېلىنماي، دانە - دانە يېزىلغانىدى.

مەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

*بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم!*

*ھۆرمەتلىك ئامىر ئاغا:*

*فەرزانەجان، سوھراب ۋە مەن مۇشۇ خېتىمىز ئارقىلىق ئاللادىن سىزگە سالامەتلىك ۋە مېھىر - شەپقەت تىلەيمىز. ئالدى بىلەن، رەھىمخان ساھىبنىڭ بۇ خەتنى ئېغىر كۆرمەي، سىزگە ساق - سالامەت يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىگە چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى يەتكۈزۈپ قويۇشىمىزنى سورايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆنلەرنىڭ بىرىدە سىزنىڭ ئامېرىكىدىكى ھاياتىڭىزنى ئۆز قولىڭىز بىلەن يازغان خېتىڭىز ئارقىلىق بىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ سۈرىتىڭىزنى كۆرۈش كۆزلىرىمىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەر. مەن فەرزانەجان بىلەن سوھرابقا ئىككىمىزنىڭ بىللە ئويناپ چوڭ بولغانلىقىمىزنى، بىز ئوينىغان ئويۇنلارنى، شۇنداقلا بىز يۈگۈرگەن كوچىلارنى نۇرغۇن قېتىم سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار بىزنىڭ كەپسىزلىكلىرىمىز توغرۇلۇق ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ دائىم كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.*

*ئامىر ئاغا، بىزنىڭ ياشلىقىمىزدىكى ئافغانىستان ئۆلدى. بۇ زېمىندىكى مېھىر - شەپقەتنىڭ ئورنىنى قىرغىنچىلىق ئالدى. نەگە بارسا ئادەم ئۆلتۈرۈش... كابۇلنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىنى، كوچىلىرىنى، توپ مەيدانلىرىنى، بازارلىرىنى ۋەھىمە قاپلىدى. ھازىر كۆنبويى قورقۇنچ ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، ئامىر ئاغا. ۋەتىنىمىزنى قولىغا ئېلىۋالغان ئۇ ياۋۇزلار ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدۇ.*

*قايسى كۈنى، مەن فەرزانەجان بىلەن بازارغا بەرەڭگە ۋە نان*

ئالغىلى بارغانىدىم. فەرزانەجان باققالدىن بەرەڭگىنىڭ باھاسىنى سورىدى. لېكىن، باققال گاس بولسا كېرەك. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاۋازىنى يۇقىرىراق قىلىپ سورىغانىدى، ياش بىر تالىبان ئەسكىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ، قولىدىكى چىۋىق بىلەن فەرزانەجاننىڭ پاچىقىغا ئۇردى. چىۋىق قاتتىق تەگكەچكە فەرزانە يەرگە يىقىلدى. تالىبان ئەسكەر «ئەدەپ - ئەخلاق مىنىستىرلىقى»نىڭ ئاياللارنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىشىنى مەنئى قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، قاتتىق ئاچچىقى بىلەن ئۇنى تىللاپ كەتتى. ئۇنىڭ پاچىقىدىكى كۆك ئىز نەچچە كۈنگىچە يوقالمىدى. لېكىن، ماڭا ئۇ يەردە ئاياللىمىزنىڭ تاياق يېگەنلىكىگە قاراپ تۇرماقتىن باشقا نېمە ئامال بولسۇن؟ ئەگەر مەن قارشىلىق كۆرسەتسەم، ئۇ ئىت خۇشاللىق بىلەن مېنى بىر پاي ئوق بىلەنلا ئېتىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ سوھرابىمغا نېمە بولىدۇ؟ بىزنىڭ كوچىلىرىمىز ساناقسىز يېتىم باللار بىلەن توشۇپ كەتتى. مەن ھەر كۈنى ئاللاغا شۈكۈر قىلىپ دۇئا قىلىمەن. قورقانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئايالىمنىڭ ئېرىنىڭ تېخىچە ھايات بولغانلىقى، ئوغلۇمنىڭ يېتىم ئەمەسلىكىگە شۈكۈر قىلىپ دۇئا قىلىمەن.

سىز سوھرابنى كۆرگەن بولسىڭىز قانچە ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇ شۇنداق ياخشى بالا بولدى. رەھىمخان ساھىب ئىككىمىز ئۇنىڭغا خەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەتتۇق. ئەمدى ئۇ دادىسىغا ئوخشاش دۆت چوڭ بولمايدىغان بولدى. تېخى رەگەتكە ئېتىشنىمۇ ئۆگەندى! مەن بەزىدە سوھرابنى كابۇلدىكى بازاردا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا كەمپۇت ئېلىپ بېرىمەن. شارئەنو ئەتراپىدا ھېلىمۇ مايمۇن ئويناتتىدىغان بىر ئادەم بار. ئەگەر ئۇ ئادەمگە ئۇچراپ قالساق، مەن ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ، مايمۇننى سوھرابقا ئۇسسۇل ئويناتقۇزىمەن.

ئۇنىڭ كۆلكىسىنى دېمەيسىز. ئىككىمىز دائىم دۆڭدىكى قەبرىستانلىققا بارىمىز. ئىككىمىز كىچىك ۋاقتىمىزدا شۇ يەردىكى ئانار دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، «شاھنامە»نى ئوقۇغانلىقىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ يىللاردىن بۇيان ئۇ دۆڭمۇ قۇرۇپ، دەرەخلەر مېۋىلىمەيدىغان بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، سوھراب بىلەن دەرەخنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا «شاھنامە»نى ئوقۇپ بېرىمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش بۆلەك — «رۇستەم ۋە سوھراب»نى بەكمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. يەنە ئاز كۈندىن كېيىن سوھراب كىتابنى ئۆزى ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن دۇنيادىكى ئەڭ پەخىرلىك ۋە تەلەيلىك دادا دەپ ئويلايمەن.

ئامىر ئاغا، رەھىمخان ساھىب ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇ كۈنبويى توختىماي يۆتىلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئېغىزىنى سۈرتكەندە، يېڭىدە دائىم قان يۇقىنى كۆرىمەن. ئۆزىمۇ بەك ئورۇقلاپ كەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا فەرزانەجان ئەتكەن شورپا بىلەن گۈرۈچتىن ئازراق بولسىمۇ يېيەلىگەن بولسا، دەپ تىلەپ كېتىمەن. لېكىن، ئۇ فەرزانەجاننىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىر - ئىككى قوشۇق يەپلا بولدى قىلىدۇ. مەن ئۇ قەدىردان كىشىدىن شۇنچە ئەنسىرەيمەن، كۈندە نامىزىمدا ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. رەھىمخان ساھىب بىرنەچچە كۈن ئىچىدە پاكىستانغا بېرىپ دوختۇرلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى. ئىنشائاللا، بىزگە خۇش خەۋەر نېسىپ بولسۇن. لېكىن، مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ھەقىقەتەنمۇ ئەنسىرەيمەن. فەرزانەجان ئىككىمىز سوھرابقا رەھىمخان ساھىبنى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دېدۇق. بىزگە نېمە ئامال؟ ئۇ گەرچە ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، رەھىمخانغا ئىنتايىن قايىل بولىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ئىنتايىن ئىچەركىشىپ كەتكەنىدى. بۇرۇن رەھىمخان ساھىب ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ شار، پېچىنە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرەتتى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ ئۇنداق

ئىشلارغا تەن سالامەتلىكى يار بەرمەيدۇ.

ئامىر ئاغا، مەن يېقىندىن بېرى نۇرغۇن چۈش كۆرىدىغان بولۇپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قورقۇنچلۇق چۈشلەر: پۇتبول مەيدانىغا قاتار ئېسىلغان ۋە سېسىپ كەتكەن جەسەتلەر، مەيداندىكى قان بىلەن بويالغان ئوت ـ چۆپلەر دېگەندەك. مەن شۇنداق چۈشلىرىمدىن چۆچۈپ ئويغانغىنىمدا، تىنىقىم يېتىشمەي بەدىنىمنى قارا تەر بېسىپ كېتىدۇ. لېكىن، كۆپ ۋاقىتلاردا يەنىلا ياخشى چۈشلەرنى كۆرىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر ئېيتىمەن. بەزىدە چۈشۈمدە رەھىمخان ساھىبنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمەن. تېخى بەزىدە چۈشۈمدە ئوغلۇمنىڭ ياخشى، ئەركىن ۋە ئورنى بار ئادەم بولۇپ چوڭ بولغانلىقىنى كۆرىمەن. كابۇلنىڭ كوچىلىرىدا لەيلىگۈللىرىنىڭ قايتا پورەكلەپ ئېچىلغانلىقىنى، چايخانىلاردا مۇزىكا ئاۋازىنىڭ قايتا ياڭرىغانلىقىنى، ئاسماندا لەگلەكلەرنىڭ يەنە ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەيمەن. سىزنىڭ كابۇلغا بالىلىق ۋاقىتلىرىڭىزدىكى يۇرتىڭىزنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىڭىزنى چۈشەيمەن. ئەگەر سىز راستتىنلا كەلسىڭىز، سىزنىڭ كونا قەدىناس دوستىڭىز يولىڭىزغا قاراپ تۇرماقتا.

ئاللا سىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن.

ھەسەن

مەن خەتنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قاتلىدىم. قولۇمدىكى سۈرەتكە يەنە بىرھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسىنى يانچۇقۇمغا سالدىم.

— ئۇ ئۆزى قانداقراق؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— بۇ خەت ئالتە ئاينىڭ ئالدىدا، مەن مېڭىشتىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن يېزىلغان، — دېدى رەھىمخان، — مەن بۇ سۈرەتنى مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن تارتقان. مەن پەشاۋەرگە يېتىپ كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن، كابۇلدىكى قوشنىمىزدىن ماڭا





تېلېفون كەلدى. ئۇ ماڭا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: مەن كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «ھەزارا ئائىلىسى ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدىكى يوغان بىر ئۆيدە يالغۇز تۇرۇۋېتىپتۇ» دېگەن بىر مىش - مىش گەپ تارقالغانمۇ ياكى تالىبانلار ئۆزلىرى بىلىۋالغانمۇ، تالىباننىڭ ئىككى ئادىمى كېلىپ ھەسەننى تەكشۈرۈپ سوراقتا تارتىپتۇ. ھەسەن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مەن بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەھەللىدىكى جامائەت گۇۋاھلىق بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنى يالغان گەپ قىلدىڭ دەپ قارىلاپتۇ. تالىبانلار ئۇنى «يالغانچى، بارلىق ھەزارالاردەك ئوغرى» دەپ ھاقارەتلىگەندىن باشقا، ئۇنىڭغا ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ كۆنېپىتىشتىن بۇرۇن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

ھەسەن قارشىلىق بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن، قوشنامنىڭ ئېيتىشىچە، تالىبانلار ئۆينىڭ ئىچىگە، ئۇ قانداق دېگەن بولغىيدى؟ ھە توغرا، «خۇددى بىر توپ بۆرە بىر قويغا قارىغاندەك» ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىغانمىش. ئۇلار ھەسەنگە مەن قايتىپ كەلگۈچە ئۆزلىرى ئۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھەسەن يەنە قارشىلىق بىلدۈرگەندە، ئۇلار ھەسەننى كوچىغا سۆرەپ چىقىپ...

— ئۇنداق بولمىغاي، — دەپ ئېغىر تىندىم.

— ئۇنى تىزلىنىشقا بۇيرۇپ...

— ئاھ خۇدا، ياق...

— ئارقا مېڭىسىگە ئوق ئېتىپتۇ.

— ياق !...

— فەرزانە ۋارقىرىغان پېتى ئۇلارغا ئېتىلىپتۇ...

— ئاھ خۇدا !...

— ئۇلار فەرزانەنىمۇ ئېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ جاكارلىشىچە، ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانمىش.

مېنىڭ پەقەت «ياق، ياق، ياق» دەپ پىچىرلاشتىن باشقا ھېچ

نەرسىگە ماغدۇرۇم يەتمىدى. مەن يەنە پىچىرلىدىم، يەنە، يەنە، يەنە...

1974 ـ يىلى ھەسەننىڭ توشقان كالپۇكىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىگەن ھېلىقى كۆن كۆز ئالدىمغا كەلدى. دادام، رەھىمخان، ئەلى ۋە مەن ھەسەن ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭ ئەينەككە قارىشىغا قاراپ تۇرغانىدۇق. مانا ئەمدى ئاشۇ ئۆيدىكى ئادەملەردىن مەندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن ياكى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغانىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن كۆز ئالدىمغا يەنە بىر كۆرۈنۈش كەلدى: ئۇستىگە جىلىتكە كىيگەن بىر ئادەم رۇس مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى ھەسەننىڭ ئارقا مېڭىسىگە تەڭلەۋاتاتتى... ئۆيىمىزدە ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاۋازى ھەممە يەرگە ياڭرىدى... ھەسەن ئاسفالت يول ئۇستىگە يىقىلدى... ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچبىر خوۋلۇق كۆرمىگەن غۇبارسىز روھى خۇددى ئۇزى بۇرۇن ئارقىسىدىن يۈگۈرىدىغان لەگلەكتەك ئۇنىڭ تېنىدىن ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى...

— تالىبانلار ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپتۇمىش، — دېدى رەھىمخان، — ئۇلار ھەسەنلەرگە ئۆي ئىگىسىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆيىنى ئىگىلىۋالغان، دېگەن گۇناھنى ئارتىپتۇ، ھەسەن بىلەن فەرزانەگە ئوق چىقارغان تالىبانلار ئۆزىنى قوغدىغان بولۇپ ئاقلىنىپتۇ. ھېچكىم بۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. مېنىڭچە، تالىبانلاردىن قورققان بولسا كېرەك. ھېچكىم بىر جۇپ ھەزارا مالاي ئۈچۈن خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى خالىمايدۇ.

— ئۇلار سوھرابنى قانداق قىپتۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

مېنى شۇنچىلىك ھارغىنلىق باسقانىدىكى، ئۆزۈمنى بارغانسېرى قورۇلۇپ، كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. رەھىمخان ئۇزۇن يۆتىلىپ كەتتى. ئۇ يۆتەلدىن توختاپ بېشىنى

كۆتۈرگەندە، يۈزلىرى ئۆپكىدەك قىزىرىپ، كۆزلىرى قانغا تولغانىدى.

— ئاڭلىشىمچە، ئۇ كارتەھ ـ چارنىڭ بىر يېرىدىكى يېتىملەر مەكتىپىدە تۇرۇۋېتىپتۇ، ئامىرجان... — رەھىمخان يۆتىلىشكە باشلىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا، خۇددى ھەربىر قېتىملىق يۆتەل ئۇنى بىر دەرىجە قېرىتىۋەتكەندەك، ماڭا بىر مىنۇتنىڭ ئالدىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قېرى كۆرۈندى.

— ئامىرجان، مېنىڭ سېنى بۇ يەرگە چاقىرىپ ئەكىلىشىمدىكى سەۋەب سېنى مەن ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن بىر كۆرۈۋېلىش. لېكىن، ئۇ بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس.

مەن ئۇن چىقارمىدىم. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدىم.

— سەن كابۇلغا بېرىپ، سوھرابنى بۇ يەرگە قايتۇرۇپ كەلگىن، — دېدى ئۇ.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. مەن تېخىچە ھەسەننىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا ئىشەنمەيتتىم.

— مېنىڭ گېپىمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلا. مەن پەشاۋەردىكى بىر جۈپ ئامېرىكىلىق ئەر ـ خوتۇننى تونۇيمەن. ئەرنىڭ ئىسمى توماس كالدۋېل، خوتۇنىنىڭ ئىسمى بېتتى كالدۋېل. ئۇلار خىرىستىيان مۇرىتلىرى. ئۇلار بۇ يەردە شەخسىيلەر بەرگەن ئىئانە پۇللىرى بىلەن پائالىيەت قىلىۋاتقان بىر كىچىك ساخاۋەت جەمئىيىتىگە مەسئۇل. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئافغان بالىلارنى تۇرالغۇ ۋە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەن ئۇلارنىڭ جايىنى كۆرگەن. ناھايىتى پاكىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىخەتەر. توماس ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ خانىمى ياخشى كىشىلەر. ئۇلار ماڭا سوھرابنىڭ ئۆز ئۆيىگە كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى...

— رەھىمخان، سىز چاقچاق قىلماڭ، — دېدىم مەن.

— باللار ناھايىتى ئاجىز كېلىدۇ، ئامىرجان. كابۇل ئالللىقاچان ماكانىسىز، كېرەكتىن چىققان باللار بىلەن توشۇپ كەتتى. مەن سوھرابنىڭمۇ ئۇلارنىڭ كۈنىگە قېلىشىنى خالىمايمەن.

— رەھىمخان، مېنىڭ كابۇلغا بارغۇم يوق، مەن بارالمايمەن! — دېدىم مەن.

— سوھراب ناھايىتى ئەقىللىق بالا بولدى. بىز بۇ يەردە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر بىلەن بىللە ئۇنىڭغا يېڭى ھايات ۋە يېڭى ئۈمىد بېغىشلىيالايمىز. توماس ئاغا ياخشى ئادەم، بېتتى خانىممۇ ناھايىتى مېھرىبان ئايال. ئۇلارنىڭ يېتىم باللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن بولساڭ گېپىمگە ئىشىنەتتىڭ.

— نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى مەن قىلغۇدەكمەن؟ سىز باشقىلارغا پۇل بېرىپ قىلدۇرسىڭىز بولمامدۇ؟ ئەگەر بۇ پۇلغا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسا، چىقىمىنى مەن بېرەي.

— بۇ يەردە پۇل مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، ئامىر! — دېدى رەھىمخان غەزەپ بىلەن، — مېنىڭ پەقەت بىرنەچچە كۈنلۈكۈملا قالدى. مەن بۇنداق ھاقارەتكە يول قويمايمەن. مەن ھېچقاچان پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ قالمىغان. سەن بۇنى ئوبدان بىلىسەن. ئەمدى بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن سەن ئۈستۈڭگە ئېلىشىڭ كېرەكلىكىگە كەلسەك، ھەر ئىككىمىز ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلىمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىنى چۈشىنىشنى خالىمىسامىمۇ، لېكىن يەنىلا چۈشەندىم. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئوبدان چۈشەندىم.

— مېنىڭ ئامېرىكىدا ئايالىم، ئۆيۈم، خىزمىتىم ۋە ئائىلەم بار. كابۇل ئىنتايىن خەتەرلىك يەر. بۇنى سىز ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ، مېنى تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىسىز... — مەن گېپىمنى شۇ يەردە توختاتتىم.

— سەن بىلەمسەن، — دېدى رەھىمخان، — بىر قېتىم سەن يوق چاغدا، داداڭ بىلەن سەن توغرۇلۇق پاراڭلاشقانىدىم. ئۇ ماڭا: «رەھىم، ئۆزى ئۇچۇن ئورنىدىن تۇرالمىغان ئوغۇل بالا باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇچۇن ئورنىدىن تۇرالمايدۇ» دېگەنىدى. دېگىنە، سەن ئاشۇنداق بىر ئادەم بولۇپ قالدىڭمۇ؟

مەن دەرھال يەرگە قارىۋالدىم.

— مەن ساڭا نەچچە كۈنلۈك ۋاقتىم قالغاندا ئاخىرقى تەلىپىمنى ئېيتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ جىددىي رەۋىشتە.

ئۇ مەن بىلەن دۇئېلغا چۈشكەنىدى. مېنىڭچە، ئۇ قولىدىكى ئەڭ ياخشى قارتىنى دوغا تىكىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى گەرچە ئىنكاسسىز قالغان بولسىمۇ، ھېچبولمىغاندا، ئۇ دېمەكچى بولغىنىنى ماڭا ئۇقتۇرالىغانىدى.

— بەلكىم دادامنىڭ دېگىنى توغرىدۇر.

— سېنىڭ بۇنداق ئويلىغىنىڭ ئۇچۇن ئەپسۇسلاندىم، ئامىر.

مەن تېخىچە ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالماي تۇراتتىم.

— سىز ئۇنداق ئويلىمامسىز؟

— ئەگەر مەن ئۇنداق ئويلىغان بولسام، سېنى بۇ يەرگە چاقىرىپ ئەكەلمەيتتىم.

مەن قولۇمدىكى توي ئۈزۈكۈمنى سىلاپ تۇرۇپ دېدىم:

— سىز داۋاملىق مېنى يۇقىرى ئورۇنغا قويىسىز، رەھىمخان.

— سەن داۋاملىق ئۆزۈڭگە قاتتىقلىق قىلىسەن، — دېدى ئۇ سەل تەمتىرىگەن ھالدا، — بۇ يەردە يەنە بىر ئىشمۇ بار. سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق بىر ئىش…

— رەھىمخان، ئەمدى بولار…

— سەنۇبەر ئەلىنىڭ بىرىنچى خوتۇنى ئەمەس ئىدى.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— ئۇ بۇرۇن جاغورى رايونىدىن كەلگەن بىر ھەزارا ئايالغا ئۆيلەنگەن. بۇ سەن تۇغۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنقى ئىش. ئۇلار ئۈچ

يىل ئۆي تۇتقان.
— بۇنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟
— ئۇلارنىڭ ئۈچ يىلغىچە بالىسى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئايال ئەلىنى تاشلاپ، قوستىنكى بىر ئادەم بىلەن توي قىلدى. ئۇ ئادەمدىن ئۈچ قىز تۇغدى. مەن شۇنى دېمەكچى.
مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. لېكىن، مېنىڭ ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى پەقەت ئاڭلىغۇم يوق ئىدى. مەن كالىفورنىيەدە راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن، ۋېكتورىيە پاسونىدا سېلىنغان تورۇسى ئېگىز، چىرايلىق ئۆيۈم بار. ئايالىم بىلەن مۇناسىۋىتىمىزمۇ ياخشى. ئىستىقبالى پارلاق بولغان يېزىقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. مېنى ياخشى كۆرىدىغان قېيىنئاتا، قېيىنئانام بار. ماڭا بۇنداق قاملاشمىغان ئىشنىڭ پەقەت لازىمى يوق!
— ئەلى تۇغماس ئىدى، — دېدى رەھىمخان.
— ياق، ئۇ ئۇنداق ئەمەس. ھەسەن سەنۇبەر بىلەن ئەلىنىڭ ئوغلى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھەسەن ئۇلارنىڭ...
— ياق، ھەسەن ئۇ ئىككىسىدىن بولغان بالا ئەمەس، ئامىر.
— ئۇنداق بولسا ھەسەن كىمنىڭ بالىسى؟
— مېنىڭچە، سەن ھەسەننىڭ كىمدىن بولغىنىنى بىلىسەن.
مەن خۇددى ئېگىز قىيادىن يىقىلىپ كېتىپ، چاتقاللارغا ئىلىنىپ قېلىپ، تىكەنلەر بەدىنىمگە سانجىلىپ، دومىلاپ چۈشۈۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ئۆي چۆرگىلەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.
— ھەسەن بىلەمدۇ؟ — ئىختىيارسىز سورىدىم مەن. ئەمەلىيەتتە كالپۇكلىرىمنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتىم. رەھىمخان كۆزىنى يۇمۇپ، بېشىنى چايقىدى، — سەنلەر ھارامدىن بولغانلار، — دېدىم مەن پىچىرلاپ، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، — خۇدا ئۇرغان ھارامدىن بولغانلار! ھەممىڭ، ھەممىڭ، بىر ئوچۇم ھارامدىن بولغان يالغانچىلار!

— ئورنۇڭدا ئولتۇرۇۋال، — دېدى رەھىمخان.

— سەنلەر نېمىشقا بۇ ئىشنى مەندىن، ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدىم يەنە.

— سەن ئويلاپ باق، ئامىرجان. ئۇ بىر شەرمەندە ئىش، كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشى تۇرغان گەپ. ئۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ھۆرمەتكە، نام - ئاتاقا سازاۋەر ئادەم تۇرسا. ئەگەر كىشىلەر سۆز - چۆچەك قىلسا... بىز باشقىلارغا ئېغىز ئاچالمايتتۇق. بۇنى سەن پەرەز قىلالايسەن.

ئۇ يېقىن كېلىپ، ماڭا قولىنى سوزدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتىم - دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدىم.

— ئامىرجان، كەتمىگىن.

مەن ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا قايرىلىپ قارىدىم:

— نېمىشقا؟ سەن ماڭا نېمە دېيەلەيسەن؟ مەن ئوتتۇز سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئاندىن پۈتۈن ھاياتىمنىڭ بىر ئىپلاس يالغانچىلىققا چىرماشقانلىقىنى بىلدىم. سەن ماڭا بۇ ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىرنەرسە دېيەلەمسەن؟ ھېچ نەرسە ! سەن ھېچ نەرسە دېيەلمەيسەن !

مەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا، سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

# ئون سەككىزىنچى باب

قۇياش ئولتۇرۇشقا باشلاپ، ئاسمان بىنەپشە ۋە قىزىل رەڭلىك شەپەق نۇرىغا چۆمگەنىدى. مەن تىقما ـ تىقماق تار كوچىنى بويلاپ، رەھىمخانىنىڭ ئۆيىدىن يىراقلىدىم. بۇ تار كوچىدا پىيادىلەرمۇ، ۋېلىسىپىتلىكلەرمۇ ۋە موتورلۇق مەپىلەرمۇ بار ئىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە كوكاكولا ۋە تاماكىلارنىڭ ئېلانى يېزىلغان تاختايلار ئېسىلغانىدى. يەنە كۆزدىن ئوت چىقارغۇدەك قىز ئارتىسلار بىلەن قارامتۇل كەلگەن قامەتلىك يىگىتلەرنىڭ گۈللۈكلەردە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن لوللىۋۇد ① كىنولىرىنىڭ ئېلانلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

مەن ئىس بىلەن تولغان بىر كىچىك چايخانىغا كىرىپ، بىر ئىستاكان چاي بۇيرۇتتۇم. قاتلانما ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، يۈزلىرىمنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدىم. كۆڭلۈمدىكى خۇددى چوڭقۇر ھاڭغا سىيرىلىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنگەن بايىقى ھېسسىيات ئەمدىلىكتە بارغانسېرى سۇسلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا بىر خىل ھېسسىيات ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش خۇددى بىر ئادەم سەھەردە ئويغىنىپ، تۇساتتىن ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ كەيپىياتى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىغا ئوخشايتتى.

---

① لوللىۋۇد ــ پاكىستاننىڭ لاخېر كىنوچىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مېنىڭ كۆزۈم نېمە ئۈچۈن كۆرمىگەندۇ؟ ئۇ سىرلارنىڭ بەلگىسى ھەر زامان كۆز ئالدىمدا بار ئىكەنغۇ؟ ئەمدى شۇ چاغدىكى ئىشلار قايتىدىن بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى: دادام ھەسەننىڭ توشقان كالپۇكىنى داۋالىتىش ئۈچۈن كومار دوختۇرنى تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ ھېچقاچان ھەسەننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. بىز ھويلىدا كوركۇمىگۈلى تېرىۋاتقىنىمىزدا، دادامغا ئۆيگە يېڭى خىزمەتكار ئېلىشنى ئويلىشىپ بېقىشنى ئېيتقىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. دادام دەرھال ماڭا: «ھەسەن ھېچنەگە بارمايدۇ. بىز بىلەن بىللە مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئۆيگە مەنسۇپ، ئۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسى» دېگەنىدىغۇ؟ ئەلى ھەسەننى باشلاپ كۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، دادام ئۆكسۈپ يىغلىغانىدى...

كۈتكۈچى ئۈستەلگە بىر ئىستاكان چاي ئەكىلىپ قويدى. ئۈستەلنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ X شەكلىدە كېسىشكەن يېرىدە، چۆرگىلىتىپ مىخلانغان، باشلىرى ياڭاق چوڭلۇقىدىكى بىر توپ يۇمىلاق مىس مىخنىڭ بىرى بوشاپ قالغانىكەن. مەن ئېڭىشىپ قولۇمنى سوزۇپ تۇرۇپ ئۇ مىخنى چىڭىتىپ قويدۇم. مەن ئۆزۈمنىڭ ھاياتىدىكى كېلىشمەسلىكلەرنى ئەنە شۇنداق ئاسانلا ئوڭشاپ قويالىغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ مەن ئىچىپ باقمىغىلى ئۇزاق زامانلار بولغان، قېنىق دەملەنگەن قارا چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، سۈرەييە، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانام ۋە تېخى يېزىپ پۈتكۈزۈپ بولالمىغان رومانىم توغرۇلۇق خىيال سۈرۈشكە تىرىشتىم. كوچىدىكى قىستاڭچىلىقلارغا، دۇكانلارغا ئالدىراش كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ئادەملەرگە دىققىتىمنى بەرمەكچى بولدۇم. يېنىمدىكى ئۈستەلگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان رادىيودىن چىقىۋاتقان قالىۋالى مۇزىكىسىغا قۇلاق سالماقچى بولدۇم. لېكىن، دادامنىڭ مېنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى بولغان كۈنى قاۋاقخانىدىن قايتىپ كېلىپ، ماڭا سوۋغا قىلغان «فورد» ماركىلىق ماشىنىنىڭ ئىچىدە تېنىدىن يىڭنە پۇراپ ئولتۇرۇپ:

«ھەسەن بۇگۇن بىز بىلەن بىللە بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە !» دېگەنلىرى كۆز ئالدىمدا قايتا ـ قايتا پەيدا بولاتتى.

ئۇ شۇنچە ئۇزاق يىللار جەريانىدا ماڭا قانداقمۇ يالغان سۆزلىگەندۇ؟ ھەسەنگىچۇ؟ كىچىك ۋاقتىمدا ئۇ مېنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ: «دۇنيادا پەقەت بىرلا گۇناھ بار. ئۇ بولسىمۇ ئوغرىلىق... سەن يالغان سۆزلىسەڭ، باشقىلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش ھوقۇقىنى ئوغرىلىغان بولىسەن» دېگەنىدى. ئۇ ماڭا شۇنداق دېگەنىدىغۇ؟ ئەمدىلىكتە، ئۇنى يەرگە كۆمۈپ قويۇپ ئون بەش يىلدىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى، ئوغرى بولغاندىمۇ ئەڭ ئەشەددىي ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوغرىلىغانلىرى ئۇلۇغ نەرسىلەر ئىدى: ئۇ مېنىڭ بۇ دۇنيادا بىر قېرىنداشىمنىڭ بارلىقىنى بىلىش ھوقۇقۇمنى ئوغرىلىدى. ھەسەندىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىش ھوقۇقىنى ئوغرىلىدى. ئەلىدىن بولسا ئۇنىڭ شان ـ شەرىپىنى، ئىپپەت ـ نومۇسىنى، غۇرۇرىنى ئوغرىلىدى.

سوئاللار كاللامغا توختىماستىن مۆلدۈردەك تۆكۈلمەكتە ئىدى: دادام ئەلىنىڭ كۆزلىرىگە قانداقمۇ قارىيالىغاندۇ؟ ئەلى ئۆزىنىڭ خوجىسىنىڭ ئۇنى بىر ئافغان ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ ئەشەددىي يول بىلەن دەپسەندە قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئاشۇ ئۆيدە قانداقمۇ تۇرالىغاندۇ؟

ئەمدى مەن دادامنىڭ ھازىرقى ئوبرازى بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى كاللامغا ئورناپ كەتكەن بۇرۇنقى ئوبرازىنى قانداقمۇ بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرالايمەن؟ ئۇنىڭ جىگەر رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، تاھىرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا دەلدەڭشىپ بېرىپ، سورەيىيەگە ئەلچى بولغان ئوبرازىنى قانداقمۇ توساتتىن پەيدا بولغان بۇ ئوبراز بىلەن بىر يەرگە ئەكىلەلەيمەن؟ مېنىڭ يېزىقچىلىق دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىمنىڭ «ئالا

ئىنىكىنىڭ بالىسى چار قويرۇق» دېگەن تەمسىلنى مازاق قىلغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ ھەقىقەت، شۇنداقمۇ؟ ئەمدىلىكتە، دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە نەقەدەر ئوخشايدىغانلىقىمىز تېخىمۇ ئېنىق بولدىغۇ؟ ھەر ئىككىمىز بىز ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان ئىنسانلارغا خائىنلىق قىلدۇق. مەن رەھىمخاننىڭ مېنى بۇ يەرگە چاقىرتىپ كېلىشىدىكى سەۋەب، پەقەت ئۆزۈمنىڭ گۇناھلىرىمنى يۇغۇزۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دادامنىڭمۇ گۇناھلىرىنى يۇغۇزۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

رەھىمخان مېنىڭ ئۆزۈمگە ناھايىتى قاتتىق قول ئىكەنلىكىمنى ئېيتقاندا، مەن ئانچە قوشۇلمىغانىدىم. توغرا، مەن ئەلىنى يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن مىناغا دەسسەتمىدىم. تالىبانىنى ئۆيگە باشلاپ كېلىپ، ھەسەننى ئاتقۇزمىدىم. لېكىن، مەن ھەسەن بىلەن ئەلىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتىم. ئەگەر مەن شۇنداق قىلمىغان بولسام، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ باشقىچە بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش بىمەنىلىكمۇ؟ بەلكىم دادام ئۇلارنى بىز بىلەن بىللە ئامېرىكىغا ئەكېتەر ئىدى. ھەسەننىڭ ھەزارا ئىكەنلىكى بىلەن كارى يوق ياكى ھەزارانىڭ كىملىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان ئاشۇ دۆلەتتە ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆيى، خىزمىتى ۋە ئائىلىسى بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدىغۇ؟

مەن رەھىمخانغا كابۇلغا بارالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئامېرىكىدا خوتۇنۇم، ئۆيۈم، خىزمىتىم، ئائىلەم بار. لېكىن، مېنىڭ ئاشۇ قىلغانلىرىمنىڭ ھەسەننى مەندە بار نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغانلىق ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، مەن قانداقمۇ يوك - تاقىمنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتالايمەن؟

رەھىمخان مېنى چاقىرمىغان بولسا، ئۆتمۈشتە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەيلا قالغان بولسام ياخشى بولار ؟ ؟ ەن. لېكىن، ئۇ مېنى چاقىرىپ ئەكەلدى. ئۇنىڭ ماڭا

ئاشكارىلىغان سىرلىرى ھەممىنى ئۆزگەرتتى. 1975 - يىلىدىن بۇرۇنقى ھاياتىمىنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ھەزارا ئايال مېنى ئەمدۇرگەن ۋاقىتتىن بۇيانقى ھاياتىمغا يېزىلغان يالغانچىلىقلارنى، ساتقۇنلۇقلارنى، سىرلارنى ئاڭلاتتى. ماڭا: «ئەگەر گۇناھىڭنى يۇياي دېسەڭ، ساڭا يەنىلا پۇرسەت بار» دېدى.

ئەمدى ھەسەننىڭ پۇشتىدىن بولغان ئاشۇ يېتىم بالا ئارقىلىق بۇ قايتىلىنىدىغان تارىخ چاقپەلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى توختىتىدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى.

مەن موتورلۇق مەپىدە ئولتۇرۇپ، رەھىمخاننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. دادامنىڭ دېيىشىچە، ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك جەڭلەرنى دائىم باشقىلار مەن ئۈچۈن قىلىپ بېرىدىكەن. مەن ئوتتۇز سەككىز ياشقا كىردىم. چاچلىرىم شالاڭلاپ، ئاقىرىشقا باشلىدى. تېخى يېقىندا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىغا قورۇق چۈشۈشكە باشلىغانلىقىنى بايقىغانىدىم. گەرچە مەن ياشتا چوڭ بولغان بولساممۇ، ئۆزۈمنىڭ كۇرەشلىرىمنى ئۆز ئۇستۇمگە ئالغۇدەك دەرىجىدە چوڭ بولمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. دادام نۇرغۇن ئىشلاردا ماڭا يالغان سۆزلىگەن بولسىمۇ، بۇ نۇقتىغا كەلگەندە ھەرگىز يالغان سۆزلىمىگەنىدى.

مەن سۇرەتتىكى يۇمىلاق كەلگەن چىرايغا يەنە بىر قېتىم نەزەر سالدىم. ئاشۇ چىراي مېنىڭ ئۆز قېرىندىشىمنىڭ چىرايى ئىدى. ھەسەن مېنى ياخشى كۆرگەن، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئورنىنى مەڭگۈ باسالمايدىغان ھالدا ياخشى كۆرگەنىدى. گەرچە ئۇ كەلمەسكە كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى تېخىچە ھايات ئىدى.

ئۇ كابۇلدا ساقلاپ تۇراتتى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كىرگىنىمدە، رەھىمخان ئۆيىنىڭ بىر

بۇلۇڭدا ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ قاراڭغۇدا قىپقىزىل ئاسمانغا قاراپ سەجدە قىلىپ تۇرغان ھالىتى خۇددى بەدىنىنىڭ ئايلانمىسى سىزىلىپ ئىچى توشتۇرۇلمىغان تېز سىزما رەسىمگە ئوخشايتتى. مەن ئۇنى ناماز ئوقۇپ بولغۇچە ساقلىدىم. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كابۇلغا بارماقچى بولغانلىقىمنى، ئەتە سەھەردە كالدۋېل ئائىلىسىگە تېلېفون قىلىپ قويۇشىنى ئېيتتىم.

— مەن سەن ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن، ئامىرجان، — دېدى رەھىمخان.

# ئون توققۇزىنچى باب

ماشىنىدا ئولتۇرۇپ يەنە بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىشقا باشلىدى. بىز «قايبەر ئۆتكىلى سىزنى قارشى ئالىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان، ئوق تېگىپ ئۆتمەتۆشۈك بولۇپ كەتكەن تاختاي يېنىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئېغىزىمغا سېرىقسۇ يىغىلىشقا باشلىغانىدى. ئاشقازىنىمنىڭ ئىچىدە بىرنەرسە مىدىرلاپ، تولغىنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شوپۇر فەرىد ماڭا سوغۇق قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچبىر ھېسداشلىق ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى.

— دېرىزە ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋەتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ماشىنىنىڭ رولىنى تۇتقان سول قولىنىڭ ساق قالغان ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇردى. كۆزىنى يولغا تىككىنىچە ئالدىغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئوڭ قولىنى پەسكە سوزۇپ، پۇتىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئەتۋىركىنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئەتۋىركىنىڭ ئۇچىنى ماشىنىنىڭ ئىشىكىدىكى دېرىزە ئەينىكىنى كونترول قىلىدىغان تۇتقۇچنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ تولغاپ دېرىزە ئەينىكىنى پەسكە چۈشۈردۈم. فەرىد ماڭا ياراتمىغاندەك قىلىپ يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. بۇ قاراشلارغا بىر خىل ئۆچمەنلىك يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ يەنە تاماكىسىنى چېكىشكە باشلىدى. بىز جامرۇد پورتىدىن يولغا چىققاندىن بۇيان ئۇ ماڭا پەقەت بىرنەچچە ئېغىزلا سۆز قىلغانىدى.

— رەھمەت، — دېدىم مەن بوغۇق ئاۋازدا.

مەن چۈشتىن كېيىنكى سالقىن شامالدىن نەپەسلىنىش ئۈچۈن بېشىمنى دېرىزىدىن چىقىرىپ تۇردۇم. قايبەر ئۆتكىلىدىكى تىك قىيالار ئارىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ زېمىنلىرى خۇددى مەن 1974 - يىلى دادام بىلەن بىللە ماشىنا ھەيدەپ ئۆتكىنىمىزدە كۆرگەنلىرىم بىلەن ئوخشاش ئىدى. ھەممە يەر چوڭقۇر جىلغا ۋە ھەرە چىشىغا ئوخشايدىغان ئېگىز چوققىلار ئىدى. بەزىدە قىيالارنىڭ ئۈستىدە لاي بىلەن سۇۋالغان تاملىرى ئۇپراپ كەتكەن قەدىمكى قەلئەلەر كۆزگە چېلىقىپمۇ قالاتتى. مەن كۆزلىرىمنى شىمال تەرەپتىكى قار بىلەن قاپلانغان ھىندۇقۇش تاغلىرىغا تىكىپ، كەيپىياتىمنى سەل ئوڭشىماقچى بولدۇم. ھالبۇكى، ماشىنا ھەربىر ئايلانمىدىن ئۆتكەندە، كۆڭلۈم چىدىغۇسىز ئېلىشىپ، ئاشقازىنىم تېخىمۇ بىئارام بولاتتى.

— لىمون يەپ بېقىڭ.

— نېمە؟

— لىمون كۆڭۈل ئېلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، — دېدى فەرىد، — مەن ھەر قېتىم مۇشۇ يولغا سەپەرگە چىققىنىمدا، بىر لىمون ئېلىۋالىمەن.

— ياق، بولدى رەھمەت، — دېدىم مەن. لىموننىڭ چۈچۈك تەمىنى ئويلاپ، كۆڭلۈم تېخىمۇ ئېلىشىشقا باشلىدى. فەرىد مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلدى.

— مەن بىلىمەن، ئۇ ئامېرىكىنىڭ دورىلىرىدەك قالتىس كۈچلۈك ئەمەس. ئۇ پەقەت ئانامدىن ئۆگىنىۋالغان كونا ئامال.

مەن ئۇنىڭ بىلەن ئازراق چىقىشىۋالىدىغان پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمغا سەل ئۆكۈندۈم.

— ئۇنداق بولسا ماڭا ئازراق بەرسىڭىز بولغۇدەك.

ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا قولىنى ئۇزىتىپ قەغەز خالتىدىن بىر لىموننى ئالدى. ئاندىن ئۇنى پارچىلاپ، يېرىمىنى ماڭا سۇندى. مەن ئۇنى بىرنەچچە مىنۇت چىشلەپ تۇرغاندىن كېيىن:

— توغرا ئېيتىپسىز. خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدىم، — دېدىم. ئەمەلىيەتتە يالغان سۆزلىگەندىدىم. بىر ئافغان بولۇش سۈپىتىم بىلەن زىيان تارتساممۇ كۆڭۈل ئاياشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. مەن زورىغا كۈلۈمسىرىدىم.

— بۇ ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان ئۇسۇل. ھەشەمەتلىك دورىلارنىڭ بىزگە لازىمى يوق، — دېدى ئۇ. ئاۋازىدىن بىر خىل قوپاللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى بىر بارمىقى بىلەن يېنىككىنە چېكىپ كۈلىنى چۇشۇردى - دە، ماشىنىنىڭ ئارقا تەرەپنى كۆرسىتىدىغان ئەينەككە مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ تاجىك مىللىتىدىن بولۇپ، بويى ئېگىز، مۇرىلىرى تار كەلگەن، ئورۇق كىشى ئىدى. يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، ئۇزۇن بوينىدىكى بوغدىيىكى ئۇ پەقەت كەينىگە قايرىلىپ قارىغاندىلا، ئاندىن ساقاللىرىنىڭ ئاستىدىن كۆرۈنەتتى. ئۇمۇ قېلىن كىيىنگەن بولسىمۇ، كىيگەن كىيىملىرىمىز تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۇچىسىغا كۈل رەڭ كۆڭلەك بىلەن جىلىتكە كىيىۋالغان، ئۈستىدىن يىرىك توقۇلغان يۇڭ ئەدىيالنى يۆگىۋالغانىدى. بېشىغا قوڭۇر رەڭلىك تۇماقنى بىر يېقىغا قىڭغايتىپ كىيىۋاپتىكەن، تاجىكلارنىڭ «پانشەر[1] ئارسلانى» دەپ نام ئالغان قەھرىمانى ئەھمەد شاھ مەسئۇدقا ئوخشاپلا قاپتۇ.

رەھىمخان فەرىدنى ماڭا پەشاۋەردە تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، فەرىد يىگىرمە توققۇز ياشقا كىرىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىق چىقىپ تۇرىدىغان، قورۇق باسقان چىرايىدىن ماڭا ئاز دېگەندە قىرىق توققۇز ياشقا كىرگەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ مازارى شارىفتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بولۇپ، ئون ياشقا كىرگەندە دادىسى پۈتۈن ئائىلىسىنى جالالئاباداقا كۆچۈرۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ ئون تۆت ياشقا كىرگەن

---

[1] پانشەر — ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جىلغا.

يىلى دادىسى بىلەن بىللە رۇسلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانىكەن. ئۇلار پانىشەر جىلغىسىدا جەڭ قىلىپ ئىككى يىل بولغاندا، تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن ئېتىلغان ئوق دادىسىنى هاياتىدىن ئايرىپتۇ. فەرىدنىڭ هازىر ئىككى خوتۇنى، بەش بالىسى بار ئىكەن.

— ئۇنىڭ ئەسلىدە يەتتە بالىسى بار ئىدى، — دېگەنىدى رەهىمخان مەيۇسلەنگەن هالدا، — لېكىن، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا جالالئابادنىڭ سىرتىدا يەرگە كۆمۈلگەن مىنا پارتلاپ، ئۇنىڭ ئىككى كىچىك قىزى ۋاپات بوپتۇ. ئەنە شۇ پارتلاشتا ئۇ پۇتلىرىنىڭ هەممە بارماقلىرىدىن ۋە سول قولىنىڭ ئۈچ بارمىقىدىن ئايرىلىپتۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇ خوتۇن-بالىلىرىنى باشلاپ پەشاۋەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ.

— تەكشۈرۈش پونكىتىغا كەلدۇق، — دېدى فەرىد بوغۇق ئاۋازدا. مەن ئۆزۈمنىڭ كۆڭۈل ئېلىشىشىمنى ئۇنتۇپ، قوللىرىمنى كىرىشتۇرۇپ، ئولتۇرغان ئورنۇمدىن سەل پەسكىرەك سىيرىلدىم. بىراق، مەن بىكارلا ئەنسىرەپتىمەن. پاكىستانلىق ئىككى ئەسكەر بىزنىڭ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ماشىنىمىزغا يېقىن كېلىپ، ئېرەنشىمىگەن هالدا كۆز يۈگۈرتتى-دە، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ مېڭىۋېرىشىمىزگە رۇخسەت قىلدى.

فەرىد رەهىمخاننىڭ ئىككىمىزنىڭ سەپەر تەييارلىقى ئۈچۈن تۈزگەن تىزىملىكىمىزدە بىرىنچى بولۇپ يېزىلغانىدى. ئۇ تىزىملىكتە يەنە ئامېرىكا دوللىرىنى كالدار[1] ۋە ئافغان پۇلىغا ئالماشتۇرۇش، مەن ئافغانىستاندا تۇرغان ۋاقتىمدىمۇ كىيىپ باقمىغان ئافغانچە كىيىم بىلەن پاكول تەييارلاش، شۇنداقلا هەسەن بىلەن سوهرابنىڭ سۈرىتىنى ئېلىۋېلىشىم قاتارلىقلار يېزىلغانىدى. ئۇ تىزىملىكنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا ئەڭ مۇهىم بىر ئىش — مەيدەمگە چۈشۈپ تۇرغۇدەك قارا رەڭلىك يالغان ساقال

① كالدار — پاكىستاننىڭ پۇل بىرلىكى.

تېپىش خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇ ساقال چوقۇم شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، ھېچبولمىغاندا تالىبانچە شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك ئىدى. رەھىمخان پەشاۋەردە ئاشۇنداق ساقال ياسىيالايدىغان بىر ئادەمنى تونۇيدىكەن. ئۇ كىشى بەزىدە ئۇرۇش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىدىغان غەربلىك مۇخبىرلارغىمۇ ئاشۇنداق يالغان ساقاللارنى ياساپ بېرىدىكەن.

رەھىمخان پىلانىمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، مېنى يېنىدا بىرنەچچە كۈن ئۇزاقراق تۇرۇشقا زورلىدى. لېكىن، مەن بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ پىلانىمنى ئۆزگەرتىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيتتىم. قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلىپ، قايتا خىيال قىلىپ، ئازابلىنىپ، تۇرلۇك سەۋەبلەرنى تېپىپ، ئاخىرىدا ئافغانىستانغا بېرىش نىيىتىمدىن يالتىيىپ قېلىشىمدىن قورققانىدىم. ئامېرىكىدىكى تۇرمۇشۇمنىڭ مېنى تارتىپ كېتىشىدىن، ئۆتمۈشۈمنى ئۇنتۇلدۇرغان ئاشۇ بۈيۈك دەرياغا قايتىدىن چۆكۈپ، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يېڭىدىن ئۆگەنگەن نەرسىلىرىمنى سۇنىڭ ئاستىغا چۆكتۈرۈۋېتىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەنىدىم. سۇ ئېقىنلىرىنىڭ مېنى ئېقىتىپ، ئۆزۈم قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمدىن، ھەسەندىن، مېنى چاقىرىپ كەلگەن ئۆتمۈشۈمدىن، شۇنداقلا ئۆزۈمنى قۇتقۇزىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پۇرسەتتىن يىراقلارغا ئەكىتىشىدىن قورققانىدىم. شۇڭا، ئاشۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ بىرەرى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن پەشاۋەردىن ئايرىلدىم. سۇرەييەگە ئۆزۈمنىڭ ئافغانىستانغا بارماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتىشىمنىڭ ھېچبىر ئورنى يوق ئىدى. ئەگەر شۇنداق قىلسام، ئۇ پاكىستانغا دەرھال ئۇچۇپ كېلەتتى.

بىز چېگرادىن ئۆتكەندىن كېيىن نامراتلىقنىڭ ئىزلىرى ھەممە يەردە نامايان بولۇشقا باشلىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كىچىك يېزىلارنىڭ قالدۇقلىرى

خوددى تاشلارنىڭ ئارىسىغا تاشلىنىۋەتكەن ئويۇنچۇقلاردەك كۆزگە چېلىقاتتى. تاملىرى ئۆپراپ كەتكەن ئەنجان تاملىق ئۆيلەر ۋە تۆت تال تۈۋرۈك بىلەن بىر پارچە بىرىبېزىنتتىن ياسالغان كەپىلەر ھەممە يەردە دېگۈدەك ئۇچرايتتى. كەپىلەرنىڭ ئەتراپىدا ياماق چۈشكەن كىيىملەرنى كىيگەن بالىلار پۇتبول ئويناۋاتاتتى. بىرنەچچە كىلومېتىر يول ماڭغاندىن كېيىن، كۆيۈپ كەتكەن كونا رۇس تانكىسىنىڭ ئۈستىدە خۇددى قاغىلاردەك قونۇپ ئولتۇرۇشقان بىر توپ ئەرلەر كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۇلار ئۈستىگە ئارتىۋالغان ئەدىيالنىڭ ئۇچى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە قوڭۇر رەڭ چۈمبەل سېلىۋالغان بىر ئايال مۈرىسىدە يوغان بىر كۈپنى كۆتۈرۈپ، چىغىر يول بىلەن قاتار كەتكەن كەپىلەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

— غەلىتە ئىش، — دېدىم مەن.

— نېمە بولدى؟

— مەن ئۆز ۋەتىنىمدە ئۆزۈمنى خۇددى ساياھەتچىدەك ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدىم يول بويىدا ئوندەك ئورۇق ئۆچكىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر پادىچى بالىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

فەرىد دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە تاشلىدى:

— سىز تېخىچە بۇ يەرنى ئۆز ۋەتىنىم دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسىز؟

— كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدىن شۇنداق ئويلايمەن، — دېدىم ئۆزۈمنى ئاقلاپ.

— يىگىرمە يىل ئامېرىكىدا ياشاپ تۇرۇپ؟ — دېدى ئۇ. ئارقىدىن يول ئۈستىدىكى توپ چوڭلۇقىدىكى بىر ئورەكتىن ماشىنىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن رولنى تېزلىكتە يان تەرەپكە بۇرىدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— مەن ئافغانىستاندا چوڭ بولغان.

فەرىد يەنە بىر قېتىم دىمىقىدا كۇلۇپ قويدى.

— سىز نېمىشقا ئۇنداق كۇلىسىز؟ — سورىدىم مەن.

— ھېچنېمىگە، — غوتۇلدىدى ئۇ.

— ياق، سەۋەبىنى دەپ بېرىڭ. سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دىمىقىڭىزدا كۇلىسىز؟

ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ توساتتىن چاقناپ كەتكىنىنى كۆردۈم.

— سىزنىڭ راستتىنلا بىلگۈڭىز بارمۇ؟ — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۇلۈپ تۇرۇپ، — قېنى، مەن بىر پەرەز قىلىپ باقاي، ساھىب ئاغا. سىز بەلكىم ئارقا ھويلىسى گۈل - گىياھلار، مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىككى ياكى ئۈچ قەۋەتلىك چوڭ ئۆيدە ياشىغانسىز. ئەلۋەتتە چوڭ دەرۋازىسى بار. دادىڭىز ئامېرىكىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۆيۈڭلەردە بەلكىم ھەزارا خىزمەتكارلىرىڭلار بولغان. ئاتا - ئانىڭىز ئۆيىڭىزدە ئۆتكۈزۈلگەن ئولتۇرۇشلار ئۈچۈن ئىشلەمچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، مېھمانخانا ئۆيلىرىڭىزنى تازا ئېسىل بېزەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دوستلىرى ئىچىملىكلىرىنى ئىچكەچ، ياۋروپاغا ياكى ئامېرىكىغا قىلغان سەپەرلىرى توغرۇلۇق پو ئېتىشقان. مەن تۇنجى ئوغلۇمنىڭ كۆزىنى دوغا تىكىمەنكى، بۇ چوقۇم سىزنىڭ بىرىنچى قېتىم پاكول كىيىشىڭىز، — ئۇ قارىداپ كەتكەن چىشلىرىنى چىقىرىپ مەسخىرىلىك كۇلدى، — قانداق، توغرا پەرەز قىلدىممۇ؟

— سىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز؟ — سورىدىم مەن.

— چۈنكى، سىزنىڭ بىلگۈڭىز بار ئىكەن، — دېدى ئۇ تۇكۇرۇكىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ. ئۇ ئوت - چۆپ قاچىلانغان يوغان تاغارنى دۈمبىسىگە ئارتىپ، توپا يولدا ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان جۇل - جۇل كىيىملىك بوۋاينى ئىشارەت قىلدى، —

مانا بۇ ھەقىقىي ئافغانىستان، ساھىب ئاغا. مەن بىلىدىغان ئافغانىستان. سىز ئەزەلدىن بۇ يەرگە مېھمان، لېكىن ئۆزىڭىز ئۇنى ھېس قىلمىغان گەپ.

رەھىمخان مېنى ئافغانىستاندا قېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشقانلاردىن ياخشى مۇئامىلە كۈتمەسلىك توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرغانىدى.

— دادىڭىزنىڭ ۋاپاتىغا، قىزلىرىڭىزنىڭ ۋاپاتىغا، سىزنىڭ قولىڭىزغا كۆڭلۈم يېرىم بولدى.

— بۇنداق قۇرۇق سۆزلىرىڭىزنى قويۇڭ، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — سىز بۇ يەرگە زادى نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭىز؟ دادىڭىزنىڭ يەرلىرىنى ساتقىلىمۇ؟ پۇلنى چۆنتەككە سېلىپ ئامېرىكىدىكى ئانىڭىزنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكىلىمۇ؟

— مېنىڭ ئانام مېنى يەڭگەندە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن.

ئۇ چوڭقۇر تىن تارتىپ، تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى، لېكىن ئۇن چىقارمىدى.

— ماشىنىنى توختىتىڭ.

— نېمە قىلىسىز؟

— مەن سىزگە ماشىنىنى توختىتىڭ دەۋاتىمەن! — دېدىم مەن، — مەن بولالمىدىم.

ماشىنا يول بويىدىكى شېغىل تاش ئۈستىدە توختىشىغا ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم.

كەچكە يېقىن، يول بويىدىكى قاقاس تاغ - چوققىلارنىڭ ئورنىنى سەل يېشىللىق يۈگۈرگەن يېزا مەنزىرىسى ئىگىلەشكە باشلىدى. يولىمىز لاندى قوتالدىن باشلىنىپ، شىنۋارى تېررىتورىيەسىدىن ئۆتۈپ لاندى قاناغا تۇتىشاتتى. بىز تورقام ئارقىلىق ئافغانىستانغا كىردۇق. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قارىغايلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇپ كەتكەنىدى. قايبەر ئۆتكىلى ئەتراپىدىكى قاقاسلىقتا ئۇزۇن يول ماڭغاندىن كېيىن بۇ

يېشىللىقنى كۆرۈش ئادەمنى خېلىلا خۇشال قىلاتتى. بىز جالالئابادقا ئاز قالغانىدۇق. ئۇ يەردە فەرىدنىڭ ئاكىسى بىزنى ئۆيىدە بىر كېچە قوندۇرماقچىدى.

بىز جالالئابادقا يېتىپ كەلگىنىمىزدە، قۇياش تېخى تولۇق ئولتۇرمىغانىدى. جالالئاباد شەھىرى نانگارھار ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تاتلىق مېۋىلىرى ۋە ئىللىق ھاۋاسى بىلەن داڭلىق ئىدى. بۇ يەردىكى پالما دەرەخلىرىمۇ مەن كۆرگەندىكىدىن ئازلاپ كەتكەن، بەزى ئۆيلەر خىش دۆۋىسىگە ئايلانغانىدى.

بىز بىر تار توپا يولغا قايرىلدۇق. فەرىد ماشىنىنى سۈيى قۇرۇپ كەتكەن بىر ئۆستەڭنىڭ يېنىدا توختاتتى. مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، پۇت - قوللۇمنى سوزۇپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدىم. ئىلگىرى جالالئابادنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلاردىكى شېكەر قومۇشلاردىن تارقالغان مەززىلىك پۇراق پۈتۈن شەھەرنى بىر ئالاتتى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئاشۇ مەززىلىك پۇراقلارنى ئىزدىدىم. لېكىن، ئۇنداق پۇراقنى ھېس قىلالمىدىم.

— ماڭايلى، — دېدى فەرىد.

بىز ئەگرى - توقاي چىغىر يوللاردىن مېڭىپ، ئۆرۈلۈپ كەتكەن تاملارنىڭ يېنىدىكى بىرنەچچە توپ ئاق تېرەكنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. ئۇ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتكەنىدى. فەرىد مېنى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن بىر ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ، ياغاچ ئىشىكنى قاقتى.

ئاق رومال ئارتقان، كۆك كۆزلۈك ياش بىر ئايال ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ دەرھال ئارقىسىغا داجىدى - يۇ، فەرىدنى كۆرۈپلا كۆزلىرى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، فەرىد ئاغا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەريەمخان، — دېدى فەرىد. ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بېرى بولۇت قاپلاپ تۇرغان چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈردى. فەرىد ئۇ ئايالنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئۇ ئايال

ئارقىسىغا داجىپ تۇرۇپ، بىزگە يول بەردى. مەن فەرىدنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئۆيگە كىرگۈچە، ئۇ ئايال ماڭا بىر خىل ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇردى.

ئۆينىڭ تورۇسى پاكار، تاملىرى لاي بىلەن سۇۋالغان، ئۆي ئىچىنى پەقەت بۇلۇڭدىكى بىر جۇپ پەنەرلا يورۇتۇپ تۇراتتى. بىز ئاياغلىرىمىزنى سېلىپ، يەرگە سېلىنغان بورىنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق. تامنىڭ يېنىدىكى يىپلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئەديالنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىدە ئۇچ ئوغۇل بالا چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. مۇرىلىرى كەڭ، بويى ئېگىز، ساقاللىق بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە سالام بەردى. ئۇ ئادەم فەرىد بىلەن بىر - بىرىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ۋاھىد بولۇپ، فەرىد ئۇنى ماڭا ئاكام دەپ تونۇشتۇردى.

— بۇ كىشى ئامېرىكىدىن كەلگەن، — دېدى ئۇ ۋاھىدقا باش بارمىقى بىلەن مېنى ئىشارەتلەپ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى ماڭدى.

ۋاھىد ئىككىمىز بالىلارنىڭ قارشىسىدىكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇق، بالىلار فەرىدنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىۋالغانىدى. ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، مېنىڭ راھەت ئولتۇرۇشۇم ئۈچۈن، ۋاھىد ئوغۇللارنىڭ بىرىگە يەنە بىر ئەديال ئەكىلىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن مەريەمنى چاي ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ يەنە پەشاۋەر ۋە قايبەر ئۆتكەللىرىدىن قانداق ئۆتكەنلىكىمىزنى سورىدى.

— سىلەر قاراقچىلارغا ئۇچراپ قالمىغانسىلەر - ھە، ئىنشائاللا، — دېدى.

قايبەر ئۆتكىلى ئۆزىنىڭ يەر شەكلىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەنلا داڭلىق بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇ يەردىكى قاراقچىلار بىلەنمۇ داڭلىق ئىكەن، ئۇلار ئۇ ئۆتكەلنىڭ پايدىلىق جۇغراپىيەلىك شارائىتىدىن پايدىلىنىپ يولۇچىلارنى بۇلايدىكەن. ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ، يۇقىرى

ئاۋاز بىلەن ئېيتتى:

— ئەلۋەتتە قانداق قاراقچى مېنىڭ ئىنىمنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن سەت ماشىنىسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاۋارە قىلىدۇ دەيسىز، — دېدى.

فەرىد ئوغۇللارنىڭ ئەڭ كىچىكى بىلەن چىرمىشىپ، ئۇنى يەرگە ياتقۇزدى - دە، ساق قولى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى قىچىقلىدى. ئۇ بالا يەرنى تېپىپ توختىماي كۈلەتتى.

— مېنىڭ ئەبجەق بولسىمۇ ماشىنام بار، — دېدى فەرىد ھاسىراپ تۇرۇپ، — ئۆزۈڭنىڭ ئېشىكىڭگە قاراپ باققىنا.

— مېنىڭ ئېشىكىم سېنىڭ ماشىناڭدىن كۆپ ياخشى.

— ئېشەك مىنگەن ئادەم ئېشەك مىنىشنىڭ جاپاسىنى ئوبدان بىلىدۇ، — دېدى فەرىد دەرھال سۆز قايتۇرۇپ. ھەممەيلەن كۈلۈشتى. مەنمۇ قوشۇلۇپ كۈلدۈم. ياندىكى ئۆيدە ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئولتۇرغان جايدىن ئۇ ئۆينىڭ يېرىمىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ ئۆيدە مەريەم قوڭۇر رەڭلىك ھىجاپ كىيگەن ياشانغان بىر ئايال بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا پاراڭلاشقاچ، چۆگۈندىن چەينەككە چاي قۇيۇۋاتاتتى. ئۇ ياشانغان ئايال مەريەمنىڭ ئانىسى بولسا كېرەك.

— سىز ئامېرىكىدا نېمە ئىش قىلىسىز، ئامىر ئاغا؟ — دەپ سورىدى ۋاھىد.

— يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن، — دېدىم مەن. فەرىد پىخىلداپ كۈلدى.

— يازغۇچى؟ — دېدى ۋاھىد. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — سىز ئافغانىستان توغرۇلۇقمۇ يازامسىز؟

— ھىم... مەن بۇرۇن يازغان. لېكىن، يېقىندىن بۇيان يازمىدىم، — دېدىم مەن.

مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رومانىمنىڭ ئىسمى «قالدۇقلار پەسلى» بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئالىي مەكتەپ پروفېسسورىنىڭ خوتۇنىنى

ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتقان يەردىن تۇتۇۋالغانلىقى، شۇ ئىشتىن كېيىن سىگانلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلىنەتتى... كىتاب خېلى يامان ئەمەس يېزىلغانىدى، بەزىلەر ئۇنىڭغا «ياخشى كىتاب» دەپ باها بەرگەنىدى. كىتابىمنى يەنە «جەلپ قىلارلىق» دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى. لېكىن، تۇيۇقسىز ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل خىجىللىق قاپلىدى. كۆڭلۈمدە ۋاھىدنىڭ ئۇ كىتاب توغرۇلۇق سوراپ قالماسلىقىنى تىلىدىم.

— مېنىڭچە، سىز يەنە ئافغانىستان توغرۇلۇق يېزىڭ، — دېدى ۋاھىد، — تالىبانىنىڭ دۆلىتىمىزگە كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا بىلدۈرۈڭ.

— لېكىن ... مەن ئۇ تۈردىكى مەزمۇنلارنى يازىدىغان يازغۇچى ئەمەس.

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دېدى ۋاھىد خىجىل بولغاندەك يۈزلىرى سەل قىزىرىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۇلارنى ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز، ئەلۋەتتە. مېنىڭ سىزگە نېمە يېزىشىڭىز توغرۇلۇق پىكىر بېرىدىغانغا ھەققىم يوق...

بۇ چاغدا، مەريەم بىلەن يەنە بىر ئايال بىر جۈپ ئىستاكان بىلەن بىر چەينەكنى كىچىك پەتنۇسقا قويۇپ كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ، بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ، ئۇلارغا سالام بەردىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدىم مەن.

ئۇ ئايال ھىجاپ بىلەن يۈزىنىڭ تۆۋىنىنى يۆگەپ تۇرۇپ، ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئۇ ناھايىتى تۆۋەن ئاۋازدا.

بىز بىر - بىرىمىزنىڭ چىرايىغا قاراشمىدۇق. مەن ئۆرە تۇردۇم. ئايال ئىستاكانغا ھور چىقىپ تۇرغان چاينى قۇيۇپ، ئالدىمغا قويدى - دە، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىدىن ھېچبىر شەپە چىقارماستىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مەن ئورنۇمدا قايتا ئولتۇرۇپ، قاپقارا دەملەنگەن چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىدىم. ۋاھىد ئاخىر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، مەندىن:

— سىزنى ئافغانىستانغا نېمە باشلاپ كەلدى؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنداقلارنى ئافغانىستانغا نېمە باشلاپ كېلەتتى، جېنىم ئاكا؟ — دېدى فەرىد ماڭا مەنسىتمىگەن ھالدا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ.

— بولدى بەس ! — دېدى ۋاھىد ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلىدىغىنى ئوخشاش، — دېدى فەرىد، — يەرلىرىنى، ئۆيلىرىنى سېتىپ، پۇلنى ئەكىتىشىدۇ، ئامېرىكىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ پۇللىرىنى مېكسىكىغا ساياھەتكە بېرىشقا خەجلەيدۇ.

— فەرىد ! — دەپ ۋارقىرىدى ۋاھىد. ئۇنىڭ باللىرى، ھەتتا فەرىدمۇ چۆچۈپ قېتىپ قالدى.

— سەن ئەدەپ - ئەخلاق دېگەننى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم ! ئامىرجان بۈگۈن مېنىڭ مېھمىنىم. مەن سېنىڭ ماڭا بۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلىشىڭغا يول قويمايمەن !

فەرىد بىرنەرسە دېمەكچى بولدى - يۇ، بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، گېپىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇ تامغا كۈچ بىلەن يۆلىنىپ، ئاقساق پۇتىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئالماپ ئولتۇردى - دە، بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. ئۇنىڭ ئاچچىققا تولغان كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەنىدى.

— كەچۈرۈڭ، ئامىرجان، — دېدى ۋاھىد. — مېنىڭ ئىنىمنىڭ ئېغىزى كىچىكىدىن تارتىپلا كاللىسىدىن ئىككى چامدام ئالدىدا ماڭىدۇ.

— بۇ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ خاتالىقىم، — دېدىم مەن فەرىدنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىغا چىرايىمغا زورغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ. — بۇ گەپلەرنى مەن راستتىنلا كۆڭلۈمگە ئالمىدىم. ئەسلىدە مەن

ئۇنىڭغا ئافغانىستاندا قىلماقچى بولغان ئىشىمنى بۇرۇنراق چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. مەن بۇ يەرگە ئۆي - مۈلۈك ساتقىلى كەلگەن ئەمەس. مەن كابۇلغا بىر بالىنى ئىزدەپ بارماقچى بولۇۋاتىمەن.

— بىر بالىنى، — دېدى ۋاھىد سۆزۈمنى تەكرارلاپ.

— شۇنداق.

مەن كۆڭلىكىمنىڭ يانچۇقىدىن ھېلىقى سۈرەتنى چىقاردىم. ھەسەننىڭ سۈرەتتىكى چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمگە يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئازابلاندىم. مەن كۆزۈمنى سۈرەتتىن دەرھال قاچۇرۇپ، ۋاھىدقا قارىدىم. ئۇ سۈرەتنى تەپسىلىي كۆرۈپ، بىردەم ماڭا، بىر دەم سۈرەتكە كۆز يۈگۈرتتى.

— مۇشۇ بالىنى؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— بۇ بىر ھەزارا ئىكەن.

— شۇنداق.

— ئۇنىڭ سىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— ئۇنىڭ دادىسى مېنىڭ ھاياتىمدىكى بەكمۇ مۇھىم ئادەم ئىدى. سۈرەتتىكى كىشى شۇ. لېكىن، ئۇ ئالىلقاچان ئۆلۈپ كەتتى.

ۋاھىد كۆزىنى چىمچىقلاتتى.

— ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىزمۇ؟

كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدىن دادامنىڭ سىرىنى ساقلىماقچى بولۇپ «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرمەكچى بولدۇم - يۇ، يەنە توختاپ قالدىم. چۈنكى، ھازىرغىچە بولغان يالغانچىلىقلار مەن ئۈچۈن يېتىپ ئاشاتتى.

— ئۇ مېنىڭ دادا بىر ئىنىم بولىدۇ، — دېدىم مەن، ئارقىدىن يەنە. — مېنىڭ نىكاھ سىرتىدىن بولغان ئىنىم بولىدۇ. — دەپ قوشۇپ قويدۇم.

مەن ئىستاكاننىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ ئويناشقا باشلىدىم.

— مەن سىزنىڭ شەخسىي ئىشىڭىزغا ئارىلاشماقچى ئەمەسمەن.

— سىز ئۇنداق قىلمىدىڭىز، — دېدىم مەن.

— ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلماقچى؟

— پەشاۋەرگە ئەكەتمەكچى. ئۇ يەردە ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەملەر بار.

ۋاھىد سۈرەتنى ماڭا بېرىپ يوغان قوللىرىنى مۈرەمگە قويدى.

— سىز ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم ئىكەنسىز، ئامىر جان. ھەقىقىي ئافغان ئىكەنسىز!

لېكىن، مەن ئىچىمدە نومۇستىن پۇچۇلىنىپ كېتىۋاتاتتىم.

— بۈگۈن ئۆيۈمگە كەلگىنىڭىز ئۈچۈن چىن يۈرىكىمدىن شەرەپ ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى ۋاھىد.

مەن ۋاھىدقا رەھمەت ئېيتقاچ، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا پەرىدكە قارىدىم. ئۇ يەرگە قاراپ، تىتىلىپ كەتكەن بورىنىڭ قىرىنى ئويناپ ئولتۇراتتى.

بىرئازدىن كېيىن، مەريەم بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھورى چىقىپ تۇرغان ئىككى قاچا كۆكتات شورپىسى بىلەن ئىككى ناننى كۆتۈرۈپ كىردى.

— كەچۈرۈڭ، بىز ئالدىڭىزغا گۆش ئەكىلەلمىدۇق. بۇ زامانلاردا تالىبانلارلا گۆشكە چىقىش قىلالايدۇ.

— بۇ تاماق شۇنداق ئوخشاپتۇ، — دېدىم مەن. راست دېگەندەك، شورپا ھەقىقەتەن مەززىلىك پىشقانىدى. مەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى بىللە يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم. لېكىن، ۋاھىد ماڭا ئۆيدىكىلەرنىڭ بىز كېلىشتىن بۇرۇن غىزالىنىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. پەرىد ئىككىمىز يەڭلىرىمىزنى تۈرۈپ، ناننى شورپىغا چىلاپ يېيىشكە باشلىدۇق.

مەن تاماق يېگەچ، يۈزلىرىنى قاسماق باسقان، چاچلىرى قىسقا كېسىلگەن ۋاھىدنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ مېنىڭ رەقەملىك قول سائىتىمگە ئوغرىلىقچە قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. كىچىكى ئاكىسىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئاكىسى سائەتتىن كۆزىنى ئۈزمەي بېشىنى لىڭشىتتى.

باللارنىڭ چوڭى پەرىزىمچە، ئون ئىككى ياشلاردا بولسا كېرەك. ئۇ ئالدى ـ كەينىگە تەۋرىگەچ قولۇمغا تىكىلىپ قاردى. تاماقتىن كېيىن، مەريەم سىڭىز لايدىن ياسالغان چوڭگۈندە سۇ ئەكىلىپ قولۇمغا سۇندى. مەن قولۇمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋاھىدقا سائىتىمنى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ھەدىيە قىلغۇم بارلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ قوشۇلمىدى. مەن قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئاخىر ماقۇل بولدى. مەن قولۇمدىكى سائەتنى ئېلىپ، ئەڭ كىچىك ئوغۇلغا سۇندۇم. ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— رەھمەت، — دېدى.

— بۇ سائەت ساڭا دۇنيادىكى ھەرقانداق شەھەرنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

ئوغۇللار باشلىرىنى ئەدەپ بىلەن لىڭشىتىپ گېپىمنى ئاڭلاپ تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن سائەتنى نۆۋەت بىلەن ئېلىپ كۆرۈپ، قوللىرىغا تاقاپ بېقىشتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ سائەتكە بولغان قىزىقىشىمۇ تۈگىدى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي سائەت بورىنىڭ ئۈستىدە تاشلىنىپ قالدى.

— سىز ماڭا ئەھۋالنى دېگەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دېدى فەرىد كېيىنرەك. ئۇ چاغدا، ئىككىمىز ۋاھىدنىڭ خوتۇنى بىزگە سېلىپ بەرگەن بورىنىڭ ئۈستىدە يانمۇيان ياتاتتۇق.

— قايسى ئەھۋالنى دەيسىز؟

— ئافغانىستانغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭىزنى دەيمەن.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى قوپاللىق قەيەرگىدۇر غايىب بولغانىدى.

— سىز مەندىن سورىمىسىڭىز.

— شۇنداقتىمۇ ماڭا دېيىشىڭىز كېرەك ئىدى.

— لېكىن، سىز مەندىن سورىمىدىڭىز.

ئۇ مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، قولى بىلەن بېشىنى تىرەپ

يېنىچە ياتتى:

— بەلكىم مەن سىزنىڭ ئۇ بالىنى تېپىشىڭىزغا ياردەم قىلالارمەن.

— رەھمەت سىزگە، فەرىد، — دېدىم مەن.

— مەن سىز توغرۇلۇق خاتا پەرەزلەرنى قىپتىمەن.

مەن چوڭقۇر تىن تارتتىم.

— ھېچقىسى يوق، ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىز بىلگىنىڭىز ياخشى بولدى.

ئۇنىڭ قوللىرى يېرىك توقۇلغان يۇڭ ئارغامچا بىلەن ئارقىسىغا قايرىلىپ باغلانغان، بىلىكىنىڭ ئارغامچا كېسىۋەتكەن يېرىدىن قان تامچىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قارا لاتا بىلەن تېڭىلغان، كوچىدىكى سۇ توشتۇرۇلغان كۆپىنىڭ ئالدىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھەر قېتىم دۇئا قىلىپ ئېڭىشكەندە، قاتتىق يەرگە تەگكەن تىزلىرىدىن ئاققان قان ئىشتىنىنى قىزىلغا بوياپتتى. چۈشتىن كېيىنكى كۈن نۇرىدا ئۇنىڭ شېغىل تاشلار ئۈستىگە چۈشكەن ئۇزۇن شولىسىمۇ توختىماي تەۋرىنەتتى. ئۇ پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. «سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا، — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ، — سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا.» ئۇنىڭ بەدىنى يەنە ئالدى ـ كەينىگە تىنىمسىز تەۋرىنەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. مەن ئۇنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكىدىكى سۇس تاتۇق ئىزىنى كۆردۈم !

بىز يالغۇز ئەمەس ئىدۇق.

مەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان كۆپنى، ئاندىن كۆپىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان يەنە بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ ئادەم ئېگىز بويلۇق، ئۈچىسىدا جىلىتكە، بېشىغا سەللە ئورىۋالغانىدى. ئۇ كۆزلىرى تېڭىقلىق ئادەمگە مەقسەتسىز تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىدى. ئۇ كۆپنى ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، تىزلىنىپ

ئولتۇرغان ھېلىقى ئادەمنىڭ بېشىغا قويدى. كۈن نۇرى مېتالنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ نۇر چاقناتتى.

مىلتىقتىن قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك ئاۋازدا ئوق ئېتىلدى.

مەن مىلتىقنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ ئۇنىڭ دەستىسىگىچە قارىدىم. مىلتىقنىڭ ئۇچىدىن چىققان ئىس ئاستا تارقىغاندا، جىلتىكە كىيگەن ھېلىقى ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆردۈم. ئۇ ئادەم مەن ئىدىم!

مەن چۆچۈپ ئويغاندىم، چىرقىرىماقچى بولغانىكەنمەن، ئاۋازىم تۇتۇلۇپ قالغانىدى.

مەن سىرتقا چىقتىم. ئاي ۋە سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا نەزەر سالدىم. ئەتراپىمدىن چېكەتكىنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى بىلەن يوپۇرماقلارنىڭ شامالدا شىرىلدىغان ئاۋازى كېلەتتى. يالاڭ ئاياغ يەرگە دەسسىۋىدىم، يەر سوغۇق بىلىندى. چېگرادىن ئۆتكەندىن بېرى ۋەتىنىمگە قايتىپ كەلگەنلىكىمنى تۇيۇقسىز ھېس قىلغانىدىم. شۇنچە يىللاردىن كېيىن، مەن ئاخىر ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. ئاتا ـ بوۋىلىرىم ياشىغان تۇپراققا قەدەم قويدۇم. مانا مەن دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ تۇپراقتا مېنىڭ چوڭ بوۋام 1915 ـ يىلى كابۇلدا تارقالغان ۋابا كېسەللىكى بىلەن ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل بۇرۇن ئۈچىنچى خوتۇنىغا ئۆيلەنگەنىكەن. ئۇ ئايال ئۇنىڭغا دەسلەپكى ئىككى خوتۇنى بېرەلمىگەن قىممەتلىك سوۋغا، يەنى بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىكەن. مۇشۇ تۇپراقتا، مېنىڭ بوۋام نادىر شاھ بىلەن بىللە كېيىك ئوۋلىغانىكەن.

مېنىڭ ئاناممۇ مۇشۇ تۇپراقتا ۋاپات بولغان. مۇشۇ تۇپراقتا مەن دادامنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان.

مەن ئۆينىڭ سېغىز لايدا قوپۇرۇلغان تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇم. بۇ زېمىنغا نىسبەتەن مەندە تۇيۇقسىز قوزغالغان يېقىنچىلىق ھېسسىياتى... مېنى ھەقىقەتەن ھەيران

قالدۇرغانىدى. مېنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىپ ياشىغان ۋاقتىم ماڭا بۇ زېمىننى ئۇنتۇلدۇرۇشقا، بۇ زېمىننىڭمۇ مېنى ئۇنتۇشىغا يېتەرلىك ئىدى. مېنىڭ جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى ماكانىم مەن يۈلىنىپ ئولتۇرغان مۇشۇ تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۇخلاۋاتقان كىشىلەرگە خۇددى باشقا بىر پىلانېتىدەك بىلىنسە كېرەك. مەن تېخى بۇ زېمىننى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم، دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن، ئۇنتۇماپتىمەن. ئاسماندىكى ئاينىڭ شولىسىدا تۇرۇپ پۈتلىرىم ئاستىدىكى ئافغانىستاننىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەن. بەلكىم، ئافغانىستانمۇ مېنى تېخى ئۇنتۇمىغاندۇ.

مەن غەرب تەرەپكە قارىدىم. كابۇلنىڭ ئاشۇ تاغلارنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ھازىرغىچە مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولدۇم. ئۇ مېنىڭ كونا ئەسلىمىلىرىمدە ياكى سان فرانسىسكو گېزىتىنىڭ ئون بەشىنچى بېتىگە بېسىلىدىغان خەۋەر ۋە ھېكايىلەردىلا ئەمەس، بەلكى يەر شارىدا ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىدى. ئەنە ئاشۇ غەرب تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغلارنىڭ كەينىدە مەن توشقان كالپۇكلۇق ئىنىم بىلەن بىللە لەگلەك قوغلىغان شەھەر ئۇخلاپ ياتماقتا. ئەنە شۇ يەردە چۈشۈمدىكى كۆزى تېڭىقلىق ئادەم بىگۇناھ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. بىر چاغلاردا، ئاشۇ تاغلارنىڭ كەينىدە مەن ئۆز يولۇمنى تاللىغانىدىم. ئەمدىلىكتە، يىگىرمە بەش يىلدىن كېيىن، مەن تاللىغان ئاشۇ يول مېنى دەل مۇشۇ زېمىنغا قايتۇرۇپ كەلدى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، ئۆي ئىچىدىن پاراڭلاشقان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— بالىلارغا يەيدىغان ھېچ نەرسە قالمىدى.

— قورسىقىمىز ئاچ بولغان بىلەن، بىز ئوسال ئادەملەر ئەمەس. ئۇ دېگەن مېھمان! سېنىڭچە مەن قانداق قىلسام بولاتتى؟ — دېدى ۋاھىد ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— ئەتە بىرنەرسە تاپايلى... — ئايالنىڭ ئاۋازى يىغلامسىراپ چىقاتتى، — بالىلارنىڭ قورسىقىنى نېمە بىلەن تويدۇرىمىز...

مەن پوتۇمنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ئۆيدىن يىراقلاشتىم. ئۇ باللارنىڭ نېمە ئۇچۇن سائەتكە قىزىقمىغانلىقىنى ئەمدى بىلدىم. ئۇلار مېنىڭ سائىتىمگە ئەمەس، قولۇمدىكى تاماققا تىكىلىپ قاراشقانىكەن.

بىز سەھەر تۇرۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتۇق. مەن ماشىنىغا چىقىشتىن بۇرۇن ۋاھىدقا ئۇنىڭ مېھماندوستلۇقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتىم. ئۇ كەينىدىكى كىچىككىنە ئۆينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ ئەمدى سىزنىڭمۇ ئۆيىڭىز، — دېدى.

ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بوسۇغىدا بىزگە قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىچىكى مەن بەرگەن سائەتنى تاقىۋالغانىكەن، ئۇنىڭ ئىنچىكە بىلىكىدە ساڭگىلاپ قاپتۇ.

ماشىنا قوزغالغاندا، مەن ياندىكى ئەينەككە قارىدىم. ۋاھىد ماشىنىنىڭ چاقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار ئارىسىدا ئوغۇللىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ قاراپ تۇراتتى. مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئەگەر ئۇ باللار باشقا بىر دۇنيادا ياشىغان بولسا، ئاچلىق ئازابىدا ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەلىگۈدەك ماغدۇرى قالمىغان ھالەتتە بولمايتتى.

شۇ كۈنى سەھەردە، ھېچكىم ماڭا قارىمىغان ۋاقىتتا، يىگىرمە ئالتە يىل بۇرۇن قىلغان بىر ئىشىمنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم: مەن كۆرپىنىڭ ئاستىغا بىر تۇتام پۇلنى تىقىپ قويغانىدىم.

# يىگىرمىنچى باب

بىز جالالئابادتىن كابۇلغا سوزۇلغان كاتاڭ يولدا ماشىنىدا كېتىۋاتىمىز. مەن ئالدىنقى قېتىم بۇ يولدا، يۈك ماشىنىسىنىڭ بىرېزېنت يېپىلغان كوزۇپىدا قارشى يۆنىلىشكە قاراپ ماڭغانىدىم. ئۇ كېچىسى دادامنى مۇز چىراي رۇس ئوفىتسېرى ئېتىپ تاشلىغىلى تاسلا قالغانىدى، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئاچچىقىم كەلگەن ھەم بەكمۇ قورقۇپ كەتكەن بولساممۇ، دادامدىن شۇنچە پەخىرلەنگەنىدىم. كابۇل بىلەن جالالئاباد ئارىسىدىكى يوللار، غايەت زور قورام تاشلار ئەتراپىدىن يىلان باغرى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان ئۆتكەللەر، سۆڭەكنى سىرقىراتقۇدەك چايقىلىپ ماڭىدىغان ماشىنا سەپەرلىرى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالغانىدى. يىگىرمە يىل ئىلگىرى ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. كۆيۈپ كەتكەن كونا رۇس تانكىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى، داتلىشىپ كەتكەن، دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھەربىي ماشىنىلىرى، تاغدىن دومىلاپ چۈشۈپ ماكچايغان رۇس جىپلىرى ئاشۇ ئۇرۇشنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ھەممە يەردە دېگۈدەك تاشلىنىپ ياتاتتى. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشنى مەن تېلېۋىزوردىن كۆرگەنىدىم. ئەمدىلىكتە مەن ئۇنى فەرىدنىڭ كۆزلىرىدىن كۆرۈۋاتاتتىم.

ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە فەرىد ماشىنىنى يولدىكى ئورەكلەردىن قىيىنالمايلا چاقانلىق بىلەن قاچۇرۇپ ھەيدەۋاتاتتى. بىز ۋاھىدنىڭ ئۆيىدە قونغان كۈندىن باشلاپ ئۇ خېلىلا گەپدان بولۇپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدىكى

ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ دائىم چىرايىمغا قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلاتتى. ئۇ ھەتتا ماڭا قاراپ بىر ـ ئىككى قېتىم كۇلۇمسىرەپمۇ قويدى. ئۇ مېيىپ قولىدا ماشىنىنىڭ رولىنى باشقۇرغاچ، يەنە بىر قولىدا ئۆزى ئىلگىرى تونۇيدىغان كىشىلەر ياشىغان ئەنجان تاملىق ئۆي ۋە مەھەللىلەرنى كۆرسەتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى پاكىستاندىكى پاناھلانغۇچىلار لاگېرلىرىغا كېتىشكەنىكەن.

— ئۆلۈپ كەتكەنلەر ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەن، — دېدى ئۇ.

ئۇ كۆيۈپ ۋەيران بولغان كىچىككىنە يېزا خارابىسىنى قولى بىلەن ئىشارەتلىدى. ئۇ يېزىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى يوق، قاپقارا تېمىلا قالغانىدى. بىر تامنىڭ تۇۋىدە بىر ئىت ئۇخلاۋاتاتتى.

— ئۇ يەردە بۇرۇن مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى، — دېدى فەرىد، — ئۇ ناھايىتى ئۇستا ۋېلسىپىت رېمونتچىسى ئىدى. تابلانىمۇ ياخشى چالاتتى. تالىبانلار ئۇنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۇرۇپ، بۇ يېزىغا ئوت قويۇۋەتتى.

بىز كۆيۈپ كەتكەن بۇ يېزىدىن ماشىنا بىلەن تېزلا ئۆتۈپ كەتتۇق. ئىت مىدىرلاپمۇ قويمىدى.

ئىلگىرى جالالئابادتىن كابۇلغا ماشىنا بىلەن ئىككى سائەتلەردە ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئۇزاقراق ۋاقىتتا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. لېكىن، بۇ قېتىم فەرىد ئىككىمىز كابۇلغا تۆت سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتا يېتىپ كەلدۇق. ماھىپار سۇ ئامبىرىدىن ئۆتكەندە، فەرىد ماڭا:

— كابۇل ھازىر ئىلگىرى سىز كۆرگەن كابۇلغا ئوخشىمايدۇ، — دېدى.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىدىم.

فەرىد ئاڭلىغان بىلەن كۆرگەن ئوخشىمايدۇ دېگەندەك قىلىپ، ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىدى.

چۈنكى، كابۇل كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنگەندە، مەن فەرىدنى يولدىن ئېزىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن. فەرىد مېنىڭ چىرايىمدىكى ئالاقزادىلىكنى سەزگەندەك قىلاتتى. فەرىد كابۇلغا يولۇچى توشۇش جەريانىدا، كابۇلنى ئۇزاق مەزگىل كۆرمىگەن ئادەملەرنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىقنى كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ مۈرەمگە يېنىك ئۇرۇپ، پەرىشان ھالدا:

— قايتىپ كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز، — دەپ قويدى.

پارچە خىش ـ كېسەك ۋە تىلەمچىلەرنى ھەممە يەردە دېگۈدەك ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۆتمۈشتىكى تىلەمچىلەر ھېلىمۇ ئېسىمدە. دادام شۇلارغا بېرىش ئۈچۈن يانچۇقىغا دائىم پۇل سېلىپ يۈرەتتى. دادام ھېچقاچان ئۇلارنى قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇلار ھەربىر كوچا دوقمۇشىدا تۇرۇۋېلىپ، يىرتىق ئەدىياللارنى ئۈستىگە ئارتىپ، توپا باسقان قوللىرىنى سوزۇپ تىلەمچىلىك قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تىلەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بەش ـ ئالتە ياشلاردىكى باللار ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇلار يول بويىدا، كوچا دوقمۇشلىرىدا يۈزىنى يۆگىۋالغان ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. مەن ھەيران قالغان يەنە بىر ئەھۋال شۇ بولدىكى، بىرەر ئەر بىلەن ئولتۇرغان بىرمۇ بالىنى كۆرمىدىم. ئۇرۇش ئاتىلارنى ئافغانىستاندا بەكمۇ ئاز ئۇچرايدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

بىز ماشىنا بىلەن غەربىي يۆنىلىشنى بويلاپ، كارتەھ ـ سەھ رايونىغا قاراپ كېتىۋاتاتتۇق. مەن بىز كېتىۋاتقان يولنىڭ 1970 ـ يىللاردىكى چوڭ يول — جادەھ مايۋاند ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم. شىمال تەرىپىمىزدە قۇرۇپ كەتكەن كابۇل دەرياسى سوزۇلۇپ ياتاتتى. جەنۇب تەرەپتىكى تاغدا شەھەرنىڭ ۋەيران بولغان قەدىمىي سېپىلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شەرق تەرەپتە بالا ھىسسار پورتى دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىي قورغان جايلاشقانىدى. بۇ قورغان

شىردەرۋازا قارىغا ئېتىش مەيدانى بىلەن بىللە 1992 ـ يىلى مىلىتارىست دوستۇم[①] تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن، 1992 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلىغىچە مۇجاھىدىدىن كۈچلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، مۇشۇ يەردىن كابۇل توپقا تۇتۇلغانىدى. شۇ چاغدىكى توپقا تۇتۇشنىڭ كابۇلغا كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقىنى مانا ھازىر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. شىردەرۋازا قارىغا ئېتىش مەيدانى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنچاق مەيدان ئىدى. بۇ نام ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغلاردىن چۈشلۈك زەمبىرەك ئېتىشتىن قالغانىدى. بۇرۇنقى چاغلاردا، ھەر كۈنى چۈش ۋاقتى بولغانلىقىنى ئېلان قىلىش ھەم رامزان ئايلىرىدا ئىپتار ۋاقتى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن زەمبىرەك ئېتىلاتتى. شۇ دەۋرلەردە زەمبىرەك ئاۋازى پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلىناتتى.

— مەن كىچىك ۋاقتىمدا جادەھ مايۋاند قورغىنىغا كۆپ كېلەتتىم، — دېدىم مەن بوغۇق ئاۋازدا، — ئۇ يەردە بۇرۇن دۇكانلار، مېھمانخانىلار، رەڭگارەڭ بېزەك چىراغلار ۋە رېستورانلار بار ئىدى. مەن سەيفۇل بوۋايدىن لەگلەك سېتىۋالاتتىم. كونا ساقچى مەھكىمىسىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ بىر كىچىك لەگلەك دۇكىنى بار ئىدى.

— ساقچى مەھكىمىسى ھېلىمۇ بار، — دېدى فەرىد، — بۇ شەھەردە ساقچىلار ھەرگىز كەم ئەمەس. بىراق، مەيلى جادەھ مايۋاند بولسۇن ياكى باشقا جاي بولسۇن، كابۇلنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن لەگلەك ساتىدىغان دۇكان تاپالمايسىز. ئۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.

جادەھ مايۋاند ناھايىتىمۇ چوڭ قورغان خارابىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى. تېخى ئۆرۈلۈپ چۈشمىگەن بىنالار ئارانلا دېگۈدەك ئۆرە تۇراتتى. ئۆگزىلىرى ۋە تاملىرىغا راكېتالار تېگىپ

---

① دوستۇم — ئابدۇل رەشىد دوستۇم (1954 —) شىمالىي ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى.

تۆشۈكلەر تېشىلگەنىدى. بەزى ئىمارەتلەر پۈتۈنلەي كېسەك دۆۋىسىگە ئايلانغانىدى. مەن ئوق تېگىپ تۆشۈك ئېچىلغان بىر ۋىۋىسكىنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىدە پېتىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ تاختىغا «كوكاكولا ... ئىچىڭلار» دەپ يېزىلغانىدى. بالىلار دېرىزىسىز ئۆيلەردە، بۇزۇلغان پەلەمپەيلەرنىڭ قالدۇقلىرىدا ئويناۋاتاتتى. ۋېلىسىپىت مىنگەن كىشىلەر ۋە ئېشەككە قوشۇلغان هارۋىلار بالىلاردىن، ئىگىسىز ئىتلاردىن ۋە كېسەك دۆۋىلىرىدىن يانداپ ئۆتۈشەتتى. توپا ـ چاڭدىن پەيدا بولغان تۇمان شەهەر ئاسمىنىنى قاپلىغانىدى. بىر تۈتۈن بەلبېغى دەريا ئاسمىنىدىن يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەۋاتاتتى.

— دەرەخلەر كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — دەپ سورىدىم فەرىدتىن.

— كىشىلەر ئۇلارنى كېسىپ قىشلىق ئوتۇن قىلىشتى، — دېدى فەرىد، — رۇسلارمۇ ئۇ دەرەخلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى كېسىۋەتتى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— يوشۇرۇن ئوق چىقىرىپ قاچىدىغانلار ئاشۇ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالىدۇ ئەمەسمۇ؟

كاللامغا بىر خىل كۆڭۈلسىز خىياللار كىرىۋالغانىدى. كابۇلغا قايتىپ كېلىپ، ئۆزۈمنى خۇددى هاياتنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغان ماكانسىز نامرات ئادەمدەك، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن قەدىناس دوستۇمنى قايتا كۆرگەندەك هېس قىلدىم.

— مۇشۇ يەرنىڭ جەنۇبىدىكى كونا شەهەرگە دادام بىر دارىلئېتام قۇرغانىدى، — دېدىم مەن.

— ئۇ يەرنى بىلىمەن، — دېدى فەرىد، — ئۇ دارىلئېتام بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ۋەيران بولغانىدى.

— ماشىنىنى توختاتسىڭىز، — دېدىم مەن، — مەن بىردەم پىيادە مېڭىۋالاي.

فەرىد ماشىنىنى ئارقا كوچىدىكى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن، ئىشىكى يوق، تاشلاندۇق بىنانىڭ ئالدىغا توختاتتى.

— بۇ بىنا بۇرۇن بىر دورىخانا ئىدى، — دەپ غۇدۇرىدى فەرىد بىز ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقاندا.

بىز پىيادە جادەھ مايۋاندغىچە بېرىپ، ئاندىن ئوڭ تەرەپكە قايرىلىپ شەرققە قاراپ ماڭدۇق.

— بۇ نېمىنىڭ پۇرىقى؟ — سورىدىم مەن. غەيرىي پۇراقتىن كۆزلىرىم ئېچىشىپ، ياشاڭغىراپ كېتىۋاتاتتى.

— دىزېلنىڭ پۇرىقى، — دېدى فەرىد، — شەھەرنىڭ گېنېراتورلىرى دائىم بۇزۇلۇپ قالىدۇ. شەھەردە توك تۇراقسىز، شۇڭا كىشىلەر دىزېلنى يېقىلغۇ قىلىدۇ.

— دىزېلنىڭ پۇرىقى دەڭ. بۇرۇن بۇ كوچىلاردا نېمە پۇرايدىغانلىقى ئېسىڭىزدىمۇ؟

فەرىد كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى:

— كاۋاپ پۇراپ تۇراتتى.

— پاقلان كاۋىپى دەڭە، — دېدىم مەن تولۇقلاپ.

— كاۋاپ، — دېدى يەنە فەرىد ئاغزىنى تەمشىپ، — ھازىر كابۇلدا پەقەت تالىبانلارلا كاۋاپ يېيەلەيدۇ.

فەرىد يېڭىمنى تارتتى. بىر ماشىنا بىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

— ساقاللىق چارلىغۇچىلار، — دەپ پىچىرلىدى فەرىد. مەن ئۇلارنى تېلېۋىزورلاردا، ئىنتېرنېتتا، ژۇرنال مۇقاۋىلىرىدا ھەم گېزىتلەردە كۆرگەنىدىم. ئەمدىلىكتە ئۇلار مەندىن پەقەت ئەللىك قەدەم نېرىدا تۇراتتى. ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ باستى. گۆشلىرىم توساتتىن يىگلەپ سۆڭەكلىرىمگە چاپلىشىپ قالغاندەك، يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇلار ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتاتتى.

قىزىل رەڭلىك «تويوتا» ماركىلىق يۈك ماشىنىسى يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان بىر توپ يىگىت رۇس مىلتىقلىرىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، كوزۇپ قىرىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار ھەممىسى ساقال

قويۇۋالغان، بېشىغا قارا رەڭلىك سەللە يۆگىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇغداي ئۆڭ، قويۇق قاشلىق، يىگىرمە نەچچە ياشلاردىكى بىرى قولىدا قامچا، پات ـ پات قامچىنى سىلكىپ قاس چىقىرىپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا چۈشتى. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم. مەن ئەزەلدىن بۇنداق قورقۇپ باقمىغانىدىم. ئۇ ئېغىزىدىكى تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تۈكۈرۈۋېتىپ، باشقا تەرەپكە قارىدى. مەن چوڭقۇر تىن تارتتىم. ماشىنا توپا توزۇتقىنىچە جادەھ مايۋاند تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

— نېمانداق قىلىسىز؟ — دەپ پىچىرلىدى فەرىد.

— نېمە بولدى؟

— ئۇلارغا ھەرگىز تىكىلىپ قارىماڭ، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ ھەرگىز.

— مەن قەستەن قىلمىدىم، — دېدىم مەن.

— دوستۇڭ توغرا ئېيتىدۇ، ئاغا. ئۇنداق تىكىلىپ قارىساڭ خۇددى غالجىر ئىتقا تاياق سانجىغاندەك ئىش بولىدۇ، — دېدى تاشلاندۇق بىنانىڭ پەلەمپىيىدە يالاڭ ئاياغ ئولتۇرغان قېرى تىلەمچى. ئۇ ئۇچىسىدا جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن چاپان، بېشىدا كىرلىشىپ كەتكەن سەللە، كۆز ئالمىسى يوق سول كۆزىنىڭ قاپىقى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ قىزىل رەڭلىك ماشىنا كېتىۋاتقان تەرەپنى بوغۇملىرى ئىششىپ كەتكەن قولى بىلەن كۆرسەتتى.

— ئۇلار ماشىنىلىق چۆرگىلەپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار بىر باھانىلەر بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل تېرىشقا ئارانلا تۇرىدۇ. بىرەرى ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپلا قويسا، ئىتلارغا بايرام بولغاندەك ئۇلارنىڭ شۇ كۈنلۈك زېرىكىشى بېسىلىدۇ ھەم ھەممە ئادەم «ئاللاھۇئەكبەر» دېيىشىدۇ. ھېچكىم ھېچكىمنىڭ چىشىغا تەگمىگەن چاغلاردىمۇ پات ـ پات جېدەل بولۇپ تۇراتتى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— تالىبانلار يېقىنلاشقاندا پۇتىڭىزنىڭ ئۇچىغا قاراپ

تۇرۇڭ، — دېدى فەرىد.

— سېنىڭ دوستۇڭ ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىدىكەن. — دەپ لوقما سالدى تىلەمچى. ئۇ قاتتىق يۆتىلىپ، توپا بېسىپ كەتكەن قول ياغلىقىغا تۈكۈردى، — مېنى كەچۈرگىن، سەن ماڭا پۇل سەدىقە بېرەلەمسەن؟

— بولدى بەس. بىز ماڭايلى، — دەپ قولۇمدىن تارتتى فەرىد.

مەن بوۋايغا يۈز مىڭ ئافغان پۇلى تەڭلىدىم. بۇ ئۈچ ئامېرىكا دوللىرىغا باراۋەر پۇل ئىدى. بوۋاي پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ماڭا يېقىنراق كېلىۋىدى، ئۇنىڭ ئېچىپ كەتكەن قېتىقى ۋە يۇمغىلى نەچچە ئايلار بولغان پۇتلىرىدىن چىققان سېسىق پۇراق بۇرنۇمغا گۈپپىدە ئۇرۇلۇپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ دەرھال بېلىگە قىستۇردى ـ دە، ساق كۆزى بىلەن ئەتراپقا جىددىيلىشىپ قاراپ كەتتى.

— سېخىيلىقىڭىغا مىڭ مەرتەم رەھمەت، ساھىب ئاغا.

— كارتەھ ـ سەھنىڭ يېنىدىكى دارىلئېتامىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئۇ يەرنى تېپىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. ئۇ دارۇلامان كوچىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە، — دېدى ئۇ، — كونا دارىلئېتامغا بومبا تاشلانغاندىن كېيىن، بالىلارنى ئۇ يەردىن كارتەھ ـ سەھكە يۆتكەپ ئەكەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئادەمنى شىرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا تاشلاپ بەرگەندەك ئىشقۇ.

— رەھمەت ئاغا، — دېدىم ـ دە، كەينىمگە بۇرۇلۇپ مېڭىشقا تەمشەلدىم.

— بۇ سېنىڭ بىرىنچى قېتىمىڭ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— نېمە دېدىڭىز؟

— بۇ سېنىڭ تالىبانلارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈڭمۇ؟

مەن گەپ قىلمىدىم. تىلەمچى بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ

كۆلدى. ئۇ كۆلگەندە ئۇنىڭ تېخى چۈشۈپ بولالمىغان مايماق ھەم سېرىق چىشلىرىنىڭ ھەممىسى كۆرۈندى.

— ئۇلار كابۇلغا كىرىپ كەلگەن تۈنجى كۈنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ تولىمۇ خۇشال كۈنلەر ئىدى. ئەمدى ئۆلتۈرۈش - قىرغىن قىلمىشلار تۈگەيدىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدۇق. ھالبۇكى، بۇ خۇددى بىر شائىر ئېيتقاندەك ئىش بولدى:

ئەجەب گۈزەل بىلىنگەنتى مۇھەببەت،
ئەگىشىپلا يېتىپ كەلدى پالاكەت.

مېنىڭ چىرايىمغا كۆلكە يۈگۈردى.

— مەن بۇ غەزەلنى بىلىمەن، ئۇ ھاپىزنىڭ.

— توغرا دېدىڭ، — دېدى تىلەمچى بوۋاي. — مەن ئۇنى بىلىشىم كېرەك، چۈنكى مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۇ توغرۇلۇق دەرس ئۆتەتتىم.

— شۇنداقمۇ؟

بوۋاي يۆتەلدى.

— 1958 - يىلدىن 1996 - يىلىغىچە مەن ھاپىز، ھەييام، رۇمى، بايدېل، جامى، سەئدىلەر توغرىسىدا دەرس ئۆتتۈم. 1971 - يىلى بولسا كېرەك، مەن ھەتتا تېھران ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتتۈم. مەن باخشى بەيدەل توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىگەندە، ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتكەندى، ھەي! — دەپ بېشىنى چايقىدى بوۋاي. — بىراق، سەن ئاۋۇ ماشىنىدىكى يىگىتلەرنى كۆردۈڭ. سېنىڭچە، ئۇلار سوپىزمنىڭ ئەھمىيىتىنى قانچىلىك چۈشىنىدۇ؟

— مېنىڭ ئانامۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا دەرس بېرەتتى، — دېدىم مەن.

— ئاناڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— سوفىيە ئەكرامى.

بوۋاينىڭ كۆزى پارقىراپ كەتتى.

— چۆل قامغاقلىرى بىر خىل تۇرىۋېرىدۇ. لېكىن، باھارنىڭ گۈللىرى ئېچىلىدۇ ھەم سولىشىدۇ. شۇنچە نازاكەت، شۇنچە غۇرۇر، شۇنچە دەھشەتلىك پاجىئە.

— سىز مېنىڭ ئانامنى تونۇمسىز؟ — مەن بوۋاينىڭ ئالدىدا تىزلاندىم.

— توغرا، مەن تونۇيتتىم، — دېدى تىلەمچى بوۋاي، — بىز دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن پاراڭلىشاتتۇق. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىمتىھاننىڭ ئالدىدىكى يامغۇرلۇق كۈندە پاراڭلاشقاندۇق. ئۇ كۈنى بىز ئىنتايىن تەملىك پىشۇرۇلغان بادام تورتى بىلەن ھەسەل يېگەچ چاي ئىچىشكەندۇق. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېغىرئاياغلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ئېغىرئاياغ ئاياللاردا بولىدىغان گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ شۇ كۈنى دېگەن سۆزىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن.

— ئۇ نېمە دېگەندى؟ ماڭا دەپ بېرەمسىز؟

دادام دائىم ئانامنى «ئۇ كارامەت ئايال ئىدى» دېگەندەك يۈزەكى سۆزلەر بىلەنلا تەرىپلەيتتى. لېكىن، مەن ئانام توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى ئاڭلاشقا قىزىقاتتىم. مەسىلەن، ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ كۈن نۇرىدا قانداق پارقىرايدىغانلىقى، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ماروژنىنىڭ تەم تۈرى، ئۇ غىڭشىپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ناخشىنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ تىرنىقىنى چىشلەيدىغان ئادىتى بار - يوقلۇقى ... دادام ئۆزىنىڭ ئانام توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىنى ئۆزىنىڭ گۆرىگە بىللە ئەكەتتى. بەلكىم ئانام توغرۇلۇق سۆزلەش ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئانام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنكى شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قىلىپ سالغان سەۋەنلىكىنىڭ ۋىجدان ئازابىنى قايتا ئەسلەتسە كېرەك ياكى ئۇنىڭ يوقاتقىنى شۇنچە چوڭ، ئۇنىڭ قايغۇسى شۇنچە چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇ ئانام توغرىسىدا سۆزلەشكە پېتىنالمىسا كېرەك ...

— ئاناڭ «مەن بەك ئەنسىرەيمەن» دېگەنىدى. مەن «نېمە ئۈچۈن» دەپ سورىدىم. ئۇ: «دوكتۇر راسۇل، چۈنكى مەن شۇنداق خۇشال. بۇنداق خۇشاللىق بەكمۇ قورقۇنچلۇق» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىسام، ئۇ: «ئۇلار سەندىن بىرنەرسە ئەكەتمەكچى بولغاندىلا، ئاندىن سېنى مۇشۇنداق خۇشال قىلىدۇ» دېدى. مەن: «بولدى بەس، بۇنداق ئەخمىقانە خىياللارنى قىلماڭ» دېدىم.

فەرىد مېنىڭ بىلىكىمدىن تارتىپ:

— ئەمدى ماڭايلى، ئامىر ئاغا، — دېدى مۇلايىم ئاۋازدا. مەن دەرھال قولۇمنى تارتىۋالدىم.

— ئانام يەنە نېمىلەرنى دېگەنىدى؟

بوۋاينىڭ چىرايىدىكى قىزغىنلىق سۇسلاشتى.

— سەن ئۈچۈن ئېسىمدە بولسىچۇ كاشكى. لېكىن، مېنىڭ ئېسىمدە يوق. سېنىڭ ئاناڭ ۋاپات بولغىلى ئۇزاق بولدى، مېنىڭ ئەسلىمىلىرىممۇ ماۋۇ بىنالاردەك بىتچىت بولدى. مېنى كەچۈرگىن.

— كىچىك بىر ئىش بولسىمۇ بولىدۇ. قانداق ئىش بولسا بولۇۋېرىدۇ ...

بوۋاي كۈلۈمسىرىدى.

— مەن ئويلاپ باقاي، بۇ مېنىڭ ۋەدەم بولسۇن. سەن يەنە قايتىپ كېلىپ مېنى ئىزدە.

— رەھمەت، — دېدىم مەن، — سىزگە كۆپ رەھمەت.

مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولغانىدىم. مەن ئەمدى ئانامنىڭ بادام تورتى، ھەسەل ۋە قىزىق چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر قېتىم «چوڭقۇر» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئانامنىڭ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى بىلدىم. مېنىڭ كوچىدىكى بۇ بوۋايدىن ئانام توغرۇلۇق بىلگەنلىرىم دادامدىن ئاڭلىغانلىرىمدىن خېلىلا كۆپ بولدى.

ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلگۈچە، ھېچقايسىمىز كوچىدىكى بىر تىلەمچىنىڭ غايىبتىن مېنىڭ ئانامنى تونۇيدىغان چىقىپ قېلىشى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدۇق. بۇنىڭغا ئافغانىستانلىق بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. چۈنكى، ھەر ئىككىمىز ئافغانىستاندا، بولۇپمۇ كابۇلدا بۇنداق غەلىتە ئىشلارنىڭ دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. دادام بۇرۇن «ئەزەلدىن كۆرۈشۈپ باقمىغان ئىككى ئافغاننى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويساڭ، ئون مىنۇتتىن كېيىنلا تۇغقان چىقىپ قالىدۇ» دەيتتى. بىز ئۇ بوۋاي بىلەن ھېلىقى بىنانىڭ پەلەمپىيىدە ئايرىلدۇق. مەن قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلىپ، ئانام توغرۇلۇق قانداق ھېكايىلەرنى ئەسكە ئالالىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم. ھالبۇكى، مەن ئۇنى قايتا كۆرەلمىدىم.

بىز كارتەھ ـ سەھىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سۇيى قۇرۇپ كەتكەن كابۇل دەرياسىنىڭ بويىدىن يېڭى دارىلئېيتامنى تاپتۇق. ئۇ بىر قەۋەتلىك، تاملىرى چاك كەتكەن، دېرىزىلىرى ياغاچ تاختايلار بىلەن توسۇۋېتىلگەن قۇرۇلۇش ئىدى. يولدا كېلىۋېتىپ، فەرىد ماڭا كارتەھ ـ سەھىنىڭ ئۇرۇشتا ئەڭ ئېغىر ۋەيران بولغان مەھەللىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. بىز ماشىنىدىن چۈشكەندە، ئەمەلىي كۆرۈنۈش ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ھەقىقەتەن توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل كوچىلارنىڭ بويىدىكى بىنالارنى ئوقلار تېشىپ ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. بىز دۈم كۆمتۈرۈلۈپ ياتقان ماشىنىنىڭ داتلىشىپ كەتكەن قالدۇقلىرىنىڭ، ئەخلەتلەر ئارىسىغا يېرىم پاتقان ئېكرانسىز تېلېۋىزورنىڭ ھەم قارا سىردا «تالىبان ياشىسۇن!» دېگەن شوئار يېزىلغان تامنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. پاكار، ئورۇق، تاقىرباش، چاچ ـ ساقاللىرى قالايمىقان ئۆسكەن بىر ئادەم ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئۇستىگە كونا ھەم

يىرتىق يوڭ چاپان، بېشىغا دوپپا كىيىۋالغاندى. كۆزىدىكى كۆزەينىكىنىڭ بىر ئەينىكىگە دەز كەتكەندى. قارا پورچاقتەك كىچىك كۆزلىرى كۆزەينەكنىڭ ئارقىسىدىن دەسلەپتە ماڭا، كېيىن فەرىدكە تىكىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — مەن قولۇمدىكى سورەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم، — بىز بۇ بالىنى ئىزدەيتتۇق.

ئۇ سورەتكە بىر قاراپ قويۇپ، تېزلا جاۋاب بەردى.

— كەچۈرۈڭ، مەن بۇ بالىنى كۆرۈپ باقمىغان.

— ئاغىنە، بۇ سورەتكە سەن تۇزۇكرەكمۇ قاراپ باقمىدىڭ، — دېدى فەرىد، — تەپسىلىيرەك قاراپ باقساڭچۇ؟

— لوتفان، — مەن قوشۇپ قويدۇم، — بىز ئۆتۈنۈپ قالايلى.

ئۇ ئادەم قولۇمدىن سورەتنى ئېلىپ، ئىنچىكىلەپ قارىغاندىن كېيىن، ماڭا قايتۇرۇپ بەردى.

— ياق، كەچۈرۈڭلار. مەن بۇ يەردىكى ھەربىر بالىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن. بىراق، بۇ بالىنى كۆرۈپ باقمىغانمەن.

ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلساڭلار، مەن ئىشىمنى قىلاي، — ئۇ ئىشىكنى يېپىپ، ئىلغۇچىنى ئىلدى. مەن ئىشىكنى قاقتىم.

— ئاغا، ئاغا، ئىشىكنى ئېچىڭ. بىز بۇ بالىغا ھېچقانداق زىيان سالمايمىز.

— مەن سىلەرگە ئېيتتىمغۇ، بۇ يەردە ئۇنداق بالا يوق، — دېدى ئۇ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن، — ئەمدى كېتىڭلار.

فەرىد بېشىنى ئىشىككە يېقىپ تۇتۇپ:

— ئاغىنە، بىز تالىبانلار بىلەن بىر ئەمەس. مەن بىلەن بىللە كەلگەن بۇ ئادەم ئۇ بالىنى بىخەتەر جايغا ئەكەتمەكچى، — دېدى.

— مەن پەشاۋەردىن كەلدىم، — دېدىم مەن، — مېنىڭ يېقىن بىر ئاغىنەم باللار ئۈچۈن خەير - ساخاۋەت ئورنى ئاچقان بىر جۈپ ئامېرىكىلىق ئەر - خوتۇننى تونۇيدىكەن.

مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىشىك يېنىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى سەز-

دىم. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇپ سۆزۈمنى تىڭشاۋاتقانلىقىنى، ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى، گۇمان ۋە ئۈمىد ئارىسىدا قىينىلىۋاتـقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— قاراڭ، مەن سوھرابىنىڭ دادىسىنى تونۇيتتىم، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ھەسەن، ئانىسىنىڭ ئىسمى فەرزانە. ئۇ مومىسىنى ساسا دەپ چاقىراتتى. ئۇ خەت ئوقۇشنى ھەم يېزىشنى بىلىدۇ، رەگەتكە ئېتىشقا ئۇستا. ئاغا، بۇ بالىنىڭ كەلگۈسىدە ئۈمىد بار، ئۇنىڭ جاپادىن قۇتۇلۇپ كېتىشىدە ئۈمىد بار. ئىشىكنى ئاچسىڭىز.

ئىشىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىن سادا چىقمىدى.

— مېنى ئۇنىڭ تاغىسى دېسىمۇ بولىدۇ، — دېدىم مەن.

بىردەمدىن كېيىن ئاچقۇچنىڭ قۇلۇپقا تىقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېلىقى ئادەمنىڭ سوزۇنچاق يۈزى ئىشىك يوچۇقىدا قايتا پەيدا بولدى. ئۇ ئاۋۋال ماڭا، ئاندىن فەرىدكە قارىدى.

— سىلەر بىر ئىشنى دېمىدىڭلار.

— نېمىنى؟

— ئۇ دائىم رەگەتكىسى بىلەن بىللە.

مەن كۈلدۈم.

— ئۇ بالا ئاشۇ نەرسىنى يېنىدىن ئايرىمايدۇ. نەگە بارسا ئۇنى ئىشتىنىنىڭ بېلىگە قىستۇرۇپ يۈرىدۇ.

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى زامان ئىكەن، ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ دارىلئېتامنىڭ دىرېكتورى دەپ تونۇشتۇردى.

— مەن سىلەرنى ئىشخانامغا باشلاپ باراي، — دېدى ئۇ.

بىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدۇق، ئۇچىسىدا يىرتىق مايكا، يالاڭ ئاياغ بالىلار مېڭىپ يۈرگەن قاراڭغۇ ۋە مەينەت كارىدور بىلەن مېڭىپ، پوللىرىغا پالاس سېلىنغان، دېرىزىلىرىگە يالتىراق قەغەز چاپلانغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. ئۆيلەرگە كۆرپە سېلىنمىغان سىم كارىۋاتلار قويۇلغانىدى.

— بۇ يەردە نەچچە يېتىم بالا بار؟ — دەپ سورىدى فەرىد.

— بۇ يەرگە قانچىلىك بالا بولسىمۇ پاتىدۇ، ھازىر ئىككى يۈز ئەللىكتەك بالا بار، — دەپ جاۋاب بەردى زامان ئالدىمىزدا يول باشلاپ مېڭىپ، — بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېتىم ئەمەس. نۇرغۇنلىرى ئۇرۇشتا دادىسىدىن ئايرىلغان، ئانىلىرىنى تالىبانلار ئىشلەشكە يول قويمىغاچقا، ئۇلارنى باقالماي بۇ يەرگە ئەكىلىپ بەرگەن، — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ. ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىزنىڭ بۇ يەر كوچىلاردىن ياخشىراق. لېكىن، كوچىلاردىن ئالاھىدە پەرقلەنگۈدەك ياخشى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ بىنا ئەسلىدە ئادەملەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن ياسالغان ئەمەس، بۇ يەر بۇرۇن گىلەمچىلىك كارخانىسىنىڭ ئامبىرى ئىدى. شۇڭا، بۇ يەردە سۇ ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قۇدۇقلارنىمۇ قۇرۇتۇۋەتتى.

ئۇ ئاۋازىنى پەسلىتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن تالىبانلاردىن يېڭى قۇدۇق قېزىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم پۇل سورىدىم. لېكىن، ھەر قېتىم ئۇلار تەسۋىسىنى بىر چۆرگىلىتىپلا «پۇل يوق، پۇل يوق» دەيدۇ.

ئۇ تامنى بويلىتىپ قويۇلغان بىر قاتار كارىۋاتلارنى كۆرسەتتى.

— بىزدە باللارغا يەتكۈدەك كارىۋات يوق. ھەتتا بار كارىۋاتلارغا يەتكۈدەك پالاسمۇ يوق. تېخىمۇ يامىنى، بىزدە باللارغا يەتكۈدەك ئەدىيالمۇ يوق، — دېدى ئۇ، ئارقىدىن بىزگە باشقا ئىككى بالا بىلەن ئارغامچا سەكرەپ ئويناۋاتقان بىر كىچىك قىزچاقنى كۆرسەتتى، — ئاۋۇ قىزچاقنى كۆردۇڭلارمۇ؟ ئالدىنقى يىلى قىشتا ئەدىيال يېتىشمىگەچكە، باللار ئەدىياللارنى بىللە يېپىنىشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئاكىسى يېپىنچىسىز قېلىپ توڭلاپ ئۆلۈپ كەتتى، — ئۇ ماڭغاچ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئالدىنقى قېتىم بار يېمەكلىكلىرىمىزنى تەكشۈرگىنىمدە،

ئامباردا بىر ئاي يەتكۈدەكلا گۆرۈچ قاپتۇ. گۆرۈچ تۈگىسە باللار ناشتىدىمۇ، كەچلىك تاماقتىمۇ ئوخشاشلا نان بىلەن چاي ئىچىدۇ.

ئۇنىڭ چۈشلۈك تاماقنى تىلغا ئالمىغانلىقىغا ھەيران قالدىم.

ئۇ توختاپ، ماڭا ئۆرۈلۈپ قارىدى.

— بۇ يەر پەقەت كىچىككىنە پاناھ جايدۇر. بۇ يەردە ناھايىتى ئاز يېمەكلىك، كىيىم ـ كېچەك ۋە پاكىز سۇ بار. لېكىن، بۇ يەردىكى باللار باللىق شادلىقىدىن مەھرۇم قالغان، شۇنداقتىمۇ بۇ باللارنى تەلەيلىك دېيىشكە بولىدۇ. مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك باللىرىنى بىزگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئانىلارنى رەت قىلىپ ئارقىسىغا قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولىمەن، — ئۇ ماڭا يېقىنراق كەلدى، — سىز سوھراب ئۈچۈن ئۈمىد بار دېدىڭىزغۇ؟ ئاغا، مەن دۇئا قىلاي، سىزنىڭ ئۇ سۆزىڭىز يالغان بولمىسۇن. لېكىن... بەلكىم سىز ئاللىقاچان كېچىكىپ قالغانسىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

زاماننىڭ كۆزلىرى باشقا تەرەپكە يۆتكەلدى.

— مەن بىلەن مېڭىڭلار.

دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسى دەپ ئاتالغان ئۆينىڭ تۆت تېمىغا دەز كەتكەنىدى. يەرگە پالاس سېلىنغان، بىر شىرە ۋە ئىككى قاتلىما ئورۇندۇقتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. بىز ئەمدى ئولتۇرۇشىمىزغا، بىر كۈل رەڭ چاشقان تامنىڭ تۆشۈكىدىن بېشىنى چىقىرىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆينىڭ يەنە بىر تەرىپىگە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ چاشقان دەسلەپتە مېنىڭ ئايىغىمنى، ئاندىن زاماننىڭ ئايىغىنى پۇراپ قويۇپ، ئوچۇق ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن بىئارام بولدۇم.

— مېنى كېچىكىپ قالدىڭىزمىكىن دېگىنىڭىز نېمە گەپ؟ — سورىدىم مەن.

— چاي دەملەي، چاي ئىچەمسىز؟

— ياق، رەھمەت، مېنىڭ سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم بار.

زامان ئورۇندۇققا يۆلىنىپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— مېنىڭ سىزگە ئېيتماقچى بولغىنىم كۆڭۈللۈك گەپ ئەمەس. ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى دېمەيسىز تېخى.

— كىم ئۈچۈن خەتەرلىك؟

— سىز ئۈچۈن، مەن ئۈچۈن. ئەلۋەتتە، سوھراب ئۈچۈنمۇ خەتەرلىك. ئەگەر بىز كېچىكمىگەنلا بولساق.

— ئېنىقراق ئېيتسىڭىزچۇ، — دېدىم مەن.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئالدى بىلەن سىزدىن شۇنى سوراي: سىزگە جىيەنىڭىزنى تېپىش قانچىلىك زۆرۈر؟

مەن بالىلىق چاغلىرىمىزدا كوچىدا مۇشتلاشقانلىرىمىزنى ئەسكە ئالدىم. ھەسەن دائىم مەن ئۈچۈن باشقا بالىلار بىلەن مۇشتلىشاتتى، بەزىدە ئۆزى يالغۇز ئىككى بالىغا تېتىسا، بەزىدە ئۈچ بالىغا تېتىيتتى. مەن ئارقامغا داجىپ تۇرۇپ كۆرەتتىم. مۇشتلىشىشقا قېتىلماقچى بولساممۇ، دائىم بىر سەۋەبلەر بىلەن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم.

كارىدوردا بىر توپ بالىلار دۈگىلەك بولۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. بىر پۇتى تىزىنىڭ ئاستىدىنلا كېسىۋېتىلگەن بىر قىزچاق كونا كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە چاۋاك چېلىپ، باشقا بالىلارنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈۋاتاتتى. فەرىدمۇ بالىلارغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ مېيىپ قولىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. مەن ۋاھىدنىڭ ئوغۇللىرىنى ئەسلىدىم... ھەم ئۆزۈمنىڭ سوھرابنى تاپماي تۇرۇپ ئافغانىستاندىن كېتەلمەيدىغانلىقىمنىمۇ ھېس قىلدىم.

— ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ماڭا دەپ بېرىڭ.

زامانىنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، قەلىمىنى بارماقلىرى ئارىسىدا چۆرگىلىتىشكە باشلىدى.

— مېنىڭ سىزگە دەپ بەرگەنلىكىمنى بىرىكىمگە ھەرگىز تىنماڭ.

— مەن ۋەدە قىلاي.

ئۇ قەلەم بىلەن ئۇستەلنى چېكىپ تۇرۇپ:

— گەرچە سىز ۋەدە قىلغان بولسىڭىزمۇ، بۇ ئىش ئۈچۈن مەن مەڭگۈ پۇشايمان قىلىشىم مۇمكىن. مەن بەرىبىر بىر پالاكەت باسقان ئادەم. بىراق، سوھراب ئۈچۈن بىرەر ياخشى ئىش قىلغىلى بولسىلا... مەن سىزگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن دەپ بېرىمەن. سىز بۇ ئىش ئۈچۈن جان تىككەندەك قىلىسىز، — دېدى.

ئۇ بىرپەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ يەردە بىر تالىبان ئەمەلدار بار، ئۇ بۇ يەرگە بىر ياكى ئىككى ئايدا بىر قېتىم كېلىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە ئازراقتىن نەق پۇل ئالغاچ كېلىدۇ. ئۇ پۇل جىق ئەمەس، لېكىن يوقتىن ياخشى، — ئۇ كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى ـ يۇ، تېزلا باشقا تەرەپكە قارىۋالدى، — ئۇ كۆپىنچە قىزلارنى ئەكىتىدۇ، لېكىن دائىم ئۇنداق ئەمەس.

— سەن بۇنىڭغا قاراپ تۇرامسەن؟ — سورىدى فەرىد ئارقامدا تۇرۇپ. ئۇ ئۇستەلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ زامانغا يېقىنلاشتى.

— مېنىڭ نېمە ئامالىم بار؟ — قايتۇرۇپ سورىدى زامان ئۆزىنى ئۇستەلدىن قاچۇرۇپ.

— سەن بۇ يەرنىڭ دىرېكتورى، — دېدى فەرىد، — سېنىڭ ۋەزىپەڭ بۇ يەردىكى باللارغا قاراش.

— مەن ئۇنداق ئىشلارنى توختىتىش ئۈچۈن ھېچنېمە قىلالمايمەن.

— شۇڭا، سەن باللارنى سېتىۋاتىسەن! — فەرىد ۋارقىرىدى.
— فەرىد، ئۆلتۈرۈڭ! بولدى قىلىڭ! — دېدىم مەن. لېكىن، مەن ئاللىقاچان كېچىككەنىدىم. چۈنكى، فەرىد تۇيۇقسىزلا ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ بولغانىدى. فەرىد زامانىنى پولغا باسقاندا، زامانىنىڭ ئورۇندۇقى قەيەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. دىرېكتور فەرىدنىڭ ئاستىدا تېپچەكلەپ، بوغۇلۇپ چىرقىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۇستەلنىڭ تارتمىسىنى تېپىپ چۇشۇرۇۋەتكەنىدى، بىر توپ قەغەز پولغا چېچىلىپ كەتتى.
مەن ئۇستەلدىن يۇگۇرۇپ ئايلىنىپ ئۆتتۇم ۋە زامانىنىڭ ئاۋازىنىڭ نېمە ئۈچۈن بوغۇلۇپ چىققانلىقىنى چۈشەندىم: فەرىد ئۇنىڭ گېلىنى سىقىۋاتاتتى. مەن فەرىدنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ، ئۇنى تارتتىم. ئۇ سىلكىنىپ مەندىن ئۆزىنى تارتىۋالدى.
— بولدى قىلىڭ، — دەپ ۋارقىرىدىم مەن. لېكىن، فەرىدنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، كالپۇكىنى غەزەپ بىلەن چىشلىۋالغانىدى.
— مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. سىز مېنى توسۇيالمايسىز، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!
— ئۇنى قويۇپ بېرىڭ!
— مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!
ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئەگەر مەن دەرھال بىر ئامال قىلمىسام، ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مۇشۇ يەردە گۇۋاھچى بولىدىغانلىقىمنى چۈشەندىم.
— باللار قاراۋاتىدۇ، فەرىد. ئۇلار قاراۋاتىدۇ، — دېدىم مەن. ئۇنىڭ مەن قاماللاپ تۇرغان مۈرىلىرىنىڭ مۇسكۇللىرى چىڭىدى. مەن ئۇنى زامانىنىڭ گېلىنى قويۇپ بەرمەي داۋاملىق بوغۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، باللارنى كۆردى. باللار ئىشىك ئالدىدا جىمجىت قول تۇتۇشۇپ بىرگە قاراپ تۇراتتى. بەزىلىرى يىغلاۋاتاتتى. مەن فەرىدنىڭ

مۆسكۆللىرىنىڭ بوشىغانلىقىنى سەزدىم. ئۇ قولىنى قويۇۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ پولدا ياتقان زامانغا قاراپ، يۈزىگە تۈكۈردى-دە، ئىشىكنى ياپتى.

زامان ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ، لەۋلىرىدىكى قاننى ھەم مەڭزىدىكى تۈكۈرۈكنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتتى. ئۇ ھاسىراپ يۆتەلگىنىچە دوپپىسىنى كىيىپ، كۆزەينىكىنى تاقىدى-يۇ، ئىككىلا ئەينىكىنىڭ سۇنغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى كۆزىدىن ئېلىۋەتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق باستى.

— ئۇ سوھرابنى بىر ئاي بۇرۇن ئەكەتكەن، — دېدى زامان ئاخىر زۇۋانغا كېلىپ. ئۇ يۈزىنى تېخىچە قوللىرى بىلەن توسۇپ تۇراتتى.

— سەن ئۆزۈڭنى دىرېكتور دەپ ئاتايسەن تېخى! — دېدى فەرىد.

زامان قوللىرىنى يۈزىدىن ئالدى...

— ماڭا ئالتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى مائاش يوق. مەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولدۇم. چۈنكى، پۈتۈن ھاياتىمدا يىغقانلىرىمنى مۇشۇ دارىلئېتامغا سەرپ ئەتتىم. ئۆزۈمنىڭ تاپقىنىم ياكى مىراس ئالغانلىرىمنى خۇدا تاشلىۋەتكەن مۇشۇ جاي ئۈچۈن سېتىپ تۈگەتتىم. سەن مېنى پاكىستان ۋە ئىراندا تۇغقانلىرى يوق دەمسەن؟ مەن باشقىلارغا ئوخشاش قېچىپ كېتەلەيتتىم، لېكىن مەن قاچمىدىم. مەن بۇ يەردە قالدىم. مەن ئۇلار ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرىۋەردىم، — ئۇ قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسەتتى، — ئەگەر مەن بالىلاردىن بىرنى بەرمىسەم، ئۇ ئوننى ئەكىتىدۇ. مەن شۇڭا بالىلاردىن بىرنى ئۇنىڭغا بېرىپ، قالغان ئىشلارنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. ئۆزۈمنىڭ غۇرۇرۇمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، ئۇنىڭ پاسكىنا پۇلىنى ئالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن بازارغا بېرىپ، ئاشۇ پۇلغا بالىلار ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەك سېتىۋالدىم.

فەرىد يەرگە قارىدى.

— ئۇ ئەكەتكەن بالىلارنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن. زامان قولى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— بەزىدە ئۇلار قايتىپ كېلىدۇ.

— ئۇ كىم؟ بىز ئۇنى قانداق تاپىمىز؟

— ئەتە غازى تەنھەرىكەت مەيدانىغا بېرىڭلار. مۇسابىقىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئۇنى كۆرەلەيسىلەر. قارا كۆزەينەك تاقىۋالغىنى شۇ، — ئۇ سۇنغان كۆزەينىكىنى قولىغا ئالدى، — ئەمدى سىلەر چىقىپ كېتىڭلار. بالىلار قورقۇپ كەتتى.

ئۇ بىزنى سىرتقا ئۇزىتىپ چىقتى. بىز ماشىنىنى ھەيدەپ يولغا ئاتلاندۇق، مەن ماشىنىنىڭ ئارقا تەرەپنى كۆرسىتىش ئەينىكىدىن زاماننىڭ بوسۇغىدا تۇرغىنىنى كۆردۈم. بىر توپ بالىلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان، ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەن پەشلىرىنى ئىشتىنىنىڭ بېلىگە تىقىۋاتاتتى. ئۇ چېقىلىپ كەتكەن كۆزەينىكىنى قايتىدىن تاقىۋالغانىدى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

بىز ماشىنا بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن پۇشتۇنىستان مەيدانىنى كېسىپ شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. ئىلگىرى دادام مېنى مۇشۇ يەردىكى «قايبەر رېستورانى»غا باشلاپ كېلىپ كاۋاپ يېگۈزەتتى. رېستوران بىناسى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىماپتۇ. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ ئىشىكلىرى قۇلۇپلانغان، دېرىزە ئەينەكلىرى چېقىلغان، ۋىۋىسكىسىدىكى «ق» ۋە «ر» ھەرپلىرى چۈشۈپ قالغانىدى.

رېستوراننىڭ يېنىدا بىر جەسەت تۇراتتى. قارىغاندا بۇ يەردە كىشلەرنى دارغا ئاسقان بولسا كېرەك، بىر يىگىت بىر ئۇچى تۈۋرۈككە باغلانغان ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئېسىلىپ كۆكىرىپ كەتكەن، كىيىملىرى قان ھەم تىتىلىپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ جەسىتىگە دىققەت قىلمىغاندەك كۆرۈنمەيتتى.

بىز گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئالدىمىزغا، يەنى ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. قەيەرگە قارىسام بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان باسقان ۋە خام خىشلار بىلەن سېلىنغان بىنالار كۆزۈمگە چېلىقاتتى. پۇشتۇنىستان مەيدانىدىن ئايرىلىپ بىرنەچچە كوچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، فەرىد ماشىنا بىر كوچا دوقمۇشىدا جىددىي ھالدا گەپلىشىۋاتقان ئىككى كىشىنى قولى بىلەن ئىشارەتلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى بىر پۇتى بىلەن سەكرەپ مېڭىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يەنە بىر پۇتى تىزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كېسىۋېتىلگەندەك ئىدى. ئۇ بىر سۇنئىي پۇتنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغانىدى.

— ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىڭىزمۇ؟ ئۇلار پۇتنىڭ باھاسىنى تالىشىۋاتىدۇ.

— ئۇ ئۆزىنىڭ پۇتىنى سېتىۋاتامدۇ؟

فەرىد بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇ پۇتىنى قاراڭغۇ بازاردا خېلى كۆپ پۇلغا ساتالايدۇ. ئاشۇ پۇل بىلەن بالا ـ چاقىلىرىنى ئىككى ھەپتە باقالايدۇ دېگەن گەپ.

مەن ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تاملىرى ۋە ئۆگزىلىرىنىڭ بۇزۇلماي ساق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇ ئۆيلەر ئاساسەن ياخشى ساقلانغانىدى. ھويلىلارنىڭ تاملىرىدىن ھېلىمۇ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كوچىلارمۇ كارتەھ ـ سەھ رايونىدىكى كوچىلارغا قارىغاندا رەتلىك كۆرۈنەتتى. گەرچە يول كۆرسەتكۈچى تاختايلارنىڭ رەڭگى ئۆڭگەن، بەزىلىرى مايماق بولۇپ قالغان، يەنە بەزىلىرىگە ئوق تېگىپ تۆشۈك ئېچىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئورنىدا تۇراتتى.

— بۇ يەر خېلى ياخشى تۇرۇپتۇ، — دېدىم مەن.

— ئەلۋەتتە ئۇ ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى، بۇ كۈنلەردە مۇھىم كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ رايوندا تۇرىدۇ ئەمەسمۇ.

— تالىبانلارمۇ؟

— ئۇلارمۇ بار.

— ئۇلاردىن باشقا يەنە كىملەر بار؟

ماشىنا ئىككىلا تەرىپىدە تام بىلەن قورشالغان ھويلىلار بار، پاكىز ۋە كەڭ بىر كوچىغا قاراپ قايرىلدى.

— تالىبانلارنىڭ ئارقا تىرەكلىرى. ئۇلار بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقىي ئەمەلدارلىرى. ئۇلار: ئەرەبلەر، چېچېنلار ۋە پاكىستانلىقلار، — دېدى فەرىد. ئۇ قولى بىلەن غەربىي شىمال تەرەپنى ئىشارەتلىدى، — ئاۋۇ كۆرۈنگىنى 15 ـ كوچا. كىشىلەر

ئۇ كوچىنى «مېھمان كۆتۈش كوچىسى» دەپ ئاتىشىدۇ. توغرا، ئۇلار بۇ يەردە «مېھمانلار» دەپ ئاتىلىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ «مېھمانلار» بىر كۈنلەردە گىلەمنىڭ ھەممە يېرىگە سىيىپ قويۇشىدۇ.

— مېنىڭچە ئاۋۇ يەر دەل شۇ، — دېدىم مەن كىچىكىمدە ماشا يول كۆرسەتكۈچ بولغان بىنانى قولۇم بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ. كىچىك ۋاقتىمدا، دادام ماشا ئەگەر يولدىن ئېزىپ قالسام، ئۆيىمىزنى كوچىنىڭ بېشىدىكى يۇلغۇن چېچىكى رەڭلىك ئۆينى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ ئىزدىشىمنى ئېيتقانىدى. ئۇ يۇلغۇن چېچىكى رەڭلىك ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان بولۇپ، ئاشۇ چاغلاردا ئۇ ئۆي شۇ مەھەللىدىكى شۇ خىل رەڭلىك بىردىنبىر ئۆي ئىدى. ئۇ ئۆي ھازىرمۇ بۇ يەردىكى شۇ خىل رەڭلىك بىردىنبىر ئۆي ئىكەن.

فەرىد ماشىنىنى مەن كۆرسەتكەن كوچىغا قايرىدى. مەن دەرھال ئۆز ئۆيۈمنى كۆردۈم.

بىز ئارقا ھويلىدىكى ياۋا ئەتىرگۈللۈك ئارىسىدىن كىچىك تاشپاقىنى تاپتۇق. ئۆز ۋاقتىدا ھەسەن ئىككىمىز ئۇنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنى خۇشاللىق بىلەن بېقىۋالغانىدۇق. ھەسەن ئۇنى قىزىلغا بوياش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدۇق. چۈنكى، ئۇنى قىزىلغا بوياپ قويساق، گۈللۈك ئارىسىدىن ئاسانلا ئىزدەپ تاپالايتتۇق. ھەسەن ئىككىمىز دائىم خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىشتىن قورقمايدىغان تەۋەككۈلچىلەرنى دوراپ ئوينايتتۇق. يىراقتىكى بىر جاڭگاللىقتىن بىر قېرى ئالۋاستىنى تۇتۇپ كېلىپ خەلقئالەمگە سازايى قىلاتتۇق. بىز تاشپاقىنى ئەلى ئالدىنقى يىلى ھەسەننىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ ياساپ بەرگەن ياغاچ هارۋىغا سېلىپ سۆرەپ ماڭاتتۇق. ئۇ ھارۋا ئوت پۈركەيدىغان ئالۋاستىنى سولايدىغان چوڭ تۆمۈر

قەپەسىمىز ئىدى! بىز ھارۋىنى سۆرەپ ئالما ۋە گىلاس دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتەتتۇق. ئۆزىمىزچە خۇددى ئاسمانغا تاقاشقان بىنالارنىڭ دېرىزىسىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ بىزنىڭ غەلىبىمىزنى تەبرىكلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتۇق. بىز شۇ تەرزدە مېڭىپ ئەنجۈرلۈكنىڭ يېنىدىكى كۆلچەك ئۈستىگە دادام ياساپ بەرگەن يېرىم ئاي شەكلىدىكى كىچىككىنە كۆۋرۈك ئۈستىدىن ئۆتەتتۇق. ئۇ كۆلچەك بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان چوڭقۇر دېڭىز ئىدى. كۆۋرۈكنىمۇ خۇددى ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، شەھەرلەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چوڭ ئاسما كۆۋرۈك دەپ بىلەتتۇق. بىز ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە، ساليۇتلار ئېتىلىپ، قوراللىق ئەسكەرلەر كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بىزنى كۈتۈۋالاتتى. بىز ھارۋىنى خىش بېسىلغان چۆرگىلىمەچ يولدىن سۆرەپ دەرۋازا سىرتىغا ئاچىققىنىمىزدا، ھارۋىنىڭ سىلكىنىشىدىن ئۇ كىچىككىنە تاشپاقا سەكرەپ كېتەتتى. بىز ئاشۇنداق مېڭىپ دۇنيا رەھبەرلىرىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالاتتۇق. ئامىر بىلەن ھەسەن، يەنى دۇنيانىڭ ئەڭ بۈيۈك تەۋەككۈلچىلىرى بولغان ئىككىمىز ئۆزىمىزنىڭ باتۇرلۇقى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنىدىغان مېداللارنى تاپشۇرۇۋېلىشقا تەييار بولاتتۇق...

مەن ئاۋايلاپ مېڭىپ، خىش ياتقۇزۇلغان يولغا كەلدىم. خىشلار ئاپتاپتا ئۆڭۈپ، ئارىلىرىغا ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەنىدى. مەن خۇددى بىر ناتونۇش ئادەمدەك ئۆيىمىزنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قاراپ تۇردۇم. قوللىرىم بىلەن دەرۋازىنىڭ دات باسقان رېشاتكىلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، مۇشۇ دەرۋازىدىن مىڭ قېتىملاپ ئۆتكەن باللىق چاغلىرىمنى خىيال قىلدىم. ئۇ چاغلاردا ھېچقانچە دىققەت قىلمىغان، ئەھمىيەتسىز بىلىنگەن ئىش ئەمدىلىكتە بەكمۇ مۇھىم بىلىنىۋاتاتتى. مەن

رېشاتكا ئارىسىدىن ھويلىغا قارىدىم. ھەسەن ئىككىمىز پۈتۈن بىر ياز نۆۋەتلىشىپ ۋېلىسىپىت مىنىشنى ئۆگەنگەن يولغا نەزەر سالدىم. دەرۋازىدىن تاكى ئارقا ھويلىغىچە سوزۇلغان بۇ يول ئەمدى ماڭا ئۇنداق ئۇزۇن ھەم كەڭ بىلىنمىدى. ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يوللار يېرىلىپ، يېرىقلار ئارىسىدىن ئوت - چۆپلەر كۆكلەپ چىققانىدى. ھەسەن ئىككىمىز ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە ئەينەكتىن شولا چۈشۈرۈپ ئوينايدىغان ھېلىقى تېرەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېسىۋېتىلگەنىدى. كېسىۋېتىلمىگەنلىرىنىڭ بولسا ئاللىقاچان يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھېلىقى «كېسەل قوناق» تىكىلىدىغان يەردىكى تام تېخىچە بار ئىدى. لېكىن، ئۇ تامنىڭ يېنىدا ھېچقانداق قوناق ياكى باشقا نەرسە يوق ئىدى. تاملاردىكى سىرلار قومۇرۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەنىدى. بەزى يەرلىرىنىڭ سۇۋاقلىرىمۇ قومۇرۇلۇپ چۈشكەنىدى. چىملىق كابۇل ئاسمىنىنى قاپلىغان چاڭ - توزاننىڭ رەڭگىدەك جىگەر رەڭگە كىرگەن، بەزى يەرلىرى ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان قاقاس يەرگە ئايلانغانىدى.

يولغا بىر جىپ ماشىنا توختىتىپ قويۇلغانىدى، ئۇ ماڭا خۇددى بىر خاتا ئىشتەكلا بىلىندى. چۈنكى، ئۇ يول ئەزەلدىن دادامنىڭ «مۇستانگ» ماركىلىق ماشىنىسىغا تەۋە ئىدى. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە دېگۈدەك دادامنىڭ سەككىز سىلىندىرلىق ماشىنىسى مۇشۇ يولدا گۈركىرەپ ئوت ئېلىپ مېنى ئۇيقۇدىن ئويغىتاتتى. جىپتىن ئاققان ماي يولنى قاپقارا بوياۋېتىپتۇ. جىپنىڭ يېنىدا بىر چاقلىق قول ھارۋىسى تۇراتتى. دادام بىلەن ئەلى يول بويىغا ئۆستۈرگەن ئەتىرگۈللەرنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ گۈللەرنىڭ ئورنىنى ئەخلەت ۋە ياۋا ئوت - چۆپلەر ئالغانىدى.

فەرىد ماشىنىسىنىڭ سىگنالىنى ئىككى قېتىم باستى.

— ئاغا، ئەمدى ماڭايلى. بولمىسا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى

قوزغاپ قويىمىز.

— مېنى يەنە بىر مىنۇت تۇرغىلى قويۇڭ، — دېدىم مەن.

ئۆي مېنىڭ خىيالىمدىكى ئاق رەڭلىك چوڭ بىنادىن كىچىكلەپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۆينىڭ تورۇسى قىڭغىيىپ، تام سۇۋاقلىرى سويۇلۇپ كەتكەندى. مېھمانخانا، كارىدور ۋە ئىككىنچى قەۋەتتىكى مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان ھۇجرىنىڭ ھاجەتخانىسىنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرى چېقىلىپ كەتكەندى. ئۇ چېقىلغان دېرىزىلەر سولياۋ بىلەن چاپلاپ قويۇلغان ياكى ياغاچ شال بىلەن مىخلانغاندى. ئاق تاملارنىڭ سىرلىرى چۈشۈپ كۈل رەڭ بولۇپ قالغان بولۇپ، يېرىلغان جايلاردىن خىشلار كۆرۈنۈپ قالغاندى. ئۆي ئالدىدىكى پەلەمپەيلەرمۇ بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆيىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتى كابۇلدىكى بارلىق بۇزۇلغان نەرسىلەرگە ئوخشاشلا ھەشەمەتنى يوقاتقان ئاشۇ دۇنيانى سۈرەتلەيتتى.

مەن ھۇجرامنىڭ دېرىزىسىنى تاپتىم. پەلەمپەينىڭ جەنۇب تەرىپىدىن سانىغاندا، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۈچىنچى دېرىزە ھۇجرامنىڭ دېرىزىسى ئىدى. مەن پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سوزۇلۇپ تۇرۇپ، ئۇ دېرىزە ئىچىگە ئىنچىكىلەپ قارىدىم. دېرىزىنىڭ ئارقىسىدا دېرىزە رېشاتكىلىرىنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. يىگىرمە بەش يىل ئىلگىرى، مەن ئاشۇ دېرىزە ئارقىسىدا تۇرۇپ، يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلۇۋاتقان ئەينەكتىن ھەسەن بىلەن ئەلىنىڭ يوك - تاقلىرىنى دادامنىڭ ماشىنىسىغا بېسىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

— ئامىر ئاغا! — فەرىد يەنە چاقىردى.

— مانا ھازىر، — دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

كاللامغا ساراڭلارچە بىر خىيال كەلدى. مەن ئۆيگە كىرمەكچى بولدۇم. ئاشۇ پەلەمپەيلەردىن مېڭىپ چىقىپ، ھەسەن بىلەن ئىككىمىز ئاياغلىرىمىزنى سېلىپ كىرىدىغان بوسۇغىدىن دەسسەپ ئۆيگە كىرمەكچى بولدۇم. قازناق ئۆيگە كىرىپ، ئەلى

مەشكە تاشلايدىغان ئاپپلىسىن شۆپۈكلىرىنىڭ كۆيگەن پۇراقلىرىنى پۇرىغۇم كەلدى. ئاشخانا ئۆيدىكى تاماق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ، بىر پارچە نان بىلەن چاي ئىچكەچ، ھەسەن ئىپتقان كىلاسسىك ھەزارا ناخشىسىنى ئاڭلىغۇم كەلدى.

ماشىنا سىگنالى يەنە ئاڭلاندى. مەن يول بويىغا توختىتىلغان ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدىم. فەرىد ماشىنا ئىچىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتاتتى.

— مېنىڭ يەنە بىرنەرسىنى كۆرگۈم بار، — دېدىم مەن.

— تېزرەك بولۇڭ.

— ماڭا يەنە ئون مىنۇت ۋاقىت بېرىڭ.

— مەيلى ئەمىسە، — دېدى ئۇ. مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، فەرىدنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، — ئامال بار ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، شۇنداق قىلغاندا ئاسانراق بولىدۇ.

— نېمىگە ئاسانراق بولىدۇ؟

— ئالدىغا قاراپ مېڭىشىڭىزغا ئاسانراق بولىدۇ، — دېدى فەرىد. ئۇ قولىنى دېرىزە سىرتىغا چىقىرىپ تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قاقتى، — سىز يەنە قانچىلىك كۆرمەكچى؟ مەن سىزنىڭ ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلۇشىڭىز ئۈچۈن مەسلىھەت قىلاي: سىزنىڭ ئېسىڭىزدە قالغان نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ساق ئەمەس ئىكەن. ئەڭ ياخشىسى ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.

— مېنىڭ ئەمدى ئۇنتۇغۇم يوق، — دېدىم مەن، — ماڭا يەنە ئون مىنۇت ۋاقىت بېرىڭ.

بۇرۇنقى چاغلاردا، ھەسەن ئىككىمىز ئۆيىمىزنىڭ شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان تۆپىلىككە مېڭىپ چىققىنىمىزدا، ھېرىش تۇگۇل، تەرلەپمۇ كەتمەيتتۇق. بىز ھەتتا بىر ـ بىرىمىزنى قوغلىشىپ تاغنىڭ باغرىغا يۈگۈرۈپ چىقاتتۇق. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ يىراقتىكى ئايرودرومنى، ئۇ يەرگە قونغان ياكى ئۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇچقان ئايروپىلانلارنى بىردەم تاماشا

قىلاتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر - بىرىمىزنى قوغلىشىپ تاغقا چىقاتتۇق. بۈگۈن مەن ئاشۇ تۆپىلىككە يېتىپ بارغىنىمدا، ھاسىرىغىنىمدىن ھەربىر نەپەس ئالغىنىمدا خۇددى كۆيۈپ تۇرغان يالقۇننى يۇتقاندەك بولۇپ كەتتىم. يۈزلىرىمدىن تەرلەر قۇيۇلدى. ئىچىمدە بىر يەرلىرىم قاتتىق ئاغرىپ، بىردەم خىرىلداپ نەپەس ئالغانچە قاراپ تۇردۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا مېڭىپ، تاشلاندۇق كونا قەبرىستانلىققا كەلدىم. ئۇ قەبرىستانلىقنى تېپىشىم تەسكە توختىمىدى. ھېلىقى قېرى ئانار دەرىخىنىمۇ ئاسانلا تېپىۋالدىم.

مەن قەبرىستانلىقنىڭ قوڭۇر رەڭلىك تاشلار بىلەن ياسالغان كىرىش ئېغىزىغا يۆلىنىپ تۇردۇم. ھەسەن ئانىسىنى مۇشۇ يەرگە كۆمگەنىدى. قەبرىستانلىقنىڭ كونا تۆمۈر دەرۋازىلىرى كۆرۈنمەيتتى، ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن قەبرە تاشلىرىنىمۇ تەستە كۆرگىلى بولاتتى. قەبرىستانلىقنى قورشىغان پاكار تامغا ئىككى قاغا قونۇۋالغانىدى.

ھەسەن خېتىدە ئانار دەرىخىنىڭ خېلى يىللاردىن بېرى مېۋە بەرمىگەنلىكىنى يازغانىكەن. شاخلىرى قۇرۇپ، يوپۇرماقسىز قالغان ئۇ دەرەخكە قاراپ، ئۇنىڭ ئەمدى مېۋە بېرىشىنىڭ مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلدىم. مەن ئۇنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ، بىزنىڭ ئۇنىڭغا يامىشىپ ئوينىغان ۋاقىتلىرىمىزنى ئەسكە ئالدىم. دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن قۇياش نۇرى يۈزىمىزگە چۈشۈپ تۇرغان، شاخلىرىدا پۇتلىرىمىزنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشلەر، ئانار مېۋىسىنىڭ چۈچۈك تەمى ئېسىمگە كەلدى.

مەن يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ شاخلىرىنى قايرىدىم. مەن ئاخىر ئۆزۈم ئىزدىگەن نەرسەمنى تاپتىم. ئۇنىڭ غولىدا ھەسەن ئىككىمىز ئويغان خەتلەر ھېلىمۇ بار ئىدى: «ئامىر بىلەن ھەسەن كابۇلنىڭ سۇلتانلىرى» مەن بارماقلىرىم بىلەن ھەربىر ھەرپنىڭ ئىزلىرىنى سىلاپ چىقتىم.

ئۇ ئىزلاردىن بارماقلىرىمنىڭ ئۇچلىرىغا بىر قەۋەت قارا قوۋزاق ئۇۋاقلىرى يېپىشتى.

مەن ئانار دەرىخىنىڭ ئاستىدا چازا قورۇپ ئولتۇرۇپ بالىلىق چاغلىرىمنى ئۆتكۈزگەن بۇ شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە نەزەر تاشلىدىم. ئاشۇ كۈنلەردە، ھەربىر ئۆينىڭ ئارقىسىدىن دېگۈدەك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاسمانمۇ شۇنچە چەكسىز ۋە شۇنچە كۆك ئىدى. ھەممە ھويلىدا دېگۈدەك ئاپتاپقا يېيىلغان كىرلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەگەر دىققەت بىلەن قۇلاق سالساق، ھەتتا ئېشەكلەرگە مېۋە ئارتىپ مېڭىپ ۋەزىر ئەكبەرخان كوچىلىرىدا مېۋە ساتىدىغان ئادەمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالايتتۇق: «گىلاس ! ئۆرۈك ! ئۈزۈم !» كەچلىرى شارئەنو مەسچىتىدىكى مەزىنىنىڭ ئەزان توۋلىغىنىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى...

شۇلارنى خىيال قىلىپ تۇرغىنىمدا، ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. مەن تۆۋەنگە قارىسام، فەرىد ماشا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىۋېتىپتۇ. دېمەك، ماڭىدىغان ۋاقىت بولغانىدى.

بىز ماشىنا بىلەن قايتىدىن جەنۇب تەرەپكە، يەنى پۇشتۇنىستان مەيدانىغا قاراپ ماڭدۇق. بىز ئۇ يەرگە بارغۇچە كوزۇپلىرىغا قوراللانغان، ساقاللىق ياشلار لىق قاچىلانغان قىزىل رەڭلىك يۈك ماشىنىلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. ھەربىر ماشىنىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، فەرىد تۆۋەن ئاۋازدا ئۇلارنى بىر قېتىم قارغايتتى.

مەن پۇشتۇنىستان مەيدانىدىكى بىر مېھمانخانىغا چۈشتۈم. پەشتاختىنىڭ كەينىدە ئۇچىسىغا ئوخشاش قارا كىيىم كىيىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتىشقان ئۈچ كىچىك قىز ئورۇق، كۆزەينەكلىك بىر ئادەمگە ئېسىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ كىشى مەندىن يەتمىش بەش دوللار ئالدى. مېنىڭچە، بۇ بۇنداق ئەبگار مېھمانخانا ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە ئارتۇق قويۇلغان باھا ئىدى.

لېكىن، مەن رازى بولدۇم. چۈنكى، ئۇ ھاۋايدىكى دېڭىز بويىدىن داچا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەرزەنتلىرىنى بېقىش ئۈچۈن بۇ ياتاققا مۇشۇنداق يۇقىرى باھا قويغانىدى.

ياتاقتا ئىسسىق سۇ يوق، يېرىلىپ كەتكەن ھاجەتخانىدىن سۇ ئاقمايتتى. ياتاقتا پەقەت بىر تۆمۈر كارىۋات، كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە تىتىلىپ كەتكەن ماتىراس بىلەن بىر يىرتىق ئەديال بار ئىدى، ياتاقتا يەنە بىر ياغاچ ئورۇندۇقمۇ بار ئىدى. ياتاقنىڭ پوشتونىستان مەيدانىغا قارايدىغان دېرىزىسى چېقىلىپ كەتكەنىدى. مەن چامادىنىمنى يەرگە قويۇۋېتىپ، كارىۋاتنىڭ كەينىدىكى تامدىكى قان دېغىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.

مەن فەرىدكە سىرتتىن تاماق ئەكىرىش ئۈچۈن پۇل بەردىم. ئۇ سىرتتىن تۆت زىخ كاۋاپ، ئىسسىق نان ۋە بىر چىنە پىشۇرۇلغان گۈرۈچ ئەكىردى. بىز كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ تاماقنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز يەپ بولدۇق. كابۇلدا شۇنچە كۆپ نەرسىلەر ئۆزگىرىپتۇ، لېكىن بىرلا نەرسە ئۆزگەرمەپتۇ. ئۇ بولسىمۇ كابۇلنىڭ كاۋىپى ئىدى. كاۋاپ يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش شۇنچە مەززىلىك ۋە يېيىشلىك ئىدى.

شۇ كېچىسى مەن كارىۋاتتا ياتتىم. فەرىد مەن مېھمانخانىنىڭ غوجىدارىغا ئارتۇق پۇل تۆلەپ ئارىيەت ئەكىرگەن ئەدىيالنى يېپىنىپ پولدا ياتتى. سۇنۇق دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرىدىن باشقا ياتاقتا ھېچقانداق يورۇقلۇق يوق ئىدى. فەرىدكە مېھمانخانا خوجايىنىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، كابۇلدا تۈنۈگۈن كەچتىن بېرى توك يوق ئىكەن، گېنېراتورىمۇ تېخىچە ئوڭشالماپتۇ. فەرىد ئىككىمىز بىردەم پاراڭلاشتۇق. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مازارى شارىفتا ۋە جالالئابادتا چوڭ بولغانلىقىنى، دادىسى بىلەن ئۆزىنىڭ پانجشەر جىلغىسىدا رۇسلارغا قارشى جىھادقا قاتنىشىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ئاچارچىلىقتا چېكەتكە يېگەنلىكى، دادىسىنىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن ئېتىلغان ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئىككى قىزىنىڭ مىنادا پارتلاپ

ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مەندىن ئامېرىكا توغرۇلۇق سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ئامېرىكىدا يېمەكلىك ساتىدىغان ھەرقانداق دۇكانغا كىرسە، ئون بەش ـ يىگىرمە خىل تالقان قوتۇرمىچى سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ۋاقىتتا يېڭى قوي گۆشى سېتىۋېلىشقا بولىدىغانلىقى، سۇتنىڭ دائىم سوغۇق تۇرىدىغانلىقى، مېۋىلەرنىڭ ھەرقاچان ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغانلىقى، سۇنىڭ پاكىز ۋە سۇزۇك ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. مەن يەنە ھەممە ئۆيدە تېلېۋىزور بارلىقى، ھەربىر تېلېۋىزورنىڭ بىردىن تىزگىنىكى بارلىقى، كىشىلەر خالىسا سۇنئىي ھەمراھتىن سىگنال تارتىدىغان تېلېۋىزور قازىنىنى ئۆزى ئورنىتىۋېلىپ بەش يۈز تېلېۋىزىيە قانىلىنى خالىغانچە تاللاپ كۆرەلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

— بەش يۈز قانالنى كۆرگىلى بولىدۇ دەمسىز؟ — ھەيرانلىقتا سورىدى فەرىد.

— ھەئە، بەش يۈز قانال.

ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق باستى. مەن ئۇنى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن، ئۇ توساتتىن پىخىلداپ كۈلدى.

— ئاغا، سىز موللا نەسىرىدىننىڭ قىزى ئېرىدىن تاياق يەپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەلگەندە، موللا نەسىرىدىننىڭ قىزىنى نېمە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغانمۇ؟ — مەن ئۇنىڭ قاراڭغۇدا كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئۆزۈممۇ كۈلۈپ كەتتىم. دۇنيادا موللا نەسىرىدىننىڭ لەتىپىلىرىدىن بىرنەچچىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئافغان بولمىسا كېرەك.

— نېمە قىپتۇ؟

— موللا نەسىرىدىنمۇ قىزىنى ئۇرۇپ، ئۇنى ئېرىنىڭ يېنىغا كەتكۈزۈۋېتىپتۇ ۋە ئېرىگە مۇنداق دەپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ: «ئېرىڭ مېنى ئەخمەق كۆرمىسۇن، ئەگەر ئۇ يەنە مېنىڭ قىزىمنى ئۇرىدىغان بولسا، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ خوتۇنۇمنى ئۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالىمەن.»

مەن كۈلۈپ كەتتىم. كۈلۈشۈمنىڭ بىر سەۋەبى لەتىپىنىڭ قىزىقارلىقىدىن بولسا، يەنە بىر سەۋەبى ئافغان يۇمۇرلىرىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى ئىدى. ئۇرۇشلار بولدى، ئىنتېرنېت كەشىپ قىلىندى، ماشىنا ئادەملەر مارسنى تەكشۈرۈپ مېڭىپ يۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئافغانلار تېخىچە موللا نەسىرىددىننىڭ لەتىپىلىرىنى ئېيتىپ يۈرۈشىدۇ.

— سىز نەسىرىددىننىڭ ئېغىر خۇرجۇنىنى مۇرىسىگە ئارتىپ تۇرۇپ ئېشەككە مىنگەنلىكى توغرىسىدىكى لەتىپىنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ياق.

— كوچىدا قاراپ تۇرغان بىرى نەسىرىددىندىن خۇرجۇننى ئېشەككە ئارتماي نېمە ئۈچۈن ئۆزى يۈدۈۋالغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ: «ئەگەر ئۇنداق قىلسام ئېشەككە ئۇۋال بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىچارە مېنى كۆتۈرۈپمۇ ھېرىپ كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بىز تاكى ئېسىمىزدە قالغان يۇمۇرلار تۈگىگۈچە يۇمۇر ئېيتىشتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىلىمىز جىمىپ قالدۇق.

— ئامىر ئاغا؟ — دەپ چاقىردى فەرىد. ئاللىقاچان كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنغان بولغاچقا، چۆچۈپ كەتتىم.

— ھە؟

— سىز بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ دېمەكچى بولغىنىم سىز بۇ يەرگە زادى نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟

— مەن ئۇنى سىزگە ئاللىقاچان دەپ بەردىم.

— بالا ئۈچۈنمۇ؟

— ھەئە، بالا ئۈچۈن كەلدىم.

فەرىد ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، قايتىدىن ياتتى.

— ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

— بەزىدە مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمگە ئىشەنمەي قالىمەن.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم... سىز قانداقمۇ بىر شىئە

ئۈچۈن ئامېرىكىدەك يەردىن شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ بۇ يەرگە كېلىسىز؟

ئۇنىڭ بۇ سوئالى بايىقى كۆلكىلەر ۋە مېنىڭ ئۇيقۇمنى قاچۇرۇۋەتتى.

— مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، — دېدىم مەن، — ئەمدى ئازراق ئارام ئالايلى.

بىز غازى تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگىنىمىزدە، مەيدان ئىچى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. مىڭلىغان ئادەملەر تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ پەلەمپەي شەكىللىك سېمونت ئورۇندۇقلىرىدا قىستىلىشىپ ئولتۇراتتى. كىچىك بالىلار ئورۇندۇق ئارىلىقلىرىدا يۈگۈرۈشۈپ ئويناۋاتاتتى. ئاچچىق - چۈچۈك تەم تېتىتقۇغا چىلانغان ماشىنىڭ پۇرىقى تېزەك ۋە تەر پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. فەرىد ئىككىمىز تاماكا، قارىغاي ئورۇقى ۋە پېچىنە قاتارلىقلارنى ساتىدىغانلارنىڭ يايمىسىدىن مېڭىپ ئۆتتۇق. بەكمۇ ئورۇق بىر بالا قولۇمدىن تارتىپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— سېرىق سۈرەت ئالامسىز، ئاجايىپ سېرىق، ئاغا، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ جىددىيلىك بىلەن ئەتراپقا پات - پات قارىغان كۆزلىرى ماڭا بىرنەچچە يىل بۇرۇن سان فرانسىسكونىڭ تېندېرلوئىن رايونىدا ئەپيۇن ساتماقچى بولۇپ يولۇمنى توسقان قىزچاقنىڭ كۆزلىرىنى ئەسلەتتى. ئۇ چاپىنىنىڭ بىر پېشىنى قايرىپ تۇرۇپ ماڭا «سېرىق سۈرەتلىرى»نى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ «سېرىق» دېگەن سۈرەتلىرىدە تولۇق كىيىنگەن ھىندىستانلىق ئايال كىنو ئارتىسى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەرنىڭ قۇچىقىدا شەھۋانىي قىياپەتتە بىر - بىرىگە قاراپ تۇراتتى، — كارامەت سېرىق - ھە، — دېدى ئۇ گېپىنى تەكرارلاپ.

— رەھمەت، لازىمى يوق، — دېدىم - دە، ئۇنىڭ ئالدىدىن قىستىلىپ ئۆتتۈم.

— ئەگەر ئۇلار بۇ بالىنى تۇتۇۋالسا، چوقۇم ئۇنىڭ دادىسى گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرغۇدەك جازا بېرىدۇ، — دەپ غودۇڭشىدى فەرىد.

كىشىلەر ئورۇندۇقلاردا ئىختىيارىي ئولتۇراتتى. ھېچكىممۇ بىزنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنىمىزنى تېپىشىمىزغا ياردەملەشمەيتتى. ئافغانىستاندا ئەزەلدىن بېلەت نومۇرىغا قاراپ ئولتۇرىدىغان ئىش بولۇپ باقمىغان. بىز ئاخىر يامان ئەمەس بىر يەردىن، يەنى مەيدان سەھنىسىنىڭ سول تەرىپىدىن ئورۇن ئالدۇق. ئەلۋەتتە، بۇ ئورۇننى فەرىد باشقىلارنى ئىتتىرىپ يۇرۇپ تاپقانىدى.

1970 ـ يىللاردا دادام مېنى پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرۈشكە ئەكەلگەندە، توپ مەيدانى ياپيېشىل چىملىق ئىدى. ئەمدىلىكتە توپ مەيدانى بۇرۇنقىغا پۇتۇنلەي ئوخشىمايلا قالغان، مەيداننىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى ئازگال بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ، جەنۇب تەرەپتىكى ۋاراتانىڭ ئارقا تەرىپىدە چوڭقۇر ئىككى ئازگال كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. مەيداندا ئازراقمۇ چىم قالمىغان، ھەممە يەر بوز توپىلىق ئىدى. ئاخىر ئىككى تەرەپ توپ كوماندىسى مەيدانغا كىرىپ مۇسابىقىنى باشلىدى. ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي، توپچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن ئىشتان كىيىۋالغانىدى. ئۇلار توپ ئويناۋاتقاندا كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭدىن توپنىڭ قايسى تەرەپتە تېپىلىۋاتقانلىقى ۋە قايسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. تاماشىبىنلار ئارىسىدا قولىغا قامچا تۇتقان ياش تالىبانلار مېڭىپ يۈرەتتى. توپ كوماندىلىرىغا ئۈنلۈكرەك ئاۋازدا مەدەت بەرگەنلەر تالىبانلارنىڭ قامچىسى بىلەن جازالىناتتى.

بىرىنچى مەيدان مۇسابىقە ئاخىرلاشقانلىق پۇشتىكى چېلىنىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، توپ كوماندىلىرى مەيداندىن چېكىنىشتى. قىزىل رەڭلىك ئىككى يۈك ماشىنىسى تەنھەرىكەت مەيدانىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان

ھەممە ئادەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ماشىنىلارغا قاراپ بويۇنلىرىنى سوزۇشتى. بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە بۇرقا بىلەن چۈمكەلگەن بىر ئايال بىر ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇراتتى. كۆزى تېڭىلغان بىر ئەر يەنە بىر ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇراتتى. ماشىنىلار خۇددى كىشىلەرنى ئېنىق كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك مەيداندىكى يۈگۈرۈش يولىدا ئاستا ماڭدى. كىشىلەر بويۇنلىرىنى تېخىمۇ سوزۇشۇپ، ماشىنىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنى قوللىرى بىلەن كۆرسىتىشتى. يېنىمدا ئولتۇرغان فەرىدنىڭ بۇغدىيىكى ئاستى ـ ئۈستىگە ھەرىكەتلەندى. ئۇ پەس ئاۋازدا بىرنەرسىلەرنى دەپ ئايەت ئوقۇدى. ھېلىقى ئىككى ماشىنا مۇسابىقە مەيدانىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قاراپ توپا توزىتىپ ماڭدى. ئىككى ماشىنا قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. ئۈچىنچى ماشىنا دەرۋازىدىن كىرىپ، بايىقى ئىككى ماشىنىغا يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ كوزۇپىغا قاچىلانغان نەرسىنى كۆرۈپ، مەن ۋاراتانىڭ ئارقىسىدىكى ھېلىقى ئىككى چوڭقۇر ئازگالنىڭ رولىنى چۈشەندىم. ئۇلار ئۈچىنچى ماشىنىدىكى نەرسىنى يەرگە چۈشۈردى. تەنھەرىكەت مەيدانىدىكى جامائەت نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىپ بىر نەرسىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى.

— يەنە بىردەم تۇرامدۇق؟ — سورىدى فەرىد جىددىي ھالدا.

— ياق، قايتايلى، — دېدىم مەن. ئۆمرۈمدە بىر يەردىن بۇنداق تېز كەتكۈم كەلمىگەنىدى.

— بىردەم تۇرايلى.

مۇرىسىگە رۇس مىلتىقلىرىنى ئاسقان ئىككى تالىبان كۆزلىرى تېڭىلغان ھېلىقى ئادەمنى ماشىنىدىن چۈشۈردى. باشقا ئىككى تالىبان بۇرقا بىلەن چۈمكەلگەن ھېلىقى ئايالنى ماشىنىدىن چۈشۈردى. ئۇ ئايالنىڭ پۇتلىرى قاتلىشىپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. تالىبان ئەسكەرلىرى ئۇنى تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ ئايال يەنە ئولتۇرۇپ قالدى. تالىبانلار ئۇ ئايالنى ئىككىنچى قېتىم ئورنىدىن تۇرغۇزماقچى بولۇپ تارتقانىدى، ئۇ

ئايال چىرقىراپ ئۇلارنى تەپتى. ئۇ ئايالنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى قاپقانغا چۈشۈپ قالغان ياۋايى ھايۋاننىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازىغا ئوخشايتتى. يەنە ئىككى تالىبان ئەسكىرى ياردەمگە كەلدى. تۆت تالىبان ئەسكىرى ئۇ ئايالنى سۆرەپ ئادەمنىڭ مەيدىسىگە كەلگۈدەك چوڭقۇرلۇقتا كولانغان ھېلىقى ئازگاللارنىڭ بىرىگە چۈشۈردى. ھېلىقى كۆزى تېڭىلغان ئادەم ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەستىن، تالىبانلارنىڭ ئۆزىنى ئازگالغا چۈشۈرۈشىگە ماسلاشتى. ئازگالغا چۈشۈرۈلگەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بېلىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سېمىز، ئاق ساقاللىق، كۆل رەڭ تون كىيگەن موللام ۋاراتانىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ، مىكروفوننى ئېغىزىغا يېقىن ئەكىلىپ تۇرۇپ گېلىنى قىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئازگالدا تۇرغان ئايال تېخىچە چىرقىراۋاتاتتى. موللام «قۇرئان»دىكى ئۇزۇن بىر ئايەتنى يادقا ئوقۇدى. ئۇنىڭ دىمىقىدا ئايەت ئوقۇغان ئاۋازى جىمجىتلىقتا چۆمگەن مەيداندا بىردە يۇقىرى، بىردە تۆۋەن ئاڭلىناتتى. دادامنىڭ نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ماڭا دېگەن مۇنۇ سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى: «ئۆزىچە ھەققانىيەتچى بولۇۋالغان مايمۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساقىلىغا سىيىش كېرەك. ئۇلار قۇرۇق تەسۋىلىرىنى سىيرىشىپ، قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي قارىسىغا ئوقۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئافغانىستاننىڭ ئۇنداقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن.»

موللام ئايەتنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە گېلىنى قىردى.

— قېرىنداشلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ پارس تىلىدا. ئۇنىڭ ئاۋازى تەنھەرىكەت مەيدانىدا ياڭرايتتى، — بۈگۈن بۇ يەردە شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلماقتىمىز. بىز بۇ يەردە ئادالەتنىڭ كۈچىنى ئىجرا قىلماقتىمىز. بىزنىڭ بۈگۈن بۇ يەردە تۇرۇشىمىز ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىمىز ئافغانىستاندا ھېلىمۇ

مەۋجۇت ۋە قەدىرلىنىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىز خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىمىز. چۈنكى، بىز خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدىدا ئاددىي ۋە ئاجىز بەندىمىز. خۇدا نېمە دېگەندى؟ مەن سىلەردىن سوراپ باقاي! خۇدا زادى نېمە دېگەندى؟ خۇدا: «ھەربىر گۇناھكار ئۆزىنىڭ قىلغانلىرى ئۈچۈن جازالىنىشى كېرەك» دېگەندى. بۇ سۆزنى مەن ياكى مېنىڭ قېرىنداشلىرىم دېگەن ئەمەس. ئۇ خۇدانىڭ ئەمرى! — ئۇ شۇنداق دەپ ئاسماننى كۆرسەتتى. مېنىڭ بېشىم چىڭقىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى. قۇياشنىڭ تەپتى ماڭا ھەددىدىن زىيادە قىزىق بىلىندى.

— ھەربىر گۇناھكار ئۆزىنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن جازالىنىشى كېرەك! — تەكرارلىدى موللام مىكروفوننى ئېغىزىغا تېخىمۇ يېقىن ئەكىلىپ، ئۇ ئەمدى ھەربىر سۆزنى دانىمۇدانە قىلىپ، چىڭقىلىپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتاتتى، — ئۇنداقتا زىناخورلارغا قانداق جازا مۇۋاپىق؟ قېرىنداشلىرىم، نىكاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا داغ تەگكۈزگەنلەرنى بىز قانداق جازالىشىمىز كېرەك؟ خۇدانىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەنلەر قانداق ئاقىۋەتكە قېلىشى كېرەك؟ خۇدانىڭ ئۆيىگە تاش ئاتقانلارغا بىز قانداق جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك؟ بىز ئەلۋەتتە، تاش ئېتىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك! — ئۇ مىكروفوننى ئۆچۈردى. تەنھەرىكەت مەيدانىدىكىلەر پەس ئاۋازدا پىچىرلاشتى.

يېنىمدا ئولتۇرغان فەرىد بېشىنى چايقاۋاتاتتى.

— ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتامدىغاندۇ؟ — پىچىرلىدى ئۇ.

بويى ئېگىز، مۈرىلىرى كەڭ بىر ئادەم ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇنى كۆرۈپ جامائەت ئارىسىدىكى بەزى ئادەملەر ۋارقىراپ، چاۋاك چېلىشتى. بۇ قېتىم يۇقىرى ئاۋازدا چاۋاك چالغانلىقى ياكى ۋارقىرىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىممۇ قامچا بىلەن جازالانمىدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئۈچىسىدىكى ئاق رەڭلىك تونى چۈشتىن كېيىنكى ئاپتاپتا كۆزنى چاقنىتاتتى. ئۇنىڭ تونىنىڭ پەشلىرى شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. ئۇ قوللىرىنى خۇددى

كىرېستقا مىخلانغان ئىيسادەك كەڭ ئاچتى.
ئۇ جامائەتكە سالام بەرمەكچى بولۇپ، ئورنىدا تۇرۇپ تولۇق بىر قېتىم چۆرگىلىدى. ئۇ بىز تەرەپكە قارىغاندا، ئۇنىڭ جون لېنوننىڭكىگە ئوخشايدىغان يۇمىلاق قارا كۆزەينەك تاقىۋالغانلىقىنى كۆردۈم.
— بىز ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم دەل مۇشۇ بولسا كېرەك، — دېدى فەرىد.
قارا كۆزەينەك تاقىغان ئېگىز بويلۇق تالىبان ئۇلار بايىلا ئۈچىنچى ماشىنىدىن چۈشۈرگەن بىر دۆۋە تاشنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ بىر تال تاشنى ئېلىپ جامائەتكە كۆرسەتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىقىپ، ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. ئۇ تالىبان خۇددى كالتەك توپ تەنھەرىكەتچىسىدەك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، قولىدىكى تاشنى ھېلىقى ئازگالدىكى كۆزى تېڭىلغان ئادەمگە قارىتىپ ئاتتى. تاش ھېلىقى ئادەمنىڭ بېشىغا تەگدى. ھېلىقى ئايال يەنە چىرقىراشقا باشلىدى. جامائەت چۆچۈپ تۇۋلاپ كېتىشتى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئالىقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى توسىۋالدىم. جامائەت خېلى ئۇزۇنغىچە چۇرقىرىشىپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن فەرىدتىن ئۇلار تاش ئېتىشتىن توختىدىمۇ، دەپ سورىدىم. فەرىد «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. مەن بەلكىم كىشىلەر ۋارقىراشتىن ھارغان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم. يۈزۈمنى ئالىقىنىم بىلەن قانچە ئۇزۇن توسۇپ تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. لېكىن، مەن كۆزلىرىمنى ئاچقاندا، ئەتراپتىكى ئادەملەر: «ئۆلدىمۇ؟ ئۆلدىمۇ؟» دەپ سورىشىۋاتاتتى.
ئازگالدىكى ئادەم تىتىلغان لاتىلارنىڭ ئارىسىدا قانغا مىلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بېشى ئالدىغا ئېڭىشىپ، ئېڭىكى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئېگىز بويلۇق تالىبان بىر تاشنى ئىككى قولىدا ئوينىتىپ، ئازگالنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان يەنە بىر ئادەمگە قاراپ تۇراتتى. ھېلىقى تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئادەم يۇرەك رىتىمى تىڭشىغۇچنى ئازگالدىكى ئادەمنىڭ كۆكسىگە قويۇپ تىڭشاۋاتاتتى. ئۇ ئادەم تىڭشىغۇچنى

قۇلىقىدىن ئېلىپ، ھېلىقى ئېگىز بويلۇق تالىبانغا قاراپ بېشىنى چايقىدى. جامائەتنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئېگىز بويلۇق تالىبان تاش دۆۋىسى يېنىغا قايتىپ كەلدى.

ئىشلار ئاياغلاشقاندا، قانغا مىلەنگەن جەسەتلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىزىل رەڭلىك يۈك ماشىنىلىرىنىڭ كوزۇپلىرىغا تاشلاندى. بىرنەچچە تالىبان تېزلىك بىلەن ھېلىقى ئازگاللارنى تىندۇردى. تالىبانلارنىڭ بىرى پۇتى بىلەن توپا چېچىپ يەر يۈزىدىكى قان يۇقىنى ياپماقچى بولدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، توپ كوماندىلىرى مەيدانغا كىردى. كېيىنكى يېرىم مەيدان مۇسابىقە باشلاندى.

بىزنىڭ كۆرۈشىدىغان ۋاقتىمىز شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكە بېكىتىلدى. ۋاقىتنىڭ شۇنچە تېز بېكىتىلگەنلىكىدىن ھەيران قالدىم. مەن ئەسلىدە نەچچە كۈندىن كېيىن كۆرۈشىمىز، ھېچبولمىغاندا بىرنەچچە قېتىملىق سوئال - سوراق ۋە رەسمىيەت تەكشۈرۈشكە دۇچ كېلىمىز دەپ پەرەز قىلغانىدىم. لېكىن، مەن ئافغانىستاندا ھەرقانداق جىددىي خىزمەتكىمۇ جىددىي مۇئامىلە قىلىنمايدىغانلىقىنى ئەمدى ئەسكە ئالدىم. فەرىد قولىدا قامچا كۆتۈرۈۋالغان تالىبانلارنىڭ بىرىگە بىزنىڭ ئاق كىيىملىك كىشى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىمىز بارلىقىنى ئېيتتى. ھېلىقى تالىبان بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن توپ مەيدانىدا تۇرغان يەنە بىر ياش بالىغا پۇشتۇ تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ بالا يۈگۈرگىنىچە بېرىپ، ۋاراتا يېنىدا تۇرۇپ باياتىن ۋەز ئېيتقان موللام بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان قارا كۆزەينەكلىك تالىبان بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇ بالىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئۇ بالا يۈگۈرۈپ قايتىپ كېلىپ بىزگە خەۋەر يەتكۈزدى.

شۇنداق قىلىپ، بۈگۈن سائەت ئۈچتە كۆرۈشىدىغان بولدۇق.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

فەرىد «جاھانكېزەر» ماركىلىق ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدىكى 15 ـ كوچا، يەنى «مېھمانلار كوچىسى»غا جايلاشقان چوڭ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ماشىنىنى ئاشۇ ئۆينىڭ قورۇ تاملىرىدىن سۆگەت دەرىخىنىڭ شاخلىرى ساڭگىلاپ سايە چۈشۈرۈپ تۇرغان يەرگە توختىتىپ، ئوتنى ئۆچۈردى. بىز ماشىنىنىڭ ئىچىدە بىرپەس سۈكۈتتە ئولتۇردۇق. ماشىنا موتورىنىڭ سوۋۇپ چىكىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. فەرىد ئولتۇرغان جايىدىن سەل مىدىرلاپ قويدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئىسقىلىق تۇرغان ئاچقۇچىنى ئوينايتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ماڭا بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىدىم.

— مەن سىزنى ماشىنىدا ساقلىساممۇ بولار؟ — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل تەكەللۇپ چىقىپ تۇراتتى، ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قارىمىدى، — قالغىنى ئۆزىڭىزنىڭ خۇسۇسىي ئىشىڭىز ئىكەن، مەن...

مەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىككىنە ئۇرۇپ قويۇپ دېدىم:

— سىز ئاللىقاچان مەن سىزگە بەرگەن ھەقتىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپ بولدىڭىز. مەن سىزنىڭ ئۇ يەرگە مەن بىلەن بىللە كىرىشىڭىزنى ئويلىمىغانىدىم، — لېكىن، ئىچىمدە ئۇ يەرگە يالغۇز كىرىشنى خالىمايتتىم. دادام توغرۇلۇق نېمە ئىشلارنى ئاڭلىغان بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھازىر يېنىمدا بولۇشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلدىم. دادام ھازىر يېنىمدا بولغان بولسا ئىدى، ئۇ دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىرىپ ئۆزىنى ئەڭ چوڭ كاتتىباش بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. كىمكى ئۇنىڭ

يولىنى تۇسماقچى بولسا، ئۇ دەرھال شۇ ئادەمنىڭ ساقلىغا سىيگەن بولاتتى. بىراق، دادام ئاللىقاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، فرېمونتتىكى ئافغانلار قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلگەنىدى. تېخى ئالدىنقى ئايدا سۈرەييە ئىككىمىز ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ قەبرىسىگە بىر دەستە گۈل قويۇپ قايتىپ كەلگەنىدۇق. دېمەك، مەن ھازىر يېگانە ئىدىم.

مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، قورۇنىڭ ئېگىز ياغاچ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى باسقان بولساممۇ، قوڭغۇراقتىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. توك يوقلۇقى دەرھال ئېسىمگە كەلدى. شۇڭا، دەرۋازىنى كۈچەپ ئۇردۇم. بىردەمدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى ھەم رۇس مىلتىقى ئاسقان ئىككى ئادەم دەرۋازىنى ئاچتى.

مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ماشىنىدا ئولتۇرغان فەرىدكە قارىدىم. مەن ئۇنىڭغا «بىردەمدە قايتىپ چىقىمەن» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدىم، لېكىن ھەقىقەتەن قايتىپ چىقالايدىغان - چىقالمايدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

ئۇ ئىككى ئادەم بېشىمدىن - ئايىغىمغىچە ئاختۇرۇپ چىقتى. پاچاقلىرىمغا شاپىلاقلاپ، ئېغىمنى سىلاپ باقتى. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە پۇشتۇ تىلىدا بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. بىز ئالدى دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ھويلا ئىچىگە كىردۇق. ئۇ ئىككىسى مېنى تەكشى قىرقىلغان بىر پارچە چىملىق ۋە بىر قاتار گۈللۈك يېنىدىن باشلاپ ئۆتتى. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆزى كونا بولسىمۇ، قارىماققا ياخشى ئىشلەيدىغاندەك كۆرۈنىدىغان بىر باسما قۇدۇق بار ئىكەن. ھومايۇن تاغامنىڭ جالالئابادتىكى ئۆيىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان باسما قۇدۇقنى كۆرگەنىدىم. مەن قوشكېزەك قىزلار، يەنى پازىلە، كەرىمەلەر بىلەن بىللە ئۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تاش تاشلاپ ئوينىغاندىم. بىز بىرنەچچە پەلەمپەينى دەسسەپ چىقىپ، چوڭ، لېكىن ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بىر ئۆيگە

كىردۇق. ئاندىن تېمىغا چوڭ بىر ئافغان بايرىقى ئېسىلغان كارىدوردىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرىغا يېشىل رەڭلىك بىر جۈپ يېڭى سافا، بۇلۇڭغا چوڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزور قويۇلغان بىر ئۆيگە كىردۇق. تامغا مەككىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن جايناماز ئېسىلغانىدى. مېنى باشلاپ كىرگەن ئىككى ئادەمنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭراقى قولىدىكى مىلتىقنىڭ ئۇچى بىلەن مېنى سافادا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. مەن ئۇلار كۆرسەتكەن سافادا ئولتۇردۇم. ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى.

مەن پۇتلىرىمنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ بېقىپ، يەنە چۈشۈرۈۋەتتىم. تەرلەپ كەتكەن ئالىقانلىرىمنى تىزىمغا قويۇپ ئولتۇرۇپ باقتىم. ئۇنداق قىلسام ئۆزۈم جىددىيلەشكەنلىكىمنى چاندۇرۇپ قويارمەنمۇ، دەپ ئويلىدىم. ئىككى قولۇمنىڭ بارماقلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ئولتۇردۇم، لېكىن بۇنداق قىلسام جىددىيلەشكەنلىكىمنى تېخىمۇ چاندۇرۇپ قويىدىغاندەك ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى قولۇمنى قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇردۇم. قانلىرىم چېكەمگە گۇپۇلدەپ تېپىشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈمنى شۇنچە يېگانە ھېس قىلدىم. خىياللىرىم مېڭەمدە ئۆركەشلەيتتى، لېكىن مەن جىق ئويلانماسلىق نىيىتىگە كەلدىم. چۈنكى، بىر يەرلىرىمدىن ئۆزۈمنى ساراڭدەك ھېس قىلاتتىم. مەن ئايالىمدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇرمىگە ئوخشايدىغان بىر ئۆيدە، بۇگۈن ئەتىگەن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر قاتىلنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتىمەن. دېمەك، بۇ ھەقىقەتەن بىر ساراڭلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر مەسئۇلىيەتسىزلىك. بۇ يەردە شۇنداق بىر رېئاللىق كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەن سۇرەييەنى ئوتتۇز ئالتە يېشىدىلا تۇل قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن. يەنە بىر يېرىمدىن ئۆزۈمنى ئەيىبلەۋاتاتتىم: بۇ سەن ئۆزۈڭ ئەمەس ئامىر. سەن بىر قورقۇنچاق. سەن دۇنياغا مۇشۇنداق قورقۇنچاق بولۇپ يارالغان. سېنىڭ قورقۇنچاقلىقىڭ توغرۇلۇق ئۆزۈڭگە يالغان

سۆزلىمىگىنىڭ ئەلۋەتتە يامان ئىش ئەمەس. ئەگەر ئېھتىياتچان بولسىلا، قورقۇنچاق بولۇشنىڭ ھېچ يامان يېرى يوق. لېكىن، بىر قورقۇنچاق ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندا... ئۇنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

سافانىڭ يېنىدا قەھۋە ئۈستىلى تۇراتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ× شەكلىدە كېسىشكەن يېرىگە ياغاچ چوغلۇقىدىكى مىس مىخلار چەمبىرەك شەكلىدە قېقىلغان بولۇپ، ئۈستەل پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. مەن بۇنداق ئۈستەلنى بۇرۇن كۆرگەندەك ئىدىم. نەدە كۆرگەن بولغىيدىم؟ ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. پەشاۋەردىكى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ھېلىقى ساماۋارخانىدا كۆرۈپتىمەن. ئۈستەل ئۈستىگە بىر تەخسە ئۈزۈم قويۇلغانىدى. مەن ئۈزۈمدىن بىر تال ئېلىپ ئاغزىمغا سالدىم. مەن مۇشۇنداق ئۇششاق ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈمنى بىردەم بولسىمۇ غەمدىن خالاس قىلماقچى بولغانىدىم. ئۈزۈم ھەقىقەتەن تەملىك ئىكەن. مەن يەنە بىر تالنى ئاغزىمغا سالدىم. مەن ئاشۇ ئۈزۈمنىڭ خېلى ئۇزاق بىر كەلگۈسى ئۈچۈن مەن يېگەن ئەڭ ئاخىرقى نورمال يېمەكلىك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

توساتتىن ئىشىك ئېچىلدى. ھېلىقى قوراللىق ئىككى ئادەم بويى ئېگىز، ئاق تون كىيگەن، قارا كۆزەينەك تاقىغان تالىباننى ئارىغا ئېلىپ كىرىشكەنىدى. ئۇنىڭ مۇرىلىرى بۇ قېتىم تېخىمۇ كەڭ كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى سافادا ئولتۇردى. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە گەپ قىلماي، بىر قولىدا سافانىڭ يان يۆلەنچۈكىنى چېكىپ، يەنە بىر قولىدا تەسۋىسىنىڭ كۆكۈچ رەڭلىك ياقۇت ئۇرۇقلىرىنى سىيرىپ، ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاق تونىنىڭ ئۈستىگە قارا جىلىتكە كىيىۋالغان، بىلىكىگە ئالتۇن سائەت تاقىۋالغانىدى. ئۇنىڭ سول يېڭىدە قۇرۇپ قالغان قاننىڭ دېغىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇنىڭ ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەن تۇرۇقلۇق

كىيىمنى ئالماشتۇرمىغانلىقىغا ھەيرانمەن.
ئۇ سافانى چىكمۇاتقان قولىنى پات ـ پات يۇقىرى ـ تۆۋەنگە، ئوڭ ـ سولغا پۇلاڭلىتاتتى. ئۇ قولىنى كۆتۈرگەندە، كۆڭلىكىنىڭ يېڭى قايرىلىپ قېلىنغۇدى، بىلىكىدە خۇددى سان فرانسىسكونىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرىدىكى ماكانسىز كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىكىگە ئوخشايدىغان بەلگە بارلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.
ئۇنىڭ تېرىسى باشقا ئىككى تالىباننىڭكىگە قارىغاندا ئاقىراق ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە، يەنى قارا سەللىسىنىڭ قىرىغا توغرا كېلىدىغان يەردە، تەر تامچىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەيدىسىگە چۈشىدىغان ساقىلىمۇ باشقا ئىككىسىنىڭكىدەك قاپقارا ئەمەس ئىدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئۇ.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.
— ئەمدى ئۇنى ئېلىۋەتسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ.
— نېمىنى؟
ئۇ قورallıق ئادەملەرنىڭ بىرىگە ئىشارەت قىلىۋىدى، «شىرت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، مەڭزىلىرىم ئېچىشىپ، يالغان ساقىلىم ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىغا چىقتى. ئۇ ساقىلىمنى بىر قولىدىن يەنە بىر قولىغا تاشلاپ ئوينىغاچ كۈلۈۋاتاتتى. تالىبان ماڭا قاراپ ھىجايدى.
— بۇ ساقال مەن خېلى ئۇزۇندىن بېرى كۆرگەن يالغان ساقاللارنىڭ ئىچىدە خېلى يامان ئەمەس ئىكەن. لېكىن، سەن ئۇنى ئېلىۋېتىپ ئولتۇرساڭ ياخشى بولىدىكەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — ئۇ قولىدىن قاس چىقىرىۋېتىپ، مۇشتىنى تەكرار تۈگۈپ ـ ئېچىپ ئولتۇراتتى، — شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنكى تەنھەرىكەت مەيدانىدىكى ئويۇندىن ھۇزۇرلاندىڭمۇ؟
— ئويۇن دېگەن ئاشۇنداق بولامدۇ؟ — دېدىم مەن يۈزلىرىمنى سىلىغاچ. قورقۇۋاتقانلىقىمنى ئاۋازىمدىن ئىپادىلەپ قويماسلىققا تىرىشاتتىم.

— خەلق دىكتاتورىسى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئويۇن، قېرىندىشىم. دىراما، ۋەھىمە، ھەممىدىن مۇھىمى تەلىم - تەربىيە دېگەن تەركىبلەرنىڭ ھەممىسى بار، — دېدى ئۇ قولىدىن يەنە قاس چىقىرىپ. ئىككى قورالىق ئادەمنىڭ ياشراق بىرى ئۇنىڭ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەردى. تالىبان ئۇنىلۇك ئاۋازدا كۈلدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇرىدى. ئۇنىڭ قولى تىترەپ تاماكىسى چۇشۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى، — لېكىن، سەن مەن بىلەن مازاردا بىللە بولغان بولساڭ، ئاندىن ھەقىقىي قىزىق ئويۇننى كۆرەلىگەن بولاتتىڭ. ئۇ 1998 - يىلى يۈز بەرگەن ئىش.

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟

— بىز ئۇلارنى ئىتلارغا تاشلاپ بەرگەنىدۇق.

مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سافانىڭ ئالدىدا ئۇيان - بۇيان ماڭغاندىن كېيىن يەنە سافادا ئولتۇرۇپ، تېزلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىز ئۆيمۇئۆي كىرىپ، ھەربىر ئۆيدىكى ئەرلەر بىلەن ئوغۇللارنى چاقىرىپ چىقتۇق. بىز شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا، يەنى ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلارنى ئېتىپ تاشلىدۇق. تۇغقانلىرىغا ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قەيەرگە تەۋە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئەسلەتتۇق، — ئۇ ھاسىراپ سۆزلەيتتى، — بەزىدە ئۇلارنىڭ ئىشىكلىرىنى بۇزۇپ، ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىردىم. ئاندىن كېيىن... مەن... مەن مىلتىقىمدىكى بىر تىزىق ئوق تۈگىگۈچە ئۇ ئۆيىنى ئوققا تۇتتۇم. مىلتىقىمدىن چىققان ئىسلاردىن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىگەنگە قەدەر ئوق ئۈزدۇم... — ئۇ خۇددى قالتىس بىر مەخپىيەتلىكنى دېمەكچى بولغاندەك ئالدىغا ئېڭىشىپ، ماڭا يېقىنلاشتى، — سەن تاكى كۆز ئالدىڭدىكى لىق بىر ئۆي دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق چىقارمىغۇچە، ئاشۇنداق ئوق ئېتىپ

تۇرۇپمۇ ئۆزۈڭنى ئەركىن، پۇشايمانسىز، ئالىيجاناب، ياخشى ۋە ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك ھېس قىلمىغۇچە «ئازادلىق» دېگەن سۆزنىڭ تولۇق مەنىسىنى بىلمەيسەن. ئۆزۈڭنىڭ ئاللا ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلغىنىڭ قالتىس ھاياجانلىنارلىق ئىش.

ئۇ قولىدىكى تەسۋىگە سۆيدى. ئاندىن ئارقىسىغا قايرىلىپ سورىدى:

— ئاشۇ ئىشلار ئېسىڭدىمۇ، جاۋىد؟

— ئەلۋەتتە ئېسىمدە، ئاغا، — قوغدىغۇچىلارنىڭ ياشراقى جاۋاب قايتۇردى، — مەن قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟

مەن مازارى شارىفتا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق توغرىسىدىكى خەۋەرنى گېزىتتىن كۆرگەنىدىم. ھەزارالارنى قىرغان بۇ ۋەقە تالىبانلار مازار شەھىرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى. بىر كۈنى ناشتىدا سورەييە ئۆڭسۈلى ئۈچكەن ھالدا كېلىپ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق خەۋەر بېسىلغان گېزىتنى ماڭا كۆرسەتكەنىدى.

— بىز ئۆيمۇئۆي كىردۇق. بىز پەقەت ناماز ۋە تاماق ۋاقتىدىلا ئارام ئالدۇق، — دېدى تالىبان. ئۇ خۇددى قالتىس بىر ئولتۇرۇشقا قاتناشقاندەك سۆزلەۋاتاتتى، — بىز جەسەتلەرنى كوچىلارغا تاشلاپ ماڭدۇق. ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ جەسەتلەرنى ئۆيىگە سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھامان ئۇلارنىمۇ ئاتتۇق. جەسەتلەرنى كوچىلارغا كۈنلەپ تاشلاپ قويدۇق. ئىتلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن تاشلاپ قويدۇق. ئىتلارنىڭ گۆشىنى ئىتلار يېدى، — ئۇ تاماكىسىنى يانجىپ ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇۋۇلايتتى، — سەن ئامېرىكىدىن كەلدىڭ؟

— شۇنداق.

— ھېلىقى بوزۇق پاھىشە قانداقراق؟

مېنى توساتتىن سىيدۇك قىستاپ كەتتى. مەن

سىيۇپتىشىمدىن تولىمۇ ئەنسىرىدىم.
— مەن پەقەت بىر ئوغۇل بالىنى ئىزدەيمەن.
— ھەممىمىز ئوخشاشقۇ؟
قورالىلىق ئىككىسى كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ چىشلىرىدا ناسۋالدىن قالغان يېشىل داغلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
— بىلىشىمچە، ئۇ بالا مۇشۇ يەردە سىز بىلەن بىللە تۇرىدۇغۇ دەيمەن، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭ ئىسمى سوھراب.
— مەن سەندىن سوراپ باقاي. سېنىڭ ئۇ بۇزۇقتا نېمە ئىشىڭ بار؟ سەن نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭ بىلەن بىللە ۋەتىنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى كەلمىدىڭ؟
— مەن بۇ يەردىن ئايرىلغىلى بەك ئۇزاق بولدى، — دېيەلىدىم تولىمۇ تەسلىكتە. شۇ سۆزمۇ تەستە ئېسىمگە كەلگەنىدى، مېڭەم قىزىپ كېتىۋاتاتتى، تىزلىرىمنى چىڭ جۈپلەپ، دوۋسۇنۇمنى قىسىپ تۇردۇم.
تالىبان كەينىگە قايرىلىپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئىككىسىدىن سورىدى:
— مۇشۇنداقمۇ جاۋاب بەرگەن بارمۇ؟
— ياق، ساھىب ئاغا، — دېدى ئۇلار تەڭلا. ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى. تالىبان كۆزلىرىنى ماڭا يۆتكەپ، مۈرىلىرىنى قىستى.
— ئۇلار سېنىڭ دېگىنىڭنى جاۋاب ئەمەس دەيدۇ، — ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق تارتىپ قويدى، — مېنىڭ ئەزىمەتلىرىم شۇنداق قارايدۇكى، ۋەتەن ئۆز خەلقىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا خەلقىنىڭ ۋەتەننى تاشلاپ قېچىشى خائىنلىق بىلەن باراۋەر. شۇڭا، مەن سېنى «ۋەتەنگە خائىنلىق قىلدى» دەپ قولغا ئېلىشقا، ھەتتا ئېتىپ تاشلاشقا ھەقلىقمەن. بۇ سۆزۈمدىن چۆچۈمىدىڭمۇ؟
— مەن پەقەت ئاشۇ بالىنى ئەكىتىش ئۈچۈنلا كەلدىم.
— سۆزۈمدىن چۆچۈمىدىڭمۇ؟

— ھەئە.

— ئەلۋەتتە چۆچۈشۈك كېرەك، — دېدى ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى مىجىقلاپ.

مەن سۈرەييەنى خىيالىمغا كەلتۈردۈم. ئۇنى ئەسلەش ماڭا ئازراق بولسىمۇ ئاراملىق بېغىشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئورغاق شەكىللىك خالىنى، ئاجايىپ گۈزەل رۇخسارىنى، نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئەسلىدىم. مەن بىزنىڭ تويىمىز بولغان كېچىسى يېشىل رەڭلىك چۈمبەل ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئەينەكتىن بىر - بىرىمىزنىڭ ئەكسىنى كۆرگىنىمىزنى، ئۇنىڭغا ئۇنى سۆيىدىغانلىقىمنى پىچىرلاپ ئېيتقىنىمدا، ئۇنىڭ يۈزلىرىنىڭ چوغدەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىدىم. مەن يەنە ئىككىمىزنىڭ چىرايلىق كىيىنىپ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ چاۋاك سادالىرى ۋە قايناق مەيداندا قەدىمىي ئافغان ناخشىسىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنىمىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

تالىبان بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

— نېمە دېدىڭىز؟

— مەن سىزدىن ئۇنى كۆرگۈڭ بارمۇ دەپ سوراۋاتىمەن، مېنىڭ «ئوغۇل بالام»نى كۆرگۈڭ بارمۇ؟ — ئۇ «ئوغۇل بالام» دېگەن سۆزنى كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كەمسىتكەن قىياپەتتە ئېيتتى.

— ھەئە.

قوغدىغۇچىلاردىن بىرى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى، قوغدىغۇچى پۈشتۇ تىلىدا قوپاللىق بىلەن بىرنېمىلەرنى دېدى. ئارقىدىن پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ۋە ھەربىر قەدەم بىلەن تەڭ جىرىڭلىغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى. قوڭغۇراق ئاۋازى ماڭا ئىلگىرى شارئەنودا ھەسەن ئىككىمىز ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدىغان مايمۇن ئويناتقۇچىنى ئەسلەتتى. دادام بەرگەن بىر

روپىيەنى ئۇ مايمۇن ئويناتقۇچىغا بېرىپ، ئويۇن كۆرەتتۇق. ئاشۇ مايمۇننىڭ بويىنىغا ئېسىلغان قوڭغۇراق ھازىر ئاڭلانغاندەك ئاۋازدا جىرىڭلايتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ، قوغدىغۇچى ئۆيگە كىردى. ئۇ مۇرىسىدە ئىستېرېئو ئاۋازلىق ئۈنئالغۇ كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆك رەڭلىك كەڭ ئىشتان كىيگەن بىر بالا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. رەھىمخان ئاپارغان سۈرەت ھەقىقەتەن ئېنىق ئەمەس ئىدى.

ئۇ بالىنىڭ يۈزىنىڭ يۇپيۇمىلاقلىقى، ئۇچلۇق ئېڭىكى، قۇلۇلە قېپىغا ئوخشايدىغان قۇلاقلىرى ۋە بېشىنىڭ شەكلى دادىسىنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايتتى. ئۇ دەل مەن كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ قورچىقىغا ئوخشايدىغان، قىش پەسلىدە قارتا ئوينىغان ۋاقتىمىزدا، ياز پەسلىدە ئۆگزىدە ياتقاندا پاشىلىقنىڭ ئىچىدە كۆرۈنىدىغان چىراينىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى چېچى پاك ـ پاكىز قىرىۋېتىلگەن، سۈرمە سۈرتۈلگەن قاپاقلىرى قارا رەڭدە، مەڭزلىرى قىزىل رەڭدە بويالغانىدى. ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىشىغا، قوڭغۇراقمۇ جىرىڭلاشتىن توختىدى.

ئۇ مېنى كۆرۈپ، بىرنەچچە سېكۇنت ماڭا تىكىلىپ قاراپ كەتتى. ئاندىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاياغسىز پۇتلىرىغا قارىدى. قوغدىغۇچىلارنىڭ بىرى ئۈنئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى. ئۆينىڭ ئىچىنى پۈشتۇلارنىڭ مۇزىكىسى بىر ئالدى. مۇزىكا تابلا، گارمون ھەم دىلرەبا قاتارلىق چالغۇلار بىلەن ئورۇنلانغانىدى. ئەگەر بۇ مۇزىكىلارنى تالىبانلار ئاڭلىسا ئۇلار باشقا يەرلەردە ئېيتقاندەك گۇناھ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۆچ نەپەر تالىبان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چېلىشقا باشلىدى.

— ۋاھ ـ ۋاھ ! ماشائاللا ! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار.

سوھراب قولliرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا سىلىق ۋە ئاستا چۆرگىلىدى، تىزلاندى، ئۆرە بولۇپ يەنە چۆرگىلىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە قوللىرى توختىماستىن ئوينايتتى، قاس چىقىراتتى. ئۇنىڭ بېشى ئىككى تەرەپكە خۇددى ماياتنىكتەك ئاغاتتى. پۇتلىرى رىتىم بىلەن يەرنى تەپكەندە، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى تابلانىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش بولاتتى. ئۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى.

— ماشائاللا ! ئالامەت ! — ئىككى قوغدىغۇچى تالىبان چۇرقىرىشىپ، ئىسقىرتىپ كۈلۈشتى. ئاق كىيىملىك تالىبان بېشىنى سىڭار يان قىلىپ، مۇزىكىنىڭ رىتىمغا تەڭكەش قىلىپ لىڭشىتىۋاتاتتى. ئۇ ئېغىزىنى يېرىم ئېچىپ مېيىقىدا ھىجىيىپ ئولتۇراتتى.

سوھراب تاكى مۇزىكا ئاياغلاشقۇچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئوينىدى. ئۇ مۇزىكا ئاخىرلاشقاندا يەرگە بىرنى تېپىپ توختىدى. قوڭغۇراقمۇ ئاخىرقى قېتىم جىرىڭلىدى.

— يىگىتىم، بۇ يەرگە كەل، — دېدى تالىبان. سوھراب ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇپ، تالىباننىڭ ئىككى يوتىسىنىڭ ئارىسىدا ئۆرە تۇردى. تالىبان ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ھەزارا يىگىتىم نېمىدېگەن تالانتلىق - ھە! — دېدى ۋە سوھرابنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ، ئاخىرىدا قولىرىنى ئۇنىڭ قولتۇقىغا تىقىپ تۇردى. قوغدىغۇچىلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى جەينەكلەپ پىخىلداپ كۈلدى. تالىبان ئۇلارغا ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇدى.

— خوپ، ساھىب ئاغا، — دېيىشتى ئۇلار چىقىپ كېتىۋېتىپ.

تالىبان سوھرابنى مەن تەرەپكە يۈزلەندۈردى. ئۇ سوھرابنى قورسىقىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئېڭىكىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە

قويدى. سوهراب بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇراتتى. لېكىن، ماڭا پات ـ پات خۇپىيانە قاراپ قوياتتى. تالىبان سوھرابىنىڭ قورسىقىنى توختىماستىن ئاستا ھەم يېنىك سىلايتتى.

— مەن شۇنىڭغا ھەيران بولۇپ يۈرەتتىم، — دېدى تالىبان. ئۇنىڭ قانغا تولغان كۆزلىرى سوھرابىنىڭ مۈرىسى ئۈستىدىن ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى، — ئاخىر قېرى بابۇلۇغا نېمە بولدى؟

ئۇنىڭ بۇ سوئالىدىن ئىككى كۆزۈمنىڭ ئوتتۇرىسىغا بولقا بىلەن ئۇرغاندەك چۆچۈپ كەتتىم. چىرايىمنىڭ تاتىرىپ كەتكىنىنى سېزىپ تۇراتتىم. پاچاقلىرىم مۇزلاپ، ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

تالىبان كۈلدى.

— سەن نېمە دەپ ئويلىغانىدىڭ؟ ئۆزۈڭچە يالغان ساقالنى تاقىۋالسام تونۇيالمايدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ مېنىڭچە، سەن مېنىڭ مۇنداق بىر ئالاھىدىلىكىمنى بىلمەيسەن. مەن ھەرگىز باشقىلارنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، مەڭگۈ، — ئۇ لەۋلىرىنى سوھرابىنىڭ قۇلىقىغا تەگكۈزدى. لېكىن، كۆزلىرى ماڭا قادالغانىدى، — مەن سېنىڭ داداڭنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغان. بۇ يامان بوپتۇ. مەن بۇرۇنلا ئۇنى بىر جايلاشنى ئويلىغان. قارىغاندا، ئۇ كونا ئاداۋەتنى ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن تۈگەتسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، — ئۇ قارا كۆزەينىكىنى كۆزىدىن ئالدى. ئۇنىڭ قانغا تولغان كۆك كۆزلىرى مېنىڭ كۆزلىرىمگە تىكىلدى.

نەپەسىم بوغۇلۇپ، كۆزلىرىمنى مىدىرلاتقۇدەكمۇ ھالىم قالمىغانىدى. دەل شۇ مىنۇتتا ماڭا دۇنيا پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. تىنىقلىرىم توختاپ، خۇددى ئەتراپىمدىكى دۇنيا تورمۇزلىنىپ قالغاندەكلا بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. مەڭزىلىرىم ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى.

مەن خۇددى تەلەي سىناش ئۈچۈن قانداق تاشلىسىمۇ دائىم تەتۈر يۈزى بىلەن چۈشىدىغان ئەسكى تەڭگىگە ئوخشاپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئىسمى ئىچىمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە باردەك، ئەگەر ئاشۇ ئىسمىنى دەپ سالسام ئۇ بىر خىل سېھىر بىلەن ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك بىلىندى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىن شۈنچە ئەنسىرىدىم. لېكىن، ئۇ ئالىقاچان كۆز ئالدىمدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ سالدىم:

— ئاسسەف؟

— ئامىرجان.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن، — دېدىم مەن. گەرچە ئۆزۈمنىڭ ئەخمىقانە سوئال سوراپ سالغىنىمنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىقراق گەپ دەرھال كاللامغا كەلمىدى.

— مېنى دەمسەن؟ — ئۇنىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، — مەن ئۆزۈمگە مۇناسىپ ئىشنى قىلىۋاتىمەن. بۇ سوئالنى مەن سەندىن سورىشىم كېرەك، ئۆزۈڭ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

— مەن بۇنى ساڭا ئېيتىپ بولغانغۇ، — دېدىم مەن. ئاۋازىم تىترەپ چىقىپ كەتتى. مەن ئاۋازىمنىڭ تىترىمەسلىكى، يۈز مۇسكۇللىرىمنىڭ تارتىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تىرىشاتتىم.

— بالا ئۈچۈن كەلدىڭ؟

— شۇنداق.

— نېمىشقا؟

— قانچىلىك پۇل دېسەڭمۇ بېرەي، — دېدىم مەن، — مەن پۇلنى ئەۋەتكۈزسەم بولىدۇ.

— پۇل؟ — دېدى ئاسسەف مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ، — سەن روكىڭخام دېگەن يەرنى ئاڭلىغانمۇ؟ غەربىي ئاۋستىرالىيەگە جايلاشقان جەننەتتەك بىر يەر. ئۇ يەردە كەڭ كەتكەن دېڭىز ساھىلى بار. يېشىل دېڭىز بىلەن كۆپكۆك ئاسمان. مېنىڭ ئاتا ـ

ئانام ئاشۇ يەردىكى دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان داچىدا ياشايدۇ. داچىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر گولف توپ مەيدانى بىلەن كىچىك بىر كۆل بار. دادام دائىم ئاشۇ يەردە گولف توپ ئوينايدۇ. ئانام چويلا توپ ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ئافغان رېستورانى ۋە ئىككى زىبۇ - زىننەت دۇكىنى بار. سودىسى شۇنداق ياخشى، — ئۇ بىر تال ئۈزۈمنى ئۈزۈپ، سوھرابنىڭ ئاغزىغا سالدى، — شۇڭا، ئەگەر ماڭا پۇل لازىم بولسا ئاتا - ئانامغا دەپ ئەكەلدۈرسەم بولىۋېرىدۇ، — ئۇ سوھرابنىڭ بوينىغا سۆيدى. سوھراب تېنى شۈركۈنگەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن رۇسلار بىلەن پۇلنى دەپ ئۇرۇش قىلمىغان. تالىبانلارنىڭ سېپىگىمۇ پۇل ئۈچۈن قېتىلغان ئەمەسمەن. مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا قېتىلغىنىمنى بىلگۈڭ بارمۇ؟

لەۋلىرىم قۇرۇپ كەتكەندى، لەۋلىرىمنى يالىدىم. تىلىممۇ قۇرۇپ كەتكەندى.

— ئۇسسىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئاسەف مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياق.

— قارا، سېنى، ئۇسساپ كېتىپسەن.

— ياق، مەن ئۇسسىمىدىم، — راستىمنى ئېيتسام، ئۆي توساتتىن قىزىپ كەتكەندەك بىلىنىپ، ھەممە يېرىمدىن تەر چىقىپ كېتىۋاتاتتى. «بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ؟ مەن راستتىنلا ئاسەفنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇۋاتىمەنمۇ؟»

— ئۇنداق بولسا مەيلى، — دېدى ئۇ، — مەن نېمە دەۋاتاتتىم؟ ھە راست، مەن قانداق بولۇپ تالىبانلارغا قېتىلدىم. بەلكىم ئېسىڭدە بولسا كېرەك، مەن ئەزەلدىن ئانچە تەقۋادار ئەمەس ئىدىم. لېكىن، بىر كۈنى ماڭا خۇدادىن ۋەھىي كەلدى. بۇ ئىش مەن تۈرمىدىكى ۋاقتىمدا يۈز بەردى. ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟

مەن گەپ قىلمىدىم.

— ئۇنداقتا ياخشى. مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ئۇ، — 1980 ـ يىلى بابراك كامال [1] ئورۇشتا يەڭگەندىن كېيىن، مەن پولەھ ـ چارقى تۇرمىسىدە بىر مەزگىل قامالدىم. بىر كۈنى كېچىدە، بىر توپ پارچامى ئەسكىرى ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى ۋە دادام ئىككىمىزگە مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ، ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىزنى بۇيرۇدى. ئۇ ئەبلەخلەر ھېچقانداق سەۋەبسىزلا بىزنى ئېلىپ ماڭدى، ئانامنىڭ سوئاللىرىمۇ جاۋابسىز قالدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ھەرگىز بىر سىر ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. ئۇلار ھەممىسى كەمبەغەل، مەرتىۋىسى تۆۋەن ئائىلىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. رۇسلار كېلىشتىن ئىلگىرى مېنىڭ ئايىغىمنى يالاشقىمۇ نۆۋەت تەگمەيدىغان يالاڭ تۆشلەر ئەمدىلىكتە ماڭا مىلتىق تەڭلەپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار مەيدىلىرىگە پارچامى بايرىقى قادىۋېلىشقان، ئۆزلىرىچە بۇرژۇئازىيەنىڭ يوقالغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلىقىنى ئىپادىلەۋاتاتتى. ھەممە يەردە بىر خىل ئىش ئەۋج ئالغانىدى: قول ـ ئىلكىدە بار ئادەملەرنى تۇتۇپ تۇرمىگە تاشلاپ، يولداشلىرىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ھەيۋە قىلىۋاتاتتى.

— ھەر ئالتە ئادەم بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئاسەف، — ئۇلار ھەربىر گۇرۇپپىنى توڭلاتقۇ چوڭلۇقىدىكى كامارغا كەپلەپ تىقتى. ئۇ تۇرمىنىڭ سېسىق ئېشەكتەك پۇرايدىغان يېرىم ھەزارا، يېرىم ئۆزبېك كوماندىرى ھەر كۈنى كەچتە كامارىدىن بىر ئادەمنى سۆرەپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ سېمىز يۇزلىرىدىن پۇرقىراپ تەر چىققۇچە ئۇراتتى. ئاندىن كېيىن تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، قوللىرىدىن قاس چىقارغاندىن كېيىن كېتەتتى. ئەتىسى ئۇ

[1] بابراك كامال (1929 — 1996) — 1979 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە ئافغانىستان زۇڭتۇڭى بولغان.

باشقا بىر ئادەمنى تاللاپ ئۆراتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ مېنى تاللىدى. مەن ئەڭ يامان چاغدا تاللىنىپ قالدىم. شۇ چاغلاردا مېنىڭ بۆرىكىمگە تاش چۈشكەن بولۇپ، كىچىك تەرىتىمدىن قان كېلىۋاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولغانىدى. ئەگەر سەن ئۈنداق كېسەل بولۇپ باقمىغان بولساڭ، ماڭا ئىشەنگىنىڭكى، ئۇ دۇنيادا ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدىغان كېسەللىك ئىكەن. مېنىڭ ئاناممۇ ئاشۇنداق كېسەل بولۇپ باققان. ئۇ ماڭا، ئەگەر بۆرەكتىكى تاشنى چۈشۈرۈش بىلەن بالا تۇغۇشتىن بىرنى تاللاشقا توغرا كەلسە، بالا تۇغۇشنى تاللايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەندە نېمە ئامال بار دەيسەن؟ ئۇ مېنى كامار سىرتىغا سۆرەپ ئاچىقىپ تېپىشكە باشلىدى. كوماندىرنىڭ قونچى تىزىغا كېلىدىغان، تۆمۈر ناللىق ئۆتۈكى بار ئىدى. تۇرمىدىكىلەرنى تېپىپ ئويناش ئۈچۈن كۈندە ئاشۇ ئۆتۈكىنى كىيىپ كېلەتتى. شۇ كۈنىمۇ ئۇ ئاشۇ ئۆتۈكى بىلەن مېنى راسا تەپتى. مەن ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىرىدىم. ئۇمۇ مېنى تېپىۋەردى. مەنمۇ ۋارقىراۋەردىم. توساتتىن ئۇ مېنىڭ سول بۆرىكىمگە تەپتى، بۆرىكىمدىكى تاش چىقىپ كەتتى. دەل شۇنداق بولدى! نېمىدېگەن ئارامچىلىق! — ئاسەف كۈلۈپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇ مېنى تېخىمۇ قاتتىقراق تەپتى، مەن كۈلۈشكە باشلىدىم. ئۇ ئاچچىقى كېلىپ، تېخىمۇ قاتتىق تەپتى، ئۇ قاتتىق تەپكەنسېرى مەن تېخىمۇ بەكرەك كۈلدۈم. مەن كۈلۈۋەردىم، چۈنكى مەن توساتتىن خۇدادىن ماڭا بىر ۋەھيي كەلگەنلىكىنى بايقىغانىدىم: خۇدا مەن تەرەپتە ئىكەن. ئۇنىڭ بىر مەقسىتى بولغاچقىلا، مېنى هايات قالدۇردى. مەن ساڭا دېسەم، خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ قىزىقارلىق. مەن هېلىقى كوماندىرنى بىرنەچچە يىلدىن كېيىن جەڭ مەيدانىدا ئۇچراتتىم. مەن ئۇنى مېيماناھ ① نىڭ سىرتىدىكى بىر ئازگالدىن تېپىۋالدىم. توپ ئوقىنىڭ پارچىسى ئۇنىڭ كۆكسىگە تەگكەچكە، قان

① مېيماناھ — ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى فارياب ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى.

چىقىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ پۇتىدا تېخى ھېلىقى كونا ئۆتۈكىمۇ بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن مېنى تونۇيالمىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ياق دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم توغرۇلۇق ساڭا باياتىن دەپ بەرگەن گەپنى دەپ بەردىم: مەن مەڭگۈ بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. مەن ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە ئوق ئېتىپ چۈۋۈپ تاشلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتىمەن.

— خۇدانىڭ قانداق خىزمىتى ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم، — زىنا قىلغانلارغا تاش ئاتىدىغان؟ بالىلارغا باسقۇنچىلىق قىلىدىغان؟ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەن ئاياللارنى قامچىلايدىغان؟ ھەزارىلارنى قىرىدىغان؟ مۇشۇ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىسلام دېگەن نامنى چاپلايدىغان؟ — بۇنداق سۆزلەرنى دەۋېتىشىمنى ئۆزۈممۇ ئويلىمىغانىدىم. مەن ئۇ سۆزلەرنى قايتۇرۇۋالالىغان بولسام، ئېغىزىمدىن چىقارماي يۇتۇۋېتەلىگەن بولسام قانچە ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىدىم. بىراق، ئامال قانچە، ئۇ سۆزلەرنى دەپ سالغانىدىم.

ئاسسەفنىڭ چىرايىدا بىرپەس بىر خىل ھەيرانلىق ئالامىتى پەيدا بولدى - يۇ، بىردىنلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— قارىغاندا بۇ ئۇچرىشىشىمىز تازا كۆڭۈللۈك بىر ئىشقا ئايلىنىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ پىخىلداپ كۈلگەندەك، — لېكىن، دۇنيادا سەندەك خائىنلار چۈشەنمەيدىغان ئىشلار بار.

— مەسىلەن، قانداق ئىشلار؟

— مەسىلەن، ئۆز خەلقىڭدىن، ئۆرپ - ئادىتىڭدىن، ئانا تىلىڭدىن پەخىرلىنىش. ئافغانىستان خۇددى ئەخلەت دۆۋىسى ئاستىدا قالغان گۈزەل ئىمارەتكە ئوخشايدۇ. ئۇ ئاشۇ ئەخلەت دۆۋىسىنى تازىلايدىغان كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق.

— سېنىڭ مازاردا ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئادەم ئۆلتۈرگىنىڭ ئەخلەت تازىلىغىنىڭمۇ؟

— دەل شۇنداق.

— غەربلىكلەردە ئۇنداق ئىشنىڭ مەخسۇس ئىسمى بار، — دېدىم مەن، — ئۇنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — ئاسسەفنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، — «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دە، مەن بۇ سۆزنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم.

— ماڭا لازىمى پەقەت مۇشۇ بالا.

— «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»، — ئاسسەف تېخىچە ئاشۇ سۆزنى تەكرارلاپ غودۇڭشۇۋاتاتتى.

— ماڭا ئاۋۇ بالا كېرەك، — دېدىم يەنە. سوھرابنىڭ كۆزلىرى تېزلا ماڭا تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوينىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاپ كەتتى. ھە راست، ئېسىمگە كەلدى، ئۇلار قوينى قۇربانلىق قىلىشنىڭ ئالدىدىمۇ كۆزلىرىگە سۈرمە سۈۋايتتى. ھېيت كۈنى موللام بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، قۇربانلىق قوينى ئارقا ھويلىغا ئاچىقىپ، ئالدى بىلەن كۆزلىرىگە سۈرمە سۈۋاپ، ئۇنىڭغا بىر چاقماق قەنتنى يېگۈزەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇنى بوغۇزلايتتى. مەن سوھرابنىڭ كۆزلىرىدىكى يالۋۇرۇش ئىپادىسىنى كۆردۈم.

— ئۇنىڭ ساڭا نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى دەپ بەر، — دېدى ئاسسەف سوھرابنىڭ بىر قۇلىقىنى چىشلىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ. ئاندىن ئۇنى قويۇپ بەردى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر تامچىلاشقا باشلىدى.

— ئۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى.

— سەن ئۇنى نېمە قىلماقچى؟ — دېدى ئۇ. ئاندىن كېيىن گېپىنى ھەييارلارچە كۈلكە بىلەن داۋاملاشتۇردى، — ياكى ئۇنى؟...

— كۆڭلۈمنى ئېلەشتۈرمە.

— يىرگىنىشلىك ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسەن؟ سەن ئۆزۈڭ قىلىپ باقتىڭمۇ؟

— مەن ئۇنى ياخشىراق جايغا ئەكىتىمەن.
— نېمە ئۈچۈنلۈكىنى دەپ بەر.
— ئۇ مېنىڭ شەخسىي ئىشىم، — ماڭا شۇنچە قوپاللىق بىلەن گەپ قىلالايدىغان يورەكنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدىم. بەلكىم ئۆزۈمنىڭ ھامىنى بۇ يەردىن ھايات چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنگەن بولسام كېرەك.
— مەن شۇنىڭغا ھەيران، — دېدى ئاسسەف، — مەن سېنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن يول بېسىپ، بۇ يەرگە كەلگىنىڭگە ھەيران. ئامىر. بىر ھەزارا ئۈچۈنمۇ؟ سەن نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ سەن زادى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭ؟
— مېنىڭ ئۆزۈمگە تۇشلۇق سەۋەبلىرىم بار، — دېدىم مەن.
— ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئاسسەف سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ سوھرابنىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتەردى. سوھرابنىڭ كاسىسى ئالدىدىكى ئۈستەلگە سوقۇلۇپ، ئۈستەلنى ئۆرۈۋەتتى. قاچىدىكى ئۈزۈملەر يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى. سوھراب تۆكۈلگەن ئۈزۈملەر ئۈستىگە يىقىلىپ، كىيىملىرى ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن بويالدى. ھېلىقى ئۈستەلنىڭ پۇتلىرى ئەمدى تورۇسقا قاراپ قالغانىدى.
— ئۇنداقتا ئۇنى ئەكەت، — دېدى ئاسسەف، مەن سوھرابنى يۆلەپ ئۆرە تۇرغۇزدۇم. ئۇنىڭ كىيىمىگە چاپلىشىپ قالغان ئۈزۈملەرنى قېقىشتۇردۇم.
— ماڭ، ئۇنى ئەكەت، — دېدى ئاسسەف ماڭا ئىشىكنى كۆرسىتىپ.
مەن سوھرابنىڭ قولىنى تۇتتۇم. ئۇنىڭ قوللىرى كىچىك، قۇرغاق ۋە يىرىك ئىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى مىدىرلاپ، مېنىڭ بارماقلىرىم بىلەن كىرىشتى. مەن ھېلىقى سۈرەتتە كۆرگەن سوھرابنى قايتىدىن كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ ھەسەننى قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ يانپېشىغا يېقىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان تۇرقى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. بىز ئۆينىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ

تەرىپىگە ئۆتكەندە ئۇنىڭ پۇتىدىكى قوڭغۇراق يەنە جىرىڭلىدى.
بىز ئىشىك تۈۋىگە كەلدۇق.
— ئەلۋەتتە، — دېدى ئاسسەف ئارقىمىزدىن، — مەن ساڭا ئۇنى بىكارلىققا ئەكىتەلەيسەن دېمىدىم.
مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم:
— ساڭا نېمە لازىم؟
— سەن ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىڭ كېرەك.
— ساڭا زادى نېمە لازىم؟
— سەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ تېخى تۈگىمىگەن ئىشلىرىمىز بار ئىدى. ئېسىڭدە باردۇ؟ — مېنىڭچە ئۇ مېنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولاتتى. مەن داۋۇتخاننىڭ پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئاشۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمدا ھەر قېتىم داۋۇتخاننىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا، كۆز ئالدىمغا ھەسەننىڭ رەگەتكىسىنى ئاسسەفنىڭ چىرايىغا قارىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ «گۆشخور ئاسسەف»تىن «يەكچەشمە ئاسسەف»كە ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئېيتقىنى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. مەن شۇنچە يىللاردىن بېرى ھەسەننىڭ ئاشۇ باتۇرلۇقىغا دائىم ھەسەت قىلىپ كەلگەنىدىم. ئاسسەفنىڭ ئاخىر كەينىگە چېكىنىپ، ھەسەن بىلەن ئىككىمىزدىن ھامان بىر كۈنى ئۆچ ئالماي قويمايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغىنىمۇ ئېسىمدە. ئۇ ھەسەندىن ئۆچىنى ئالدى. قارىغاندا نۆۋەت ئەمدى ماڭا كەلگەن ئوخشايدۇ.
— چاتاق يوق، — دېدىم مەن، بۇ يەردە مەن دېيەلەيدىغان باشقا گەپمۇ بارلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن خەيرخاھلىق تىلىمەيتتىم. چۈنكى، ئۇنداق قىلسام، ئۇ بىردەم بولسىمۇ خۇشال بولاتتى.
ئاسسەف قوغدىغۇچى تالىبانلارنى ئۆيگە چاقىردى.
— مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىش، — دېدى ئۇ ئۇلارغا، — بىردەمدىن كېيىن مەن ئىشكنى ياپىمەن. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن

بېجىرىدىغان ئۆتمۈشتىن قېلىپ قالغان ئىشىمىز بار. نېمە ئاۋاز ئاڭلىنىشتىن قەتئىينەزەر ئۆيگە كىرىشمەيسەن. ئاڭلاشتىڭمۇ؟ ئۆيگە كىرىشمە! — قوغدىغۇچىلار باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. ئۇلار كۆزلىرىنى ئاسسەفتىن ماڭا يۆتكىدى.

— ماقۇل، ساھىب ئاغا.

— ھەممە ئىش تۈگىگەندە، ئىككىمىزدىن پەقەت بىرىمىزلا بۇ ئۆيدىن ھايات مېڭىپ چىقىپ كېتىمىز، — دېدى ئاسسەف، — ئەگەر ئۇ ھايات قالسا، دېمەك ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشتى دېگەن گەپ، ئۇنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىگە يول قويۇش. سۆزۈمنى چۈشىنىشتىڭمۇ؟

يېشى چوڭراق قوغدىغۇچى پۇتىنى يۆتكىدى.

— بىراق، ساھىب ئاغا...

— ئەگەر ئۇ ھايات قالسا، ئۇنى ئۆتكۈزۈۋېتىش، — ۋارقىرىدى ئاسسەف. ئۇ ئىككىسى قاتتىق چۆچۈپ، باشلىرىنى لىڭشىتتى. ئۇلار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ مېڭىشقا تەمشەلدى. ئۇلاردىن بىرى سوھرابنى تارتتى.

— ئۇ بۇ يەردە قالسۇن، — دېدى ئاسسەف، — ئۇنى بۇ يەردە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى كۆرگىلى قوي. تەجرىبە ـ ساۋاق دېگەن ئوغۇل بالا ئۈچۈن مۇھىم نەرسە.

قوغدىغۇچىلار ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى. ئاسسەف تەسۋىسىنى قويۇپ قويدى. ئۇ جىلىتكىسىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا قولىنى سالدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئالىدىغان نەرسىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدىم: ئۇ داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان مۇشتەك ئىدى.

ئۇ چاچلىرىنى يېلىم بىلەن قاتۇرۇۋالغان، ئۇنىڭ قېلىن كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە ئىنچىكە ياسالغان بۇرۇتى بار ئىدى. ئۇنىڭ چېچىغا سۈۋالغان يېلىمى تەر تەپتىدە ئېرىپ، بېشىدىكى يېشىل رەڭلىك ئوپېراتسىيە دوپپىسىنىڭ سىرتىدا ئافرىقا قىتئەسىنىڭ

خەرىتىسى شەكلىدە داغ پەيدا قىلىغانىدى. مېنىڭ ھەممىدىن بەكرەك ئېسىمدە قالغىنى ئۇنىڭ بوينىدىكى «ئاللا» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن زەنجىر ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمدە ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، مەن چۈشەنمەيدىغان بىر خىل تىلدا ئالدىراش سۆزلەيتتى. ئۇنى ئوردۇ تىلىدا سۆزلەۋاتامدىكىن دەپ پەرەز قىلدىم. كۆزلىرىم ئۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەتلىنىۋاتقان بۇغدىيىكىگە تىكىلگەنىدى. مەن ئۇنىڭ زادى نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىماقچى بولاتتىم. چۈنكى، ئۇ ماڭا بەكمۇ كىچىك كۆرۈنگەنىدى. ئۇ ھەتتا ماڭا چەت ئەلنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا رول ئېلىۋاتقان ئارتىستەكمۇ كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. لېكىن، مەن «مېنىڭچە مەن ئۇنىڭ بىلەن راۋۇرۇس مۇشتلاشتىم، مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشالىدىم» دەپلا غودۇڭشىيتتىم.

مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتەن پۇخادىن چىققۇچە مۇشتلىشالىغانلىقىمغا ئانچە ئىشەنمىدىم. مېنىڭچە، مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە تۇنجى قېتىم بىرى بىلەن مۇشتلىشىشىم.

مېنىڭ ئاسسەف بىلەن ئېلىشىش جەريانلىرىم بەكمۇ ئېنىق ئېسىمدە. ئاسسەف ئۇنىئالغۇنى ياندۇرۇپ، قولىغا پولات مۇشتەكنى كىيدى. بىر چاغدا، تامدىكى مەككىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن جاينامازنى تارتىۋېلىپ بېشىمغا ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭدىن تۇزۇغان تويىدىن نەچچىنى چۈشكۈرۈۋەتتىم. ئاسسەف يۈزلىرىمگە ئۇزۇملەرنى سۈۋىدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قان تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتتى. بېشىمدىكى سەللىسى يەرگە دومىلاپ چۈشۈپ، مۇرىسىگە كېلىدىغان سېرىق چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتتى.

بۇ قېتىملىق ئېلىشىشنىڭ قانداق ئاخىرلاشقانلىقىمۇ ئېنىق ئېسىمدە. ئەلۋەتتە، ئۇ كۆرۈنۈشلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن.

ئاسسەفنىڭ پولات مۇشتىكى چۈشتىن كېيىنكى قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. دەسلەپكى بىرنەچچە مۇشت ماڭا بەكمۇ سوغۇق تەگدى. ئەلۋەتتە، ئاشۇ مۇشتلاردىن تومۇرلىرىمدىكى قانلىرىمۇ قىزىپ كەتتى. بەدىنىم تامغا تېگىپ، رەسىم جازىسى ئېسىلغان بىر مىخ دۈمبەمگە كىرىپ كەتتى. سوھراب چىراقىراپ كەتتى. تابلا، گارمون، دىلرەبالار تامغا ئېتىلدى. تۆمۈر مۇشتەك ئېڭىكىمنى ئېزىۋەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.

چۈشۈپ كەتكەن چىشلىرىمنى يۇتۇۋېلىپ، گېلىمغا تۇرۇپ قالغاچقا، تۇنجۇقۇپ قالدىم. يۆتىلىۋېتىپ ھاياتىمدا ئاشۇ چىشلىرىمنى چوتكىلاش ۋە تازىلاش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ساناقسىز سائەتلەرنى ئەسكە ئالدىم. ئاسسەف ئىتتىرىۋىدى، يەنە تامغا سوقۇلۇپ يەرگە يىقىلدىم، يېرىلغان ئۈستۈنكى كالپۇكۇمدىن ئاققان قان گىلەمنى بويىدى. قورسىقىمنىڭ ئاغرىقىدا ئىنجىقلاپ يېتىپ، نەپىسىم توختاپ قالارمۇ دەپ ئويلىدىم. قوۋۇرغىلىرىمنىڭ دەرەخ شېخىدەك قارسىلداپ سۇنغان ئاۋازىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىدىم. سوھراب چىرقىراۋاتاتتى. بىر مەڭزىم تېلېۋىزور قويىدىغان ئۈستەلگە تەگدى. «قاس» قىلغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، بۇ قېتىم ئۇ ئاۋاز سول كۆزۈمنىڭ ئاستىدىكى بىر يەردىن چىققاندەك قىلدى. مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سوھرابمۇ چىرقىرىۋاتاتتى. بارماقلار چېچىمنى قامالىلىدى، بېشىم كەينىمگە تارتىلدى، تۆمۈر مۇشتەك يەنە كۆزلىرىمدىن ئوت چىقاردى. «قاس» قىلغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. بۇ قېتىم بۇ ئاۋاز بۇرنۇمدىن چىققانىدى. ئاغرىق ئازابىدىن چىشلىرىمنى چىڭ چىشلىدىم، لېكىن ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى چىشلىرىم بۇرۇنقىدەك بىر - بىرىگە ئۇدۇللاشمايتتى. تېپىكلەر ئارقا - ئارقىدىن تېگىۋەردى. سوھراب چىرقىراۋاتاتتى.

بىر چاغدا تازا كۈلۈۋېتىپتىمەن. كۈلۈشتىن ئېڭىكىم، قوۋۇرغىلىرىم، گېلىم ئاغرىپ كەتتى. لېكىن، يەنىلا

كۆلىۋەردىم. مەن قانچە ئۇنلۇك كۈلگەنسېرى ئۇ مېنى شۇنچە قاتتىق تېپەتتى، مۇشتلايتتى، تاتىلايتتى.

— كۈلگۈدەك نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورايتتى ئاسسەف مېنى ئۇرۇۋېتىپ. ئۇنىڭ تۇكلۇرۇكى كۆزۈمگە چۈشتى. سوھراب چىرقىرايتتى.

— كۈلگۈدەك نېمە ئىش بولدى؟ — ئاسسەف ھۆركىرەيتتى. يەنە بىر قوۋۇرغام سۇندى. بۇ قېتىم سول تەرەپ قوۋۇرغامنىڭ ئاستى تەرىپى سۇنغانىدى. ماڭا كۈلكىلىك بىلىنگىنى، 1975 - يىلى قىشتىن كېيىن مەن تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنى ئازادە ھېس قىلىۋاتاتتىم. مەن شۇنى بىلدىمكى، مەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە دەل مۇشۇنداق زەربىگە ئۇچرىشىمنى تىلىگەنىكەنمەن. مەن شۇڭا كۈلدۈم. مەن ھەسەننىڭ يۈزىگە ئانار ئېتىپ، ئۇنىڭ زىتىغا تەگمەكچى بولغان ۋاقتىمنى ئەسكە ئالدىم. ئۇ ھېچقانداق قارشىلىق بىلدۈرمەي، جىمجىت قاراپ تۇرغانىدى. ئانار سۈيى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنىدى. ھەسەن ئاناردىن بىرنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ پارچە - پارچە قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ يەنە: «ئەمدى رازى بولدىڭىزمۇ؟ ئاچچىقىڭىز چىقتىمۇ؟» دېگەنىدى. لېكىن، مەن خۇشال بولمىغان، رازى بولمىغانىدىم. مەن ئەمدى خۇشال بولدۇم، رازى بولدۇم. بەدىنىم قانچىلىك زەخىملەنگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۈرىكىمدىكى يارا ساقايغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم. مەندىكى كېسەل ئاخىر ساقايغانىدى. مەن شۇڭا كۈلگەنىدىم...

ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىشىش تېزلا بېسىقتى. ئۇ ئىشنىڭ قانداق ئاقىۋەت بىلەن خاتىملەنگەنلىكىنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇيالمايمەن، ھەتتا قەبرەمگە بىللە ئەكىتىمەن: مەن يەردە يېتىپ كۈلۈۋاتاتتىم. ئاسسەف مەيدەمگە مىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن تەلۋىلىك تېپىپ تۇراتتى. چۇۋۇلغان چاچلىرى يۈزۈمگە يېقىن يەردە پۇلاڭلايتتى. ئۇنىڭ بىر قولى گېلىمنى

چىڭ بوغقان، پولات مۆشتەك كىيگەن يەنە بىر قولى ئۆزىنىڭ مۆرىسىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇ مېنى يەنە ئۇرۇش ئۇچۇن مۆشتىنى تېخىمۇ ئېگىزرەك كۆتۈردى. توساتتىن:

— بولدى بەس! — دېگەن بىر ئىنچىكە ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئاسسەف ئىككىمىز دەرھال قارىدۇق.

— ئەمدى بولدى قىلىڭ.

مەن ھېلىقى دارىلئېيتامنىڭ دىرېكتورىنىڭ فەرىد ئىككىمىزگە ئىشىكنى ئېچىپ بېرىۋېتىپ دېگەن بىر گېپىنى ئەسكە ئالدىم. ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيدى؟ زامان؟ ئۇ سوھرابنى ئۇ نەرسىسىدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ. ئۇ نەگە بارسا ئاشۇ نەرسىسىنى ئىشتىنىنىڭ بېغىغا قىستۇرۇۋالىدۇ، دېگەنىدى.

— بولدى ئەمدى.

كۆزلىرىگە سۇرۇلگەن سۇرمە ياش بىلەن قوشۇلۇپ، ئىككى مەڭزىدە ئىككى قارا رەڭلىك يول ھاسىل قىلغانىدى. ئۇنىڭ تۆۋەنكى كالپۇكى تىترەۋاتاتتى. بۇرنىدىن پوتلىسى ئېقىۋاتاتتى.

— بولدى بەس، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ قوللىرى ئۆزىنىڭ مۆرىسىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، بىر قولىدا رەگەتكىنىڭ ئاچىسىنى تۇتقان، يەنە بىر قولىدا رەگەتكىنىڭ رېزىنكىسىنى چىڭ تارتقانىدى.

رەگەتكىسىنىڭ رېزىنكىسىگە پارقىراق ۋە سېرىق رەڭلىك بىرنەرسە بەتلەنگەنىدى. كۆزلىرىمنى قان تۇسۇۋالغاچقا، كۆزلىرىمنى چىمچىقلىتىپ، ئۇنىڭ قولىغا قارىدىم. سوھراب ئۆستەلنىڭ پۇتىدىكى يۇمىلاق مىس شارچە مىخنى رەگەتكىسىگە بەتلىگەنىدى. ئۇ رەگەتكىنى ئاسسەفنىڭ يۈزىگە توغرىلاپ تۇراتتى.

— ئەمدى بولدى ئاغا، توختاپ قېلىڭ، — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — ئۇنى قىيناۋەرمەڭ.

ئاسسەف ئېغىزىنى مىدىرلاتتى، لېكىن ئاۋاز چىقارمىدى. ئۇ بىرنەرسە دېمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدى.

— نېمە قىلمۇاتقىنىڭنى بىلمەمسەن؟ — دېدى ئۇ ئاخىر.
— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى توختالىڭ، — دېدى سوھراب. ئۇنىڭ يېشىل كۆزلىرىدىن يەنە يولدۇقلاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.
— ئۇ نەرسەڭنى تاشلا، ھەزارا! — دەپ ئىنجىقلىدى ئاسەف، — ھېلى بىكار مەندىن يۈنىڭدىنمۇ يامان ئىش كۆرسەن.
سوھراب تېخىمۇ بەتتەر يىغلاپ كەتتى. ئۇ بېشىنى چايقىدى.
— ئۆتۈنەي، ئاغا، — دېدى ئۇ، — ئەمدى بولدى قىلىڭ.
— قولۇڭدىكىنى تاشلا.
— ئۇنى ئەمدى قىينىماڭ.
— قولۇڭدىكىنى تاشلا دەيمەن!
— مەن ئۆتۈنەي...
— مەن سېنى قولۇڭدىكىنى تاشلا دەۋاتىمەن!
— ئەمدى توختاڭ.
— ئۇنى تاشلا دەيمەن! — ئاسەف گېلىمدىن قولىنى بوشىتىپ، سوھرابقا ئېتىلدى.
سوھراب رەگەتكىنىڭ رېزىنكىسىنى قويۇپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئاسەفنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ سول كۆزىنى توسۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن قان شورقىراپ ئېقىۋاتاتتى. قانغا ئارىلاش يەنە بىر خىل ئاق رەڭلىك شىلىمشىق نەرسىمۇ ئېقىۋاتاتتى. ماتېرىياللاردىن كۆرۈشۈمچە، ئۇ كۆزنىڭ ئەينەكسىمان سۇيۇقلۇقى ئىكەن. ئاسەف كۆزىنى تۇتقىنىچە، گىلەم ئۈستىدە دومىلاپ، توختىماستىن چىرقىرىدى.
— بىز ماڭايلى، — دېدى سوھراب. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ مېنىڭ ئۆرە تۇرۇشۇمغا ياردەملەشتى. پۈتۈن بەدىنىم چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى. ئارقىمىزدا ئاسەف ھېلىمۇ چىرقىرىماقتا ئىدى.
— چىقىرىۋەت! ئۇنى چىقىرىۋەت، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.
مەن دەلدەڭشىپ مېڭىپ، ئىشىكنى ئاچتىم. مېنى كۆرۈپ

قوغدىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى «ئۇلارنىڭ كۆزىگە قانداق ھالەتتە كۆرۈنگەندىمەن» دەپ ئويلىدىم. ھەر قېتىم نەپەس ئالغىنىمدا، قورسىقىم چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى. قوغدىغۇچىلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە پۈشتۇ تىلىدا بىرنېمىلەرنى دېدى ـ دە، يېنىمىزدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ، ئاسسەفنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

— ماڭايلى ! — دەپ قولۇمدىن تارتتى سوھراب.

مەن زالدىن دەلدەڭشىگىنىمچە ئۆتتۈم. سوھرابنىڭ كىچىك قولى مېنىڭ قولۇمنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كەينىمگە بۇيرۇلۇپ قارىدىم. قوغدىغۇچىلار ئاسسەفنىڭ قېشىدا بىرنېمىلەر قىلىۋاتاتتى. مەن شۇ چاغدىلا نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندىم: ھېلىقى مىس شار ئاسسەفنىڭ چاچراپ چىققان كۆزىنىڭ ئورنىغا پېتىپ قالغانىكەن.

مەن سوھرابقا يۆلىنىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا، پۈتۈن دۇنيا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئاسسەفنىڭ يارىلانغان ياۋايى ھايۋاندەك چىرقىرىغان ئاۋازى ھېلىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىز ئاخىر دەرۋازا سىرتىغا، يورۇقلۇققا چىقتۇق. قوللىرىم سوھرابنىڭ مۈرىسىدە ئىدى. مەن فەرىدنىڭ بىزگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— بىسمىللا! بىسمىللا! — دەيتتى ئۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېشىپ چىققانىدى.

ئۇ قوللىرىمنى مۈرىسىگە ئېلىپ، مېنى كۆتۈرگىنىچە ماشىنىغا قاراپ يۈگۈردى. مەن ۋارقىرىدىم. نەپەس ئېلىشىم شۇنچە تەس ئىدى. فەرىد مېنى ماشىنىسىغا ئاچىقىپ، ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا ياتقۇزدى. قۇلىقىمغا ماشىنىنىڭ يېپىلمىغان ئىشىكىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ۋە ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا يۈگۈرگەن ئاياغ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. فەرىد بىلەن سوھراب تېزلىكتە بىرنەرسىلەرنى دېيىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن

ماشىنا ئىشكىلىرى گۈپ قىلىپ يېپىلىپ، موتور گۈركىرەپ ئوت ئالدى. ماشىنا چايقالغىنىنچە ئالدىغا ماڭدى. كىچىككىنە بىر قولىنىڭ پېشانەمنى سىلىغانلىقىنى سەزدىم. سىرتتا ئادەملەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم، ماشىنىنىڭ سىرتتىكى دەرەخلەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، تېزلىكتە كېتىۋاتقانلىقىنى خىرە - شىرە بىلىپ تۇراتتىم. سوھراب ئېسەدەۋاتاتتى. فەرىد تېخىچە بىرلا گەپنى تەكرارلاۋاتاتتى:

— بىسمىللا! بىسمىللا!

شۇ چاغلاردا مەن ھوشۇمدىن كەتتىم.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

تۇمانلار ئارىسىدا گۇڭگا چىرايلارنى كۆرگەندەك قىلدىم. ئۇلار بىردە ماڭا قاراپ تۇراتتى، بىردە ئاستا غايىب بولاتتى. ئۇلار ماڭا قاراپ ھەر خىل سوئاللارنى سورايتتى. ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ بىر يەرلىرىم ئاغرىمدۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. مېنىڭ ھەممە يېرىم ئاغرىيدۇ. مېنىڭ ئۇلارغا مۇشۇ سۆزلەرنى دېگۈم كېلەتتى. لېكىن، گەپ قىلسام‌لا بەدىنىم قاتتىق ئاغرىپ كېتەتتى. چۈنكى، مەن بىر چاغلاردا يۈزىگە ئۇپا سۈرگەن، كۆزلىرىگە سۈرمە تارتقان بىر بالا ئۈچۈن گەپ قىلماقچى بولۇپ تەن ئازابى تارتقانىدىم. ئۇ ئىش بەلكىم بىر يىل بۇرۇن... ياق، بەلكىم ئىككى يىل بۇرۇن... ھەتتا ئون يىل بۇرۇن يۈز بەرگەندۇ. مانا ئۇ بالا ھازىر كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋاتىدۇ. مەن ئاشۇ بالا بىلەن بىر ماشىنىدا تۇرغاندەك قىلىمەن. مېنىڭچە، ماشىنىنى ھەيدەۋاتقىنى سۈرەييە ئەمەس. چۈنكى، سۈرەييە ماشىنىنى ھېچقاچان ئۇنداق تېز ھەيدىمەيدۇ. مەن ئۇ بالىغا بەكمۇ مۇھىم بىر گەپنى دېمەكچى بولدۇم. لېكىن، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىم ۋە ئۇ سۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىملىقىنى ئۇنتۇپ قالدىم. بەلكىم مەن ئۇ بالىغا يىغلىماسلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشلارنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى دېمەكچى بولغان بولسام كېرەك. بەلكىم مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم باشقا ئىشتۇر. بەلكىم مەن ئۇ بالىغا رەھمەت ئېيتماقچى بولغاندىمەن.

ئالدىمدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يېشىل رەڭلىك دوپپىلارنى كىيىۋالغانىدى. ئۇلار مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بىردەم

پەيدا بولۇپ، بىردەم غايىب بولاتتى. ئۇلار ناھايىتى تېز گەپلىشەتتى. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلەشكىنىدىن باشقا ئاۋازلارنى، يەنى ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى، ئەسۋابلارنىڭ «تى - تىت»لىغان ئاۋازلىرىنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سىگناللىرىنى ئاڭلايتتىم. كۆزۈمگە ھەر ۋاقىت يېڭى - يېڭى چىرايلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، مەن پەقەت بىرنىلا تونۇيالايتتىم. ئۇ ھېلىقى چېچىغا يېلىم چېپىۋالغان، چىرايلىق بۇرۇتى بار، دوپپىسىدا ئافرىقا خەرىتىسى بار كىشى ئىدى. ئۇ كىشى ماڭا كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى. مېنىڭ كۈلگۈم كېلەتتى. بىراق، كۈلسەم بەدىنىمنىڭ بىر يەرلىرى قاتتىق ئاغرىيتتى.

مەن ھوشۇمدىن كەتتىم.

بىر ئايال ئىسمىنى ئايىشە دەپ تونۇشتۇردى. بۇ ئىسىم مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش ئىكەن. ئۇنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرى بېشىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە ئايرىلىپ، ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇرنىغا ھالقا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. كۆزىدىكى قېلىن ئەينىكى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى پۇلتىيىپ چىققاندەك كۆرسىتەتتى. ئۇمۇ يېشىل رەڭلىك كىيىم كىيگەنىدى. ئۇنىڭ قوللىرى شۇنچە يۇمشاق ئىدى. ئۇنىڭغا قارىغىنىمنى كۆرسىلا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. ئۇ ئىنگلىز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەيتتى. كۆكسۈمنىڭ يان تەرىپىگە بىرنەرسە سانجىلاتتى.

مەن ھوشۇمدىن كەتتىم.

بىر ئادەم كارىۋىتىم يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ چىرايى قارامتۇل، بويى ئېگىز، ئورۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ساقىلى ئۇزۇن، بېشىدا دوپپا بار ئىدى. ئۇ دوپپىنىڭ ئىسمى نېمە دەپ ئاتىلىدىغان بولغىيدى؟ پاكولىس؟ ئۇ ئادەم تېخى دوپپىسىنى

يانتۇراق قىلىپ كىيىۋاپتۇ. مەن ئۇ ئادەمنى تونۇيمەن. ئۇ بىرنەچچە يىل بۇرۇن ماشىنا بىلەن مېنى بىر يەرگە ئاپارغان. مەن ئۇنى تونۇيمەن. ئاغزىمنىڭ بىر يېرىدىن چاتاق چىققان بولسا كېرەك. قۇلىقىمغا بىرنەرسىنىڭ كۆپۈك چىقارغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن ھوشۇمدىن كەتتىم.

مېنىڭ ئوڭ بىلىكىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. كۆزەينەكى بار، بۇرنىغا ھالقا تاقىۋالغان ئايال بىلىكىمنى ئېگىپ تۇرۇپ بىرنەرسىلەرنى چاپلاۋاتىدۇ. ئۇ ئايال ئۇ نەرسىنى «پوتاسىيۇم» دەۋاتىدۇ. «ئۇ ھەرە چاقىقاندەك ئېچىشتۇرۇۋاتامدۇ؟» دەپمۇ سوراۋاتىدۇ. توغرا، ئۇ نەرسە دەل ھەرە چاقىقاندەك ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيدى؟ پەيغەمبەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئىسىم ئىدى. مەن ئۇنى بىرنەچچە يىلدىن بېرى تونۇيمەن. بۇرۇن ئۇ چېچىنى ئۆرۈۋالاتتى. مەن سۈرەييە بىلەن تۇنجى قېتىم گەپلەشكەن ۋاقتىمدا، ئۇمۇ چېچىنى ئاشۇنداق ئۆرۈۋالغانىكەن. ئۇ قاچانقى چاغلار ئىدى؟ ئالدىنقى ھەپتىمۇ؟ ئايشە، تاپتىم!

مېنىڭ ئاغزىمنىڭ بىر يېرىدىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆكسۈمنىڭ يان تەرىپىگە بىرنەرسە سانجىلىۋاتىدۇ.

مەن ھوشۇمدىن كەتتىم.

بىز بالۇچىستاندىكى سۇلايمان تاغلىرىدا تۇرۇۋېتىمىز. دادام بىر قارا ئېيىق بىلەن چېلىشىۋېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ بالىلىق چېغىمدىكى دادام، يەنى «توپان ئاغا» دەپ ئاتىلىدىغان ئادەم، پۇشتۇلار قۇدرىتىنىڭ مۇناردەك سىمۋولى. ھەرگىزمۇ ئۇرۇقلاپ كەتكەن، ئەدىيالغا يۆگىنىپ ياتقان؛ مەڭز گۆشلىرى ساڭگىلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئادەم ئەمەس. ئۇلار، يەنى ئادەم

بىلەن ھېلىقى ياۋايى ھايۋان يېشىل چىملىق ئۈستىدە يوملاقلىشىۋاتىدۇ. دادامنىڭ قوڭۇر رەڭلىك بۇدۇر چاچلىرى يەلپۈنمەكتە. ئېيىق ھۆركىرەۋاتىدۇ، بەلكىم ھۆركىرىگىنى ئېيىق ئەمەس، دادامدۇر. شۆلگەي ۋە قانلار چاچرىماقتا. تىرناقلار بىلەن قوللار بىر - بىرىگە ئۆرۈلماقتا. ئۇلار گۈپ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەرگە يىقىلدى. دادام ئەمدى ئېيىقنىڭ مەيدىسىگە مىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ بۇرنىغا قوللىرىنى تىقىۋاتاتتى. ئۇ قايرىلىپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنى كۆردۈم. ئۇ ئادەم مەن ئىكەنمەن. ئېيىق بىلەن چېلىشقان ئادەم ئەسلىدە مەن ئىكەنمەن.

مەن ئويغاندىم. كۆزۈمنى ئېچىپ ھېلىقى ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، قارامتۇل ئادەمنىڭ كارىۋىتىمنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئىسمى فەرىد. ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغىنى ماشىنىدىكى ھېلىقى ئوغۇل بالا شۇ. ئۇنىڭ چىرايى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئېسىمگە سالدى. مەن ئۇسساپ كەتتىم.

مەن ھوشۇمدىن كەتتىم.

مەن تەكرار ھوشۇمغا كېلىپ، ھوشۇمدىن كېتىپ ياتاتتىم.

ئىنچىكە بۇرۇتى بار ئادەمنىڭ ئىسمى فەرۇق ئىكەن. ئۇ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئارتىسى بولماستىن، بەلكى باش ۋە بويۇننى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان دوختۇر ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ھەر قېتىم كۆرسەم، بۇرۇن كۆرگەن بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ئارماند ئىسىملىك بىر ئارتىسقا ئوخشىتاتتىم. «مەن نەدە؟» دەپ سورىماقچى بولاتتىم. لېكىن، ئاغزىم ئېچىلمايتتى. قوشۇمامنى تۈردۈم، غۇدۇرىدىم. ئارماند كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ چىشلىرى ئاپئاق ئىدى.

— تېخى ۋاقتى بولمىدى، ئامىر، — دېدى ئۇ، — لېكىن ئاز قالدى، — ئۇ قويۇق ئوردۇ ئاھاڭىدا ئىنگلىزچە سۆزلىدى.

بۇ نېمە يىپلاردۇ؟

ئارماند ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەكلىرى بەكمۇ تۈكلۈك بولۇپ، بىر بىلىكىگە تويلۇق بىلەزۈك تاقىۋالغانىدى.

— سىزنىڭ بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭىزنى، نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگۈڭىز كېلىۋاتقاندۇ. بۇ پۈتۈنلەي نورمال ئەھۋال. ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن بىمارلار دائىم مۇشۇنداق ئۇچۇرلارنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، مەن سىزگە ئۆزۈم بىلگەن ئىشلارنى دەپ بېرەي.

مەن يىپلار توغرۇلۇق سورىماقچىدىم: «ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن؟ ئايشە نەدىدۇر؟» مەن ئۇنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىشىنى، يۇمشاق قوللىرى بىلەن قوللىرىمنى تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

ئارماند قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ، بىر قېشىنى سەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جىددىي قىياپەتتە سۆزلىدى.

— سىز ھازىر پەشاۋەردىكى بىر دوختۇرخانىدا. سىز بۇ يەردە يېتىۋاتقىلى ئىككى كۈن بولدى. سىزگە ئېيتسام، سىز ناھايىتى ئېغىر يارىلىنىپسىز. يەيدىغان رىزقىڭىز بار ئىكەن، ھايات قالدىڭىز، — ئۇ شۇ سۆزلەرنى دەۋاتقاندا، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ، ئالدى ـ كەينىگە مىدىرلاتتى، — سىزنىڭ تىلىڭىز تېشىلىپ كېتىپتۇ. لېكىن، تەلىيىڭىزگە كېچىككىپ تېشىلىپتۇ. چۈنكى، بىز قورساق بوشلۇقىڭىزدىكى قاناشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتا ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىكىلەر سىزنىڭ قورساق بوشلۇقىڭىزنى جىددىي ئوپېراتسىيە قىلغاندا شۇنى بايقاپتۇكى، ئەگەر قورساق بوشلۇقىڭىز سەل بالدۇر قانىغان بولسا، قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىشىڭىز مۇمكىن ئىكەن، — ئۇ بىر بىلىكىمگە بوشقىنا ئۇرۇپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزنىڭ يەنە يەتتە قوۋۇرغىڭىز سۇنۇپ كېتىپتۇ.

مەن قوشۇمامنى تۇردۇم. ئاغزىمنى ئاچماقچى بولدۇم. ھېلىقى يىپلارنى ئەسكە ئالدىم.

— بىر قوۋۇرغىڭىز ئۆپكىڭىزنى تېشىۋېتىپتۇ، — چۈشەندۈردى ئارماند. ئۇ سول تەرىپىمدە تۇرغان پىلاستىك نەيچىنى قولى بىلەن سۇرۇپ قويدى. مېنىڭ مەيدەمگە يەنە بىرنەرسە سانجىلىپ ئاغرىپ كەتتى، — بىز مۇشۇ نەيچە بىلەن تۆشۈكنى يەملىدۇق، — مەن نەيچىنىڭ كۆكرىكىمگە سانجىلغان ئۇچىدىن باشلاپ سۇ بىلەن يېرىمىغا كەلگۈچە توشتۇرۇلغان خالتىغا قارىدىم. ھېلىقى بۇلدۇقلىغان ئاۋاز ئاشۇ يەردىن چىقىۋاتقانىكەن، — بەدىنىڭىزنىڭ يەنە بىرنەچچە يېرى تىلىنىپ كېتىپتۇ.

مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا تەمشەلدىم. شۇ چاغدا، ھېلىقى يىپلارنى يەنە ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

— سىزنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكىڭىز ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىپتۇ، — دېدى ئارماند، — ئەمەلىيەتتە، كالپۇكىڭىز دەل ئوتتۇرىدىن يېرىلىپ كېتىپتۇ. بىراق، ئەنسىرىمەڭ، ھۆسن تۈزەش دوختۇرلىرى كالپۇكىڭىزنى چىرايلىق تىكىپ قويدى. چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ. لېكىن، تاتۇق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، سول يۈزىڭىزنىڭ ياغاق سۆڭىكى سۇنۇپ كېتىپتۇ، بىز ئۇنىمۇ داۋالاپ ساقايتىمىز. ئېغىزىڭىزدىكى يىپلارنى ئالتە ھەپتىلەردىن كېيىن ئېلىۋېتىمىز، — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئالتە ھەپتىگىچە سۇيۇقلۇق ۋە شىرنە بىلەن ئوزۇقلىنىسىز. سەل ئورۇقلايدىغان بولدىڭىز. سىز ئالتە ھەپتىگىچە «ئاتامان» فىلىمىدىكى ئال پاچىنوغا ئوخشاش گەپ قىلىسىز، — دەپ كۈلدى ئۇ، — بىراق، بۈگۈن قىلىدىغان بىر ئىشىڭىز بار. ئۇ ۋەزىپىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— سىزنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىپىڭىز يەل قويۇپ بېرىش. يەل كەلسە، ئاندىن سىزگە سۇيۇقلۇق بېرىشكە باشلايمىز. يەل

كەلمىسە سىزگە تاماق يوق ! — دەپ كۆلدى ئۇ.

كېيىنرەك ئايشە كىرىپ نەيچىنى ئالماشتۇردى ۋە كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىنى ئېگىزلىتىپ قويدى. مەن ئورنۇمدا يېتىپ، نېمە ئىشلارغا يولۇققىنىم توغرۇلۇق ئويلاشقا باشلىدىم. تىلىم يېرىلىپتۇ، چىشلىرىم سۇنۇپتۇ، ئۆپكەم تېشىلىپتۇ، سول ياغاق سۆڭىكىم بۇزۇلۇپتۇ... مەن دېرىزە تەكچىسىدە نان ئۇۋاقلىرىنى يەۋاتقان بىر كەپتەرگە قارىغاچ، ئۆزۈم ئارماند دەپ ئاتىۋالغان دوختۇر فەرۇقنىڭ بايا دېگەن بىر گېپىنى ئەسكە ئالدىم: «ئەمەلىيەتتە، ئۈستۈنكى كالپۇكىڭىز دەل ئوتتۇرىدىن يېرىلىپ كېتىپتۇ.» توغرا، مەن توشقان كالپۇك بولۇپ قاپتىمەن.

ئەتىسى فەرىد بىلەن سوھراب مېنى يوقلاپ كەلدى.

— بۈگۈن بىزنى تونۇيالىدىڭىزمۇ؟ بىز ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ — دېدى فەرىد چاقچاق ئارىلاش.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئەلھەمدۇلىللا! — دېدى ئۇ چىرايى نۇرلانغان هالدا، — ئەمدى قالايمىقان جۆيلۈمەيدىغان بولدىڭىز.

— رەھمەت، فەرىد، — دېدىم مەن ئېغىزلىرىم تىكىلگەن يېرىدىن ئاۋازىمنى چىقىرىپ. ئارماند توغرا ئېيتىپتۇ، مەن ھەقىقەتەنمۇ «ئاتامان» فىلىمىدىكى ئال پاچىنوغا ئوخشاپ قاپتىمەن. مېنى ھەيران قالدۇرغان ئىش شۇ بولدىكى، ھەر قېتىم گەپ قىلماقچى بولسام، تىلىم ئۆزۈم يۇتۇۋالغان چىشلىرىمنىڭ ئورنىدىكى بوشلۇققا تېقىلىپ قالاتتى، — رەھمەت، مەن ئۈچۈن قىلغان ھەممە ئىشىڭىزغا رەھمەت.

ئۇ چىرايى سەل قىزىرىپ، قولىنى پۇلاڭلاتتى.

— بولدى قىلىڭ، رەھمەت ئېيتقۇدەك ئىشلار ئەمەسقۇ، ئۇ، — دېدى ئۇ. مەن سوھرابقا قارىدىم. ئۇ ئۇچىسىغا سەل چوڭراق كېلىپ قالغان يېڭى تون، بېشىغا قارا رەڭلىك دوپپا

كىيىۋالغانىدى. ئۇ يۇتىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كارىۋات يېنىدىكى پىلاستىك نەيچىنىڭ يۆگەكلىك قىسمىنى بىر قولى بىلەن ئويناۋاتاتتى.
— بىز تېخى بىر - بىرىمىزگە تونۇشلۇق بەرمىدۇق، — دېدىم مەن، — مەن ئامىر.
ئۇ ئاۋۋال قولۇمغا، ئاندىن چىرايىمغا قارىدى.
— سىز دادام ماڭا دەپ بەرگەن «ئامىر ئاغا» بولامسىز؟
— شۇنداق، — دېدىم مەن.
مەن ھەسەننىڭ خېتىنى ئەسكە ئالدىم. ئۇ خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «مەن فەرزانەجان بىلەن سوھرابقا بىز ئىككىمىزنىڭ بىللە ئويناپ چوڭ بولغانلىقىمىزنى، ئوينىغان ئويۇنلارنى، شۇنداقلا بىز يۈگۈرگەن كوچىلارنى نۇرغۇن قېتىم سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار بىزنىڭ كەپسىزلىكلىرىمىز توغرۇلۇق ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ دائىم كۈلۈشۈپ كېتىدۇ!»
— سوھرابجان، رەھمەت ساڭا، مەن ساڭا قەرزدار. سەن مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ.
ئۇ گەپ قىلماي تۇردى. مەن ئۇنىڭغا ئۇزاتقان قولۇمنى تارتىۋالدىم.
— يېڭى كىيىملىرىڭ بەك يارىشىپتۇ، — دېدىم مەن.
— بۇ كىيىملەر مېنىڭ ئوغۇللىرىمنىڭ ئىدى، — دېدى فەرىد، — ئوغۇللىرىم يوغىناپ كەتكەچكە، ئۇ كىيىملەر دەل كەلمەيدىغان بولدى، لېكىن سوھرابقا ئۆلچەپ تىككەندەكلا كەلدى، — ئۇ يەنە بىز سوھرابقا مۇۋاپىق ئورۇن تاپقۇچە سوھرابنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە تۇرسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، — ئۆيىمىز چوڭ ئەمەس. لېكىن ئامال قانچە؟ ئەلۋەتتە ئۇنى كوچىغا چىقىرىپ قويالمايمەن - دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بالىلىرىممۇ سوھرابنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. شۇنداقمۇ سوھراب؟ — سوھراب پىلاستىك نەيچىنى مىدىرلاتقاچ يەرگە قاراپ تۇردى.
— مەن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم، — دېدى فەرىد سەل

ئارىسالدى بولغان ھالدا، — ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە نېمە ئىش يۈز بەردى؟ ھېلىقى تالىبان بىلەن ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدا نېمە ئىشلار بولدى؟

— مېنىڭچە، ھەر ئىككىمىز ئۆزىمىزگە تېگىشلىك نېسىۋىمىزنى يېدۇق، — دېدىم مەن.

فەرىد بېشىنى لىڭشىتتى. داۋاملىق كوچىلاپ سورىمىدى. ماڭا پەشاۋەردىن ئافغانىستانغا قاراپ يولغا چىققاندىن باشلاپلا فەرىد ئىككىمىز يېقىن دوست بولۇپ قالغاندەك بىلىندى.

— مەنمۇ بىر ئىشنى سورىماقچىدىم.

— نېمە ئىش؟

مەن سوراشنى خالىمىغان، جاۋابىنى ئاڭلاشتىن ئەنسىرىگەن سوئالنى سورىدىم:

— رەھىمخان، — دېدىم.

— ئۇ كېتىپ قاپتۇ.

يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى.

— ئۇ ...

— ياق، ئۇ... بىر يەرگە كېتىپتۇ، — فەرىد قاتلاقلىق بىر پارچە قەغەز بىلەن بىر كىچىك ئاچقۇچنى قولۇمغا تۇتقۇزدى، — مەن ئۇنى ئىزدەپ بارغاندا ئۆيىنىڭ ئىگىسى بۇلارنى ماڭا بەردى. رەھىمخان بىز ماڭغان كۈننىڭ ئەتىسىلا ئۇ يەردىن كېتىپ قاپتۇ.

— ئۇ نەگە كېتىپتۇ؟

فەرىد مۈرىسىنى قىستى.

— ئۆي ئىگىسى رەھىمخاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ ماڭا رەھىمخاننىڭ بۇ بىر پارچە خەت بىلەن ئاچقۇچنى سىزگە قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، — ئۇ سائىتىگە قارىدى، — مەن ماڭاي. يۈر، سوھراب.

— ئۇ بۇ يەردە بىردەم تۇرسا بولامدۇ؟ — دېدىم مەن، — كەچتىرەك ئەكەتسىڭىز؟ — مەن سوھرابقا قارىدىم، — بۇ يەردە مەن بىلەن بىردەم تۇرامسەن؟

سوھراب مۆرىسىنى قىسىپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ، ــ دېدى فەرىد، ــ مەن ئۇنى خۇپتەندىن بۇرۇن كېلىپ ئەكىتەي.

مەن ياتقان كېسەلخانىدا مەندىن باشقا يەنە ئۈچ كېسەل بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ياشقا چوڭراق بولۇپ، بىرىنىڭ پۇتى گەج بىلەن قاتۇرۇلغانىدى. يەنە بىرىنىڭ زىققە كېسىلى بار بولۇپ نەپىسى قىسىدىكەن. ئۈچىنچى كىشى ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلاردىكى بالا بولۇپ، سوقۇر ئۈچەي ئوپېراتسىيەسى قىلىنغانىدى. پۇتى گەج بىلەن قاتۇرۇلغىنى كۆزىنىمۇ چىمچىقلاتماستىن بىزگە قاراپ ياتاتتى. ئۇ ئۆچەيلەننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، يەنى ياشانغان ئاياللار، باللار ۋە ئەرلەر، يۇقىرى ئاۋازدا گەپلىشىپ، بەزىدە چۇرقىرىشىپ دېگۈدەك ياتاقتا كىرىپ ـ چىقىپ يۈردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياتاقتا پاكورا، نان، سامسا، بىريانى دېگەندەك تاماقلارنى ئەكىلىشتى. بەزىدە بىركىملەر ياتاقتا كىرىپ، قاراپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى. بايا فەرىد بىلەن سوھراب كېلىشنىڭ ئالدىدا، ئېگىز بوي، ساقاللىق بىر ئادەم بىزنىڭ ياتاقتا كىردى. ئۇ بەدىنىگە قوڭۇر رەڭلىك ئەدىيال يۆگىۋالغانىدى. ئايشە ئۇنىڭدىن ئوردۇ تىلىدا سوئال سورىدى. ئۇ ئادەم ئايشەنىڭ سورىغان سوئالىغا پىسەنت قىلماستىن، كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ياتاقنىڭ ھەممە يېرىگە چالا قويماي قاراپ چىقتى. ئۇ ماڭا بەك ئۇزاق قاراپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئايشە ئۇنىڭدىن ئىككىنچى قېتىم سوئال سورىغاندا، ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

ــ ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ ــ دەپ سورىدىم سوھرابتىن. ئۇ مۆرىسىنى قىسىپ قويۇپ، يەنە قولىغا قاراپ ئولتۇردى.

ــ قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ بايىقى ئايال ماڭا بىر تەخسە بىريانى بەرگەنىدى. لېكىن، مەن ئۇنى يېيەلمەيمەن، ــ دېدىم مەن. ئۇنىڭدىن باشقا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، ــ سەن يەمسەن؟

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟

ئۇ يەنە بېشىنى چايقىدى.

بىز گەپ قىلماي جىمجىت ئولتۇردۇق. مەن كارىۋاتتا بېلىمگە ئىككى ياستۇق قويۇلغان ھالدا ياتاتتىم، سوھراب ئۇچ پۇتلۇق ئورۇندۇقتا قولىغا قاراپ ئولتۇردى. بىر چاغدا مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغانسام كەچ بولاي دەپتۇ، نەرسىلەرنىڭ كۆن نۇرىدىكى سايىسى خىلى ئۇزۇن كۆرۈنەتتى. سوھراب ھېلىمۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ قولىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، فەرىد سوھرابنى ئەكەتكەندىن كېيىن، مەن رەھىمخاننىڭ خېتىنى ئېچىپ، ئاستا ئوقۇشقا باشلىدىم:

*ئامىرجان:*

*بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالالىغانلىقىڭ ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر. سېنى خەتەرگە ئىتتىرىپ قويماسلىقىمنى تىلەيمەن. ئافغانىستاننىڭ ساڭا بەك قاتتىقلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. سەن بۇ يەردىن كەتكەن كۈندىن باشلاپ سەن ئۈچۈن توختىماي دۇئا قىلماقتىمەن.*

*سەن شۇنچە يىللاردىن بېرى مېنى ئۇ ئىشلارنى بىلىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ كەلدىڭ. توغرا، مەن ھەقىقەتەن بىلەتتىم. چۈنكى، ئۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەسەن ماڭا دەپ بەرگەنىدى. ئۇ ئىشتا سەن ھەقىقەتەن خاتا قىلدىڭ. بىراق، ئامىرجان، سەن شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، ئۇ ئىشلار يۈز بەرگەندە، سەن تېخى كىچىك بالا، كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغان كىچىك بالا ئىدىڭ. سەن ئۇ چاغلاردا ئۆزۈڭگە بەكمۇ قاتتىقلىق قىلىپ قىينالغانىدىڭ. ئەمەلىيەتتە شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، سەن ئۆزۈڭگە يەنىلا شۇنچە قاتتىقلىق قىلىۋېتىپسەن. مەن بۇنى پەشاۋەردە كۆرۈشكەن ۋاقتىمىزدا كۆزلىرىڭگە بىر قاراپلا*

بىلىۋالدىم. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىدە ۋىجدان ۋە ياخشىلىق بولمىسا، ئۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ يۈرمەيدۇ. مۇشۇ قېتىملىق ئافغانىستانغا قىلغان سەپىرىڭنىڭ سېنىڭ بارلىق ئازابلىرىڭغا خاتىمە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئامىرجان، شۇنچە يىللاردىن بېرى بىزنىڭ سىلەرگە قىلغان يالغانچىلىقىمىز ئۈچۈن مەن بەكمۇ خىجىل بولدۇم. مەندىن قانچىلىك رەنجىسەڭ ھەقلىقسەن. ئەلۋەتتە، سېنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلىش ھوقۇقۇڭ بار ئىدى. ھەسەننىڭمۇ بىلىش ھوقۇقى بار. ھەرقانداق سەۋەب سىلەرنى بىلىش ھوقۇقۇڭلاردىن مەھرۇم قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، بىز كابۇلدا شۇنداق بىر غەلىتە دۇنيادا ياشىدۇقكى، بەزى ئىشلار ھەقىقەتتىنمۇ مۇھىمراق ئورۇندا تۇردى.

ئامىرجان، سېنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىڭدا داداڭنىڭ ساڭا قانچىلىك قاتتىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بىلىمەن. شۇ چاغلاردا سېنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىڭنى، داداڭنىڭ سېنى ئەركىلىتىشىگە قانچىلىك تەلمۈرگەنلىكىڭنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتەتتى. بىراق، داداڭ ئۆزىنىڭ ئىككى يۈرەك پارىسى ئارىسىدا تىتىلىپ كەتكەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بىر پارىسى سەن — ئامىرجان، يەنە بىر پارىسى ھەسەن ئىدى. ئۇ ھەر ئىككىڭلارنى شۇنچە ياخشى كۆرسىمۇ، ھەسەنگە ئۆزى خالىغان يول بىلەن، يەنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئۇنىڭ دادىسىدەك ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئىپادىلىيەلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ دەردىنى سەندىن، يەنى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىغا ئويغۇن كېلىدىغان بىر پارىسىدىن ئالغانىدى. ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەجدادلىرىدىن مىراس ئالغان، گۇناھ بىلەن خاتىرجەملىك ئەبجەشلەنگەن ئاقسۆڭەكلەر

جەمئىيىتىگە بولغان نارازىلىقىنى يەنە سەن ئارقىلىق ئىپادىلىگەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم سېنى كۆرسە، خۇددى ئۆزىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ئەلۋەتتە، ئۆزىمۇ ۋىجدان ئازابى تارتقانىدى. سەن ھېلىمۇ ئازابلىنىۋاتىسەن. شۇڭا، بەلكىم ھازىرچە بۇ چۈشەندۈرۈشۈمنى دەرھال قوبۇل قىلالماسلىقىڭ مۇمكىن. لېكىن، مەلۇم مەزگىللەردىن كېيىن سېنىڭ توغرا چۈشىنەلەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. دادىڭ ساڭا قاتتىقلىق قىلغاندا، ئۇ ئۆزىگىمۇ شۇنچە قاتتىقلىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىمۇ سېنىڭكىگە ئوخشاشلا يارىلانغانىدى، ئامىرجان!

مەن ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا، ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك قايغۇرغانلىقىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزمەن. مەن ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى پەقەتلا ئۇ مېنىڭ جانجىگەر دوستۇم بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى، ھەتتا بىر ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. مەن ساڭا شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، دادىڭنىڭ ياخشىلىقلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىرلىنىدىغانلىرى ئۇنىڭ ئۆكۈنۈشلىرىدىن تۇغۇلغان ۋە راۋاجلانغان. بەزىدە، مەن ئۇ قىلغان ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، يەنى كوچىدا ئاچ قالغانلارنى بېقىشلىرىنى، دارىلئېتام قۇرغانلىقىنى، شۇنداقلا ئېھتىياجى بار دوستلارغا پۇل بەرگەنلىرىنى ئۇنىڭ ئۆز گۇناھىنى يۇيۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىمىكىن دەپ قالىمەن. شۇڭا، مەن ۋىجدان ئازابى باشلىغان توغرا يولنى كىشىلەرنىڭ گۇناھىنىڭ ئەڭ پاكىز يۇيۇلۇشى دەپ چۈشىنىمەن.

مەن يەنە شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، خۇدا بىزنى كەچۈرىدۇ. ئۇ دادىڭنىمۇ، مېنىمۇ، سېنىمۇ، ھەممىمىزنى كەچۈرىدۇ.

*سېنىڭمۇ شۇنداق قىلالىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن. قۇربىڭ يەتسە، داداڭنى كەچۈرۈۋەت. خالىساڭ مېنىمۇ كەچۈر. لېكىن، ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزۈڭنى كەچۈر.*

*مەن ساڭا ئازراق پۇل قالدۇرۇپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە، ئۇ پۇللارنى مېنىڭ قېلىپ قالغان بارلىق پۇلۇم دېسەممۇ بولىدۇ. مېنىڭچە، سەن بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەندە، خېلىلا كۆپ چىقىم تارتىسەن. مېنىڭ قالدۇرۇپ قويغانلىرىم بەلكىم يېتەرلىكتۇر. پەشاۋەردە بىر بانكا بار. فەرىد ئۇنى بىلىدۇ. مەن ئۇ پۇلنى ئاشۇ بانكىدىكى بىخەتەرلىك ساندۇقىغا سېلىپ قويدۇم. ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى مۇشۇ خەت بىلەن بىللە ساڭا قالدۇردۇم.*

*ئۆزۈمگە كەلسەم، ئەمدى مېنىڭ كېتىدىغان ۋاقتىم كەلدى. مېنىڭ بەكلا ئاز ئۆمرۈم قالدى. قالغان ئۆمرۈمنى يالغۇز ئۆتكۈزگۈم بار. مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولمىغىن. بۇ مېنىڭ سەندىن ئۆتۈنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تەلىپىم.*

*سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.*

*سېنىڭ مەڭگۈلۈك دوستۇڭ*

*رەھىم*

مەن ئۇچامدىكى بىمارلار كىيىمىنىڭ يېڭى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۇم. مەن خەتنى قاتلاپ كۆرپەمنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدۇم.

«ئامىر، سەن داداڭنىڭ يۈرىكىنىڭ جەمئىيەتنىڭ قائىدە-قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر پارچىسى؛ داداڭنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىدىن مىراس ئالغان، گۇناھ بىلەن خاتىرجەملىك ئەبجەشلەنگەن ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىگە تەۋە بولغان پارچىسى...» بەلكىم شۇنداق بولغاچقا دادام ئىككىمىز ئامېرىكىدا شۇنچە ماسلىشىپ ياخشى ياشىغاندىمىز. ئەسكى-

تۇسكىلەرنى يىغىپ، سىپتىپ يۇرگەندە، پارچە - پۇرات خىزمەتلەرنى قىلغاندا، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا ئۆيدە تۇرغاندا، بەلكىم ئۇ ماڭا قاراپ بىر يەرلىرىمدىن ھەسەننى تاپقان ئوخشايدۇ.

«ئۇنىڭ قەلبىمۇ سىنىڭكىگە ئوخشاشلا يارىلانغان قەلب ئىدى، ئامىرجان !» دەپ يېزىپتۇ رەھىمخان. بەلكىم شۇنداقتۇر. بىز ھەر ئىككىمىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن، نامەردلىك قىلغان. لېكىن، دادام ئۆزىنىڭ پۇشايمانلىرىدىن خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىدىغان يول تېپىپتۇ. مەنچۇ؟ مەن ئۆز گۇناھىمنىڭ ئۆچىنى دەل مەن نامەردلىك قىلغان ئادەملەردىن ئالدىم ۋە ئاشۇ گۇناھلىرىمنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولدۇم. مەن نامەردلىكىم دەردىدىن ئۇخلىيالمىغاندىن باشقا نېمە ئەمەلىي ئىش قىلىپ باقتىم؟ ھازىرغىچە گۇناھلىرىمنى يۇيىدىغان زادى نېمە ئىش قىلىپ باقتىم؟

چاچلىرىنى قىزغۇچ رەڭدە بويىۋالغان سېسترا ئايال كىردى. ئۇ ئايىشە ئەمەس، بەلكى باشقا بىر سېسترا ئىدى. ئۇ مەندىن: «تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرغۇزامسىز» دەپ سورىدى. مەن دەرھال ماقۇللۇق بىلدۇردۇم...

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلار كۆكرىكىمگە ئۆتكۈزۈلگەن نەيچىنى ئېلىۋەتتى. ئارماند ياردەمچىلىرىگە ماڭا مېۋە شەربىتى بېرىشنى بۇيرۇدى. ئايىشە بىر ئىستاكان مېۋە شەربىتىنى كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى ئۇستەلگە قويۇۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭغا ماڭا بىر ئەينەك ئەكىلىپ بېرىشنى ئېيتتىم. ئۇ دېرىزە يېنىغا بېرىپ، پەردىنى ئېچىۋەتتى. ياتاقنىڭ ئىچى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا بىردىنلا يورۇپ كەتتى.

— شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، — دېدى ئۇ كەينىگە قاراپ تۇرۇپ، — كالپۇكىڭىز بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى كۆرۈنىدۇ. بۇلتۇر مېنىڭ كۈيئوغلۇم موتوسىكلىت ۋەقەسىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزى ئاسفالتقا سۈركىلىپ

خوددى بىر باش چەيزىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ يۈزلىرى ساقىيىپ، يەنە قايتىدىن كىنو چولپانلىرىدەك چىرايلىق بولۇپ كەتتى.

گەرچە ئۇ ماڭا شۇنداق دەپ تەسەللى بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەينەكتىن ئۆزۈمنىڭ چىرايىغا قاراپ خېلى ئۇزۇنغىچە نەپەس ئالالماي قالدىم. يۈزلىرىم خۇددى بىرى تېرەم ئاستىغا يەل تارتىدىغان ناسوس تىقىپ مۇسكۇللىرىمنى سۈمۈرۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىم كۆكىرىپ، ئىششىپ چىققانىدى. ھەممىدىن ئېغىر كەلگۈلۈك ئاغزىمغا كەپتۇ. ئاغزىمنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي سۆسۈن ياكى كۆك رەڭلىك بولۇپ، سۈرۈلگەن يارا ئىزى بىلەن تىكىلگەن يېرىقلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. مەن كولۇمىسىرىمەكچى بولدۇم، لېكىن لەۋلىرىم زىڭىلداپ چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى. قارىغاندا، مەن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە كۈلەلىشىمدىن ئۈمىد ئۈزسەم بولغۇدەك. سول مەڭزىمدە، پېشانەمدە ۋە ئېڭىكىمنىڭ ئاستىدا تىكىلگەن يەرلەر بار ئىدى. پۈتى گەجدە قاتۇرۇلغان ياشانغان كىشى ئوردۇ تىلىدا ماڭا بىرنېمىلەرنى دېدى. مەن چۈشەنمىگەچكە مۇرەمنى قىسىپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈزىنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، بىرنەچچىنى يېنىك ئۇردى ۋە چىشىسىز ئاغزىنى ئېچىپ كۈلدى.

— بەك ياخشى، — دېدى ئۇ ئىنگلىز تىلىدا.

— رەھمەت، — دەپ پىچىرلىدىم مەن.

ئەينەكنى ئۈستەلگە قويۇپ تۇرۇشۇمغا، فەرىد بىلەن سوھراب كىرىپ كەلدى. سوھراب كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى.

— مېنىڭچە، سىز بۇ يەردىن قانچە بۇرۇن كەتسىڭىز شۇنچە ياخشى، — دېدى فەرىد.

— دوختۇر فەرۇقنىڭ دېيىشىچە...

— ياق، دېمەكچى بولغىنىم دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىش

ئەمەس، بەلكى پەشاۋەردىن كېتىش.

— نېمە ئۈچۈن؟

— سىزنىڭ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشىڭىز خەتەرلىك، — فەرىد ئاۋازىنى پەسلىتىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھېلىقى تالىبانىنىڭ بۇ يەردە ئادەملىرى بار. ئۇلار سىزنى چوقۇم ئىزدەيدۇ.

— مېنىڭچە، ئۇلار ئالىلىقاچان ئىزدەشنى باشلىغان بولسا كېرەك، — دەپ غودۇڭشىدىم. ئۆزىچە ياتاققا كىرىپ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ھېلىقى ساقاللىق ئادەم ئېسىمگە كەلدى.

فەرىد يانتۇ بولۇپ ماڭا يېقىن كەلدى.

— سىز ماڭالىغان ھامان، مەن سىزنى ئىسلامئابادقا ئاپىراي. ئۇ يەرمۇ ئۇنچىۋالا بىخەتەر ئەمەس. ئەمەلىيەتتە پاكىستاننىڭ ھېچ يېرى بىخەتەر ئەمەس. لېكىن، ئۇ يەر بۇ يەرگە قارىغاندا ياخشىراق. ھېچبولمىغاندا، ئۇ يەردە ئازراق ۋاقىت ئۇتالايسىز.

— فەرىدجان، بۇنداق قىلىش سىزگىمۇ خەتەرلىك. بەلكىم سىز مەن بىلەن بىللە تۇرۇپ خەقلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىكىڭىز كېرەكتۇر. سىزنىڭ ئائىلىڭىز سىزگە قاراشلىق.

فەرىد بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى:

— مېنىڭ ئوغۇللىرىم ياشتا كىچىك بولغان بىلەن چېچەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانىسى ۋە سىڭىللىرىدىن قانداق خەۋەر ئېلىشنى بىلىدۇ، — ئۇ يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ ئىشنى بىكارغا قىلمايمەن - دە، — دېدى.

— سىز ھەق ئالمايمەن دېسىڭىزمۇ، مەن ھەرگىز ئۇنىمايتتىم، — دېدىم مەن. ئۆزۈمنىڭ كۈلسەم بولمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ، كۈلۈپ سالپتىمەن. ئېڭىكىمدىن بىر تامچە قان ئېقىپ چىقتى، — مەن سىزدىن بىر ياردەم سورىسام بولامدۇ؟

— سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا ! — دېدى فەرىد.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېنى دەرھال يىغا تۇتتى. مەن ئېسەدەپ كەتتىم. كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ، كالپۇكۇمدىكى

يارا بار جاينى ئېچىشتۇردى.

— نېمه بولدى؟ — سورىدى فەرىد جىددىيلىشىپ.

مەن قوللىرىم بىلەن يۈزلىرىمنى توسۇۋالدىم. كېسەلخانىدىكى ھەممەيلەننىڭ ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بىردەمدىن كېيىن ئۆزۈم ھارغاندەك، ئىچىممۇ سەل بوشاپ قالغاندەك بىلىندى.

— سىلەرنى كۆڭۈلسىز قىلغىنىمغا خىجىلمەن، — دېدىم مەن. سوھراب قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى.

يىغىدىن توختاپ، فەرىدكە ئۆزۈم موھتاج بولغان ئىشنى ئېيتتىم.

— رەھىمخان ئۇلارنى مۇشۇ پەشاۋەردە تۇرىدۇ، دېگەنىدى.

— سىز ماڭا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېرىڭ، — دېدى فەرىد ئېھتىياتچانلىق بىلەن قاراپ. ئۇ مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرىمدىن ھەيران بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى قول سۈرتىدىغان قەغەز پارچىسىغا يازدىم: «توماس كالدۋېل، بېتتى كالدۋېل».

فەرىد قەغەزنى يانچۇقىغا سالدى.

— مەن ئۇلارنى دەرھال ئىزدەي، — دېدى ئۇ سوھرابقا قاراپ، — مەن سىنى كەچتە ئەكىتەي. ئامىر ئاغاڭنى بەك ھارغۇزۇۋەتمە.

بىراق، سوھراب دېرىزىنىڭ يېنىدىكى ياغاچ پارچىسى ۋە نان ئۇۋاقلىرىنى چوقۇلاۋاتقان بەش - ئالتە كەپتەرگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

مەن كارىۋات يېنىدىكى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدىن «دۆلەت جۇغراپىيەسى» ناملىق ژۇرنالنىڭ كونا سانىنى، ئۈچۈرگۈچى چاينالغان بىر تال قېرىنداشنى ۋە چىشلىرى سۇنۇپ كەتكەن بىر دانە تارغاقنى تاپتىم. تەستە قولۇمنى سوزۇپ، تارتمىدىن بىر قاپ قارتىنى تاپتىم. ئۇ قارتىنى قولۇمغا ئېلىپ بولغۇچە،

يۈزلىرىمدىن تەر چىپىلداپ كەتتى. ئۇلارنى ساناپ بېقىپ ھەيران قالدىم، قارتىنىڭ سانى تولۇق بولۇپ چىقتى. مەن سوھرابتىن ئۇنىڭ قارتا ئوينىغۇسى بار - يوقلۇقىنى سورىدىم. كابۇلدىن قېچىپ كەلگىنىمىزدىن بۇيان ئۇ تۇزۇك گەپ قىلىپ باقمىغان بولغاچقا، مەن ئۇنى قارتا ئويناش تۇگۇل مېنىڭ سوئالىمغىمۇ جاۋاب بەرمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

بىراق، ئۇ دەرھال ئارقىسىغا قاراپ:

— مەن پەقەت پانجپار ئويناشنىلا بىلىمەن، — دېدى.

— ھازىردىن باشلاپلا ساڭا ئىچىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، چۈنكى مەن پانجپارنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئۇستىسى.

ئۇ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭغا بەش قارتا شىلاپ بەردىم.

— داداڭ ئىككىمىز سەندەك ۋاقتىمىزدا دائىم مۇشۇ ئويۇننى ئوينايتتۇق. بولۇپمۇ قار ياغقان قىش كۈنلىرىدە، بىز سوغۇقتا سىرتقا چىقالمىغاچقا، قارتا ئويناپ كەچ بولۇپ كېتەتتى.

ئۇ بىر قارتىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، قارتا دۆۋىسىدىن يەنە بىر قارتا ئالدى. مەن ئۇنىڭ قارتىغا دىققەتتى بېرىلگەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇنىڭ تۇرقى نۇرغۇن جەھەتلەردە دادىسىنىڭ قارتا ئوينىغاندىكى تۇرقىغا ئوخشايتتى: ئۇ يەلپۈگۈچتەك تىزىلغان قارتىلارنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ تۇراتتى. قارتىلارغا بىر كۆزىنى قىسىپ قارايتتى. ئۇ قارتا ئويناۋاتقاندا باشقا ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراپ سالمايتتى.

بىز جىمجىت ئولتۇرۇپ قارتا ئوينىدۇق. مەن بىرىنچى قولدا ئۇنى ئۇتتۇم، ئىككىنچى قولدا قەستەن ئۇتتۇرۇپ بەردىم. لېكىن، كېيىنكى بەش قولنىڭ ھەممىسىدە ھەرقانچە كۆچىسەممۇ ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇپ قويدۇم.

— سەن قارتىنى داداڭغا ئوخشاشلا ياخشى ئوينايدىكەنسەن. ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئوينايدىغاندەك قىلىسەن، — دېدىم مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، —

مەن ئارىلاپ ئۇنى ئۇتۇۋالاتتىم. لېكىن، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇ قەستەن ماڭا ئۇتتۇرۇپ بېرەتتى، — مەن سەل تۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتىم، — داداڭ ئىككىمىز ئوخشاش بىر ئايالنى ئېمىپ چوڭ بولغان.

— مەن ئۇنى بىلىمەن.

— نېمە... ئۇ يەنە داداڭ ئىككىمىز توغرۇلۇق ساڭا نېمىلەرنى دېگەنىدى؟

— سىز ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئەڭ يېقىن دوستى، — دېدى ئۇ.

مەن قارتىنى قولۇمدا پىرقىراتقاچ ئېيتتىم:

— مەن ئۇنىڭغا ياخشى دوست بولالمىدىم، لېكىن، مېنىڭ سەن بىلەن دوست بولغۇم بار. سەن بىلەن ياخشى دوست بولالايمەن. سېنىڭچە قانداق؟ مەن بىلەن دوست بولۇشنى خالامسەن؟ — مەن قولۇمنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدۇم. ئۇ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ قارتىلارنى قويۇپ، ئورۇندۇقنى ئارقىسىغا سۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىنىڭ يېنىغا كەتتى. كەچكى شەپەق نۇرىدا پەشاۋەرنىڭ ئاسمىنى قىزىل ۋە سۆسۈن رەڭلەرگە كىرگەنىدى. دېرىزە سىرتىدىكى يولدىن ئالدى بىلەن ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى، ئاندىن بىر ئېشەكنىڭ ئۈركۈپ ھاڭرىغان ئاۋازى، ئاخىرىدا ساقچىنىڭ پۈشتەك ئاۋازى ئاڭلاندى. سوھراب كەچلىك شەپەق نۇرىدا قوللىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، دېرىزە سىرتىغا قاراپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئايشە ئۆزىنىڭ ئەر ياردەمچىسىنى مېنى كارىۋاتتىن چۈشۈرۈپ ماڭدۇرۇشقا بۇيرۇدى. مەن بىر قولۇمدا ئاسما ئوكۇل ئاسقۇچنى ھاسا قىلىپ، يەنە بىر قولۇمدا سېستىرا ياردەمچىسىنىڭ مۈرىسىگە تايىنىپ مېڭىپ، ياتاقنىڭ ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقتىم. ياتاقنى بىر ئايلىنىپ كارىۋىتىم يېنىغا ئون مىنۇتلاردا ئاران قايتىپ كەلدىم، كارىۋاتقا چىقىۋالغۇچە

پۈتۈن بەدىنىمنى تەر بېسىپ، قورسىقىمنىڭ ئىچىدىكى ئوپېراتسىيە قىلىنغان يەرلەر لوقۇلداپ ئاغرىپ كەتتى. كارىۋاتتا ياتقىنىمدا، ھاسىراپ، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئايالىم سۈرەييەنى شۇنچە سېغىنغانىدىم.

ئەتىسى كەچ كىرگۈچە سوھراب ئىككىمىز جىمجىت ئولتۇرۇپ قارتا ئوينىدۇق. ئۆگۈنىمۇ يەنە شۇنداق ئۆتكۈزدۇق. قارتىنى مەن كارىۋاتتا يېرىم يېتىپ، سوھراب كارىۋات يېنىدىكى يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئويناپتتۇق. بىز قارتا ئويناشنى پەقەت مەن ياتاق ئىچىدە مېڭىشنى مەشىق قىلغاندا ياكى ھاجەتخانىغا بارغاندا توختىتىپ تۇردۇق. شۇ كۈنى كېچىسى مەن بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئاسسەف مەن ياتقان كېسەلخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرارمىش. ھېلىقى مىس شار ھېلىمۇ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئويمىسىدا بارمىش.

— سەن بىلەن مەن ئىككىمىز ئوخشاش، — دەيمىش ئۇ، — ھەسەن ئىككىڭلار بىر ئايالنى ئېمىپسىلەر. لېكىن، سەن بىلەن مەن قوشكېزەك.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا مەن ئارماندا ئۆزۈمنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— ھازىر دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتسىڭىز بەك بالدۇر، — دېدى ئۇ رازى بولمىغان ھالدا. شۇ كۈنى ئۇ ئوپېراتسىيە كىيىملىرىنى كىيمەي، ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، بوينىغا سېرىق رەڭلىك گالستۇك تاقىغان، چېچىنى يەنە يېلىم بىلەن قاتۇرۇۋالغانىدى، — سىزگە ھېلىمۇ مىكروبقا قارشى ئوكۇل ئۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— مەن ماڭمىسام بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — سىز ۋە باشقا داۋالاش خادىملىرى ھەممىڭلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بىراق، مەن قايتاي.

— نەگە بارىسىز؟ — سورىدى ئارماند.
— ياخشىسى، مەن ئۆنى سىزگە ئېيتماي.
— سىز تېخى تۈزۈكرەكمۇ ماڭالمايسىز.
— مەن كارىدورنىڭ بېشىغا بېرىپ، يەنە قايتىپ كېلەلەيمەن، — دېدىم مەن، — مەندىن ئەنسىرىمەڭ.
پىلانىم مۇنداق ئىدى: ئالدى بىلەن دوختۇرخانىدىن چىقىمەن. بانكىدىكى بىخەتەرلىك ساندۇقىدىن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن دوختۇرخانىغا داۋالاش ھەققىنى تۆلەيمەن. دارىلئېتامغا ماشىنا بىلەن بېرىپ، سوھرابنى بېتتى ۋە توماس كالدۋېللارغا تاپشۇرىمەن. ئاندىن كېيىن ئىسلامئابادقا بېرىپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىپ، سەل ياخشى بولغاندىن كېيىن ئايروپىلان بىلەن ئامېرىكىغا قايتىمەن.
لېكىن، شۇ كۈنى ئەتىگەندە فەرىد بىلەن سوھراب دوختۇرخانىغا كەلگەندىن كېيىن پىلانىم بۇزۇلدى.
— سىزنىڭ بېتتى ۋە توماس كالدۋېل دېگەن دوستلىرىڭىز پەشاۋەردە يوق ئىكەن، — دېدى فەرىد.
ئۇچامغا چاپىنىمنى كىيىشىم ئۈچۈنلا ئون مىنۇت ۋاقىت كەتتى. ھەر قېتىم قولۇمنى كۆتۈرسەم كۆكرىكىمدىكى نەيچە سېلىش ئۈچۈن تەشكەن يەر قادىلىپ ئاغرىيتتى. ھەر قېتىم سەل يانتۇ بولسا، قورسىقىمنىڭ ئىچى لوقۇلداپ ئاغرىپ كېتەتتى. ئۆزۈمگە تەئەللۇق بىرنەچچە نەرسىنى بىر قەغەز خالتىغا سالغۇچە ھاسىراپ كەتكەنىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇلار كەلگۈچە تەييار بولۇپ ئولتۇرغانىدىم. فەرىد خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، سوھراب ئىككىمىز كارىۋاتنىڭ قىرىدا يانمۇيان ئولتۇراتتۇق.
— ئۇلار نەگە كېتىپتۇ؟ — سورىدىم مەن. فەرىد بېشىنى چايقىدى.
— سىز گېپىمنى چۈشەنمىدىڭىز...
— چۈنكى رەھىمخان شۇنداق دېگەن...
— مەن ئامېرىكىنىڭ كونسۇلىغا باردىم، — دېدى فەرىد

مېنىڭ خالتامنى قولىغا ئالغاچ، — پەشاۋەردە ئەزەلدىن توماس كالدۋېل ياكى بېتتى كالدۋېل دەيدىغان كىشىلەر يوق ئىكەن. كونسۇلدىكى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار پەشاۋەردە بۇنداق ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىماپتۇ.

يېنىمدا سوھراب «دۆلەت جوغراپىيەسى» دېگەن ژۇرنالنى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى.

بىز بانكىغا بېرىپ پۇلنى ئالدۇق. بانكىنىڭ غوجىدارى كىيىمىنىڭ قولتۇقلىرىدا تەر يامىقى بار، يوغان قورساق ئادەم ئىكەن. ئۇ كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ:

— ھېچقانداق ئادەم چېقىلىپ باقمىدى، — دېدى جىددىي تەرىزدە. ئۇ ئاشۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، بىگىز بارمىقىنى خۇددى ئارماند دوختۇرغا ئوخشاش پۇلاڭلاتتى.

قەغەز خالتىغا شۇنچە كۆپ پۇلنى سېلىپ پەشاۋەردىن ئۆتۈشتىن خېلىلا ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماڭا قارىغان ھەرقانداق ساقاللىق ئادەمنى ئاسسەف ئەۋەتكەن قاتىلمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم. ئىككى ئىش مېنىڭ ئەندىشەمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى: بىرى، پەشاۋەردە ساقاللىق بار ئادەم بەك كۆپ ئىكەن. يەنە بىرى، ئۇ شەھەردە ھەممە ئادەم دېگۈدەك ساڭا تىكىلىپ قارايدىكەن.

— ئۇنى ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى فەرىد.

ئىككىمىز دوختۇرخانىنىڭ ھەق ھېسابلاش ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ماشىنا تەرەپكە قاراپ ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتاتتۇق. سوھراب «جاھانكېزەر»نىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئوچۇق دېرىزىدە ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇراتتى.

— ئۇ پەشاۋەردە تۇرالمايدۇ، — دېدىم مەن ھاسىراپ تۇرۇپ.

— توغرا، ئۇ پەشاۋەردە تۇرالمايدۇ، — دېدى فەرىد سۆزۈمنى دەرھال چۈشەنگەندىن كېيىن، — مېنى كەچۈرۈڭ، شارائىتىم يار بەرگەن بولسا...

— ھېچقىسى يوق، قەرىت، — دېدىم مەن زورغا كۈلۈمسىرەپ، — ئۆيىمىزدە سىزگە قاراشلىق نەچچە جان بار.

قاياقتىندۇر پەيدا بولغان بىر ئىت ماشىنىنىڭ يېنىدا قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭلىتىپ، ئارقا پۇتلىرى بىلەن ئۆرە تۇراتتى. سوھراب بىر نەرسىلەرنى تاشلاپ بېرىپ ئۇنى بېقىۋاتاتتى.

— ھازىرچە ئۇ ئىسلامئابادقا بارسۇن، — دېدىم مەن.

ئىسلامئابادقا بارغۇچە يولغا تۆت سائەتتەك ۋاقىت كەتتى. لېكىن، مەن يول بويى ئۇخلاپ دېگۈدەك ئولتۇردۇم. نۇرغۇن چۈش كۆرگەن بولساممۇ، چۈشلىرىمنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى ۋە ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئېسىمدە قاپتۇ: چۈشۈمدە دادام مېنىڭ ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنۈمدىكىدەك كاۋاپ تەييارلاۋېتىپتۇ؛ سورەييە ئىككىمىز تۇنجى قېتىم بىللە يېتىپتىمىز؛ ئۇنىڭ خېنە ياققان قوللىرى مېنىڭ قوللىرىمغا كىرىشىپ كېتىپتۇ؛ شەرق تەرەپتىن قۇياش كۆتۈرۈلۈۋېتىپتۇ؛ قۇلىقىمىزغا تويىمىزنىڭ مۇزىكىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ... دادام ھەسەن بىلەن مېنى جالالئابادتىكى بۆلجۈرگەن ئېتىزلىقىغا ئاپىرىپتۇ. بۆلجۈرگەنلىكنىڭ ئىگىسى بىزگە ئەگەر تۆت كىلوگىرام بۆلجۈرگەن سېتىۋالساقلا، قانچىلىك يېسەكمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۆلجۈرگەننى كۆپ يەپ، قورسىقىمىز ئاغرىپ كېتىپتۇ. ھەسەننىڭ ئىشتىنىنىڭ ئېغىدىن ئاققان قان قار ئۈستىدە شۇنچە قارا كۆرۈنگۈدەك. «قان دېگەن ئۇلۇغ نەرسە قىزىم، ھەممىنى خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. بەلكىم پېشانەڭگە شۇنداق پۈتۈلگەندۇر» دەۋاتقانمىش جەمىلە خانىم سورەييەنىڭ تىزىغا ئاستا ئۇرۇپ تۇرۇپ. دادام ئىككىمىز ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىدە يېتىپتىمىز. ئۇ ماڭا بۇ دۇنيادا بىرلا گۇناھ بارلىقىنى، ئۇ گۇناھنىڭ ئوغرىلىق ئىكەنلىكىنى دەۋاتقانمىش. رەھىمخان تېلېفوندا ماڭا مۇنداق دەۋاتقانمىش: گۇناھ يۇيىدىغان پۇرسەت بار. گۇناھ يۇيىدىغان پۇرسەت بار ! ...

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

مېنىڭچە ئەگەر پەشاۋەر ئۆتمۇشتىكى كابۇلغا ئوخشىسا، ئىسلامئاباد كابۇلنىڭ كەلگۈسىگە ئوخشايتتى. ئىسلامئابادنىڭ كوچىلىرى پاكىز ۋە كەڭ، ئىككى تەرىپى قاتار كەتكەن دەرەخلىك ئىدى. بازارلىرى خېلىلا رەتلىك ئىدى. پەشاۋەردىكىدەك مەپە ۋە پىيادىلەر خالىغان يۆنىلىشتە مېڭىپ، قىستا - قىستاڭ بولۇپ كەتمەيتتى. شەھەرنىڭ لايىھەلىنىشىمۇ خېلى گۈزەل ۋە زامانىۋى ئىدى، باغلاردىكى دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ئەتىرگۈل ۋە لەيلىگۈللەر قاتار ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

فەرىد مارگالا تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى بىر كوچىغا جايلاشقان كىچىك بىر مېھمانخانىنى تاپتى. بىز مېھمانخانىغا بارغۇچە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت ـــ شاھ فايسال مەسچىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. مەسچىتنىڭ گىگانت تۇۋرۇكلىرى ۋە ئاسمانغا تاقاشقان مۇنارلىرى تولىمۇ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. سوھراب مەسچىتكە قاراپ ھەيران قالدى، تاكى ماشىنا كوچىدىن قايرىلغۇچە، بېشىنى ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن چىقىرىپ قارىدى.

بۇ مېھمانخانا فەرىد بىلەن ئىككىمىز كابۇلدا چۈشكەن مېھمانخانىغا قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى. ئورۇن - كۆرپىلىرى ئاپپاق، يەرگە سېلىنغان گىلەم پاكىز تازىلانغان، تازىلىق ئۆيى پاك - پاكىز ئىدى. تازىلىق ئۆيىدە چاچ سوپۇنى، بەدەن سوپۇنى ۋە ساقال ئالغۇچ قاتارلىقلار تىزىپ قويۇلغانىدى. يەنە ۋاننىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ يېنىغا لىمون پۇراپ تۇرىدىغان لۆڭگە تەييارلاپ قويۇلغانىدى. ئەلۋەتتە تامدا قان يۇقى كۆرۈنمەيتتى. ياتاقتا يەنە

تېلېۋىزورمۇ بار ئىدى.

— ماۋۇ يەرگە قارا ! — دېدىم سوھرابقا. تېلېۋىزورنىڭ تىزگىنىكى بولمىغاچقا، تېلېۋىزورنىڭ ئۆزچېتىنى تولغاپ ئاچتىم. مەن قانالالارنى ئالماشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئىككى بالىلار كارتون فىلىمىنى تاپتىم، ئۇزۇن توكلۇك پاقلان قورچاق ئوردۇچە ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. سوھراب كارىۋاتلارنىڭ بىرىدە تىزلىرىغا ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە ئولتۇرۇپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايى ھېلىمۇ تۇرۇكلۇك ئىدى. ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرىدە تېلېۋىزورنىڭ سۈرەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. كىچىك ۋاقتىمدا مېنىڭ ھەسەنگە قىلغان ۋەدەم ئېسىمگە كەلدى. چوڭ بولغاندا مەن ھەسەننىڭ ئائىلىسىگە رەڭلىك تېلېۋىزور تەقدىم قىلماقچى بولغانىدىم.

— مەن ئەمدى ماڭاي، ئامىر ئاغا، — دېدى فەرىد.

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭ، — دېدىم مەن، — يول ئۇزۇن، ئەتە مېڭىڭ.

— رەھمەت، بۈگۈنلا قايتاي، باللىرىمنى سېغىندىم، — ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ، ئارقىسىغا قاراپ توختىدى، — خەير - خوش سوھرابجان، — ئۇ سوھرابنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ بىردەم ساقلاپ تۇردى. لېكىن، سوھراب ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. ئۇ تىزلىرىنى قۇچاقلىغىنىچە ئالدى - كەينىگە لىڭشىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ كۈمۈش رەڭ ئەكس نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى.

مەن فەرىدنى ئۇزىتىپ چىقىپ قولىغا بىر لېپاپنى تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ئۇ لېپاپنى ئېچىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ قالدى.

— سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمىدىم، — دېدىم مەن، — سىز ماڭا شۇنچە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدىڭىز.

— بۇ نەچچە پۇل؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغان ھالدا.

— ئىككى مىڭ دوللاردىن كۆپرەك.

— ئىككى مىڭ دوللار! — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ لەۋلىرى سەل تىترەۋاتاتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يول بويىغا توختىتىلغان ماشىنىسىنى ھەيدەپ يولغا چىقتى. ئۇ ماڭا قاراپ ماشىنىسىدا ئىككى قېتىم سىگنال بېرىپ قويۇپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن شۇ خوشلاشقانچە قايتا كۆرۈشمىدىم.

مېھمانخانىغا قايتىپ كىرسەم، سوھراب كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى، لېكىن ئۇ ئۇخلاپ قالغانمۇ ياكى ئويغاقمۇ بىلەلمىدىم. ئۇ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتكەنىدى. مەن كارىۋاتتا ئولتۇردۇم. ئاغرىق ئازابىدا چىرايلىرىممۇ پۈرۈشۈپ كەتكەنىدى، پېشانەمدىكى سوغۇق تەرلەرنى سۈرتتۇم. مەن ئولتۇرۇپ قوپسام ياكى كارىۋاتتا ئۆرۈلسەم يەنە قاچانغىچە قورسىقىم مۇشۇنداق ئاغرىيدىغاندۇ؟ يەنە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ئاندىن نورمال تاماق يېيەلەيدىغان بولارمەن؟ يېنىمدىكى كارىۋاتتا ياتقان بۇ بىچارە بالىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرارمەن؟ ئەمەلىيەتتە، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئۇنى قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى توغرۇلۇق سادا كېلىۋاتاتتى.

ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويۇلغان چوڭ ئەينەك قاپاقتا لىق سۇ بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن بىر ئىستاكانغا سۇ قۇيدۇم - دە، ئارماند بەرگەن ئاغرىق توختىتىش دورىسىدىن ئىككى تال ئىچىۋالدىم. سۇ ئىسسىق ۋە قاڭسىق ئىدى. مەن كارىۋاتقا چىقىپ، پاشىلىقنى تارتتىم - دە، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. ماڭا خۇددى كۆكرىكىم ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدى. ئاغرىق سەل پەسىيىپ، نەپەس ئالالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئەديالنى يېپىنىپ، ئارماندنىڭ دورىلىرىنىڭ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشىنى كۈتۈپ ياتتىم.

ئويغانسام ياتاق ئىچى خېلىلا قاراڭغۇ بولۇپ قاپتۇ. دېرىزە پەردىلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ئاسماننىڭ سۆسۈن رەڭگە

كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كەچ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم. كارىۋاتنىڭ كىرلىكلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن، بېشىم لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. ئويلاپ باقسام يەنە چۈش كۆرۈپتىمەن، لېكىن نېمە چۈش كۆرگەنلىكىم ئېسىمدە قالماپتۇ.

يېنىمغا قارىسام سوھراب يوق، يۈرىكىم قارت قىلدى، مەن ئۇنى چاقىردىم. ئاۋازىمدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئۆز ئۆيۈمدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر مېھمانخانىنىڭ قاراڭغۇ ياتىقىدا، پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىۋاتقان، تېخى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى كۆرگەن بىر بالىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، ۋارقىراپ يېتىش ماڭا ئېغىر كەلدى، بېشىم قېيىۋاتاتتى. ئۇنى يەنە ئۈنلۈك چاقىردىم. ھېچ سادا يوق. ئورنۇمدىن تەستە تۇرۇپ، تازىلىق ئۆيىگە ۋە كارىدورغا قاراپ باقتىم. ئۇ كۆرۈنمەيتتى.

مەن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، كارىدوردىكى تۇتقۇچنى تۇتۇپ مېڭىپ مېھمانخانا غوجىدارىنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم. مېھمانخانىنىڭ ئىشخانىسى جايلاشقان زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدا توپا بېسىپ كەتكەن بىر توپ يالغان پالما دەرىخى بار ئىدى. زالنىڭ تېمىغا يۆلەنگەن چېچەكلىك رەڭلىك قىزىل لەيلەك قۇشلىرىنىڭ ئۇچۇۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن رەسىملەر ئېسىلغانىدى. مېھمانخانا خوجايىنى زالدىكى پەشتاختىدا ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتاتتى. مەن سوھرابنىڭ تەقى - تۇرقىنى خوجايىنغا تەسۋىرلەپ بەردىم ۋە ئۇنىڭ سوھرابنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ گېزىتنى ئۈستەلگە قويۇپ، كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى مايلاشقان، كىچىككىنە چار بۇرۇتى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئىسسىق بەلباغنىڭ بىر خىل مېۋىسىدىن چىقىدىغان پۇراق كەلدى، لېكىن ئۇ پۇراقنىڭ زادى قايسى مېۋىنىڭ پۇرىقى ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— ئوغۇل باللار سىرتتا ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ، — مېنىڭ ئۈچ ئوغلۇم بار. ئۇلار

كۆندە تۆتۆق بەرمەي، ئانىسىنى ئاۋارە قىلىدۇ، — ئۇ گېزىت بىلەن ئۈزىنى يەلپۈۋېتىپ، ئېگىكىمگە تىكىلىپ قاراپ كەتتى.
— مېنىڭچە ئۇ ئوينىغىلى چىقىپ كەتمىدى، — دېدىم مەن، — بىز بۇ يەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.
ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.
— ئۇنداقتا، سىز ئۇنىڭغا ئوبدانراق كۆز - قۇلاق بولۇشىڭىز كېرەكتى، ئەپەندى.
— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدىم مەن، — بىراق مەن بىر ئوخلاپ ئويغانسام، ئۇ يوق تۇرىدۇ.
— ئوغۇل بالا دېگەن ئاشۇنداق.
— شۇنداق، — دېدىم مەن. مېنىڭ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىشقا باشلىدى. «بۇ ئادەم مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىمنى بىلمەيۋاتقانمىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئۇ گېزىتنى يەنە بىر قولىغا يۆتكەپ، يەنە ئۈزىنى يەلپۈشكە باشلىدى.
— ئۇلار ئەمدى ۋېلىسىپىت جېدىلى قىلىۋاتىدۇ.
— كىملەر؟
— مېنىڭ ئوغۇللىرىم، — دېدى ئۇ، — ئۇلار: «دادا، بىزگە ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەرگىن، بىز سېنى ئاۋارە قىلمايمىز. دادا! ماقۇل دېگىنە» دەپ يالۋۇرىدۇ، — ئۇ دىمىقىدا كۈلدى، — ۋېلىسىپىتمىش. ئەگەر مەن ئۇلارغا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەرسەم ئۇلارنىڭ ئانىسى گېلىمنى سىقىدۇ. مەن راست دەۋاتىمەن.
مەن سوھرابىنىڭ بىرەر ئېرىق ئىچىدە ياتقان ياكى بىرەر ماشىنىنىڭ يۈك - تاق سالىدىغان يېرىگە قول - پۇتى باغلانغان، ئاغزى يەملەنگەن ھالدا تاشلانغان ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. مەن ئەمدى ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولسام بولمايدۇ. ئۇنىڭمۇ يامان كۈنگە قېلىشىغا سەۋەب بولسام بولمايدۇ.
— ئۆتۈنۈپ قالاي... — دېدىم. مەن ئۇنىڭ قىسقا يەڭلىك، كۆك كۆڭلىكىنىڭ ئالدىغا ئېسىلغان ئىسىم كارتىسىنى

كۆزلىرىمنى قىسىپ تۇرۇپ قارىدىم، — فايياز ئەپەندى، سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟
— ئۇ ئوغۇل بالىنى؟
مېنىڭ ئاچچىقىم تۇتتى.
— ھەئە، ئاشۇ ئوغۇل بالىنى. مەن بىللە كەلگەن ئوغۇل بالىنى. خۇدانىڭ ھەققىدە، سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟
ئۇ ئۆزىنى يەلپۈشتىن توختىدى. ئۇ كۆزلىرى قىسىپ تۇرۇپ:
— مەندىن سوراۋېرىدىكەنسىز، ئۇ بالىنى مەن يىتتۇرۇۋەتمىسەم، — دېدى.
ئۇنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق ئىدى. خىجىل بولغىنىمدىن يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ كەتتى.
— توغرا ئېيتىسىز، ھەممە خاتالىق ئۆزۈمدە، لېكىن سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟
— كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن. ئۇ كۆزەينىكىنى تاقاپ، گېزىتىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى، — مەن ئۇنداق بالىنى كۆرمىدىم.
مەن پەشتاختا ئالدىدا بىر مىنۇتتەك ئۇن - تىنسىز قاراپ تۇردۇم. ۋارقىرىۋەتمەسلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم. ئاندىن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ سىرتقا قاراپ ماڭدىم.
— ئۇنىڭ قەيەرگە بېرىپ ھاڭۋېقىپ يۈرۈشى مۇمكىنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دېگەن ئاۋاز ئارقا تەرىپىمدىن ئاڭلاندى.
— ياق، — دېدىم مەن. مەن ھېرىپ كەتكەن ھەم قورقۇپ كەتكەنىدىم.
— ئۇنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى ئۇ قولىدىكى گېزىتىنى قاتلاۋېتىپ، — مەسىلەن، مېنىڭ ئوغۇللىرىم ئامېرىكىنىڭ مۇشتلىشىدىغان ۋە ئېتىشىدىغان كىنولىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ. بولۇپمۇ ئارنولد ۋاتسېنگىرنىڭ...

— مەسچىت! ھېلىقى چوڭ مەسچىت، — بىز ھېلىقى مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە سوھرابنىڭ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن بوينىنى سوزۇپ ھەيرانلىق بىلەن قاراپ كەتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى.

— شاھ فايسال؟

— ھەئە. سىز مېنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قويالامسىز؟

— ئۇ مەسچىتنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— ياق، لېكىن...

— ئۇ مەسچىتنىڭ ھويلىسىغىلا قىرىق مىڭ ئادەم سىغىدۇ.

— مېنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قويالامسىز؟

— ئۇ مەسچىت بۇ يەردىن ئاران بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— مېنى ئاپىرىپ قويغان ھەققىڭىزنى بېرىمەن، — دېدىم مەن.

ئۇ تىن تارتىۋېتىپ، بېشىنى چايقىدى.

— بۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرۇڭ، — ئۇ ئارقا تەرەپتىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە كۆزەينەك بىلەن بىر توپ ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى، بويى پاكار، سېمىز، ئاپېلسىننىڭ رەڭگىدە سارى كىيگەن بىر ئايال ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقىپ، پەشتاختىنىڭ ئارقىسىدىكى باياتىن فايياز ئەپەندى ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— مەن پۇل ئالمايمەن، — دېدى فايياز ئەپەندى، — مەن سىزنى ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قوياي، چۈنكى مەنمۇ سىزدەك بىر دادا.

مەن پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ سوھرابنى ئىزدەپ تېپىپ كەلگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم. كۆز ئالدىمغا فايياز نىڭ ماڭا ئەيىبلەش نەزىرىدە قاراشلىرى،

ساقچىغا سوھرابىنىڭ تونۇرقىنى تەسۋىرلەپ تېلېفون قىلىشىم، ساقچىنىڭ خۇشياقمىغان ھالدا بىر - ئىككى سوئال سوراپ قويۇشى دېگەندەك كۆرۈنۈشلەر كەلدى. ساقچى چوقۇم كۆڭلىدە: «كىممۇ نەس باسقان بىر ئافغان بالا ئۈچۈن ئۆزىنى ئاۋارە قىلسۇن؟» دەيدۇ دەپ پەرەز قىلدىم.

لېكىن، بىز سوھرابنى مەسچىتتىن يۈز مېتىر نېرىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىملىقتا ئولتۇرغان يېرىدىن تاپتۇق. فايياز ماشىنىنى چىملىقنىڭ يېنىدا توختىتىپ، مېنى چۈشۈرۈپ قويدى.

— مەن مېھمانخانىغا قايتمىسام بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەيلى. بىز پىيادە كېتەرمىز، — دېدىم مەن، — رەھمەت فايياز ئەپەندى. سىزگە كۆپ رەھمەت.

مەن ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقاندا، ئۇ مەن تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن سىزگە بىرنەرسە دېسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە.

كەچكى شەپەق نۇرىدا ئۇنىڭ چاقنىغان كۆزەينىكىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم.

— مەن سىزگە دېسەم، سىلەر ئافغانلارنىڭ ئۆپكىسى يوق.

مەن ھېرىپ كەتكەنىدىم. بەدىنىم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. ئېڭىكىم يەنە لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. كۆكرىكىم ۋە قورساقلىرىمدىكى يارىلار دەستىدىن مەن خۇددى تېرەمنىڭ ئاستىدا تىكەنلىك سىم باردەك ھېس قىلىۋاتاتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتىم.

— دېمەكچى بولغىنىم... — فايياز گېپىنى داۋاملاشتۇرماقچىدى. لېكىن، مېنىڭ يېپلار بىلەن تىكىلگەن ئېغىز-كالپۇكلىرىمنى كۆرۈپ، توختاپ قالدى.

— ساراڭ خەق... — دېدى ئۇ. ئۇ ماشىنىسىنى تېز

قوزغاتقاچقا، ماشىنىنىڭ چاقلىرى يەرگە سۈركەلگەن يېقىمسىز ئاۋاز ئاڭلاندى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ كەينى چىراغلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— سەن مېنى تازا قورقۇتتۇڭ، — دېدىم مەن سوھرابنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ. ئاغرىق ئازابىدىن چىرايىم پۈرۈشۈپ كەتتى.

سوھراب شاھ فايسال مەسچىتىگە قاراپ ئولتۇراتتى. مەسچىت غايەت زور بىرېزېنت كەپىگە ئوخشايتتى. كىرىپ - چىقىۋاتقان ماشىنىلار ۋە ئاق كىيىم كىيىشىپ نامازغا كەلگەن كىشىلەر ساناقسىز ئىدى. مەن دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇردۇم. ئۇ تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. بىز بىردەم ئۈن - تىنسىز ئولتۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن مەسچىتنىڭ يۈزلىگەن چىراغلىرى يېنىپ، قاراڭغۇدا مەسچىتنى خۇددى چوڭ بىر ياقۇتتەك چاقناتتى. چىراغ نۇرى ئاسماننى ھەم سوھرابنىڭ چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

— سىز مازارى شارىفقا بېرىپ باققانمۇ؟ — سورىدى سوھراب ئېڭىكىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ.

— نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بارغان. لېكىن، نېمىلەرنى كۆرگىنىم تازا ئېسىمدە يوق.

— مەن كىچىك ۋاقتىمدا دادام مېنى ئۇ يەرگە ئاپارغان. ئانام بىلەن ساسا مومامۇ بىللە بارغانىدى. دادام بازاردىن ماڭا بىر مايمۇن ئېلىپ بەرگەنىدى. ئۇ راست مايمۇن ئەمەس، بەلكى ئىچىگە يەل پۈۋلەپ چوڭايتىدىغان جىگەر رەڭلىك ئويۇنچۇق مايمۇن ئىدى، بوينىدا گالستۇكى بار ئىدى.

— مېنىڭمۇ كىچىك ۋاقتىمدا ئاشۇنداق مايمۇنۇم بار ئىدى.

— دادام مېنى يەنە «كۆك مەسچىت»كە ئاپارغانىدى، — دېدى سوھراب، — مەسچىتنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن كەپتەرلەر بار ئىدى. ئۇ كەپتەرلەر ئادەملەردىن قورقمايدىكەن. بىز بېرىشىمىزغا ئۇلار

بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىشتى. مەن ساسا بەرگەن نان ئۇۋاقلىرىنى كەپتەرلەرگە تاشلاپ بەردىم. بىردەمدىن كېيىن شۇنچە كۆپ كەپتەرلەر مېنىڭ ئەتراپىمدا ئۇنلەشكە باشلىدى. شۇنداق قىزىقارلىق بولغانىدى.

— سەن ئاتا - ئاناڭنى بەك سېغىنىپسەن - ھە؟ — دېدىم مەن. مەن شۇ گەپنى دەۋاتقاندا، ئۇ تالىبانلارنىڭ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كوچىغا سۆرەپ چىققانلىقىنى كۆرگەنىمدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ ئۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلدىم.

— سىزمۇ ئاتا - ئانىڭىزنى سېغىنامسىز؟ — ئۇ بىر يۈزىنى تىزىغا قويۇپ، ماڭا يانتۇ قاراپ سورىدى.

— مەن ئاتا - ئانامنى سېغىنامدىمەن؟ ساڭا دېسەم، مەن ئانامنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان. دادام بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتتى. توغرا، مەن ئۇنى سېغىنىمەن، بەزىدە بەكلا سېغىنىمەن ...

— دادىڭىزنىڭ چىرايى ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟

مەن دادامنىڭ توم كۆرۈنىدىغان بويىنىنى، قارا كۆزلىرىنى، قوڭۇر رەڭلىك يېرىك چاچلىرىنى ئەسكە ئالدىم. ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرسام، خۇددى دەرەخنىڭ بىر جۈپ شېخىدا ئولتۇرغاندەك بىلىنەتتى.

— ئۇنىڭ چىرايى ھېلىمۇ ئېسىمدە، — دېدىم مەن، — ھەتتا ئۇنىڭ پۇرىقىمۇ ئېسىمدە.

— مەن ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇشقا باشلىدىم، — دېدى سوھراب، — ئۇ يامان ئىشمۇ؟

— ياق، — دېدىم مەن. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى شۇنداق بولىدۇ. مەن بىرنەرسىنى ئېسىمگە ئېلىپ، چاپىنىمنىڭ مەيدە يانچۇقىنى ئاختۇردۇم. قولۇمغا ھەسەن بىلەن سوھرابنىڭ بىللە چۈشكەن ھېلىقى سۈرىتى چىقتى.

— مانا، — دېدىم.

ئۇ سۇرەتنى كۆزلىرىگە يېقىن ئەكىلىپ، مەسچىتنىڭ چىراغ نۇرىغا تۇتتى. ئۇ سۇرەتكە خېلى ئۇزاق قاراپ كەتتى. مەن ئۇنى يىغلايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ يىغلىمىدى. ئۇ سۇرەتنى ئىككى قولىدا چىڭ تۇتۇپ، باش بارماقلىرى بىلەن سىلىدى. مەن تۇيۇقسىز قايسىبىر كىتابتىن ئوقۇغانمۇ ياكى بىرىدىن ئاڭلىغانمۇ، ئېشقىلىپ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى ئەسكە ئالدىم: «ئافغانىستاندا كىچىك باللار ناھايىتى كۆپ، لېكىن باللىق بەك ئاز.» ئۇ سۇرەتنى ماڭا ئۇزاتتى.

— ئۇنى سەن ساقلىغىن، — دېدىم مەن، — ئۇ سېنىڭ.

— رەھمەت.

ئۇ سۇرەتكە يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. بىر پەيتۇن يېنىمىزدىن ئۆتتى. ئاتنىڭ بوينىغا ئېسىلغان كىچىك قوڭغۇراقلار جىرىڭلايتتى.

— مەن يېقىندىن بېرى مەسچىت توغرۇلۇق جىق ئويلايدىغان بولۇپ كەتتىم، — دېدى سوھراب.

— شۇنداقمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

ئۇ مۈرىسىنى قىستى.

— مەسچىتلەر توغرۇلۇق ئويلايمەن شۇ، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى، — سىزدىن بىرنەرسە سورىسام بولامدۇ، ئامىر ئاغا؟

— ئەلۋەتتە.

— خۇدايىم... — ئۇ بىردەم نەپەس ئالالماي كەتتى، — خۇدا ھېلىقى ئادەمگە قىلغان ئىشىم سەۋەبلىك مېنى دوزاخقا تاشلارمۇ؟

مەن قولۇمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم، لېكىن ئۇ چۆچۈپ كەتتى. مەن دەرھال قولۇمنى تارتىۋالدىم.

— ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدىم مەن. مەن ئۇنى ئۆزۈمگە يېقىن تارتىپ قۇچاقلىماقچى، بۇ دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا زىيان سالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ھەرگىز يامان ئىش

قىلمىغانلىقىنى دېمەكچى بولغانىدىم.
لېكىن، ئۇنىڭ چىرايى ھېلىمۇ پورۇشكەندى.
— دادام ماڭا ھەتتا يامان نىيەتلىك ئادەملەرگە زىيان سېلىشنىڭمۇ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ: «يامان كىشىلەر ئۆزىنىڭ يامان ئىشلارنى قىلغىنىنى بىلەلمىگەچكە شۇنداق قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلسە، ياخشى ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ» دېگەنىدى.
— دائىم ئۇنداق بولىۋەرمەيدۇ، سوھراب.
ئۇ ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.
— سېنى بوزەك قىلغان ئادەمنى مەن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى بىلىمەن، — دېدىم مەن، — بەلكىم مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىمنىمۇ چۈشەنگەنسەن. ئۇ ... ئۇ بىر قېتىم ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان، بىراق داداڭ مېنى قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. سېنىڭ داداڭ شۇنچە باتۇر ئىدى. مەن ئاۋارىچىلىككە يولۇققاندا، ئۇ دائىم كۆكرەك كېرىپ چىقىپ مەن تەرەپتە تۇراتتى. شۇڭا، ھېلىقى ئەسكى ئادەم سېنىڭ داداڭغا زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇ ناھايىتىمۇ ئوسال ئۇسۇل بىلەن داداڭغا زىيانكەشلىك قىلدى. لېكىن، مەن ... مەن داداڭ مېنى قۇتقۇزغاندەك ئۇنى قۇتقۇزالمىدىم.
— نېمە ئۈچۈن خەقلەر دائىم مېنىڭ دادامغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ؟ — دېدى سوھراب بوغۇق ئاۋازدا، — ئۇ ھېچقانداق ئادەمگە يامانلىق قىلمايتتى.
— توغرا دېدىڭ. سېنىڭ داداڭ ياخشى ئادەم. بۇ دەل مېنىڭ ساڭا دېمەكچى بولغان گېپىم، سوھرابجان. بۇ دۇنيادا ئەسكى ئادەملەر بار، بەزىدە ئەسكى ئادەملەر مەڭگۈ ئەسكى پېتىچە قالىدۇ. شۇڭا، بەزىدە سېنىڭ ئۇلارغا قارشى تۇرۇشۇڭغا توغرا كېلىدۇ. سەن ئۇ ئادەمگە قىلغان ئىشنى ئەسلىدە مەن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى قىلغان بولسام توغرا بولاتتى. ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرگىنىڭ ئۇنىڭغا ھەق. ئۇ سەن قىلغاندىنمۇ يامانراق

جاجىسىنى يېگەن بولسا ياخشى بولاتتى.

— سىز نىمىچە دادام مەندىن ئۈمىدسىزلەنگەنمىدۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇ ھەرگىز سەندىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، — دېدىم مەن، — سەن كابۇلدا مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ. سېنىڭ ئۇ باتۇرلۇقۇڭ ئۈچۈن داداڭ سەندىن بەكمۇ پەخىرلىنىدۇ.

ئۇ يۈزىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتتى. ئېغىزىدىن كۆپۈكچىلەر چىقىپ كەتتى. ئۇ يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسۇپ خېلى ئۇزاق يىغلىدى.

— مەن دادام بىلەن ئانامنى سېغىنىدىم، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا، — مەن ساسانى ۋە رەھىمخان ساھىبىنىمۇ سېغىنىدىم. لېكىن، مەن بەزىدە ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ... بۇ يەردە بولمىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — مەن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتۇم. ئۇ كەينىگە داجىدى.

— چۈنكى... — دېدى ئۇ توختىماستىن ئېسەدەپ تۇرۇپ، — چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ مېنى كۆرۈشىنى خالىمايمەن... مەن شۇنچە پاسكىنا، مەينەت، — ئۇ چوڭقۇر تىن تارتىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، — مەن شۇنچە مەينەت ھەم گۇناھكار.

— سەن مەينەت ئەمەس سوھراب، — دېدىم مەن.

— ئۇ ئادەملەر...

— سەن ھەرگىزمۇ مەينەت ئەمەس.

— ئۇلار ئەسكى ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار ماڭا ئەسكى ئىشلارنى قىلدى. ھېلىقى ئەسكى ئادەم ھەم باشقا ئىككىسىمۇ...

— سەن ھەرگىزمۇ مەينەت ئەمەس، ھەرگىزمۇ گۇناھكار ئەمەس، — مەن ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتتۇم، لېكىن ئۇ ئۆزىنى تارتىپ تۇرۇۋالدى. مەن يەنە ئۇنى ئاستا ئۆزۈمگە تارتتىم، — مەن ساڭا زىيانكەشلىك قىلمايمەن، — دېدىم مەن پىچىرلاپ، — مەن ساڭا ۋەدە قىلاي.

ئۇ دەسلەپتە ئۆزىنى تارتىپ تۇرۇۋېلىپ، كېيىن بوشاپ قالدى. ئاندىن بېشىنى مېنىڭ كۆكسۈمگە قويدى.

ئۇ مېنىڭ باغرىمدا تۇگۇلۇپ تۇرۇپ ھەربىر قېتىم ئېسەدىگەندە، ئۇنىڭ كىچىككىنە بەدىنى قاتتىق بىر سىلكىنەتتى.

ئېمىلداشلار قېرىنداشلاردەك بولىدۇ. ئەمدىلىكتە، بۇ بالىنىڭ ياشقا ئايلىنىپ چىقمىۋاتقان كۆڭۈل ئازابلىرى مېنىڭ كۆڭلىكىمنى ھۆل قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىمۇ ئىككىمىز ئارىسىدا بىر خىل قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ بىخ سۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاشۇ ئۆيدە ئاسسەف بىلەن ئارىمىزدا بولغان ئىشلار بۇ بالا بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدا كەينىگە قايتۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل باغلىنىش پەيدا قىلغاندەك ئىدى.

مەن خىيالىمدا ئويلاپ يۈرگەن، لېكىن مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە مۇۋاپىق ئورۇن تېپىپ ئاندىن ئېغىزىمدىن چىقىرىشنى پىلان قىلغان ئىشنى ھازىر دېيىشنى قارار قىلدىم. مېنىڭچە، خۇداغا سەجدە قىلىدىغان مۇشۇ ئۇلۇغ بىنانىڭ يورۇقىدا ئىككىمىز بىللە تۇرغان مۇشۇ ۋاقتىم مېنىڭ ئۇ گەپنى دېيىشىم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پەيت ئىدى.

— سەن ئامېرىكىغا بېرىپ، ئايالىم ئىككىمىز بىلەن بىللە ياشاشنى خالامسەن؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ تېخىچە يىغلاپ كۆڭلىكىمنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. مەن ئۇنى بىردەم يىغلىۋالسۇن دەپ قويۇپ بەردىم.

بىر ھەپتىگىچە ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ مەن بىلەن كېتىشى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدۇق. كۈنلەر ئۆتىۋەردى. بىر كۈنى سوھراب ئىككىمىز تاكسىغا ئولتۇرۇپ، «دامانىنىڭ» مەنزىرە ساياھەت ئورنىغا قاراپ ماڭدۇق. مارگالا تېغىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئۇ يەردىن قارىسا، پۈتۈن ئىسلامئاباد

شەھىرىنىڭ مەنزىرىسىنى، ئىككى تەرىپى دەرەخلىك پاكىز كوچىلىرىنى، شۇنداقلا ئاق رەڭلىك بىنالىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. تاكسى شوپۇرى بىزگە ئاشۇ يەردىن زوڭتۇڭ سارىيىنىمۇ كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— يامغۇر يېغىپ توختىغاندىن كېيىنكى ئوچۇق ھاۋادا، ئۇ يەردە تۇرۇپ ھەتتا راۋالپىندىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جايلارنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ، — دېدى ئۇ. ئارقا تەرەپنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتىن مەن شوپۇرنىڭ كۆزلىرىنىڭ بىردەم ماڭا، بىردەم سوھرابقا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەينەكتىن يەنە ئۆزۈمنىڭ چىرايىنىمۇ كۆردۈم. يۈزۈمنىڭ ئىششىقلىرى خېلىلا يېنىپ قالغانىدى. لېكىن، ساقىيىۋاتقان يارىلاردىن قېلىپ قالغان سارغۇچ داغلار يۈزۈمنىڭ ھەممە يېرىدە بار ئىدى.

بىز دالا تاماقى يەيدىغان مەيداندىكى بىر تۇپ كاۋچۇك دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق. ئۇ كۈنى ھاۋا ئىسسىق ئىدى. كۆپكۆك ئاسماندا قۇياش پارقىراپ تۇراتتى. يېنىمىزدىكى ئورۇندۇقلاردا بىرنەچچە ئائىلىلىك كىشى ساماسا ۋە پاكورالارنى يەۋاتاتتى. خېلى يىراق بىر يەردىن ھىندى ناخشىسى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ ناخشىنى مەن كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن «پاكىزا» ناملىق كىنونىڭ ناخشىسىمىكىن دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇ يەردە نۇرغۇن باللار بار بولۇپ، بەزىلىرى سوھراب بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. ئۇلار پۇتبول قوغلىشىپ، كۈلۈشۈپ، چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتاتتى. مەن كارتەھ ـ سەھدىكى دارىلئېيتامنى ھەم زامانىنىڭ ئىشخانىسىدا ئىككى پۇتۇم ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتكەن چاشقاننى ئەسكە ئالدىم. مېنىڭ ۋەتەنداشلىرىمنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى ۋەيران قىلىۋاتقان قىلمىقلىرى توساتتىن ئېسىمگە كېلىپ، ئاچچىقتىن يۈرىكىم ئېچىشىشقا باشلىدى.

— نېمە بولدى؟ — سورىدى سوھراب. مەن ئۆزۈمنى كۈلكىگە زورلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى

ئېيتتىم.

ئىككىمىز ئۆزىمىز مېھمانخانىدىن ئېلىۋالغان بىر لۆڭگىنى ئۈستەلگە يېيىپ، قارتا ئويناشقا باشلىدۇق. مۇشۇنداق ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا، ئىنىمنىڭ ئوغلى بىلەن قارتا ئويناپ ئولتۇرۇش مېنى ھاياجانلاندۇردى. ھېلىقى ناخشا تۈگەپ، مەن ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى بىر ناخشا ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ئۇنىڭغا قاراڭ، — دېدى سوھراب. ئۇ قولىدىكى قارتىلار بىلەن ئاسماننى كۆرسىتىۋاتاتتى. مەن ئاسمانغا قاراپ، ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتقان بىر قۇرغۇيىنى كۆردۈم.

— ئىسلامئابادتا قۇرغۇي بارلىقىنى ئويلاپ باقماپتىمەن، — دېدىم مەن.

— مەنمۇ شۇ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئۇچۇۋاتقان قۇرغۇيدىن ئۈزمەي، — سىز ياشايدىغان يەردىمۇ قۇرغۇي بارمۇ؟

— سان فرانسىسكودا؟ مېنىڭچە بار. لېكىن، مەن كۆرۈپ باقمىدىم.

— ھە، — دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭ جىقراق سوئال سورىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم. لېكىن، ئۇ يەنە بىر قېتىم قارتا شىلىغاندىن كېيىن، مەندىن چۈشلۈك تاماق يېمەمدۇق، دەپ سورىدى. مەن قەغەز خالتىنى ئېچىپ، ئىككى پارچە گۆشناننى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۆزۈم بىر ئىستاكان بانان شەربىتى بىلەن ئاپېلسىن شەربىتىنىڭ ئارىلاشمىسىنى ئىچتىم. مەن فايياز خانىمنىڭ مېۋە ئېزىش ماشىنىسىنى بىر ھەپتە ئارىيەت ئالغانىدىم. مەن نەيچىنى ئىستاكانغا سېلىپ، مېۋە شەربىتىنى سۈمۈردۈم. بىرنەچچە تامچە شەربەت ئاغزىمدىن سىرتقا ئېقىپ كەتتى، سوھراب ماڭا ئېغىز سۈرتىدىغان قەغەزنى ئۈزىتىپ، ماڭا قاراپ تۇردى. مەن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىدىم. ئۇمۇ كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— سېنىڭ داداڭ بىلەن مەن ئەمەلىيەتتە قېرىنداش بولىمىز، — دېدىم مەن. بۇ گەپنى ئىككىمىز مەسچىت ئالدىدا

ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا ئېيتماقچى بولغان، لېكىن ئېيتمىغانىدىم. مېنىڭچە، ئۇ بۇ ئىشنى بىلىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرغۇم يوق ئىدى، — بىز ئىككىمىز ھېسابتا قېرىنداشلار. بىزنىڭ دادىمىز بىر.

سوھراب قولىدىكى يەۋاتقان ناننى ئۈستەلگە قويدى.

— دادام ئەزەلدىن ماڭا ئۆزىنىڭ ئاكىسى بارلىقىنى ئېيتمىغانىدى.

— چۈنكى، ئۇ بىلمەيتتى.

— نېمە ئۈچۈن بىلمەيتتى؟

— ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېيتمىغان، — دېدىم مەن، — ماڭىمۇ ھېچكىم ئېيتمىغان. مەن تېخى يېقىندىلا خەۋەر تاپتىم.

سوھراب كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى. ئۇ خۇددى مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ كەتتى.

— لېكىن، كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇنى دادام بىلەن سىزدىن يوشۇرىدۇ؟

— ساڭا ئېيتسام، تېخى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى مەن مۇشۇ سوئالنى ئۆزۈمدىن سورىغانىدىم. ئۇ سوئالنىڭ جاۋابى تولىمۇ كۆڭۈلسىز. بىز بۇنى مۇنداق چۈشەنسەك بولىدۇ: داداڭ بىلەن ئىككىمىز ئاكا - ئۇكا بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغاچقا... كىشىلەر بۇ ئىشنى بىزگە دېمىگەن.

— ئۇ ھەزارا بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟

مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن جاۋاب بەردىم:

— شۇنداق.

— سىزنىڭ دادىڭىز... — ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈستەلگە قويۇلغان تامىقىغا قاراپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزنى ۋە مېنىڭ دادامنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرگەنمىدى؟

مەن بىز غارغا كۆلگە بارغان ھېلىقى ئۇزاق بىر كۈننى ئەسكە ئالدىم. ھەسەن ئاتقان تاش مەن ئاتقان تاشقا قارىغاندا سۇ يۈزىدە كۆپ سەكرىگەن ۋاقىتتا، دادام ھەسەننى ئەركىلىتىپ

مۆرىسىگە ئاستا ئۆرۈپ قويغانىدى. دوختۇرخانىدا ھەسەنىڭ كالپۇكىدىكى تىكىق ئېلىۋېتىلگەن ۋاقىتتا، دادام شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتكەن كۆرۈنۈشمۇ ئېسىمگە كەلدى.

— مىنىڭچە، ئۇ بىزنى تەڭ دەرىجىدە، لېكىن ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ياخشى كۆرگەن.

— ئۇ مېنىڭ دادام سەۋەبىدىن نومۇس قىلغانمۇ؟

— ياق، — دېدىم مەن، — مېنىڭچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن نومۇس قىلغان.

سوھراب ناننى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، كىچىك پارچىلاپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى.

بىز ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تاغدىن قايتىپ كەلدۇق. مەن ئىسسىقتا ھېرىپ كەتكەن بولساممۇ، كۆڭلۈم خۇشال ئىدى. بىز قايتىپ كەلگۈچە، سوھرابنىڭ يول بويى ماڭا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىز تېلېفون كارتىسى ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، مەن شوپۇرغا ماشىنىنى توختىتىشنى بۇيرۇدۇم. مەن شوپۇرنى ماڭا تېلېفون كارتىسى سېتىۋېلىپ چىقىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ قولىغا تېلېفون كارتىسىنىڭ ھەققى بىلەن تاپان ھەققىنى تۇتقۇزدۇم.

شۇ كۈنى كەچتە ئىككىمىز كارىۋاتتا يېتىپ تېلېۋىزور كۆردۇق. تېلېۋىزوردا بېشىغا سەللە ئورىۋالغان، چار ساقاللىق ئىككى موللام دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇپ تېلېفوندا سوئال سورىغان مۇسۇلمانلارغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى. ئايۇپ ئىسىملىك بىرى فىنلاندىيەدىن تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئون نەچچە ياشلىق ئوغلىنىڭ ئىشتىنىنىڭ بېلى بەكمۇ تۆۋەن بولغاچقا، ئىچىگە كىيگەن كالتە ئىشتىنىنىڭ كۆرۈنۈپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەم ئوغلۇم شۇ سەۋەبلىك دوزاخقا كىرەرمۇ، دەپ سورىدى.

— مەن بۇرۇن بىر قېتىم سان فرانسىسكونىڭ رەسىمىنى

كۆرگەن، — دېدى سوھراب.

— شۇنداقمۇ؟

— ئۇ رەسىمدە قىزىل رەڭلىك بىر كۆۋرۈك بىلەن ئۆگزىسى ئۇچلۇق بىر بىنا بار ئىدى.

— ئۇ يەرنىڭ كوچىلىرىنى كۆرسەڭ تېخىمۇ ئۆزگىچە، — دېدىم مەن.

— قانداق ئۆزگىچە؟ — ئۇ ئەمدى تېلېۋىزوردىن كۆزلىرىنى ئېلىپ ماڭا قارىدى. ئېكراندا ئىككى موللام بايىقى سوئال توغرۇلۇق تېخىچە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

— ئۇ كوچىلار شۇنداق ئۇيمان - دۆڭ، بەزى كوچىلاردا ئېگىزگە قاراپ ماشىنا ھەيدىسەڭ، ماشىنىنىڭ ئالدى تۇمشۇقى بىلەن ئاسمانلا كۆرۈنىدۇ، — دېدىم مەن.

— نېمانداق قورقۇنچلۇق؟ — دېدى ئۇ.

— ئۇ كوچىلاردا تۇنجى ماڭغان ئادەم قورقىدۇ. كېيىنچە كۆنۈپ قالىدۇ، — دېدىم.

— ئۇ يەردە قار ياغامدۇ؟

— ياق. لېكىن، ئۇ يەر بەك تۇمانلىق. سەن ھېلىقى رەسىمدە كۆرگەن قىزىل كۆۋرۈك بارغۇ؟

— ھە ...

— بەزى ئەتىگەنلىرى تۇماننىڭ قويۇقلۇقىدىن ئاشۇ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تۈۋرۈكىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇ ھەيرانلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— ھە..

— سوھراب؟

— نېمە؟

— مەن ئالدىنقى قېتىم سەندىن سورىغان سوئال توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقتىڭمۇ؟

سوھرابنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئۆچتى. ئۇ دەرھال ئۆرۈلۈپ، قولىنى بېشىغا قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتتى. موللامىلار

ئاخىر ئايۆپىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىشتىنىنى قاملاشتۇرۇپ كىيمىگەنلىكى ئۈچۈن دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇشتى. ئۇلار ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەنلىكىنى ئېيتىشتى.

— مەن ئويلاپ باقتىم، — دېدى سوھراب.

— دەپ باقە، ئاڭلاپ باقاي.

— مەن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— مېنىڭچە، بەزى ئىشلار ھەقىقەتەن ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ، — دېدىم غۇۋا كۆرۈنگەن ئۇمىد ئارغامچىسىنىڭ ئۇچىنى چىڭ تارتىشقا تىرىشىپ، — سەن ئىنگلىزچىنى تېزلا ئۆگىنىپ كېتىسەن. باشقا ئىشلارغىمۇ بارا ـ بارا كۆنۈپ...

— مەن ئۇ ئىشلارنى دېمىدىم. سىز دېگەن ئىشلارمۇ مېنى ئەنسىرىتىدۇ. لېكىن...

— لېكىن نېمە؟

ئۇ مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ توگۇلۇپ ياتتى.

— سىز مەندىن زېرىكسىڭىز قانداق قىلىمەن؟ ئايالىڭىز مېنى ياخشى كۆرمىسە قانداق قىلىمەن؟

مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ كارىۋىتىغا بېرىپ ئولتۇردۇم.

— مەن سەندىن ھەرگىز زېرىكمەيمەن، سوھراب، — دېدىم مەن، — ھەرگىز، مەن ساڭا ۋەدە قىلاي. ئېسىڭدىمۇ، سەن مېنىڭ جىيەنىم. ئايالىم سورەييەجانمۇ بەك ئوخلۇق ئايال. ماڭا ئىشەنگىنكى، ئۇمۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن بۇنىڭغىمۇ ۋەدە قىلالايمەن.

مەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم. ئۇ سەل جىددىيلەشكەندەك قىلدى ـ يۇ، قولىنى تارتىۋالمىدى.

— مېنىڭ دارىلئېتام دېگەندەك يەرلەرگە ھەرگىز بارغۇم يوق، — دېدى ئۇ.

— مەن ھەرگىزمۇ سېنى ئۇنداق يەرلەرگە بارغۇزمايمەن. ماڭا ئىشەنگىن، — مەن ئۇنىڭ قولىنى ئىككى قولۇمنىڭ ئارىسىغا

ئالدىم، — مەن بىلەن بىللە كەتكىن.

ئۇنىڭ ياشلىرى ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە گەپ - سۆز قىلماي قولۇمنى سىقىپ، بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى!

مەن تېلېفون نومۇرىنى تۆت قېتىم باسقاندىن تېلېفون تەستە ئۇلاندى. ئاخىرقى قېتىمدا تېلېفون ئۈچ قېتىم جىرىڭلاپلا سۇرەييە تېلېفوننى ئالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم !

ئىسلامئابادتا كەچ سائەت يەتتە يېرىم بولغان، كالىفورنىيەدە ئەتىگەن سائەت يەتتە يېرىم بولغانىدى. دېمەك، ھازىر سۇرەييە ئورنىدىن تۇرغىلى ئاللىقاچان بىر سائەت بولغان، مەكتەپكە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋاقىت ئىدى.

— بۇ مەن، — دېدىم. مەن سوھرابنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ كارىۋىتىمغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردۇم.

— ئامىر! — دەپ توۋلىدى سۇرەييە، — قانداق ئەھۋالىڭىز؟ سىز نەدە؟

— مەن پاكىستاندا.

— ئەجەب تېلېفون قىلماي كەتتىڭىزغۇ؟ مەن سىزدىن ئەنسىرەپ ئاغرىپ قالاي دېدىم. ئانام كۈندە دۇئا قىلىپ نەزىر بېرىدۇ.

— ۋاقتىدا تېلېفون قىلمىغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ. مەن ھازىر ساق - سالامەت، — مەن ئۇنىڭغا بىر ھەپتىگىچە يېتىپ بارىدىغانلىقىمنى، ئېشىپ كەتكەندىمۇ ئىككى ھەپتىگە قالمايدىغانلىقىمنى ئېيتقاندىم. لېكىن، مەن ئۆيدىن چىققىلى بىر ئاي بولۇپ قالغانىدى. مەن كۈلۈمسىرىدىم، — جەمىلە خانىمغا دەپ قويۇڭ. قۇربانلىق قىلىپ نەزىر قىلىشتىن توختىسۇن.

— «مەن ھازىر ساق - سالامەت» دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟ سىزنىڭ ئاۋازىڭىز بىر قىسما چىقىۋاتىدۇغۇ؟

— ھازىرچە ئۆنىڭدىن ئەنسىرىمەي تۇرۇڭ. مەن ساق ـ سالامەت. راست دەۋاتىمەن، سۈرەييە. سىزگە ئېيتىپ بېرىدىغان بىر ھېكايەم بار. ئەسلىدە بۇ ھېكايىنى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى سىزگە ئېيتىشىم كېرەك ئىدى. ئەمدى ئۇ ھېكايىنى دېيىشتىن ئاۋۋال ئالدى بىلەن سىزگە دەيدىغان يەنە بىر ئىش بار.

— نېمە ئىش؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى چۆشۈپ كەتتى، سۆزلىرىمۇ سەل ئېھتىياتچانلىق بىلەن چىقىۋاتاتتى.

— مەن ئۆيگە يالغۇز قايتمايمەن. مەن بىر كىچىك بالىنى ئېلىپ بارماقچى، — مەن سەل تۇرۇۋېلىپ گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم، — مەن ئۇ بالىنى بېقىۋالساق دەيمەن.

— نېمە؟

مەن سائەتىمگە قارىدىم.

— بۇ تېلېفون كارتىسىدا ئەللىك يەتتە مىنۇت ۋاقىت قاپتۇ. لېكىن، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان شۇنچە نۇرغۇن گېپىم بار. شۇڭا ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ.

ئورۇندۇقنىڭ پول ئۈستىدە ئالدىراش تارتىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قېنى سۆزلەڭ، — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭغا ئون بەش يىللىق نىكاھىمىز جەريانىدا دېمىگەن ئىشنى دېدىم، مەن ھەممە ئىشنى دەپ بەردىم. مەن مۇشۇ پۇرسەتنى نۇرغۇن قېتىم كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن ھەم بەكمۇ قورققانىدىم. شۇ تاپتا ئۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بولغاندا، ئىچىم بوشاپ خۇددى ئۈستۈمدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك ھېس قىلدىم. مەن سۈرەييەنىڭمۇ يىللار ئىلگىرىكى ھېلىقى ئاخشىمى ئۆزىنىڭ تارىخىنى ماڭا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مۇشۇنداق يېنىكلەپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلدىم.

مەن ھېكايەمنى سۆزلەپ بولغاندا، ئۇ ئېسەدەۋاتاتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — سورىدىم مەن.

— ھېچنېمە بولمىدىم، ئامىر. سىز بىر قېتىمدىلا ماڭا بەك

جىق نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردىڭىز.

— مەنمۇ شۇنداق ھېس قىلدىم.

ئۇنىڭ بۇرنىنى تارتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— لېكىن، مەن ھېچبولمىغاندا شۇنى بىلىمەن: سىز ئۇنى ئۆيگە ئەكىلىڭ. ئۇنى چوقۇم ئۆيگە ئەكىلىڭ.

— سىز ھەقىقەتەن رازىمۇ؟ — دېدىم مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

— مەن رازىمۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئامىر، ئۇ سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز ئىكەن، مېنىڭمۇ تۇغقىنىم بولىدۇ. مەن ئەلۋەتتە رازى. سىز ئۇنى كوچىغا تاشلاپ قويۇپ كەلسىڭىز بولمايدۇ، — ھەر ئىككىمىز جىمىپ كەتكەندۇق، — ئۇنىڭ تۇرقى قانداق؟

مەن كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان سوھرابقا قاراپ قويۇپ دېدىم:

— ئۇ بەك ئوماق، ئۆزگىچە.

— مېنىڭ ئۇنى كۆرگۈم بار. ئامىر، مېنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنى كۆرگۈم بار.

— سورەييە؟

— نېمە؟

— مەن سىزنى سۆيىمەن، تاتلىقىم !

— مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن ! — دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، — ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

— مەن دىققەت قىلىمەن. يەنە بىر گەپ: ئاتا ـ ئانىڭىزغا ئۇنىڭ كىملىكىنى ھازىرچە دېمەي تۇرسىڭىز. قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئۆزۈم چۈشەندۈرسەم.

— بولىدۇ.

بىز تېلېفوننى قويدۇق.

ئامېرىكىنىڭ ئىسلامئابادتا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ سىرتىدىكى چىملىق رەتلىك قىرقىلغانىدى. ئۇ چىملىقنىڭ ئۇ

يەر ـ بۇ يەرلىرىدە يۇمىلاق شەكىلدىكى گۈللۈكلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا راۋۇرۇس قىر چىقىرىپ رەتلىك كېسىلگەن پاكار دەرەخلەردىن چىتلاق ياسالغانىدى. ئەلچىخانا بىناسى ئىسلامئابادتىكى باشقا بىنالارغا ئوخشاشلا بىر قەۋەتلىك، ئاق رەڭلىك ئىدى. بىز بىنانىڭ ئىچىگە كىرگۈچە بىرنەچچە بىخەتەرلىك توسۇقىدىن ئۆتتۇق. مېنىڭ ئېڭىكىمدىكى يىپلاردىن تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى چىرقىراپ كەتكەچكە، ئۈچ بىخەتەرلىك خادىمى ئايرىم ھالدا پۈتۈن بەدىنىمنى ئاختۇرۇپ چىقتى. بىز قۇياش تەپتىدە تونۇردەك بولۇپ كەتكەن تالادىن بىنا ئىچىگە كىرگەندە، ھاۋا تەڭشىگۈچتىن چىققان سوغۇق شامال يۈزۈمگە خۇددى مۇزلۇق سۇ چېچىلغاندەك ئۇرۇلۇۋىدى، ئەندىكىپ كەتتىم.

كۈتۈۋېلىش زالىدا ئەللىك ياشلاردىكى سېرىق چاچلىق، ياداڭغۇ كاتىپ ئايال ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىسمىمنى دەپ بەرگەندە ئۇ بىزگە قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى. ئۇ جىگەر رەڭ يوپكا ۋە سېلىنىپ تۇرىدىغان ئازادە قارا كوپتا كىيىۋالغانىدى. نەچچە ھەپتىدىن بېرى مېنىڭ بۇرقا ياكى شالۋار ـ كامىزدىن باشقا كىيىم كىيگەن ئايال زاتىنى كۆرۈشۈم تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى بوگۈن كۆرۈشۈشكە كېلىدىغانلارنىڭ تىزىملىكى ئارىسىدىن ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئاززاق لىمون سۈيى ئىچەمسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— ئىچمەيمەن، رەھمەت، — دېدىم مەن.

— ئوغلىڭىزچۇ؟

— نېمە؟

— بۇ كېلىشكەن يىگىتنى دەۋاتىمەن؟

— ھە، شۇنداق بولسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى. رەھمەت.

سوھراب ئىككىمىز ئامېرىكىنىڭ چوڭ بايرىقى يېنىغا قويۇلغان خۇرۇم سافادا ئولتۇردۇق. سوھراب ئەينەكلىك چاي

ئۇستىلىدىكى بىر ژۇرنالنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئۇ قارىماققا ژۇرنالدىكى سۈرەتلەرگە ئانچە دىققەت قىلمايۋاتاتتى.

— نېمە بولدى؟

— قانداق دەيسەن؟

— كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟

— ھە، مەن سەن توغرۇلۇق ئويلاۋاتىمەن، — دېدىم مەن.

ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇ يەنە بىر ژۇرنالنى قولىغا ئېلىپ، يېرىم مىنۇتقا قالماي ۋاراقلاپ بولدى.

— ئەنسىرىمە، — دېدىم ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بۇ يەردىكى ئادەملەر بەكمۇ دوستانە. ئۆزۈڭنى ئازادە تۇت، — ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ سوھرابقا بەرگەن تەكلىپىم ئۆزۈمگىمۇ ئىشلەيتتى. چۈنكى، ئۆزۈممۇ بىردەم ئورنۇمدىن يۆتكىلىپ، يەنە بىردەم ئايىغىمنىڭ بوغقۇچىنى قايتىدىن چىگىپ ئولتۇراتتىم.

كاتىپ ئايال ئېگىز بويۇنلۇق بىر ئىستاكاندا لىمون سۈيى ۋە مۇز ئەكىلىپ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— مانا ئېلىڭلار، — دېدى ئۇ. سوھراب خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، — دېدى ئۇ ئىنگلىز تىلىدا. بۇ سۆزلەر ماڭا باشقىچە ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ پەقەت ئىككىلا جۈملە ئىنگلىزچە سۆزنى بىلىدىكەن، بىرى، «سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت»، يەنە بىرى «بۈگۈن كۈنىكىز كۆڭۈللۈك ئۆتكەي» دېگەن سۆز ئىدى.

كاتىپ ئايال كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— تەكەللۇپ قىلماڭ، — دېگىنىچە كەينىگە قايرىلىپ، خىزمەت ئۈستىلىگە قاراپ تاقىلداپ ماڭدى.

— بۈگۈن كۈنىكىز كۆڭۈللۈك ئۆتكەي، — دېدى سوھراب.

رايموند ئاندرېۋ پاكار بويلۇق، قوللىرى كىچىك، تىرناقلىرى ياسالغان، بىر بارمىقىغا تويى ئۈزۈكى سېلىنىۋالغانىدى. ئۇ مەن

بىلەن قوپال قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ قولۇمنى خۇددى قۇشقاچنى تۇتقاندەك تۇتقانىدى. ئاشۇ قوللار ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ تەقدىرىمىزنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇپ تۇرغانىدى. سوھراب ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۈستىلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى سافادا ئولتۇردۇق. تامدا «خارلانغانلار» ناملىق رومانىنىڭ ئېلان رەسىمى چاپلانغانىدى. ئۇ رەسىمنىڭ يېنىغا يەنە ئامېرىكىنىڭ خەرىتىسى چاپلانغانىدى. دېرىزە تەكچىسىدە شوخلا تېرىلغان بىر تەشتەك بار ئىدى.

— تاماكا چېكەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى تۇرقىغا تازا ماس كەلمەيتتى.

— ياق، رەھمەت، — دېدىم مەن. ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي گەپ قىلاتتى، سوھرابقىمۇ قاراپ قويمىدى. ئۇ ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، يېرىم قاپ تاماكا ئالدى. ئۇ يەنە شۇ تارتمىدىن بىر قۇتا قول مېيىنى ئېلىپ، تاماكىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە قولىغا ماي سۈرتكەچ، دېرىزە تەكچىسىدىكى شوخلىغا قارىدى. ئاندىن تارتمىنى يېپىپ، ئىككى جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرىگىنىچە تاماكا ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋلىدى.

— مەرھەمەت، — دېدى ئۇ ئۆزى پۈۋلىگەن تاماكا ئىسىغا قاراپ، — قېنى، ھېكايىڭىزنى سۆزلەڭ.

ئۆزۈمنى خۇددى «خارلانغانلار» رومانىدىكى باش قەھرىمان جېئان ۋالجېئاننىڭ ساقچى جاۋېرتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغىنىدەك ھېس قىلدىم. لېكىن، مەن يەنە ئۆزۈمنىڭ ئامېرىكىغا تەۋە خىزمەت بىناسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىم، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ مېنىڭ مەنپەئىتىمنى قوغدىغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەندەك ئادەملەرگە ياردەم قىلىش بەدىلىگە مائاش ئالىدىغانلىقىنى ئۆزۈمگە ئەسلەتتىم.

— مەن بۇ بالىنى بېقىۋالماقچى ھەم ئامېرىكىغا ئەكەتمەكچىدىم، — دېدىم.

— ھېكايىڭىزنى ئېيتىڭ، — تەكرارلىدى ئۇ. ئاندىن

قولىدىكى تاماكىسىنى ئاۋايلاپ مىجىپ، كولدانغا تاشلىدى.

مەن ئۇنىڭغا سۇرەييە بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن كاللامدا پىشۇرۇۋالغانلىرىم بويىچە ئېيتىپ بەردىم. مەن ئۇنىڭغا ئاتا بىر ئىنىمنىڭ ئوغلىنى ئەكىلىش ئۈچۈن ئافغانىستانغا بارغانلىقىمنى، ئۇ بالىنىڭ ئافغانىستاندىكى دارىلئېيتامدا قىيىنچىلىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىمنى، شۇڭا دارىلئېيتام دىرېكتورىغا پۇل بېرىپ، بالىنى قايتۇرۇۋېلىپ، پاكىستانغا ئەكەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— سىز بۇ بالىنىڭ تاغىسى بولىسىز، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە.

ئۇ سائىتىگە قارىدى. سىگار يان بولۇپ، قولىنى سوزۇپ دېرىزە تەكچىسىدىكى شوخلىنى رەتلەپ قويدى.

— شۇنىڭغا ئىسپات بولالايدىغان بىرەرنى بىلەمسىز؟

— ھەئە. لېكىن، ئۇ ئادەمنىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

ئۇ ماڭا قاراپ، بېشىنى لىڭشىتتى. مەن ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ كىچىك قوللىرى بىلەن ئۆمرىدە بىرەر قېتىم قارتا ئويناپ باققانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمىدى.

— مېنىڭچە، سىز ئېڭىكىڭىزنى مودا قوغلىشىپ مۇشۇنداق تېڭىۋالمىغانغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ. ئىشلىرىمنىڭ ئوڭدىن كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم. مەن ئۇ كىشىگە پەشاۋەردە تاياق يېگەنلىكىمنى ئېيتىپ بەردىم.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ، — سىز مۇسۇلمانمۇ؟

— ھەئە.

— دائىم مۇسۇلمانچىلىق قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلامسىز؟

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردىم. لېكىن، راستىنى ئېيتسام ئۆزۈمنىڭ ناماز ئوقۇپ باقمىغانلىقىمغا قانچىلىك ۋاقىت

بولغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ھە توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى: دوختۇر ئارمانى دادامنىڭ كېسەللى توغرىسىدا بىزگە شۇم خەۋەر يەتكۈزگەندىن كېيىن مەن جايىنامازدا ئولتۇرۇپ مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا ئۆگەنگەن ئايەتلەردىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى ئوقۇغانىدىم.

— بۇ ئۇچۇرنىڭ سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزغا ئازراق ياردىمى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بەك ئۈمىدلىنىپ كەتمەڭ، — دېدى ئۇ رەتلىك تارالغان سارغۇچ چاچلىق بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ.

— سىز نېمە دېمەكچى؟ — دېدىم مەن. مەن سوھرابنىڭ قولىنى تارتىپ، بارماقلىرىغا بارماقلىرىمنى كىرىشتۈردۈم. سوھراب ھەيرانلىق بىلەن بىردەم ماڭا، بىردەم ئاندرېۋ ئەپەندىگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— دېسەم گەپ تولا، لېكىن گەپنى قىسقىلا ئېيتاي، ئاڭلاشنى خالامسىز؟

— قېنى سۆزلەڭ، — دېدىم مەن.

ئاندرېۋ ئەپەندى تاماكىسىنى مىجىپ، لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈردى.

— بۇ ئىشنى مۇشۇ يەردە توختىتىڭ.

— نېمە دېدىڭىز؟

— سىز بۇ بالىنى بېقىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ئىلتىماسىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىپ، بۇ ئىشنى مۇشۇ يەردىلا توختىتىڭ. بۇ مېنىڭ سىزگە بېرىدىغان مەسلىھەتىم.

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىمغۇ، — دېدىم مەن، — ئەمدى سەۋەبىنى دەپ بېرەمسىز؟

— دېسەم گەپ تولا دېدىمغۇ، — دېدى ئۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن، مېنىڭ قوپال سۆزلىرىمگە ئۇ قىلچىمۇ دىققەت قىلمىغاندەك ئىدى. ئۇ بىر قولىدا ئالمىقانلىرىنى كۆچەپ ئۇۋۇلايتتى. ئۇ بۇ قىلىقى بىلەن خۇددى بوۋى مەريەم ھەيكىلى ئالدىدا تاۋاپ قىلىۋاتقان كىشىگە ئوخشاپ قالدى، — مانا ھازىر

ھەر ئىككىڭلار ئىشخانامدا ئولتۇرۇپسىلەر. مەن گەپلىرىڭىزدە نۇرغۇن يالغانچىلىق بارلىقىنى ياكى تەپسىلىي سۆزلىمىگەنلىكىڭىزنى پەرەز قىلدىم. لېكىن، دېگەنلىرىڭىزنى راست دەپمۇ تۇرايلى. شۇنداقتىمۇ سىزگە بىر چوڭ توسالغۇ بار. ئۇ بولسىمۇ بۇ بالا يېتىم بالا ئەمەس.

— ئۇ ئەلۋەتتە يېتىم بالا.

— ياق، قانۇن بويىچە ئۇ يېتىم بالا ئەمەس.

— ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كوچىدا ئۆلتۈرۈلگەن، بۇنى قوشنىلىرى كۆرۈپتىكەن، — دېدىم مەن. كۆڭلۈمدە ئىككىمىزنىڭ ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىمىزدىن خۇشال بولدۇم.

— سىزدە ئۇلارنىڭ ۋاپات بولغانلىق ئىسپاتنامىسى بارمۇ؟

— ۋاپات بولغانلىق ئىسپاتنامىسى؟ ئىككىمىز ئافغانىستان توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىمىز. ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ھەتتا «تۇغۇلغانلىق ئىسپاتنامىسى»مۇ يوق.

ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇراتتى.

— قانۇننى مەن تۈزمەيمەن، ئەپەندى. ھەرقانچە ئاچچىقلانغىنىڭىز بىلەنمۇ ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايسىز. مۇھىمى ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىڭىز كېرەك. ئۇ بالا ئالدى بىلەن «قانۇنلۇق يېتىم بالا» بولۇپ ئاتىلىشى كېرەك.

— لېكىن...

— سىز ئۆزىڭىز تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشۈمنى تەلەپ قىلدىڭىز. مەن تەلەپىڭىز بويىچە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈۋاتىمەن. سىز بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان بىرىنچى ئىش ئۇنىڭ ئەسلىدىكى دۆلىتىنىڭ ھەمكارلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. شارائىت ئەڭ ياخشى چاغلاردىمۇ ئۇنداق ئىش قىلىش خېلىلا تەس. توغرا، بىز ھازىر ئافغانىستان توغرۇلۇق سۆزلەۋاتىمىز. كابۇلدا ئامېرىكىنىڭ ئەلچىخانىسى يوق. شۇنداق بولغاچقا ئىشلار تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ، ھەتتا بۇ ئىشنى بېجىرىش

مۇمكىن بولمايدۇ.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە مەن بۇ بالىنى كوچىغا تاشلىۋەتسەم بولامدۇ؟

— مەن ئۇنداق دېمىدىم.

— ئۇ جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان، — دېدىم مەن، سوھرابنىڭ پۇتلىرىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان ۋە كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىلغان ھالىتى كۆز ئالدىمدا ئىدى.

— ئۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى، — دەپ قويدى ئاندرېۋ تولىمۇ پەرۋاسىز قىياپەتتى، — لېكىن، ئۇ گەپ ئامېرىكا كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ بۇ بالىغا ۋىزا بېرىشىگە سەۋەب بولالمايدۇ.

— نېمە دېدىڭىز؟

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم، ئەگەر سىز ساخاۋەتلىك ئىش قىلماقچى بولسىڭىز، بالا بېقىۋالىمەن دېمەي، ئىشەنچلىك خەيرخاھلىق تەشكىلاتلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىڭ. مۇساپىرلار مەيدانلىرىغا بېرىپ ياردەم قىلىڭ. لېكىن، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بىز ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ ئافغانىستاندىن بالا بېقىۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلمايمىز.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— يۈر، سوھراب، — دېدىم مەن پارس تىلىدا. سوھراب يېنىمغا كېلىپ، ماڭا يۆلەندى. ئۇنىڭ ھېلىقى سۈرەتتە ھەسەن بىلەن بىللە تۇرغان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى.

— مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ، ئاندرېۋ ئەپەندى؟

— سوراڭ.

— سىزنىڭ بالىڭىز بارمۇ؟

ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى. مەن گېپىمنى تەكرارلىدىم:

— سىزنىڭ بالىڭىز بارمۇ؟ بۇ بەكمۇ ئاددىي سوئال.

ئۇ جىمىپ كەتتى.

— مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلغانىدىم، — دېدىم مەن سوھرابنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە، ئۇلار سىزنىڭ ئورۇندۇقىڭىزغا باللارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلىدىغان باشقا بىرىنى ئولتۇرغۇزسا بولغۇدەك، — مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ماڭدىم. سوھراب ماڭا ئەگەشتى.

— سىزدىن بىرنەرسە سورىسام بولامدۇ؟ — چاقىردى ئاندرېۋ.

— سوراڭ.

— سىز بۇ بالىغا ئۇنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئەكىتىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنمىدىڭىز؟

— شۇنداق قىلغان بولسام نېمە بوپتۇ؟

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— باللارغا ۋەدە بېرىش بەك خەتەرلىك ئىش، — ئۇ تىنىق تارتىپ قويۇپ، تارتمىسىنى قايتىدىن ئاچتى، — سىز چوقۇم بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقماقچىمۇ؟ — سورىدى ئۇ قەغەزلەر ئارىسىدىن بىر نەرسە ئاختۇرۇۋېتىپ.

— ھەئە. مەن بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقماقچى.

ئۇ تارتمىسىدىن بىر ئىسىم كارتوچكىسىنى ئالدى.

— ئۇنداقتا، سىز قابىلىيەتلىك كۆچمەنلەر ئادۋوكاتى تېپىڭ، ئۆمەر فايسال مۇشۇ ئىسلامئابادتا ئىشلەيدۇ. سىز ئۇنىڭغا مېنى ئەۋەتتى دەڭ.

مەن ئىسىم كارتوچكىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدىم.

— رەھمەت، — دېدىم پەس ئاۋازدا.

— ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولسۇن، — دېدى ئۇ. بىز ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدۇم. ئاندرېۋ قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ سىرتقا قاراۋاتاتتى. ئۇ بىر تۇپ شوخلىنى ئېھتىيات بىلەن سىلىغاچ، ئۇنى قۇياش نۇرى بەكرەك چۈشىدىغان تەرەپكە قارىتىپ قويدى.

— ئۈزۈڭلارنى ئاسراڭلار، — دېدى كاتىپ ئايال بىز ئۇنىڭ ئۇستىلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا.

— باشلىقىڭىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشنى ئۆگىنىپ قويسا بولغۇدەك، — دېدىم مەن. مەن ئۇنىڭ «ھەممە ئادەم شۇنداق دەيدۇ» دېگەن مەنىدە ئېرەنسىزلىك بىلەن كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقىنى ئايلاندۇرۇپ قويۇشىنى كۈتكەنىدىم. لېكىن ئۇ:

— ئۇ بىچارە قىزى قازا قىلغاندىن كېيىن باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدى، — دېدى قاشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پىچىرلاپ، — ئۇنىڭ قىزى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى.

مېھمانخانىغا تاكسىدا قايتىپ كەلدۇق. سوھراب تاكسىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئەينىكىگە بېشىنى قويۇپ، يول بويىدىكى بىنالارغا، دەرەخلەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تىنىقى دېرىزە ئەينىكىنى هورداپتتى. مەن ئۇنى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدا نېمە گەپلەر بولغانلىقىنى سورايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئۇ سورىمىدى.

تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىچىدىن سۇنىڭ شارقىراپ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بىز مېھمانخانىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان كۈندىن باشلاپلا ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن، سوھراب مۇنچىدا خېلى ئۇزاق يۇيۇنىدىغان بولدى. كابۇلدا ئىسسىق سۇ خۇددى دادىلارغا ئوخشاشلا كەم تېپىلىدىغان نەرسە ئىدى. بۇ كۈنلەردە سوھراب ئاز دېگەندە بىر سائەتتەك ماغزاپ سۇغا چىلىنىپ يۇيۇناتتى. مەن كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ، سۇرەييەگە تېلېفون ئۇردۇم. مەن تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئاستىدىن كۆرۈنگەن چىراغ يورۇقىغا قاراپ قويۇپ ئۇنلۇك ئاۋازدا سورىدىم:

— يۇيۇنۇپ بولدۇڭمۇ سوھراب؟

مەن رايموند ئاندرېۋنىڭ ماڭا دېگەنلىرىنى سۇرەييەگە دەپ بەردىم.

— سىز قانداق ئويلايسىز؟ — سورىدىم مەن.

— مېنىڭچە، بىز رايموند ئاندرېۋنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ.

ئۇ ماڭا يەنە ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق بالا بېقىۋېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان بىرنەچچە ئورۇنغا تېلېفون قىلغانلىقىنى، لېكىن هازىرغىچە ئافغانىستاندىن بالا بېقىشنى بېجىرىشكە قىزىقىدىغان ئورۇننىڭ تېپىلمىغانلىقىنى، يەنە داۋاملىق ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئاتا ـ ئانىڭىز بۇ ئىشقا قانداق قارايدىكەن؟

— ئانام بەك خۇشال بولدى. ئۇنىڭ سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلىسىز. ئۇ سىزنى هەرگىز خاتا ئىش قىلمايدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. دادام شۇ... ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا... ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەك سەل تەس. دادام بۇ توغرۇلۇق ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

— سىزچۇ؟ سىز خۇشالمۇ؟

مەن ئۇنىڭ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى بىر قولىدىن يەنە بىر قولىغا يۆتكىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

— مېنىڭچە، بىزنىڭ بولغىنىمىز جىيەنىڭىز ئۈچۈن ياخشى. لېكىن، ئۇ بالىنىڭ بولغىنى بىز ئۈچۈن ياخشى.

— مەنمۇ ئاشۇنداق ئويلىغان.

— ئۇنداق دېسەم غەلىتە ئاڭلىنىشى مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭ ئۇنىڭ قانداق قورۇمىنى يېيىشكە ئامراق ئىكەنلىكىنى ۋە مەكتەپتە قايسى دەرسنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ياردەملىشىۋاتقان هالدا خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدىم... — دەپ كۈلدى ئۇ. تازىلىق ئۆيىدە سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى توختىدى. مەن سوهرابنىڭ ۋاننا ئىچىدە يۆتكەلگەنلىكىنى ۋە سۇنىڭ ۋاننىدىن تېشىپ چىققان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

— سىز چوقۇم ئۇنداق ئىشلارنى ياخشى قىلالايسىز، — دېدىم مەن.

— ھە راست. مەن بىر ئىشنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن شارىق تاغامغا تېلېفون قىلدىم.

مەن شارىق ئەپەندىنىڭ بىزنىڭ نىكاھ مۇراسىمىمىزدا مېھمانخانىنىڭ ئىش قەغىزىگە يازغان شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگىنىنى ئېسىمگە ئالدىم. سۇرەييە ئىككىمىز سۇرەت تارتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ چاقنىغان نۇرلىرى ئارىسىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سەھنىگە قاراپ ماڭغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ ئوغلى بېشىمىزدا قۇرئان تۇتۇپ تۇرغانىدى.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— ئۇ بىز ئۇچۇن يول مېڭىشىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆچمەنلەر ئىدارىسىدىكى تونۇشلىرىغا تېلېفون قىلىدىغان بولدى، — دېدى سۇرەييە.

— بۇ بىر خۇش خەۋەر ئىكەن، — دېدىم مەن، — مەن سىزگە سوھرابنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن.

— مېنىڭمۇ سىلەرنى بۇرۇنراق كۆرگۈم بار، — دېدى ئۇ.

مەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا تېلېفوننى قويدۇم.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن سوھراب تازىلىق ئۆيىدىن چىقتى. رايموند ئاندرېۋ ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ گېپى تېخىمۇ ئازلاپ كەتكەنىدى. مەن بىرنەچچە قېتىم پاراڭ باشلىماقچى بولساممۇ، ئۇ سوئاللىرىمغا باش ئىشارىتى ياكى بىر سۆز بىلەنلا جاۋاب بەردى. ئۇ كارىۋاتقا ئۆمىلەپ چىقىپ، يوتقاننى ئېڭىكىگىچە تارتىپ ياپتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ خورەك تارتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

مەن ئەينەكتىكى ھورلارنى سۈرتۈۋېتىپ، مېھمانخانىدىن بەرگەن ساقال ئالغۇچ بىلەن ساقىلىمنى ئالدىم. ئۇ كونا پاسوندىكى ساقال ئالغۇچ بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئېچىلىدىغان ئېغىزى بار ئىدى. ساقال قىرىدىغان تىغ ئاشۇ يەرگە سېلىنىپ، ياپقۇچى يېپىلغاندىن كېيىن ئاندىن ساقال ئالغىلى بولاتتى. ساقىلىمنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇنچىغا

چۈشتۈم. مەن تاكى ۋاننىدىكى سۇ سوۋۇپ، ئۆزۈم توڭلىغانغا قەدەر سۇغا چىلىنىپ يېتىپ، كەلگۈسى توغرىسىدا خىيال سۈردۈم...

ئۆمەر فايسال سېمىز، قارامتۇل مەڭزلىرىدە زىنىخى بار، يۇملاق ۋە قارا كۆز ئادەم ئىدى. دائىم شالاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈشلىرىدىن چىقىشقاق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇ شالاڭ ۋە ئاق سانجىلغان ئۇزۇن چېچىنى ئارقىسىدىن بىر تال قىلىپ بوغۇۋالغانىدى. ئۇ ئۇچىسىغا جەينەكلىرىدە خۇرۇم يامىقى بار جىگەر رەڭ چىبەرقۇت كاستۇم كىيگەن، قولىدىكى كونا خىزمەت سومكىسىغا زىيادە كۆپ نەرسە قاچىلانغانىدى. سومكىسىنىڭ بېغى ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان بولسا كېرەك، سومكىسىنى قۇچاقلاپلا كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن ئەپۇ سورايدىكەن، سۆھبەتنىڭ بېشىدىلا كۈلۈپ تۇرۇپ نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىۋېتىدىكەن. مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگەندە، ئۇ بىز بىلەن كۆرۈشكىلى مېھمانخانىغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

— كەچۈرۈڭ، بۇ شەھەردىكى تاكسىچىلار خۇددى لەھەڭگە ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ئىنگلىز تىلىدا. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەلەپپۇزىدىن ئازراقمۇ يات ئاھاڭ ئاڭلانمايتتى، — ئۇلار چەت ئەللىكلەرنى پۇراپلا بىلىۋالىدۇ ـ دە، يول كىراسىنى ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ئالىدۇ.

ئۇ ئىشكىنى ئىتتىرىپلا ئىچىپ كىردى. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە بىر تالاي ئەپۇ سوراپ كەتتى. ئۇنىڭ نەپىسىدىن خىرىلدىغان ئاۋاز كېلەتتى. ئۇ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتتى. خىزمەت سومكىسىنى ئېچىپ قول ياغلىقىنى سېلىپ قويۇپ، بىر خاتىرە دەپتەرنى قولىغا ئالدى. كارىۋات ئۈستىگە چېچىلىپ كەتكەن بىرنەچچە ۋاراق قەغەز ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى.

سوھراب ئاۋازى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن تېلېۋىزورغا قارىغىنىچە، كارىۋىتىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. كۆزىنىڭ قوۇرۇقىدا ئادۇوكاتقا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. مەن بۇگۈن ئەتىگەندە ئۇنىڭغا فايسال ئەپەندىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىم. ئۇ بىرنەرسە سورىماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە ھايۋانلار توغرىسىدىكى تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىنى كۆرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

— ھە مانا، — دېدى ئۇ سېرىق رەڭلىك بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېچىپ، — ئۆزىگە تەۋە نەرسىلەرنى رەتلىك تۇتۇشتا مەن بالىلىرىمنىڭ ئانىسىنى دورىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنى كەچۈرۈڭ، مېنىڭ مۇنداق چېچىلاڭغۇلۇقۇم خېرىدارلىرىمنى خۇشال قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

— رايمونىد ئاندرېۋ ئەپەندى سىزنىڭ كۆپ ياخشى تەرىپىڭىزنى قىلدى.

— ئاندرېۋ ئەپەندى؟ توغرا، توغرا. ئۇ ئوبدان ئادەم. ئەمەلىيەتتە ئۇ ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەردار قىلدى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. ئۇ تېلېفون ئۇردى.

— ئۇنداقتا، سىز بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بىلەن تونۇشلۇق ئىكەنسىز.

فايسال ئەپەندى لەۋلىرىنىڭ ئۇستىگە دوملاپ چۈشكەن بىرنەچچە تامچە تەرنى سۈرتۈۋەتتى.

— مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن ئاندرېۋ ئەپەندىگە دەپ بەرگەنلىرىڭىز ئارقىلىق خەۋەردار بولدۇم، — ئۇ سەل خىجىل بولغاندەك بولۇپ، مەڭزىدىكى زىننەخلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى. ئاندىن ئۇ سوھرابقا يۈزلەندى، — مېنىڭچە، بارلىق ئاۋارىچىلىكلەرنى تېرىغان مۇشۇ يىگىتقۇ، — دېدى ئۇ پارس تىلىدا.

— بۇ سوھراب بولىدۇ، — دېدىم مەن، — سوھراب، بۇ ياق

فايسال ئەپەندى، مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئادۋوكات مۇشۇ.
سوهراب كارىۋاتتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ئۆمەر فايسال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سوهراب، — دېدى فايسال، — سەن ئىسمىڭنىڭ تارىختىكى بىر ئۇلۇغ باتۇر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟
سوهراب بېشىنى لىڭشىتتى. ئاندىن ئۇ كارىۋىتىغا چىقىپ تېلېۋىزورغا قاراپ بىر يېنىنى بېسىپ ياتتى.
— مەن سىزنىڭ پارس تىلىنى شۇنچە ياخشى سۆزلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلمەپتىمەن، — دېدىم مەن ئىنگلىز تىلىدا، — سىز كابۇلدا چوڭ بولغانمۇ؟
— ياق، مەن كاراچىدا تۇغۇلغان. لېكىن، مەن كابۇلدا بىرنەچچە يىل تۇرغان. مەن شارئەنودىكى هاجى ياقۇپ مەسچىتىگە يېقىن جايدا تۇرغانىدىم، — دېدى ئۇ، — مەن ئەمەلىيەتتە كالىفورنىيەدىكى بېركېلېي شەهرىدە چوڭ بولغان. دادام 1960 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۇ يەردە چالغۇ دۇكىنىنى ئاچقانىدى. بەدەلسىز مۇهەببەت، چېكە بوغىدىغان لېنتا، گۈل باسقان كۆڭلەكلەر... هەممە ئىشنى سىناپ باققان ئادەم مەن، — ئۇ ئالدىغىراق ئېڭىشتى، — مەن ۋۇدستوك بايرىمىغىمۇ بارغان.
— كارامەت تارىخ ئىكەن ! — دېدىم مەن. فايسال شۇنداق قاتتىق كۈلۈپ كەتتىكى، قايتىدىن تەرگە چۆمۈلدى.
— گېپىمىزگە كەلسەك، — دېدىم مەن، — مەن ئاندرېۋ ئەپەندىگە ئاساسەن هەممىنى ئېيتتىم. بەلكىم پەقەت بىر - ئىككى ئىشنىلا دېمىگەندىمەن. ئەمدى مەن سىزگە هەممىنى دەپ بېرەي.
ئۇ بىر بارمىقىنى تىلىغا تەگكۈزۈپ هۆل قىلىپ، دەپتىرىنىڭ ئاق بېتىنى ئاچتى ۋە قەلىمىنىڭ قالپىقىنى تارتتى.
— شۇنداق قىلساق ياخشى بولىدۇ، ئامىر. هازىردىن باشلاپ

ئىنگلىزچىلا سۆزلەشسەك قانداق؟

— شۇنداق قىلايلى.

مەن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق جەريانى بىلەن سۆزلەپ بەردىم. مېنىڭ رەھىمخان بىلەن كۆرۈشكىنىمنى، كابۇلغا بارغىنىمنى ۋە غازى تەنھەرىكەت مەيدانىدىكى تاش ئېتىشلارنىمۇ تەپسىلىي بايان قىلدىم.

— خۇدا، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — مېنى كەچۈرۈڭ، مېنىڭ كابۇل توغرۇلۇق شۇنچە گۈزەل ئەسلىمىلىرىم بار ئىدى. مېنىڭ ئەسلىمەمدىكى ئۇ يەرنىڭ سىز ھازىر تەرىپلەپ بېرىۋاتقان يەر بىلەن ئوخشاش بىر يەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— سىز يېقىندا ئۇ يەرگە بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟

— ياق، بېرىشنىمۇ ئويلاشمىدىم.

— ئەلۋەتتە، ئۇ يەر ھەرگىز بېرىكېلىېيغا ئوخشىمايدۇ، — دېدىم مەن.

— سۆزلەۋېرىڭ.

مەن قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم. ئاسسەف بىلەن كۆرۈشۈش، مۇشتلىشىش، سوھراب ۋە ئۇنىڭ رەگەتكىسى، بىزنىڭ پاكىستانغا قېچىپ كېلىشىمىز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردىم. مەن گەپلىرىمنى دەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىرنېمىلەرنى خاتىرىلىدى، چوڭقۇر تىن تارتىۋالغاندىن كېيىن ماڭا جىددىي ھالدا كۆز تاشلىدى.

— ئامىر، سىزگە دېسەم، ئالدىڭىزدا بىر مۇشكۈل جەڭ تۇرۇپتۇ.

— مەن يېڭەلەيمەنمۇ؟

ئۇ قەلىمىنىڭ ئاغزىنى ئەتتى.

— رايموند ئاندرېۋ ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرىدىن قارىغاندا بۇ ئىشتا يېڭىپ چىقىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئەمەلگە ئېشىشى ناتايىن.

ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم يوقالغانىدى. كۆزلىرىدىن بىر خىل ھەييارلىق چىقىپ تۇراتتى.

— بىراق، سوھرابقا ئوخشاش باللار بىر ئائىلىگە بەكمۇ موھتاج، — دېدىم مەن، — ماڭا بۇ قائىدە - تۈزۈملەر پەقەت قاملاشمىغاندەك بىلىنىۋاتىدۇ.

— سىزنىڭ گېپىڭىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيۋاتىدۇ، ئامىر، — دېدى ئۇ، — لېكىن، ھازىرقى كۆچمەنلەر قانۇنى، بالا بېقىۋېلىش خىزمىتى ئورگانلىرىنىڭ سىياسەتلىرى، شۇنداقلا ئافغانىستاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ مەقسىتىڭىزگە قارىمۇقارشى.

— مەن ئۇنى چۈشەنمىدىم، — دېدىم ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئۇقماقچى بولۇپ، — مەن ئۇقتۇم، لېكىن تازا چۈشەنمىدىم.

ئۆمەر فايسال قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى.

— مۇنداق ئىش. بىر يەردە ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئاپەت مەيلى تەبىئىي ئاپەت ياكى سۈنئىي ئاپەت بولسۇن، بىر بالىنىڭ يېتىم ياكى يېتىم ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش بەك تەس. باللار دائىم ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ مۇساپىرلار كەنتلىرىدە ياشايدۇ. ئۇ باللارنى ئاتا - ئانىلىرى باقالماي تاشلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىر بالا «قانۇنلۇق يېتىم» بولۇش شەرتىگە چۈشمىسە، كۆچمەنلەر ئىدارىسى ئۇ بالىغا ۋىزا بەرمەيدۇ. مېنى كەچۈرۈڭ، بۇ گەپ قۇلاققا كولىكىلىك ئاڭلىنىدۇ، لېكىن سىز ھەقىقەتەنمۇ «ۋاپات بولغانلىق ئىسپاتنامىسى» تاپمىسىڭىز بولمايدۇ.

— سىز ئافغانىستاندا تۇرۇپ بېقىپتىكەنسىز، — دېدىم مەن، — سىز «ۋاپات بولغانلىق ئىسپاتنامىسى» دېگەندەك نەرسىنى ئۇ يەردىن تېپىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەمسىز؟

— مەن بىلىمەن، — دېدى ئۇ، — بىز بۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۆلگەن دەپمۇ پەرەز قىلالايلى. ھەتتا شۇنداق بولغاندىمۇ، كۆچمەنلەر ئىدارىسى ئاشۇ مىللەتنىڭ ئەسلىدىكى مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ بالىنى ئۆز دۆلىتىدىكى

بىرەرىنىڭ بېقىنىشىنى مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ.

— سىز قايسى مەدەنىيەتنى دەيسىز؟ — سورىدىم مەن، — تالىبانلار ئافغانلارنىڭ ھەممە نەرسىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. سىز ئۇلارنىڭ بامىياندىكى غايەت زور بۇددا ھەيكەللىرىنى نېمە قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— مېنى كەچۈرۈڭ، مەن كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ قانداق خىزمەتلەرنى قىلىدىغانلىقىنى دەپ بېرىۋاتىمەن، ئامىر، — دېدى فايسال بىلىكىمنى تۇتۇپ. ئۇ سوھرابقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ماڭا قارىدى، — بىر بالىنى بېقىۋېلىش شۇ بالا تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىغا بويسۇنغان ئاساستا بولۇشى كېرەك. بىراق، بىر دۆلەتتە ئافغانىستاندەك قالايمىقانچىلىق بولسا، ئۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرى جىددىي ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولىدۇ. بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ئىشلار ئۇلارنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپىدە مۇھىم ئورۇن ئالالمايدۇ.

مەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم ۋە كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىدىم. مېڭەم لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىدى.

— بىر كۈنلەردە ئافغانىستان ئوڭلىنىدۇ، دەيمۇ پەرەز قىلايلى، — دېدى ئۇ مەر فايسال قوللىرىنى تومپايغان قورسىقىغا قويۇپ تۇرۇپ، — ئۇلار يەنىلا بالا بېقىۋېلىشقا يول قويۇشى ناتايىن. چۈنكى، ئىسلام قائىدىلىرىگە ئۇنچىۋالا ئېتىبار بېرىلمەيدىغان دۆلەتلەرمۇ بالا بېقىۋېلىش ئىشىدا ئارىسالدى بولىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە بالا بېقىۋېلىش تازا راۋا كۆرۈلمەيدۇ.

— سىز مېنى يېڭىلگىنىڭىزگە تەن بېرىڭ دېمەكچىمۇ؟ — سورىدىم مەن ئالقىنىم بىلەن پېشانەمنى بېسىپ تۇرۇپ.

— مەن ئامېرىكىدا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، ئامىر. ئامېرىكا ماڭا ھېچنېمىدىن ۋاز كەچمەسلىكنى ئۆگەتتى. بىراق، مەن بىر ئادۋوكات بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىزنى پاكىتلاردىن خەۋەردار قىلمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — ئاخىرىدا دەيدىغان يەنە بىر

گەپ، بالا بېقىۋېلىشنى باشقۇرىدىغان ئورگانلار دائىم ئالدى بىلەن بېقىۋېلىنماقچى بولغان بالىنىڭ شارائىتىنى ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرىدۇ. يامان يېرى، بۇنداق پەيتتە ھېچقانداق بىر ئورگان ئافغانىستانغا ئادەم ئەۋەتمەيدۇ.

مەن سوھرابقا قارىدىم. ئۇنىڭ بىر كۆزى تېلېۋىزوردا، بىر كۆزى بىزدە ئىدى. ئۇ خۇددى دادىسىغا ئوخشاش، ئىككىنى تىزىغا تىرەپ ئولتۇراتتى.

— ھېسابتا مەن ئۇنىڭ تاغىسى بولىمەن، بۇ پاكىتنىڭ بىرەر ئىشقا پايدىسى بولامدۇ؟

— ئەگەر ئۇنى ئىسپاتلىيالىسىڭىز، چوڭ پايدىسى بولىدۇ. مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ بۇ گېپىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ماتېرىيال ياكى بىرەر گۇۋاھچى ئادەم بارمۇ؟

— ئىسپات ماتېرىيال يوق، — دېدىم ھارغىن ئاۋازدا، — بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سوھراب ئۇ ئىشنى مەن ئۇنىڭغا ئېيتقاندىلا بىلدى. مەن ئۆزۈممۇ تېخى يېقىندىلا خەۋەردار بولدۇم. ئۇ ئىشنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئادەمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بەلكىم ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەندۇ.

— ھىم.

— يەنە قانداق ئامال بار، فايسال؟

— گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەم، سىز ئۇچۇن ئامال ئانچە كۆپ ئەمەس.

— ئاھ خۇدا! مەن نېمە قىلسام بولىدۇ؟

ئۆمەر فايسال چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ، قەلەم بىلەن ئېڭىكىگە بىرنەچچىنى چەكتى. ئاندىن نەپىسىنى چىقاردى.

— سىز ئەڭ ياخشى ئېھتىماللىقنى ئويلاپ تۇرۇپ يەنىلا بالا بېقىۋېلىش ئىلتىماسى قىلىۋەرسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، سىز «مۇستەقىل بالا بېقىۋېلىش» دېگەن تۈرگە ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز پاكىستاندا سوھراب بىلەن ئىككى

يىل بىللە تۇرۇشىڭىز كېرەك. سىز يەنە ئۇنىڭ ئۇچۇن پاناھلىق تىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇ ئەلۋەتتە بەكمۇ ئۇزۇن جەريان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز سوھرابنىڭ ئافغانىستاندا سىياسىي جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشىڭىز كېرەك. سىز ئىنسانپەرۋەرلىك ۋىزىسى ئىلتىماس قىلىپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئامېرىكىنىڭ باش ئادۋوكاتىنىڭ قولىدىكى ئىش، ئادەتتە ئۇنى بەك ئاز تەستىقلايدۇ، — ئۇ جىمىپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ يەردە يەنە بىر ئامال بار. بەلكىم بۇ ئامالنىڭ ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى سەل يۇقىرىراقمىكىن.

— قانداق ئامال؟ — دېدىم مەن ئالدىمغا ئېڭىشىپ.

— سىز ئۇنى بۇ يەردىكى دارىلئېيتامغا ئاپىرىپ بېرىڭ، ئاندىن بېقىۋېلىش ئىلتىماسىنى تولدۇرۇڭ. ئۇ دارىلئېيتامدا ساق ـ سالامەت تۇرىۋېرىدۇ. سىز كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ «600 — I» جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆيدە تۇرغۇزۇپ ئوقۇتۇش ئىلتىماسىنى باشلايسىز.

— قانداق ئىشلار ئۇ؟

— كەچۈرۈڭ، «600 — I» جەدۋىلىنى تولدۇرۇش شەكلىدىكى بىر ئىش. بۇ جەدۋەل كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ سىز بىلەن ئايالىڭىزنىڭ روھىي كېسەل ئەمەسلىكىڭلارنى ئىسپاتلاشتىكى كاپالەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن مەسىلە چىقمايدۇ. «ئۆيدە تۇرغۇزۇپ ئوقۇتۇش»نى ئۆزىڭىز تاللىغان بالا بېقىۋېلىشنى بېجىرىش ئورۇنلىرى بىر تەرەپ قىلىدۇ، — دېدى ئۆمەر فايسال.

— مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم يوق، — دېدىم مەن سوھرابقا يەنە بىر قارىۋېتىپ، — مەن ئۇنىڭغا ئۇنى ھەرگىزمۇ دارىلئېيتامغا ئەۋەتمەيدىغانلىقىم توغرۇلۇق ۋەدە قىلغان.

— مەن سىزگە دېگەندەك بەلكىم مۇشۇ سىزگە ئەڭ مۇۋاپىق ئامال بولۇشى مۇمكىن.

بىز يەنە بىردەم سۆزلەشتۇق. ئۇ قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغالدى، مەن ئۇنى ھەممىباب ماركىلىق كونا قوڭغۇز ماشىنىسىنىڭ يېنىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم. قۇياش ئاستا ـ ئاستا پېتىشقا باشلاپ، غەرب تەرەپتىكى بۇلۇتلار قىپقىزىل رەڭگە كىرگەنىدى. ئۇ ماشىنىغا چىققاندا، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن ماشىنىسى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كەتتى. ئۇ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىنى چۈشۈردى.

— ئامىر.

— ھە.

— سىز ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ساۋابلىق بىر ئىش قىلىۋاتىسىز، جۇمۇ.

ئۇ قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ماشىنىسىنى ھەيدەپ يىراقلاپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قولۇمنى پۇلاڭلاتتىم. مەن مېھمانخانا ئالدىدا تۇرۇپ، بىردىنلا سورەييەنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.

مەن ياتاققا قايتىپ كىرگەندە، سوھراب تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتكەنىدى. مەن كارىۋىتىمنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا چاقىردىم.

— ئۆمەر فايسال ئەپەندى مېنىڭ سېنى ئامېرىكىغا ئەكىتىشىمگە ئامال بارلىقىنى ئېيتتى.

— شۇنداق دېدىمۇ؟ — دېدى سوھراب. شۇنچە كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ چىرايىدا تۇنجى قېتىم ئازراق بولسىمۇ تەبەسسۇم جىلۋە قىلغانىدى.

— قاچان ماڭالايدىكەنمىز؟

— قارىغاندا، ئۇنىڭغا بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن، چوقۇم ماڭالايدىكەنمىز. ئۇ بىزگە ياردەم قىلىدىغان بولدى، — مەن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتتۇم. سىرتتا ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ — سورىدى سوھراب.
— بىلمەيمەن، بەلكىم ئۇزاق ۋاقىت كېتەر.
سوھراب مۇرىسىنى قىسىپ كۈلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۈلگىنىنى ئېنىق كۆرگەنىدىم.
— بوپتۇ، قانچىلىك ساقلاشقا توغرا كەلسىمۇ، سەۋرچانلىق بىلەن ساقلايمەن. بۇ خۇددى ئاچچىق ئالمىغا ئوخشايدۇ.
— ئاچچىق ئالما؟
— ئۇ چاغدا، مەن كىچىك ئىدىم. مەن بىر دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ ھېلىقى يېشىل رەڭلىك ئاچچىق ئالمىلاردىن نەچچىنى يېدىم. مېنىڭ قورسىقىم تازا كۆپۈپ، خۇددى دۇمباقتا ئوخشاپ قالدى ھەم بەك ئاغرىدى. ئانام ماڭا، ئەگەر مەن ئاشۇ ئالمىلار پىشقۇچە ساقلىغان بولسام، مېنىڭ ئاغرىپ قالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتى. شۇڭا، مەن ھەر قېتىم بىرنەرسىگە ئېرىشكۈم كەلسە، ئانامنىڭ ئاشۇ ئاچچىق ئالما توغرىسىدا دېگەن گېپىنى ئويلايمەن.
— ئاچچىق ئالما، — تەكرارلىدىم مەن، — ماشائاللا، سەن مەن بىلىدىغان كىچىك بالىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىقى، سوھرابجان.
ئۇ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.
— مېنى ھېلىقى قىزىل كۆۋرۈككە ئاپىرامسىز؟ ھېلىقى تۇمان قاپلىغان كۆۋرۈككە؟ — سورىدى ئۇ.
— چوقۇم ئاپىرىمەن، — دېدىم مەن، — چوقۇم.
— ماشىنىدا ماڭغاندا، ئاسمان بىلەن ماشىنا تۇمشۇقىلا كۆرۈنىدىغان كوچىلارغىمۇ بارامدۇق؟
— ھە، ئۇ يەرلەرگىمۇ بارىمىز، — مەن سۆزلەۋاتقاندا، كۆزلىرىم ياشقا تولدى. كۆزۈمنى چىمچىقلىتىپ، يېشىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم.
— ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش تەسمۇ؟
— ساڭا دېسەم، بىر يىلنىڭ ئىچىدىلا ئىنگلىز تىلىنى خۇددى

پارس تىلىنى سۆزلىگەندەك سۆزلىيەلەيدىغان بولىسەن.

— راستمۇ؟

— راست، — ئۇنىڭ ئىڭىكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزۈمگە قاراتتىم، — ساڭا دەيدىغان يەنە بىر ئىش بار، سوھراب.

— نېمە ئىش ئۇ؟

— فايسال ئەپەندى ئەگەر سېنى باللار تۇرىدىغان ئورۇندا بىر مەزگىل قويۇپ تۇرالىساق، ئىشلارنىڭ تېزرەك پۈتۈشىگە كۆپ ياردىمى بولاتتى، دەيدۇ.

— باللار تۇرىدىغان ئورۇن؟ — ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، — سىز دارىلئېيتامنى دەمسىز؟

— ئۇ پەقەت ناھايىتى قىسقا مەزگىللىكلا ئىش.

— بارمايمەن، — دېدى ئۇ، — مەن ئۆتۈنەي، مەن ھەرگىز بارمايمەن.

— سوھراب، بۇ پەقەت قىسقا مۇددەتلىكلا ئىش. مەن ساڭا ۋەدە بېرەي.

— سىز مېنى ئۇنداق يەرلەرگە مەڭگۈ ئاپارماسلىققا ۋەدە قىلغان، ئامىر ئاغا، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ چىقىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى.

— بۇ دېگەن ئوخشىمايدۇ. بۇ قېتىم كابۇل ئەمەس، ئىسلامئابادتىكى دارىلئېيتامدا تۇرىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن سېنى ئامېرىكىغا ئەكەتكۈچە دائىم كېلىپ يوقلاپ تۇرىمەن.

— مەن ئۆتۈنەي، بارمايمەن، بارمايمەن! — دەپ ۋارقىرىدى سوھراب، — مەن ئۇنداق يەردىن قورقىمەن. ئۇلار ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. مەن ئۇنداق يەرگە ئەمدى ھەرگىز بارمايمەن.

— ھېچكىم سېنى بوزەك قىلالمايدۇ. ئەمدى ھەرگىزمۇ بوزەك قىلالمايدۇ.

— ئۇلار بوزەك قىلىدۇ. ئۇلار دائىم ئۇنداق قىلمايمىز دەيدۇ،

لېكىن ئۇلار يالغان گەپ قىلىدۇ. ئۇلار يالغان سۆزلەيدۇ. مەن ئۆتۈنۈپ قالاي! ئاھ، خۇدا!

مەن ئۇنىڭ ئېڭىكىگە ئېقىپ چۈشكەن يېشىنى باش بارمىقىم بىلەن سۈرتتۈم.

— ئاچچىق ئالما. ئېسىڭدە بارمۇ، بۇ خۇددى سەن دېگەن ئاچچىق ئالمىغا ئوخشايدۇ، — دېدىم مەن يېنىك ئاھاڭدا.

— ياق، ئۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ يەر ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ. خۇدا! مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، ياق! — ئۇ تىترەۋاتاتتى. ياش بىلەن پوتلىسى ئۇنىڭ يۈزىدە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

— بولدى، — مەن ئۇنى ئۆزۈمگە يېقىن تارتىپ، ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان كىچىككىنە بەدىنىنى قۇچاقلىدىم، — ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىدۇ. قاراپ تۇر، بىز بىللە ئۆيگە كېتىمىز. سەن قاراپ تۇر، ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىدۇ.

ئۇ مەيدەمگە يۈزىنى يېقىپ تۇرۇپ دېدى:

— ماڭا ۋەدە بېرىڭ، ئامىر ئاغا. سىز مېنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قويماڭ. مەن ئۆتۈنەي، ماڭا ۋەدە بېرىڭ، — مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى قورقۇنچنى شۇنچە ئېنىق سەزدىم.

لېكىن، ئۇنىڭغا قانداقمۇ ۋەدە بېرەلەيمەن؟ مەن ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىپ، بىلەكلىرىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئالدى-كەينىگە يېنىك تەۋرەتتىم. ئۇ ياشلىرى قۇرۇپ تۈگىگەنگە قەدەر مەيدەمگە بېشىنى قويۇپ يىغلىدى. ئۇنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە بىچارىلەرچە يالۋۇرۇشلىرى ئاخىرىدا چۈشەنگىلى بولمايدىغان پىچىرلاشلارغا ئۆزگەردى. مەن ئۇنى تاكى ئۇنىڭ تىنىقلىرى ئاستىلاپ، بەدىنى بوشىغانغا قەدەر تەۋرىتىپ تۇردۇم. مەن ئۇزاق يىللار ئىلگىرى بىر كىتابتىن ئوقۇغان «كىچىك باللار ئۇيقۇ ئارقىلىق قورقۇنچنى يېڭىدۇ» دېگەن سۆزنى ئەسكە ئالدىم.

مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ كارىۋىتىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويدۇم. مەنمۇ كارىۋىتىمغا چىقىپ، دېرىزىدىن ئىسلامئابادنىڭ سۆسۈن ئاسمىنىغا قاراپ ياتتىم.

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم، دېرىزە سىرتى قاپقاراڭغۇ ئىدى. مەن كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىغىنىمچە، كارىۋات يېنىدىكى چىراغنى ياندۇردۇم. كەچ سائەت ئون يېرىمدىن سەل ئاشقانىدى. دېمەك، مەن ئۇخلاۋاتقىلى ئۈچ سائەتكە يېقىن بولغانىدى. مەن تېلېفوننى قولۇمغا ئالدىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم؟

— ئامېرىكىدىن تېلېفون، — دېدى فايياز ئەپەندى خۇشياقمىغاندەك.

— رەھمەت، — دېدىم مەن. تازىلىق ئۆيىنىڭ چىرىغى يورۇق ئىدى. مەن سوھرابنى كۈندىلىك ئادىتى بويىچە مۇنچىغا چۈشۈۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. تېلېفوندا ئىككى قېتىم كۈنۈپكا بېسىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا سۇرەييەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھاياجانلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— تىنچلىقمۇ؟

— ئادۋوكات بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟

مەن ئۇنىڭغا ئۆمەر فايسالنىڭ تەكلىپىنى دەپ بەردىم.

— بولدى، ئۇ تەكلىپنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، — دېدى ئۇ، — دېمەكچى بولغىنىم، بىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن.

مەن ئورنۇمدا تىكلىنىپ ئولتۇردۇم.

— راستىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ قانداقسىگە؟

— شارىف تاغام ماڭا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەممىدىن مۇھىم ئىش سوھرابنى ئامېرىكىغا ئەكىلىۋېلىش ئىكەن. بۇ يەرگە ئەكىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېلىپ قالىدىغان مۇۋاپىق يول تېپىلىدىكەن. ئۇ كۆچمەنلەر ئىدارىسىدىكى بىرنەچچە دوستىغا تېلېفون بېرىپتۇ. ئۇ بۈگۈن كەچتە ماڭا

تېلېفون بېرىپ ئۆزىنىڭ سوھراب ئۈچۈن ئىنسانپەرۋەرلىك ۋىزىسىنى ئاساسەن ھەل قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن، — خۇدا ! مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر! شارىفجاننىڭ ياخشىلىقىغا رەھمەت.

— بىز سوھرابجاننىڭ بۇ يەردىكى كېپىللىك قىلغۇچىسى بولۇپ ئىلتىماس قىلىدىكەنمىز. بۇ ئىش ناھايىتى تېزلا پۈتىدىكەن. تاغامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ۋىزا بىر يىللىق كۈچكە ئىگە ئىكەن. بۇ بىر يىل بالا بېقىۋېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەشكە يېتىپ ئاشىدۇ، دەيدۇ.

— بۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ھە، سۇرەييە؟

— شۇنداق كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن.

— سىزنى سۆيىمەن، سۇرەييە.

— مەنمۇ شۇ.

مەن تۇرۇپكىنى قويۇپ، سوھرابنى چاقىردىم:

— سوھراب ! — مەن كارىۋىتىمدىن تۇردۇم، — سوھراب، خۇش خەۋەر ! — مەن تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم، — سوھراب ! سۇرەييەجان ھېلىلا كالىفورنىيەدىن تېلېفون ئۇرۇپتۇ. بىز سېنى دارىلئېيتامغا ئاپىرىپ قويمايدىغان بولدۇق، سوھراب. ئىككىمىز ئامېرىكىغا بىللە كېتىدىغان بولدۇق. گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئىككىمىز بىللە ئامېرىكىغا بارىدىغان بولدۇق ! — مەن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، تازىلىق ئۆيىگە كىردىم.

توساتتىن مەن پولغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ۋارقىرىۋەتتىم. چىشلىرىم كاسىلداپ تىترىگىنىمچە ۋارقىرايتتىم. ماڭا كانىيىم يىرتىلىپ، كۆكسۈم پارتلاپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.

كېيىن ئۇلار ماڭا ھەتتا قۇتقۇزۇش ماشىنىسى يېتىپ كەلگەندىمۇ مېنىڭ چىرقىراۋاتقانلىقىمنى كۆرگەنلىكىنى دەپ بەردى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

ئۇلار مېنى كىرگۈزمىدى.

مەن ئۇلارنىڭ ئۇنى چاقلىق كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قوش قاناتلىق ئىشىكتىن ئەكىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرگىنىمدە، بۇرنۇمغا يود بىلەن پېروكسىدنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى. ماسكا تاقىۋالغان ئىككى ئەر بىلەن بىر ئايال كارىۋاتنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتاتتى. بىر پارچە ئاق كىرلىك كارىۋاتتىن ساڭگىلاپ، پولغا سۆرىلىپ قالغانىدى. قانغا مىلەنگەن كىچىككىنە بىر جۈپ پۇت ئاق كىرلىكتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، سول پۇتىنىڭ باش بارمىقىنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكى كۆزۈمگە چېلىقتى. ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك كەلگەن بىر ئادەم مەيدەمدىن ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئىشىكتىن چىقىرىۋەتتى. مەن ئۇنى تىللاپ - قارغىغىنىمچە، ئۇنىڭ بىلەن تىركەشتىم. بىراق، ئۇ ماڭا ئۇ يەردە تۇرسام بولمايدىغانلىقىنى ئىنگلىز تىلىدا ئېيتتى. ئۇ ئەدەپ بىلەن سۆزلەيتتى، لېكىن ئاۋازىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— سىز سىرتتا ساقلاڭ، — ئۇ مېنى باشلاپ ساقلاش ئۆيىگە ئەكىرىپ قويدى. ئاندىن ئارقىسىغا يېنىپ، قوش قاناتلىق ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى. مەن ئىشىكنىڭ كىچىككىنە دېرىزىسىدىن پەقەت ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان دوپپىسىنىلا كۆرەلەيتتىم.

ئۇ ئادەم مېنى قالدۇرۇپ كەتكەن ساقلاش ئۆيى ئەمەلىيەتتە دېرىزىسىمۇ يوق بىر كارىدور ئىدى. كارىدور تامغا يۆلەپ قويۇلغان تۆمۈر قاتلىما ئورۇندۇقلاردا ۋە پولغا سېلىنغان

كىرلىشىپ كەتكەن پالاسلاردا ئولتۇرغان ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. مېنىڭ ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇم كەلدى. دادام ئىككىمىز باشقا مۇساپىرلار بىلەن بىرلىكتە ماي توشۇيدىغان ماشىنىنىڭ ماي باكىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ سەپەرگە ماڭغاندا، مانا مۇشۇنداق ۋارقىرىغۇم كەلگەنىدى. مەن مۇشۇ جايدىن، مۇشۇ رېئاللىقتىن قۇتۇلۇپ، بۇلۇتلارغا ئايلىنىپ، يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىشنى، ئېگىز تاغلارنىڭ ئۇستىگە بارغاندا ئېرىپ، تومۇز هاۋاسىغا ئاستا سىڭىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن، مەن بۇ يەردە پۇتلىرىم سېمونتتەك ئېغىرلاشقان، ئۆپكەم هاۋا يېتىشمەي، كانىيىم ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان هالەتتە تۇراتتىم. مېنىڭ لەيلەپ ئۇچۇپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. بۇرنۇمغا كارىدوردىكى تەر، ئاممىياك گازى، ئىسپىرت ۋە باشقا پۇراقلار پۇراپ تۇراتتى. تورۇستا پەرۋانىلەر چىراغلارغا ئۆزلىرىنى ئۇرۇشاتتى. كىملەرنىڭدۇر گەپلەشكەن، ئېسەدىگەن، چۈشكۈرگەن ياكى ئەسنىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. يەنە كىملەرنىڭدۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغان ئاۋازلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرىپ قالاتتى. بەزىدە لىفىتنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى، يەنە بەزىدە ئۇ يەردىكى خىزمەتچىنىڭ ئوردۇ تىلىدا كىملەرنىدۇر چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

مەن كۆزلىرىمنى ئاچتىم. توساتتىن نېمە ئىش قىلىشىم كېرەكلىكى يادىمغا يېتىپ، ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدىم. يۈرىكىم دەهشەتلىك تېز سوقاتتى، قانلىرىمنىڭ تومۇرلىرىمغا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلغان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سول تەرىپىمدە كىچىك هەم قاراڭغۇ بىر ئامبارنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇ يەرگە كىرىپ، كارىۋاتقا سالىدىغان بىر ئاق ئەدىيالنى ئاچىقتىم. هاجەتخانا ئىشكى ئالدىدا بىر سېستىرانىڭ بىر ساقچى بىلەن گەپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتتىم هەم قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى سورىدىم. لېكىن، ئۇلار سوئالىمنى چۈشىنەلمەي، قورۇق باسقان چىرايىنى تېخىمۇ

پۈرۈشتۈردى. مېنىڭ گېلىم ئاغرىيتتى، كۆزلىرىم تەردىن ئېچىشاتتى، ھەربىر نەپەسىم خۇددى ئوتنى سۈمۈرۈۋاتقاندەك قىزىق بىلىنەتتى. بەلكىم مەن يىغلاۋاتسام كېرەك. مەن ئۇنىڭدىن ماڭا قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى تېزرەك دەپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئاخىرىدا ھېلىقى ساقچى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ماڭا قىبلىنى كۆرسىتىپ قويدى.

مەن ئەدىيالنى جايناماز ئورنىدا پولغا يېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم. مەن قىبلىگە قاراپ، بېشىمنى سەجدىگە قويۇپ تۇرۇپ يىغلىدىم. ياشلىرىم جاينامازغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ ناماز ئوقۇپ باقمىغىنىمغا ئون بەش يىل بولغانلىقىنى ئەسكە ئالدىم. ئايەتلەرنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. لېكىن، مەن ئۈچۈن بەربىر، مەن ئېسىمدە قالغان ئايەتلەرنى ئوقۇيمەن: «لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا. دۇنيادا ئاللادىن باشقا خۇدا يوق. مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسى.» مەن قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى: بۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئوقۇيمەن، زاكات بېرىمەن، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتىمەن، روزا ھېيتتىن كېيىنمۇ داۋاملىق روزا تۇتىمەن. مەن قۇرئاندىكى ھەربىر ئايەتنى يادلايمەن. مەن ھەجگە بارىمەن ۋە تونۇردەك ئىسسىق ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇيمەن. ئەگەر ئۇ مېنىڭ مۇشۇ بىرلا ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلسا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايمەن. مېنىڭ قوللىرىم ئاللىقاچان ھەسەننىڭ قېنى بىلەن بويالغان. ئەمدى مەن خۇدادىن قوللىرىمنىڭ يەنە ھەسەننىڭ ئوغلىنىڭ قېنى بىلەن بويالماسلىقىنى تىلەيمەن.

مەن يۇقىرىقى سۆزلەرنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ پىچىرلاۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدىم. ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈم پىچىرلاۋاتقانىكەنمەن. لەۋلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئاققان تۇزلۇق ياشلار بىلەن ئېچىشىۋاتاتتى. كارىدوردىكى ھەممە ئادەمنىڭ ماڭا تىكىلىپ

تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغان بولساممۇ، مەن قىبلىگە قاراپ دۇئا ـ تىلاۋىتىمنى داۋاملاشتۇرىۋەردىم. مەن دۇئا قىلىمەن. گۇناھلىرىمنىڭ ئەمدى ماڭا ئەگىشىپ يۈرىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن.

ئىسلامئابادتا يۇلتۇزسىز كېچە بولغانىدى. جىددىي كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە تۇتىشىدىغان كارىدورنىڭ پولىدا ئولتۇرغىنىمغا بىرنەچچە سائەتلەر بولدى. ئالدىمدا كونىراپ كەتكەن جىگەر رەڭلىك شىرە تۇراتتى. شىرەدە يىرلىشىپ كەتكەن گېزىتلەر، ۋاراقلىرى قاتلاشقان ژۇرناللار تۇراتتى. ئاشۇ ژۇرناللارنىڭ ئارىسىدا «دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 4 ـ سانى بار ئىدى. شىرەدە يەنە بىر ھەپتە بۇرۇن پويىزغا سوقۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئوغۇل بالىنىڭ سۈرىتى بېسىلغان پاكىستاننىڭ بىر پارچە گېزىتى ۋە لوللىۋۇد ئارتىسلىرىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سۈرەتلىرى بېسىلغان بىر سەنئەت ژۇرنىلىمۇ بار ئىدى.

مەن ئولتۇرغان يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا چاقلىق ھارۋىدا يېشىل رەڭلىك شالۋار ـ كامىز ئارتقان بىر ئايال مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىردەم ـ بىردەم ئويغىنىپ ئەرەب تىلىدا تۆۋەن ئاۋازدا ئايەت ئوقۇيتتى. مەن قايسىمىزنىڭ ئوقۇغان ئايەتلىرى خۇدانىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن ئولتۇرۇپ يەنە سوھرابنىڭ چىرايىنى، ئۇنىڭ گۆشلۈك ئېڭىكىنى، قۇلۇلە قېپىغا ئوخشايدىغان كىچىك قۇلاقلىرىنى، شۇنداقلا دادىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان كىچىك كۆزلىرىنى ئەسلىدىم. كېچە ئاسمىنىدەك قاراڭغۇلۇق مېنى ئەسىرگە ئېلىۋالغان بولۇپ، يۈرىكىم بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالغاندەك بىلىنىۋاتاتتى.

مېنىڭ ئازراق ھاۋا سۈمۈرگۈم كەلدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ئاچتىم. دېرىزىنىڭ تورلىرى ئارىسىدىن كىرىۋاتقان نەم ۋە دىمىق ھاۋا پىشىپ ئۆتۈپ

كەتكەن مېۋىلەر بىلەن تېزەكلەرنىڭ پۇراقلىرىنى ئېلىپ كىرەتتى. مەن ھاۋانى كۆچەپ سۈمۈردۈم، لېكىن بۇنداق قىلىشىمنىڭ كەيپىياتىمنى ئۆزگەرتىشىمگە ئازراقمۇ ياردىمى بولمىدى. مەن ئارقامغا يېنىپ كېلىپ يەنە پولدا ئولتۇردۇم. قولۇمغا «دەۋر» ژۇرنىلىنى ئېلىپ ۋاراقلاپ باقتىم، لېكىن كۆزگەنلىرىم كاللامغا كىرمەيتتى. شۇڭا، ژۇرنالنى پولغا تاشلاپ، پولنىڭ يېرىقلىرىغا، تامدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىغا ۋە دېرىزە تەكچىسىدىكى ھاشاراتلارنىڭ ئۆلۈكلىرىگە قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇردۇم. تامدىكى سائەتكە پات ـ پات قاراپ قوياتتىم. ئەتىگەن سائەت تۆت بولغانىدى. دېمەك، ئۇلار مېنى ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغىلى بەش سائەتتىن ئاشتى دېگەن گەپ. لېكىن، سوھرابتىن ھېچقانداق خەۋەر يوق.

ئاستىمدىكى پول بارغانسېرى بەدىنىمنىڭ بىر قىسمىدەك بىلىنىشكە، نەپەس ئېلىشىممۇ بارغانسېرى ئاستىلاپ قىيىنلىشىشقا باشلىدى. مەن ئۇخلىماقچى بولۇپ، بېشىمنى سوغۇق ۋە مەينەت پول ئۈستىگە قويۇپ، كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. بەلكىم مەن ئويغانغاندا مېھمانخانا ياتىقىنىڭ تازىلىق ئۆيىدە كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى چۈشۈم بولۇپ قالار؛ جۈمەكتىن چۈشكەن سۇنىڭ قان بىلەن بويالغان ۋاننا سۈيىگە قوشۇلۇشى؛ سوھرابنىڭ ۋاننىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان سول قولى؛ تېخى ئالدىنقى كۈنى مەن ساقال ئالغان تىغنىڭ قان يۇقى پېتى تەرەت تۇڭىدا تۇرۇشى؛ بولۇپمۇ، يېرىم ئوچۇق، نۇرسىز ئاشۇ كۆزلەر. مەن ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى، بولۇپمۇ ئاشۇ كۆزلەرنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇماقچى بولدۇم.

مەن تېزلا ئۇيقۇغا كەتتىم. مەن چۈش كۆرۈشكە باشلىدىم.

بىرى مۇرەمگە يېنىك ئۇردى، مەن كۆزۈمنى ئاچتىم. بىر ئادەم يېنىمدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەم ھېلىقى ئوپېراتسىيە ئۆيىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا بېشىغا دوپپا

كىيگەن، ئاغزىغا ماسكا تاقىغانىدى. ئۇنىڭ ماسكىسىدىكى قان يۇقىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ چاقىرغۇسىنىڭ ئۈستىگە كۆزلىرى دۈپدۈگىلەك بىر كىچىك قىزنىڭ سۈرىتىنى چاپلىۋالغانىدى. ئۇ ماسكىسىنى ئاغزىدىن ئالدى. مەن ئەمدى سوھرابنىڭ قېنىنى كۆرمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈمدە ئۇ كىشىگە رەھمەت ئېيتتىم. ئۇ كىشىنىڭ تېرىسى خۇددى ھەسەن ئىككىمىز شارئەنونىڭ بازارلىرىدىن سېتىۋالىدىغان شىۋېتسارىيەنىڭ شاكىلاتىغا ئوخشاش قارامتۇل، چاچلىرى شالاڭ، كىرپىكلىرى قويۇق ئىدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنى ناۋاز دوختۇر دەپ تونۇشتۇردى. توساتتىن مېنىڭ بۇ ئادەمنىڭ يېنىدىن قېچىپ كەتكۈم كەلدى. چۈنكى، مەن ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا يەتكۈزمەكچى بولغان خەۋىرىنى ئاڭلاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتىم. دوختۇر ماڭا سوھرابنىڭ قولىنى بەك چوڭقۇر كېسىۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن كۆپ قان چىقىپ كەتكەنلىكىنى دەۋاتقاندا، مەن يەنە دۇئايىمنى باشلىدىم:

لائىلاھە ئىللاللاھۇ، مۇھەممەدۇن راسۇلۇللا!

ئۇلار سوھرابقا بىرنەچچە خالتا قان سېپتۇ...

مەن ئەمدى سۇرەييەگە نېمە دەرمەن؟

ئۇلار سوھرابنى ئىككى قېتىم قايتىدىن ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ...

مەن ناماز ئوقۇيمەن، مەن زاكات بېرىمەن !

ئەگەر سوھرابنىڭ يۈرىكى شۇنچە كۈچلۈك ۋە ياش بولمىغان بولسا، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىش مۇمكىن بولماس ئىكەن...

مەن چوقۇم روزا تۇتىمەن!

سوھراب قۇتقۇزۇپ قېلىنىپتۇ.

ناۋاز دوختۇر كۈلۈمسىرىدى. مېنىڭ ئۇنىڭ ھېلىلا نېمە دېگىنىنى ئاڭقىرالىشىم ئۈچۈن بىرئاز ۋاقىت كەتتى. ئۇ يەنە بىرنېمىلەرنى دېدى، لېكىن باشقا گەپلەر قۇلىقىمغا كىرمىدى.

مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تارتىپ يۈزۈمگە ياقتىم. كۆز ياشلىرىم ماڭا ناتونۇش بولغان بۇ كىشىنىڭ كىچىك، ئەمما گۆشلۈك قوللىرىغا ئېقىپ چۈشتى. ئۇ ئەمدى گەپ قىلماستىن قاراپ تۇرۇپ، مېنىڭ يىغامنىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ كېسەلخانىسى «L» شەكىللىك قاراڭغۇ ئۆي بولۇپ، ئېكرانلىرى لىپىلداپ، «تى ـ تىت»لاپ ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىغان تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى بىلەن تولغانىدى. ناۋاز دوختۇر مېنى ئاق رەڭلىك سولياۋ پەردىلەر بىلەن ئايرىلىپ ئىككى رەت قىلىپ تىزىلغان كارىۋاتلارنىڭ ئارىسىدىن باشلاپ ماڭدى. سوھرابنىڭ كارىۋىتى رەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بۇلۇڭدا بولۇپ، سېستىرا ئۈستىلىگە ئەڭ يېقىن ئىدى. كارىۋاتنىڭ يېنىدا ماسكا تاقىغان ئىككى سېستىرا دەپتەرلىرىگە بىرنېمىلەرنى يېزىپ، پەس ئاۋازدا گەپلىشىۋاتاتتى. ناۋاز دوختۇر ئىككىمىز لىفىت ئارقىلىق بۇ قەۋەتكە چىقىۋاتقىنىمىزدا، مەن سوھرابنى كۆرۈپ يىغلىۋېتەرمەنمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئايىغىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئاسما ئوكۇل نەيچىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئاقپىشماق چىرايىغا قارىغان ۋاقتىمدا، كۆزلىرىمگە ھەرگىز ياش كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆشۈلداپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان نەپەسلەندۈرۈش ئاپپاراتىغا تەڭكەش بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ ـ پەسىيىۋاتقان مەيدىسىگە قاراپ پۈت ـ قوللىرىم بوشىشىپ كەتتى.

مەن مۈگدەپ قېلىپ يەنە ئويغاندىم. سېستىرا ئۈستىلىنىڭ يېنىدىكى دېرىزىدىن ئۈپۈقتىن قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەتىگەنكى قۇياش نۇرى دېرىزىدىن يانتۇ چۈشۈپ سايەمنى سوھراب تەرەپكە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. سوھراب مىدىرلىماي ياتاتتى.

— بىردەم ئۇخلىۋالسىڭىز ياخشى بولۇپ قالىسىز، — دېدى سېستىرا ماڭا. مەن ئۇ سېستىرانى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. قارىغاندا

مەن مۆگدەپ قالغان ۋاقىتتا سېستىرالار ئىسمىنا ئالماشقان بولسا كېرەك. ئۇ مېنى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى كېسەلخانىسىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئۆيگە باشلاپ چىقتى ۋە قولۇمغا بىر ياستۇق بىلەن بىر ئەدىيالنى تۇتقۇزدى. ئۇ ئۆيدە باشقا ئادەم يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان سافادا ياتتىم ـ دە، بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتىم. مەن چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە پەستىكى قەۋەتتىكى كۈتۈش ئۆيىگە چۈشۈپتىمەن. ناۋاز دوختۇر كىرىپتۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام قىلىپتىمەن. ئۇ ماسكىسىنى ئېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ قوللىرى مەن كۆرگەندىكىدىن ئاق ئىكەن. ئۇنىڭ تىرناقلىرى بويالغان، چاچلىرى ئوتتۇرىسىدىن رەتلىك قىلىپ ئىككىگە ئايرىلغانىكەن. ئۇ ئەمدى كۆزۈمگە ناۋاز دوختۇر ئەمەس، بەلكى ئەلچىخانىدىكى تەشتەكتە شوخلا باقىدىغان رايموند ئاندرېۋ ئەپەندى بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. ئاندرېۋ بېشىنى يانتۇ قىلىپ، كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ ماڭا قاراۋېتىپتۇ.

كۈندۈزى مەن بۇ دوختۇرخانىنىڭ نەيسىمان چىراغلار ئېسىلغان، سىرلىق ئوردىسىمان كارىدورلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالدىم. مەن بىنالارنىڭ قۇرۇلمىسىنى چۈشەندىم. شەرقىي بىنادىكى تۆتىنچى قەۋەت لىفتىنىڭ كونترول قىلىش كۇنۇپكىسى ئىشلىمەيدىكەن. يەنە شۇ قەۋەتتىكى ئەرلەر ھاجەتخانىسىنىڭ ئىشىكىگە بىرنەرسە تاقىشىپ قالغان بولغاچقا، ئۇنى يۇگۈرۈپ كېلىپ مۈرە بىلەن ئىتتىرىپ ئېچىشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ دوختۇرخانىدا ھاياتنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل رىتىمى بار ئىكەن، ئەتىگەنلىك ئىسمېنا ئالمىشىشتىن بۇرۇن ھەممە ئادەم تازا ئالدىراش بولۇپ كېتىدىكەن، چۈشتىن كېيىن ۋە كەچلەردە ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلايدىكەن. كەچتىكى جىمجىتلىق بەزىدە پەقەت دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ كىملەرنىدۇر قايتا نەپەسلەندۈرۈش ئۈچۈن جىددىيلىشىپ

يۈگۈرۈشۈپ كېتىشلىرى بىلەنلا بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن. مەن كۆندۈزنى سوھرابنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدۈم. كېچىلەرنى بولسا دوختۇرخانىنىڭ ئەگرى - بۈگرى كارىدورلىرىنى ئايلىنىپ، ئايىغىمنىڭ پولغا سۈركەلگەندە چىققان ئاۋازىنى ئاڭلىغاچ، سوھراب ھوشىغا كەلسە ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىم كېرەكلىكى توغرىسىدا ئويلىنىپ ئۆتكۈزدۈم. لېكىن، مەن دائىم بىردەم ئايلىنىپلا جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ كېسەلخانىسىدىكى سوھرابنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالاتتىم. ھەر قېتىم نەپەسلەندۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ كۈشۈلدىغان ئاۋازى ئىچىدە ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغىنىمدا، ئۇ كۆزىنى ئاچسا ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىم كېرەكلىكىنى بىلەلمەيتتىم.

جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، دوختۇرلار سوھرابقا سېلىنغان نەپەسلەندۈرۈش ئاپپاراتىنى ئېلىۋەتتى ۋە ئۇنى تۆۋەنكى قەۋەتتىكى ئادەتتىكى كېسەلخانىغا يۆتكىدى. ئۇلار ئۇنى يۆتكىگەندە مەن دوختۇرخانىدا ئەمەس ئىدىم. مەن شۇ كۈنى كەچتە مېھمانخانىغا ئازراق ئۇخلىۋالغىلى بارغان، لېكىن كارىۋىتىمدا يېتىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىغانىدىم. سەھەردە، مەن تازىلىق ئۆيىدىكى ۋاننىغا قاراپ سالماسلىقنى تىرىشتىم. مېھمانخانىدىكىلەر ئاللىقاچان ۋاننىنى تازىلاپ، قان داغلىرىنى سۈرتۈپ، ياتاققا يېڭى گىلەم سېلىپ، تاملارنى پاكىزلاپ قويغانىكەن. شۇنداقتىمۇ، مەن يەنىلا ئۆزۈمنى باشقۇرالمىغان ھالدا ۋاننىنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. مەن سوھرابنىڭ شۇ كۈنى كەچتە مۇشۇ ۋاننا ئىچىدە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقتىم: ئۇ ۋاننىنى ئىسسىق سۇ بىلەن تولدۇردى. كىيىملىرىنى سالدى. ساقال ئالغۇچتىن تىغنى چىقاردى. تىغنى باش بارمىقى بىلەن بىگىز بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ، سۇنىڭ ئىچىدە كۆزلىرىنى خېلى ئۇزۇن يۇمۇپ ياتتى... ئۇ

تىغنى كۆتۈرۈپ قولىنى كېسىۋاتقان ۋاقىتتا، نېمىلەرنى خىيال قىلغان بولغىيدى؟

مېھمانخانا ئىشىكىدىن چىقىۋېتىپ، مېھمانخانىنىڭ خوجايىنى فايياز ئەپەندى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم.

— بېشىڭىزغا ئېغىر كۈن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولدى، — دېدى ئۇ، — لېكىن، مەن سىزنىڭ مېھمانخانىدىن چىقىپ كېتىشىڭىزنى سورايمەن. چۈنكى، بۇ ئىشلار مېھمانخانامنىڭ تىجارىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى توغرا چۈشىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم ھەم دەرھال مېھمانخانا ھەققىنى ھېسابلىشىپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئۇ مەن دوختۇرخانىدا تۇرغان ئۈچ كۈنگە ھەق ھېسابلىمىدى. مەن مېھمانخانا ئالدىدا تاكسى ساقلىغاچ فايياز ئەپەندىنىڭ ماڭا بىرنەچچە كۈن بۇرۇن دېگەن گەپلىرىنى ئەسكە ئالدىم: «سىزگە دېسەم، سىلەر ئافغانلارنىڭ ئۆپكىسى يوق.» مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ گېپىگە كۈلگەنىدىم. ئەمدىلىكتە، ئۇنىڭ ئاشۇ گېپىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئازراق ئىشىنىپمۇ قالدىم. سوھرابقا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈپ بولۇپ، ئۆزۈم قانداقلارچە ئۇيقۇغا كەتكەندىمەن؟ تاكسىغا چىققاندىن كېيىن، مەن شوپۇردىن: «پارس تىلىدىكى كىتابلارنى ساتىدىغان بىرەر كىتابخانا بارمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا مېھمانخانىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە ئاشۇنداق كىتابخانا بارلىقىنى ئېيتتى. بىز دوختۇرخانىغا بارغۇچە ئاشۇ كىتابخانىدا توختاپ ئۆتتۇق.

سوھرابنىڭ يېڭى ياتىقى سۈت رەڭدە ھاكلانغان، تورۇسى تۆت چاسا پەنەركىلەر بىلەن ۋاسلانغانىدى. بۇ ياتاقتا يەنە ئون نەچچە ياشلاردىكى پۇنجابى ① مىللىتىدىن بولغان بالا بار ئىدى.

① پۇنجابى — ھىندىستان ۋە پاكىستانلاردا ياشايدىغان مىللەت.

كېيىنچە ئۇ بالىنىڭ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ ئۆگزىسىدىن يىقىلىپ كېتىپ پۇتى سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى سېستىرادىن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ پۇتى گەجدە قاتۇرۇلغان بولۇپ، يىپلار بىلەن چىگىلىپ ئېگىزگە كۆتۈرۈلگەن ۋە بىرنەچچە ئېغىر تاش بىلەن تارتىپ مۇقىملاشتۇرۇلغانىدى.

سوھرابنىڭ كارىۋىتى دېرىزىنىڭ يېنىدا ئىدى، كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. فورما كىيگەن بىر ئامانلىق ساقلىغۇچى دېرىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سوھرابقا قارىغاچ قورۇلغان تاۋۇز گازىرى چېقىۋاتاتتى. ناۋاز دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانلارغا بىر كۈندە يىگىرمە تۆت سائەت بىر ئادەمنىڭ ھەمراھ بولۇشى دوختۇرخانىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىكەن. مەن كىرىپ كەلگەندە، ئامانلىق ساقلىغۇچى شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ ماڭا ھۆرمەت بىلدۈردى ـ دە، ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

سوھراب ئۇچىسىغا كالتە يەڭلىك كېسەللەر كىيىمى كىيگەن، ئەدىيال مەيدىسىگىچە يېپىلغان ھالدا ئوڭدىسىغا ياتاتتى. يۈزى دېرىزە تەرەپكە قارىغانىدى. مەن ئۇنى ئۇخلاۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. لېكىن، مەن بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، دەرھال باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا كۆپ قان سالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا شۇنچە سارغۇچ ۋە تاتىراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىدا چوڭ قىزغۇچ رەڭلىك يارا ئىزى بار ئىدى.

— ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — سورىدىم مەن.

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتتىكى كىچىك بالىلار ئوينايدىغان قۇم دۆۋىسى ۋە ئەلەڭگۈچى بار، سىم چىت بىلەن قورشالغان دوختۇرخانا باغچىسىغا قاراۋاتاتتى. ئۇ يەردە يەنە باشقا ئويۇنچۇقلارمۇ بار ئىدى، بىر توپ بالىلار چېلەك ۋە گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئويناۋاتاتتى.

ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق، بىر ئايروپىلان قۇيرۇقىدىن ئىككى تال ئاق ئىس چىقىرىپ ئۇچۇۋاتاتتى. مەن يەنە سوھرابقا بۇرۇلۇپ گەپ قىلدىم:

— مەن تېخى بايىلا ناۋاز دوختۇر بىلەن گەپلەشتىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، سەن يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندە دوختۇرخانىدىن چىقساڭ بولىدىكەن. بۇ بىر خۇش خەۋەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

مېنىڭ سوئالىم يەنە جاۋابسىز قالدى. ياتاقتىكى ھېلىقى پۇنجابى بالا چۇش كۆردى بولغاي، بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيتتى.

— بۇ ياتاقنى ياقتۇرۇپ قالدىم، — دېدىم ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىكى تېڭىقلاردىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، — بۇ ياتاق يورۇق ئىكەن. دېرىزە سىرتىدىمۇ كۆرگۈدەك مەنزىرە بار ئىكەن.

يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مەن يەنە بىرنەچچە قېتىم ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدىم. پېشانەمدىن ئېقىپ چۈشكەن تەر ئۈستۈنكى كالپۇكۇمغا كېلىپ توختىدى. مەن ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلدە تۇرغان كۆك پۇرچاق سېلىپ ئەتكەن سۈيۇقئاشنى ۋە تېخى ئىشلىتىلمىگەن سولياۋ قوشۇقنى ئىشارەت قىلدىم.

— سەن ئازراق بىرنەرسە يېسەڭ بولاتتى. شۇنداق قىلساڭ، بەدىنىڭگە قۇۋۋەت بولاتتى. مەن ساڭا ئىچۈرۈپ قويايمۇ؟

ئۇ ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، يەنە دەرھال باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېلىمۇ خۇددى مەن ئۇنى ۋاننىدىن تارتىپ چىقارغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش نۇرسىز ئىدى. مەن ئىككى پۇتۇمنىڭ ئارىسىدا تۇرغان قەغەز خالتىنى ئېچىپ، ئىچىدىن دوختۇرخانىغا كەلگۈچە كىتابخانىدىن سېتىۋالغان «شاھنامە» دېگەن كىتابنى ئالدىم. مەن ئۇنىڭ مۇقاۋىسىنى سوھرابقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدىم:

— كىچىك ۋاقتىمىزدا مەن بۇ كىتابنى داداڭغا ئوقۇپ بېرەتتىم. بىز ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى تۆپىلىككە چىقىپ، ئانار

دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ... — مەن سۆزۈمنى يۇتۇۋەتتىم. چۈنكى، سوھراب يەنە دېرىزە تەرەپكە قارىۋالغانىدى. مەن زورغا كۈلۈمسىرىدىم، — داداڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىسمى رۇستەم بىلەن سوھرابنىڭ ھېكايىسى ئىدى. سېنىڭ ئىسمىڭ دەل مۇشۇ ھېكايىدىن كەلگەنىدى. مېنىڭچە سەن ئۇنى بىلىسەن، — مەن تىللىرىمنىڭ شۇنچە كالۋالىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىردەم تۇرۇۋالدىم، — نېمىلا بولسۇن، داداڭ خېتىدە ماڭا سېنىڭمۇ ئاشۇ ھېكايىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئېيتقانىكەن. شۇڭا، مەن بۇ كىتابتىن ساڭا ئازراق ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاشنى خالامسەن؟

سوھراب كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، تېڭىلغان قولى بىلەن كۆزلىرىنى توسۇۋالدى. مەن بايا تاكسىدا ئولتۇرۇپ قاتلاپ قويغان بەتنى ئاچتىم.

— ئەمىسە باشلىدىم ـ ھە، — دېدىم مەن. مېڭەمدە دەرھال «ھەسەن ئۆزى بۇ كىتابنى ئوقۇيالايدىغان بولغىنىدا، مېنىڭ ئۇنى شۇنچە يىللاردىن بېرى ئالداپ كەلگىنىمنى بىلىپ نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟» دېگەن خىيال پەيدا بولدى. مەن گېپىمنى قىرىۋېتىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

«سوھرابنىڭ رۇستەمگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغانلىقىغا قۇلاق سالغايسىلەر، بۇ جەڭنى كۆز ياشلار بىلەن يۇغۇرۇلغان داستان دەپ بىلگەيسىلەر، كۆنلەرنىڭ بىرىدە، سوھراب ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ. خىيالى ئۆز ئەجدادلىرىنى تېپىش ئىستىكىدە ئىكەن. ئۇ ئويلاپتۇكى...» مەن ئۇنىڭغا كىتابنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوقۇپ بەردىم. مەن ئوقۇپ مۇنداق ۋەقە تەسۋىرلەنگەن جايغا كېلىپ توختىدىم: «ياش پالۋان سوھراب ئانىسى، يەنى سەمەنگەن خانلىقىنىڭ مەلىكىسى تاھمىنەھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.»

مەن كىتابنى يېپىپ قويۇپ سورىدىم:

— داۋاملىق ئوقۇمدىم؟ ئۇلار ئەمدى جەڭ قىلىدۇ، ئېسىڭدىمۇ؟ سوھراب ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئىراندىكى ئاق قەلئەگە قاراپ سەپەر قىلىدۇ. ئاخىرىنى ئوقۇيمۇ؟

ئۇ بېشىنى ئاستا چايقىدى. مەن كىتابنى قەغەز خالتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىمغا بىر قېتىم بولسىمۇ ئىپادە بىلدۈرگىنىدىن روھلىنىپ، — ئەتە داۋامىنى ئوقۇپ بېرەي. ئەھۋالىڭ قانداقراق؟

سوھراب ئېغىزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن خىرقىرىغاندەك ئاۋاز چىقاتتى. ناۋاز دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، نەپەسلەندۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ نەيچىسى سوھرابنىڭ كانىيىدىن كىرگۈزۈلگەن بولغاچقا، ئۇنداق ئاۋازنىڭ چىقىشى نورمال ئىكەن. ئۇ لەۋلىرىنى بىر يالىۋېتىپ گەپ قىلىشقا تەمشەلدى.

— مەن ھېرىپ كەتتىم.

— مەن بىلىمەن. ناۋاز دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە...

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— ھە، سوھراب؟

ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا سەسكەنگەندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئاۋازى پىچىرلىغاندەك چىقاتتى.

— مەن ھەممە نەرسىدىن ھاردىم، زېرىكتىم.

مەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئورۇندۇققا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئىككىمىزنى دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى ئايرىپ تۇراتتى. تۇساتتىن ئاشۇ نۇرنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆزلىرىمگە ھەسەننىڭ تاتارغان چىرايى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ چىراي ھەرگىزمۇ تاكى مەزىن خۇپتەن نامىزى ئۇچۇن ئەزان ئېيتقۇچە ياكى ئەلى بىزنى ئۆيگە چاقىرغۇچە بىللە ئەينەك ياقۇت ئوينايدىغان ھەسەننىڭ چىرايى ئەمەس ئىدى. ئۇ چىراي قۇياش غەرب تەرەپتىكى ئەنجان تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىغا مۆككەندە، مەن ئارقىسىدىن قوغلاپ تاغدىن چۈشىدىغان ھەسەننىڭ

چىرايىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ دەل مەن يامغۇر سۈيى چۈشۈۋاتقان دېرىزە ئەينىكىدىن كۆرگەن، ئەلگە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ تېگىنى ۋالغان كىچىككىنە بوغچىسىنى دادامنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىغا قويۇۋاتقان ھەسەننىڭ چىرايى ئىدى.

ئۇ يەنە بېشىنى يېنىك چايقاپ، گېپىنى تەكرارلىدى:

— مەن ھەممە نەرسىدىن زېرىكتىم.

— سوھراب، مەن ساڭا نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ ماڭا دېگىنە.

— مەن... — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ، ئاۋازى يەنە خىرقىراپ قالدى. ئۇ خۇددى گېلىنى توسۇۋالغان نەرسىنى ئېلىۋەتمەكچى بولغاندەك قولى بىلەن ئۆزىنىڭ گېلىنى تۇتتى. كۆزلىرىم يەنە ئۇنىڭ قاتمۇقات داكىلار بىلەن تېڭىلغان قولىنىڭ بېغىشىغا چۈشتى، — مەن ئۆزۈمنىڭ كونا تۇرمۇشۇمغا قايتىپ كېتىمەن، — ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

— گېپىڭنى داۋاملاشتۇر، سوھراب.

— ماڭا دادام، ئانام، موماملازىم. مەن رەھىمخان ساھىب بىلەن بىللە باغدا ئوينايمەن. مېنىڭ ئۆز ئۆيۈمگە كەتكۈم بار، — ئۇ بىلىكى بىلەن كۆزلىرىنى توسۇۋالدى، — مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ھاياتىمغا قايتىپ كېتىمەن.

مەن نېمە دېيىشىمنى، نەگە قارىشىمنى بىلەلمەي، قوللىرىمغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. «سېنىڭ بۇرۇنقى ھاياتىڭ مېنىڭمۇ بۇرۇنقى ھاياتىم. مەن سەن ئوينىغان ھويلىدا ئوينىغان، مەن سەن ياشىغان ئۆيدە ياشاپ چوڭ بولغان. بىراق، ئۇ ھويلىدىكى چىملار ئاللىقاچان قۇرۇپ كېتىپتۇ، ناتونۇش كىشىلەرنىڭ جىپ ماشىنىسى يولغا توختىتىلىپ، ھەممە يەر ئاققان ماي بىلەن بۇلغىنىپتۇ. بىزنىڭ كونا ھاياتىمىز كەلمەسكە كەتتى، سوھراب. بىز ئىككىمىزدىن باشقا ھەممە ئادەملىرىمىز ئۆلگەن ياكى ئۆلۈۋاتىدۇ. ئەمدىلىكتە بۇ دۇنيادا پەقەت سەن بىلەن مەن ئىككىمىزلا قالدۇق.»

— مەن ساڭا سېنىڭ كونا ھاياتىڭنى ئەكىلىپ بېرەلمەيمەن، — دېدىم مەن.

— مېنى قۇتۇلدۇرمىغان بولسىڭىز...

— سوھراب، ئۇنداق دېمە.

— مېنى قۇتۇلدۇرمىغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى. مېنى ئاشۇ سۇدا قويىۋەرگەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمە، سوھراب، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، — مەن سېنىڭ ئۇ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا چىدىيالمايمەن، — مەن ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتتۇم. ئۇ چۆچۈپ كېتىپ، ئۆزىنى قاچۇردى. مەن قولۇمنى تارتىۋالدىم. شۇ چاغدا، مەن سوھراب ماڭا بار - بارا يېقىنلىشىپ، مېنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشۇمغا يول قويغاندىن كېيىن، ئۆز ۋەدەمدە تۇرمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلدىم.

— سوھراب، مەن ساڭا كونا ھاياتىڭنى بېرەلمەيمەن. مەن خۇدادىن شۇنداق قىلالىشىمنى تىلىسەممۇ، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. لېكىن، مەن سېنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئەكىتەلەيمەن. مەن ساڭا شۇ خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى بولۇپ تازىلىق ئۆيىگە كىرگەندە، سېنى ۋاننىدا شۇ ھالەتتە كۆردۈم. ساڭا ئەمدى ئامېرىكىغا بېرىپ مەن ۋە ئايالىم بىلەن بىللە ياشىشىڭغا يول ئاچىدىغان ۋىزا بار بولدى. بۇ گېپىم راست. مەن ساڭا ۋەدە بېرەي.

ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، كۆزلىرىنى يۇمدى. مەن ئەڭ ئاخىرقى ئىككى جۈملە سۆزنى دەپ سالغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم.

— قارا، مەن ھاياتىمدا ئۆزۈم پۇشايمان قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم، — دېدىم مەن، — مېنىڭ ئەمەل قىلالمىغان ۋەدىلىرىممۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە. بىراق، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىش ھەرگىز بولمايدۇ. مەن چىن كۆڭلۈمدىن پۇشايمان قىلدىم. مەن سېنىڭ مېنى كەچۈرۈۋېتىشىڭنى سورايمەن. مېنى

كەچۈرەلەمسەن؟ ماڭا ئەمدى ئىشىنەمسەن؟ — ئاۋازىم تۇساتتىن پەسلەپ كەتتى، — مەن بىلەن بىللە كېتەمسەن؟

مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى. نۇرغۇن يىللار بۇرۇنقى بىر قىش كۈنى، ھەسەن ئىككىمىز يوپۇرماقسىز بىر تۈپ گىلاس دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتۇق. مەن ئۆزۈمچە نىيىتىمنى بۇزۇپ ئويۇن چىقىرىپ، ھەسەندىن ماڭا بولغان ساداقىتىنى سىناش ئۈچۈن «ماڭا توپا يەپ بېرەلەمسەن» دەپ سورىغانىدىم. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مەن ئاشۇ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىۋاتاتتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئازراق بولسىمۇ قىممىتىم بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئېھتىياجلىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدىم. بۇ تەتۈر تەلەيدە مېنىڭ ئۆزۈمگە نېسىۋەم بار ئىدى.

سوھراب يېنىغا ئۆرۈلۈپ ماڭا كەينىنى قىلىپ ياتتى. ئۇ ماڭا خېلى ئۇزاققىچە ھېچنېمە دېمىدى. مەن ئۇنى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم، بىر چاغدا ئۇنىڭ خىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن بەك ھېرىپ كەتتىم.

مەن ئۇ ئۇخلاپ قالغانغا قەدەر ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا ئولتۇردۇم. سوھراب ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بىرنەرسە يوقالغانىدى. ئادۋوكات ئۇمەر فايسال بىلەن كۆرۈشكەنگە قەدەر سوھرابنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىغان، ئۇ ئۈمىدلەر خۇددى تارتىنچاق مېھماندەك ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولغانىدى. ئەمدىلىكتە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۈمىد يوقالغان، مېھمان قېچىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇ ئۈمىد ۋە مېھماننىڭ مەڭگۈگە كېتىپ قالغانلىقىنى ياكى كەلگۈسىدە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. سوھرابنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن يەنە كۈلۈمسىرەيدىغانلىقىنى، قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ماڭا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. مەن ھەتتا ئۇنىڭ ئۆمرىدە يەنە كۈلىدىغان ياكى ماڭا

ئىشىنىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، باشقا بىر مېھمانخانا ئىزدىمەكچى بولۇپ سىرتقا چىقتىم. مەن سوھرابىنىڭ ماڭا يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلىشى ئۈچۈن بىرەر يىلدەك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

ئاخىرىدا سوھراب مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىدى. لېكىن، رەتمۇ قىلمىدى. مېنىڭچە، ئۇ كۆڭلىدە تېگىشلىق ئېلىنۇپ، دوختۇرخانا كىيىمى قايتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يەنە ماكانسىز، يېتىم ھەزارا بالىغا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ يەنە نېمىنى تاللىيالايتتى؟ نەگە بارالايتتى؟ شۇڭا مەن «ماقۇل» دېدى دەپ چۈشەنگەن جاۋاب ئەمەلىيەتتە ئامالسىزلىقتىن تەسلىم بولۇش ئىدى. ئۇ تاللىيالايدىغان ئىككىلا يول بولۇپ، بىرى تاللاش بەك قورقۇنچلۇق يول، يەنە بىرى ئىشىنىش بەك تەس يول ئىدى. ئۇنىڭ ئىنتىلىدىغىنى ئۇنىڭ كونا ھاياتى ئىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئېرىشكىنى مەن بىلەن ئامېرىكا بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ تەلەي ئۇنىڭ ئۈچۈن بەك يامان تەلەي بولمىسىمۇ، مەن ئۇنى سوھرابقا چۈشەندۈرەلمەيتتىم ياكى ئۇنى ئىشەندۈرەلمەيتتىم.

بىر ھەپتىلەردىن كېيىن بىز قارا رەڭلىك ئايرودۇرۇم كارىدورىدىن ئۆتۈپ، ئايروپىلانغا چىقىپ، ئامېرىكىغا كەلدۇق. شۇنداق قىلىپ، مەن ھەسەننىڭ ئوغلىنى ناھايىتى ئېنىق بولغان مۇشكۇللۇكتىن ئېنىقسىزلىقنىڭ مۇشكۇللۇكىگە باشلاپ كەلدىم.

1983 ـ يىلى ياكى 1984 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى بولسا كېرەك، مەن فرېمونت شەھىرىدىكى بىر سىنئالغۇ لېنتىسى سېتىش دۇكىنىنىڭ ئىچىدە تۇراتتىم. مەن غەرب دۇنياسىنىڭ كىنو لېنتىلىرى تىزىلغان تەكچىگە قاراپ تۇرسام، قولىدا كوكاكولا

قاچىلانغان ئىستاكان تۇتۇۋالغان بىر يىگىت ماڭا «قالتىس يەتتە» ناملىق كىنو لېنتىسىنى ئىشارەت قىلىپ ئۇ كىنونى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىمنى سورىدى. مەن دەرھال جاۋاب بەردىم.

— ھەئە، مەن كۆرگەن، ئون ئۈچ قېتىم كۆرگەن، — دېدىم مەن، — ئۇنىڭدا چارلېز برونسون ئۆلىدۇ. روبېرت ۋائۇنمۇ ئۆلىدۇ.

ئۇ ماڭا خۇددى مەن ئۇنىڭ كوكاكولاسىغا تۈكۈرۈپ قويغاندەك ئالىيىپ قارىدى.

— ساڭا كۆپ رەھمەت، ئاغىنە، — ئۇ بېشىنى چايقىغىنىچە بىرنېمىلەرنى دەپ كوتۇلداپ، يېنىمدىن كېتىپ قالدى. مەن شۇ چاغدىلا ئامېرىكىدا بىرىگە كىنو توغرۇلۇق سۆزلىسەڭ، كىنونىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى دېمەسلىكىڭ كېرەكلىكىنى بىلگەنىدىم. ئەگەر شۇنداق قىلىپ سالساڭ، باشقىلارغا چوقۇم چوڭ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشىڭ كېرەكلىكى، ئۆزۈڭنىڭ «باشقىلارنىڭ كىنو كۆرۈش كەيپىياتىنى بۇلغىغان»لىق گۇناھىڭنى تونۇشۇڭ لازىملىقى ئامېرىكىدىكى ئادەتتىكى بىر قائىدە ئىكەن.

ئەكسىچە، ئافغانىستاندا ئىشلارنىڭ نەتىجىسى ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە. ھەسەن ئىككىمىز ھەر قېتىم زەينەپ كىنوخانىسىدا ھىندىستان كىنولىرىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلسەك، ئەلى، رەھىمخان، دادام ۋە دادامنىڭ تۇغقانلىرى بەس ـ بەس بىلەن بىزدىن سوئال سورايتتى. ئۇلارنىڭ سورايدىغىنى: قىزچاق ئاخىرىدا بەختلىك بولامدىكەن؟ يىگىت ئەڭ ئاخىرىدا مۇرادىغا يېتەمدىكەن ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرامدىكەن؟ دېگەندەك سوئاللار ئىدى. ھەممە ئادەم كىنونىڭ خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولاتتى.

ئەگەر بىرى مەندىن ھەسەن، سوھراب ۋە مەن ئۈچىمىزنىڭ ھېكايىسىنىڭ نەتىجىسىنى سورىسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى

بىلمەيتتىم.

دۇنيادا قانچە ئادەمنىڭ ھېكايىسى دائىم خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلىشاتتى؟

ئەمەلىيەتتە، ھايات دېگەن ھىندىستاننىڭ كىنوسى ئەمەس. «ھايات ئالدىغا مېڭىۋېرىدۇ» دەپ قويۇشىدۇ ئافغانلار. توغرا، ھايات دېگەن باشلىنىش ياكى ئاخىرلىشىش، كىرىزىس ياكى ئۆتۈق دېگەنلەر بىلەن كارى يوق، خۇددى كۆچمەنلەرنىڭ كارۋانلىرىدەك ئاستا - ئاستا ئالدىغا سىلجىپ كېتىۋېرىدۇ.

ئالدىنقى يەكشەنبە كۈنى يۈز بەرگەن كىچىككىنە مۆجىزىنى ھېسابقا ئالغاندىمۇ، مەن يۇقىرىدا دېيىلگەن سوئالغا يەنىلا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيمەن.

بىز 2001 - يىلى ئاۋغۇستتا ئامېرىكىغا يېتىپ كەلدۇق. سورەييە بىزنى كۈتۈۋالغىلى ئايرودورومغا چىققانىكەن. مەن بۇرۇن سورەييەدىن بۇنچىلىك ئۇزاق ئايرىلىپ باقمىغانىدىم. ئۇ مېنىڭ بوينۇمغا گىرە سالغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ چاچلىرىدىكى مەن شۇنچە ئامراق تونۇش پۇراق دىمىقىمغا ئۇرۇلدى. مەن ئۇنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

— سىز ھېلىمۇ مېنىڭ يېلدا كېچىسىدىن كېيىنكى دۇنيايىمنى يورۇتقان قۇياشىم، — دەپ پىچىرلىدىم مەن.

— نېمە دېدىڭىز؟

— ھېچنېمە، سورىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. — مەن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا سۆيدۈم.

سورەييە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، سوھرابنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ كۈلۈمسىرىدى.

— تىنچلىقمۇ، سوھرابجان؟ مەن سىزنىڭ ھاممىڭىز سورەييە بولىمەن. بىز ھەممىمىز سىزنى كۆرۈشكە تەشنا بولغانىدۇق.

مەن ئۇنىڭ سوھرابقا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن

كۆلۈمسىرىشىنى ۋە كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى كۆرۈپ، ئەگەر قورسىقى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمىغان بولسا ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ بىر ئانا بولالايدىغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

سوھراب بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى يەنە بىر پۇتىغا يۆتكەپ دەرھال باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.

سۇرەييە ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئىشخانا ئۆينى سوھرابنىڭ ھۇجرىسىغا ئۆزگەرتكەنىكەن. ئۇ سوھرابنى باشلاپ چىقىپ، ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ قىرىدا ئولتۇردى. كارىۋاتنىڭ كىرلىكىگە كۆك ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان رەڭگارەڭ لەگلەكلەرنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەنىدى. كىيىم ئاسقۇچنىڭ يېنىدىكى تامغا كىچىك بالىنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان گەز سىزىلغانىدى. كارىۋاتنىڭ يېنىغا كىتاب، پاراۋۇز ۋە بوياقلار قاچىلانغان بىر سېۋەت قويۇلغانىدى.

سوھراب بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى مەن ئىسلامئابادتىن سېتىۋالغان ئاپپاق مايكا ۋە ئىشتاننى كىيىۋالغانىدى، ئۇ مايكىنىڭ مۈرىلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. مايكىنىڭ رەڭگىمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا ماسلاشمىغان، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭقۇر قارامتۇل سىزىقلار مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ قالغانىدى. سوھرابمۇ بىرگە خۇددى دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇلىدىغان بىر تەخسە گۈرۈچ ئېشىغا قارىغاندەكلا مەنىسىز قاراپ تۇراتتى.

سۇرەييە ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھۇجرىسىنى ياقتۇرغان-ياقتۇرمىغانلىقىنى سورىدى. مەن سۇرەييەنىڭ سوھرابنىڭ قولىنىڭ بېغىشىغا قاراشتىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. سوھراب بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قوللىرىنى يوتىلىرىنىڭ ئاستىغا تىقىپ سۈكۈتتە ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بېشىنى ياستۇققا قويدى. بەش مىنۇتلار ئۆتۈپ، سۇرەييە ئىككىمىز سىرتتىكى ئۆيدىن قاراپ ئۇنىڭ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

بىز كارىۋاتقا چىقتۇق. سۈرەييە بېشىنى مېنىڭ كۆكسۈمگە قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. ئۆيىمىزنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە، مەن ئويغاق ياتتىم. مەن يەنە ئۇيقۇسىز، يالغۇز ئۆزۈم بىلەنلا مۇڭدىشىدىغان ھاياتىمنى باشلىدىم. كېچە بىر چاغدا، مەن كارىۋاتتىن چۈشۈپ، سوھرابنىڭ يېنىغا كىردىم. مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، ياستۇقىنىڭ تېگىدىن چىقىپ قالغان بىرنەرسىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ئۇ نەرسىنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇ رەھىمخان ماڭا بەرگەن، مەن ھېلىقى كونى كېچىسى شاھ فايسال مەسچىتىنىڭ ئالدىدا سوھرابقا بەرگەن سۈرەت ئىدى. ئۇ سۈرەتتە ھەسەن بىلەن سوھراب بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ يانمۇيان تۇرۇپ، خۇددى بۇ دۇنيا شۇنداق ياخشى ۋە ئادىل جايدەك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. «سوھراب كارىۋاتتا يېتىپ ئۇ سۈرەتكە قانچە ئۇزاق قارىغان بولغىيدى؟»

مەن سۈرەتكە قارىدىم. «سېنىڭ داداڭ ئۆزىنىڭ ئىككى يۈرەك پارىسى ئارىسىدا تىتىلىپ كەتكەن ئادەم ئىدى» دەپ يېزىپتۇ رەھىمخان. مەن بولسام دادامنىڭ نام ـ ئاتىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، جەمئىيەت تەستىقلىغان، قانۇنلۇق، لېكىن بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆزۈمگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن پارچىسى ئىكەنمەن. مەن ھەسەننىڭ سۈرىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ قوياش يورۇتۇپ تۇرغان مەڭزىگە ۋە ئالدى ئىككى چىشى چۈشۈپ كەتكەن تۇرقىغا نەزەر سالدىم. ئۇ دادامنىڭ يەنە بىر پارچىسى ئىدى. ئۇ دادامنىڭ نامشەرىپىگە ۋە ياخشى تۇرمۇشىغا ۋارىسلىق قىلالمىغان، ئەمما دادامنىڭ يۈرىكىدىكى بۇيۇكلۇك ۋە چىنلىققا ۋارىسلىق قىلالىغان بىر پارچىسى ئىدى. بەلكىم دادامنىڭ مۇشۇ پارچىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ مەخپىي بۇلۇڭلىرىغا يوشۇرۇنغان پارچىسىدۇر، دادام ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئوغلى دەپ تونۇغان پارچىسىدۇر.

مەن رەسىمنى سوھرابنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قايتىدىن تىقىپ قويدۇم. مەن شۇنداق بىرنەرسىنى ھېس قىلدىمكى:

مېنىڭ كاللامغا كەلگەن ئاخىرقى خىيال ھەرگىزمۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرماپتۇ. مەن سوھرابنىڭ ئىشىكىنى ئاستا يېپىپ قويدۇم.

ئەتىسى كەچتە گېنېرال بىلەن جەمىلە خانىم ئۆيىمىزگە كەچلىك تاماققا كەلدى. جەمىلە خانىم چېچىنى قىسقىراق قىلىپ كەستۈرگەن ۋە قارامتۇل قىزىل رەڭدە بويىۋالغانىدى. ئۇ تاماقتىن كېيىن يېيىشىمىز ئۈچۈن ئۆزى تەييارلاپ كەلگەن، ئۈستىگە بادام مېغىزى باسقان تورتنى سۇرەييەگە بەردى. ئۇ سوھرابنى كۆرۈپ ئېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— خۇداغا مىڭ رەھمەت، سۇرەييەجان سىزنىڭ شۇنداق كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىڭىزنى دەپ بەرگەنىدى. سىز سۇرەييەجان سۇرەتلەپ بەرگەندىنمۇ بەكرەك كېلىشكەن يىگىت ئىكەنسىز، سوھرابجان، — ئۇ قولىدىكى ئۆرە ياقىلىق كۆك رەڭلىك پوپايىكىنى ئۇنىڭغا سۇندى، — بۇنى مەن سىز ئۈچۈن توقۇدۇم، خۇدايىم بۇيرۇسا، كېلەر يىلى قىشتا بۇ پوپايىكا سىزگە دەل كېلىدۇ.

سوھراب ئۇنىڭ قولىدىن پوپايىكىنى ئالدى.

— سالام، ياش يىگىت، — دېدى گېنېرال ئىككىلا قولى بىلەن ھاسىسىغا تايىنىپ خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدىكى غەلىتە ئۆي سايمىنىنى يېڭىدىن كۆرۈپ قېلىپ تەكشۈرۈۋاتقاندەك قىياپەتتە.

مەن جەمىلە خانىمنىڭ مېنىڭ يارىلىرىم توغرۇلۇق تەكرار سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردىم. سۇرەييەدىن ئۇلارغا باشقىلاردىن تاياق يېگەنلىكىمنى، يارىلىرىمنىڭ ۋاقىتلىق يارىلار ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئېڭىكىمدىكى يېپىلارنىڭ ئېلىۋېتىلىدىغانلىقىنى، ئۇزۇنغا قالماي ئۆزۈمنىڭ يەنە جەمىلە خانىم ئېتىپ بەرگەن تاماقلارنى يېيەلەيدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. مەن يەنە

مەڭزىمگە مېۋە شىرنىسى ۋە شېكەر سۇۋاپ، تاتۇقلارنىڭ تېزرەك يوقىلىشىغا كاپالەت بېرىدىغانلىقىمغىمۇ ۋەدە قىلدىم.

گېنېرال ئىككىمىز قازناق ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئازراقتىن قىزىل هاراق ئىچكەچ، سۇرەييە بىلەن جەمىلە خانىمنىڭ تاماق ئۇستىلىگە تاماق تىزىپ بولۇشىنى ساقلىدۇق. مەن گېنېرالغا كابۇل ۋە تالىبانلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم. ئۇ هاسىسىنى قۇچىقىغا قويۇپ، گېپىمنى ئاڭلاپ تۇختىماستىن بېشىنى لىڭشىتتى. مەن ئۇنىڭغا كوچىدا بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ يالغان پۇتىنى سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمنى ئېيتىپ بەرگەندە، ئۇ ئاغزىنى چىكىلدىتىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا غازى تەنهەرىكەت مەيدانىدىكى ئادەم ئۆلتۈرۈشلەر ۋە ئاسەف توغرۇلۇق سۆزلىمىدىم. ئۇ رەهىمخاننى سورىدى. ئۇ رەهىمخاننى كابۇلدا بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنىكەن. مەن ئۇنىڭغا رەهىمخاننىڭ كېسىلى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەندە، بىر خىل ئېچىنىش بىلەن بېشىنى چايقىدى. لېكىن، بىز سۆزلىشىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ سافادا يېتىپ ئۇخلاپ قالغان سوهرابقا پات ـ پات قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن تېمىدىن يىراقلاپ كەتتىڭ، دەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن بۇنى بىز تاماق يەۋاتقاندا گېنېرالنىڭ قولىدىكى قوشۇقنى ئۇستەلگە قويۇپ سورىغان مۇنۇ سوئالدىن تېخىمۇ هېس قىلدىم:

— شۇنداق قىلىپ ئامىرجان، نېمە ئۈچۈن بۇ بالىنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئەكەلگەنلىكىڭىزنى بىزگە ئېيتىپ بېرەمسىز؟

— ئىقبالجان، بۇ قانداق سوئال؟ — دېدى جەمىلە خانىم.

— قارا، خوتۇن، سەن ئۆزۈڭنىڭ پوپايكىلىرىڭنى توقۇش بىلەن ئالدىراش ئولتۇرغان ۋاقتىڭدا، مەن جامائەتنىڭ بىزنىڭ ئائىلىمىز توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن. باشقىلار سورايدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىر هەزارا بالىنىڭ بىزنىڭ

قىزىمىز بىلەن بىللە ياشايدىغانلىقنى بىلمەكچى بولۇشىدۇ. مەن ئۇلارغا نېمە دەيمەن؟

سۇرەييە قوشۇقنى ئۈستەلگە تاشلاپ دادىسىغا قارىدى.

— ئۇلارغا...

— سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، سۇرەيىيە. مەن دەپ بېرەي، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — گېنېرال ساھىب توغرا ئېيتىدۇ. باشقىلار سورايدۇ.

— ئامىر... — سۇرەيىيە يەنە گەپ قىلماقچى بولدى.

— سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدىم گېنېرالغا بۇرۇلۇپ قاراپ، — قاراڭ گېنېرال ساھىب، مېنىڭ دادام ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىنىڭ خوتۇنى بىلەن يېتىپ-تىكەن. ئۇ ئايال ئۇنىڭغا ھەسەن ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا تۇغۇپ بېرىپتۇ. ھەسەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى. ئاۋۇ سافادا ئۇخلاۋاتقان بالا ئاشۇ ھەسەننىڭ ئوغلى، يەنى مېنىڭ جىيەنىم بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر سوراپ قالسا، سىز ئۇلارغا مۇشۇنداق دەپ جاۋاب بېرىڭ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ماڭا قاراشتى.

— يەنە بىر گەپ، گېنېرال ساھىب، — دېدىم مەن، — بۇنىڭدىن كېيىن مەن بار يەردە ئۇنى ھەرگىزمۇ «ھەزارا بالا» دېمەڭ. ئۇنىڭ ئىسمى «سوھراب».

تاماقنى يەپ بولغۇچە ھېچكىم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

سوھرابنى كەم سۆز دېيىش خاتالىق بولسا كېرەك. چۈنكى، كەم سۆزلۈك تىنچلىق ۋە جىمجىتلىق دېمەكتۇر. كەم سۆزلۈك ھاياتنىڭ ئاۋازىنى بىر مەزگىل پەسلىتىپ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

پۈتۈنلەي گەپ قىلماسلىق ھاياتنىڭ ئاۋازىنى تولۇق ئۆچۈرۈۋېتىش دېگەنلىكتۇر. ھەممە ئاۋازنى!

سوھرابنىڭ گەپ قىلماسلىقى باشقا جايلاردا ئېيتىلىدىغان گەپ قىلماسلىققا، كىشىلەرنىڭ گەپ قىلماسلىق بىلەن نامايىش قىلىپ ئىپادىلەيدىغان ئۆز ئاۋازلىرىنى ئاڭلىتىشىغا

ئوخشىمايتتى. سوھرابنىڭ گەپ قىلماسلىقى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقنى يېپىنىپ، ئۇنىڭ ھەربىر بۇرجىكىنى ئاستىغا قىستۇرغان ھالدا تۈگۈلۈپ يېتىشتىن كېلىپ چىققان سۆزسىزلىك ئىدى.

ئۇ بىز بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغان بىلەن، بىز بىلەن بىللە ياشىمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بەزىدە مەن بازارلاردا ياكى باغچىلاردا كىشىلەرنىڭ سوھرابنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىمۇ دىققەت قىلمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. بەزىدە مەن بېشىمنى كىتابتىن كۆتۈرۈپ قارىسام، سوھرابنىڭ مەن بار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغانلىقىنى، لېكىن ئۆزۈمنىڭ ئۇنى بايقىمىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئۇ خۇددى يەرگە ئاياغ ئىزلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك ماڭاتتى. ئۇ خۇددى ئەتراپىدىكى ھاۋانى مىدىرلىتىۋەتسە بولمايدىغاندەك ھالەتتە ھەرىكەت قىلاتتى. كۆپ ھاللاردا ئۇ كۈنلەرنى ئۇخلاپلا ئۆتكۈزەتتى.

سوھرابنىڭ گەپ قىلماسلىقى سۈرەييەگىمۇ ئېغىر كېلەتتى. مەن پاكىستاندىكى ۋاقتىمدا ئۇ تېلېفون ئۇرۇپ، سوھرابنى سۇ ئۈزۈش دەرسى، پۇتبول دەرسى، دومىلاتما توپ كوماندىسى دېگەندەكلەرگە قاتناشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەمدىلىكتە، ئۇ سوھرابنىڭ ھۇجرىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سېۋەتتىكى كىتابلارنىڭ بىر بەتمۇ ئېچىلمىغانلىقىنى، بوي ئۆلچەش سىزىقلىرىغا ھېچقانداق بەلگە قويۇلمىغانلىقىنى، كىرىشتۈرمە تېپىشماق ئويۇنلىرىنىڭ پېتى بۇزۇلماي ئۆز قېپىدا تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ خۇددى چېچەكلەپ ئۆسۈش ئۈمىدلىرىنىڭ قورۇلۇپ قۇرۇپ قېلىشى ئىدى. لېكىن، بۇ ئىشلار ئېغىر كەلگەن ئادەم يالغۇز سۈرەييەلا ئەمەس ئىدى. مېنىڭمۇ سوھراب ئۈچۈن قىلغان نۇرغۇن ئۆزگىچە پىلانلىرىم بار ئىدى.

سوھراب جىمجىت يۈرگەن بىلەن دۇنيا جىمجىت تۇرمىدى. 2001 - يىلى سېنتەبىرنىڭ بىر سەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە

نيۇيورك شەھىرىدىكى قوشماق مۇنار ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، دۇنيا بىر كېچىدىلا ئۆزگەردى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بايرىقى ھەممە يەردە كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. ئۇ بايراقلار يوللاردا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان سېرىق رەڭلىك تاكسىلارنىڭ ئانتېننالىرىدا، يولدا كېتىۋاتقان پىيادىلەرنىڭ كۆكسىدە، ھەتتا سان فرانسىسكو شەھىرىدىكى يوللاردا ۋە دۇكانلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقان تىلەمچىلەرنىڭ شەپكىلىرىدىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. بىر كۈنى مەن كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كوچىدا ئولتۇرۇپ ئاككوردىيون چالىدىغان تىلەمچى ئايالنىڭمۇ ئاككوردىيون قېپىغا ئامېرىكا بايرىقى چاپلىۋالغانلىقىنى كۆردۈم.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئامېرىكا ئافغانىستاننى بومباردىمان قىلدى. شىمالىي بىرلەشمە ئارمىيەسى باستۇرۇپ كەلگەندە، تالىبانلار خۇددى ئۇۋۇسىدىن ئازغان چاشقانلاردەك تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە كىرىۋېلىشتى. توساتتىن كىشىلەر يېمەك - ئىچمەك ساتىدىغان دۇكانلارنىڭ ئالدىدا توپلىشىپ تۇرۇپ مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدا ئىسىملىرىنى دائىم ئاڭلايدىغان قەندەھار، ھېرات ۋە مازارى شارىفقا ئوخشاش شەھەرلەر توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشتى. مەن بەكلا كىچىك ۋاقتىمدا، دادام ھەسەن ئىككىمىزنى قۇندۇز شەھىرىگە ئاپارغانىدى. ئۇ قېتىملىق سەپەرنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرى ئانچە ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن، دادام، ھەسەن ۋە مەن ئۈچىمىز بىر تۈپ ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، بىر تاۋاقتىن نۆۋەت بىلەن قوغۇننىڭ سۈيىنى سۈمۈرگىنىمىز ۋە كىم قوغۇن ئۇرۇقىنى ئەڭ يىراققا تۈكۈرەلەيدۇ، دەپ بەسلەشكىنىمىز ئېسىمدە. ئەمدىلىكتە، دان رازېر ۋە توم بىروكاۋلار تېلېۋىزورلاردا، باشقا كىشىلەر قەھۋەخانىلاردا بەس - بەس بىلەن تالىبانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇستەھكەم ئۇۋىسى بولغان قۇندۇز شەھىرىدىكى جەڭ توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشاتتى. شۇ يىلى دېكابىردا، پۇشتۇلار، تاجىكلار، ئۆزبېكلەر ۋە ھەزارالار بون دېگەن شەھەرگە يىغىلىپ،

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نازارىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىدە يىگىرمە يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى بېسىشتى. ھامىد كارزايىنىڭ مېتىس قوينىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇمىقى ۋە يېشىل چاپىنى دۇنياغا تونۇلدى.

سوھراب ئاشۇ كۈنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزدى.

سۇرەييە ئىككىمىز ئافغانلارغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرگە قاتناشتۇق. بۇ خىزمەتلەرگە قاتنىشىشىمىزغا تۇرتكە بولغان بىر سەۋەب بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئىستىكى بولغان بولسا، يەنە بىر سەۋەب ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى خۇددى قارا ئۆڭكۈردەك ھەممە نەرسىنى يۇتۇپ كېتەلەيدىغان جىمجىتلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئېھتىياجىمىز ئىدى. مەن بۇرۇن پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ئانچە ئاكتىپ ئەمەس ئىدىم. لېكىن، بۇرۇن ئافغانىستاننىڭ بۇلغارىيەدىكى سوفىيە ئەلچىخانىسىدا باش ئەلچى بولغان كابىر ئىسىملىك كىشى ماڭا تېلېفون بېرىپ بىر دوختۇرخانا ئىشىدا مەندىن ياردەم سورىغاندا، مەن دەرھال ماقۇل بولدۇم. ئۇ دوختۇرخانا ئافغانىستان بىلەن پاكىستاننىڭ چېگراسىغا جايلاشقان بىر كىچىك دوختۇرخانا بولۇپ، بۇرۇن بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئوپېراتسىيە بۆلۈمى مىناغا دەسسەپ يارىلانغان ئافغان بىمارلىرىنى داۋالىغانىكەن. كېيىنچە مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن تاقىلىپ قاپتۇ. مەن بۇ تۈرنىڭ مۇدىرى بولدۇم، سۇرەييە مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. مەن نۇرغۇن كۈنلەرنى ئىشخانامدا ئولتۇرۇپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرگە ئېلېكترونلۇق يوللانما سېلىش، مەبلەغ ئىلتىماس قىلىش، فوند توپلاش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش دېگۈدەك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بەزىدە ئۆزۈمگە سوھرابنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ توغرا قىلغانلىقىمنى قايتا چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتىم.

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. سۇرەييە ئىككىمىز سافادا پۇتلىرىمىزنى ئەدىيال بىلەن يۆگەپ ئولتۇرۇپ، دىك كلارك ئەپەندىنى تېلېۋىزوردىن كۆرگەچ، يېڭى يىلنى كۇتۇۋالدۇق. نيۇيورك شەھىرىنىڭ «دەۋر» مەيدانىدىكى يېڭى يىللىق كۈمۈش رەڭلىك يۇمىلاق شار پەسلەپ، تېلېۋىزور ئېكرانى رەڭگارەڭ قەغەز ئۈنچىلىرى بىلەن تولغاندا، كىشىلەر چۇرقىرىشىپ بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ، سۆيۈشتى. بىزنىڭ ئۆيىمىزدە كونا يىل قانداق جىمجىتلىق بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، يېڭى يىلمۇ شۇنداق جىمجىتلىق بىلەن باشلاندى.

2002 - يىلى مارتنىڭ يامغۇرلۇق بىر كۈنى، كىچىككىنە بىر مۆجىزە يۈز بەردى.

مەن سۇرەييە، جەمىلە خانىم ۋە سوھرابنى فرېمونتتىكى ئېلىزابېت كۆلى باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئافغانلارنىڭ يىغىلىشىغا ئاپاردىم. گېنېرالنىڭ ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئېشىپ، بىر ئاي بۇرۇن ئافغانىستانغا مىنىستىرلىق خىزمىتىنى قوبۇل قىلغىلى كەتكەنىدى. بۇ قېتىم ئۇ ھېلىقى كۈل رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسى بىلەن يانچۇق سائىتىنى ئېلىۋالمىدى. پىلان بويىچە جەمىلە خانىم گېنېرال ئۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ گېنېرالنى سېغىنغانىدى، كۈنبويى گېنېرالنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئۇنى بىر مەزگىل بىز بىلەن بىللە تۇرۇشقا زورلىدۇق.

ئالدىنقى پەيشەنبە كۈنى باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى ئىدى. ئۇ يەنە ئافغانلارنىڭ يېڭى يىل كۈنى، يەنى نورۇز كۈنى ئىدى. شۇڭا، شۇ كۈنى كالىفورنىيەنىڭ قولتۇق رايونىدا ياشايدىغان ئافغانلار بىرلىكتە تەبرىكلەش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. كابىر، سۇرەييە ۋە مېنىڭ شۇ كۈندە تەبرىكلىشىمىزگە ۋە خۇشال بولۇشىمىزغا ئەرزىيدىغان يەنە بىر سەۋەبىمىزمۇ بار ئىدى.

چۈنكى، بىزنىڭ راۋالپىندىدىكى كىچىككىنە دوختۇرخانىمىز بىر ھەپتە بۇرۇن پۈتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ئىش باشلىغانىدى. گەرچە ئوپېراتسىيە بۆلۈمى تېخى پۈتمىگەن بولسىمۇ، بۇ بىر ياخشى باشلىنىش ھېسابلىناتتى.

بىرنەچچە كۈندىن بېرى ھاۋا ئوچۇق بولغانىدى. لېكىن، ئاشۇ يەكشەنبە كۈنى مەن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، كارىۋاتتىن چۈشۈۋاتقاندا دېرىزىگە ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. «بۇمۇ ئافغانلارنىڭ تەلىيى» دەپ ئويلىدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ. سۇرەييە ئورنىدىن تۇرغۇچە مەن بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم. ئەمدى مەسچىتتىن ئەكەلگەن ناماز ئوقۇش قوللانمىسىنى ئاچمىساممۇ، ئايەتلەر ئاسانلا ئېسىمگە كېلىدىغان بولغانىدى.

بىز چۈشكە يېقىن باغچىغا يېتىپ كەلدۇق. كىشىلەر ئاللىقاچان چېدىرلارنى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقان، بىرى چېدىرىنىڭ ئىچىدە پوشكال پىشۇرۇشنى باشلىۋەتكەنىدى. ئىستاكانلاردىكى قىزىق چاي بىلەن كورىدىكى قىچا چېچىكى سېلىنغان سۇيۇقئاشتىن ئىسسىق ھور چىقىپ تۇراتتى. ئۈنئالغۇدىن ئەخمەت زاھىرنىڭ كونا ناخشىلىرى ئاڭلىناتتى. سۇرەييە ئىككىمىز ئالدىغا، جەمىلە خانىم ئوتتۇرىغا، سوھراب ئەڭ ئارقىغا تىزىلىپ، ھۆل بولۇپ كەتكەن چىملىقتا جامائەت توپىغا قاراپ يۈگۈردۇق. سوھرابنىڭ سېرىق يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ بۆكى شامالدا ئۇنىڭ بېشىدا سىلكىنەتتى. مەن كۈلۈپ كەتتىم.

— نېمىگە كۈلىسىز؟ — دېدى سۇرەييە بېشىنى گېزىت بىلەن يېپىپ تۇرۇپ.

— سەن ئافغانلارنى پاگماندىن ھەيدىيەلىگەن بىلەن پاگماننى ئافغانلاردىن تارتىۋالالمايدىكەنسەن، — دېدىم مەن.

بىز چېدىرنىڭ ئاستىغا كېلىپ توختىدۇق. سۇرەييە بىلەن جەمىلە خانىم پالەك پوشكىلى پىشۇرۇۋاتقان سېمىز ئايالنىڭ

يېنىغا قاراپ ماڭدى.

سوھراب چېدىرنىڭ ئاستىدا بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، يەنە يامغۇرغا قايتىپ چىقتى. ئۇ قوللىرىنى يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان، ھەسەننىڭ چېچىغا ئوخشاش قارامتۇل تۇز چاچلىرى يامغۇر سۈيىدە بېشىغا چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ يامغۇر سۈيى يىغىلغان كىچىك بىر ئازگالنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى. ئۇنىڭغا باشقىلار دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك، ھېچكىممۇ ئۇنى چېدىرغا قايتىپ كېلىشكە چاقىرمىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە خۇدانىڭ مېھىر - شەپقىتى بىلەن بىزنىڭ بېقىۋالغان غەلىتە مېجەزلىك بۇ ئوغلىمىز توغرۇلۇق سورىلىدىغان سوئاللار ئاخىر بېسىقتى. ئافغانلارنىڭ سوئاللىرىنىڭ بەزىدە قانچىلىك قوپال بولىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، بىز ھەقىقەتەن ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندۇق. كىشىلەر سوھرابنىڭ نېمە ئۈچۈن گەپ قىلمايدىغانلىقى، نېمە ئۈچۈن باشقا باللار بىلەن ئوينىمايدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىمايدىغان بولدى. ھەممىدىن كۆڭۈللۈك يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈل بۆلۈشلىرى، باشلىرىنى ئاستا چايقاشلىرى، ئېغىزلىرىنى توختىماي چىكىلدىتىشلىرى، «ۋاي، بىچارە بالا» دېيىشلىرى بىلەن بىزنى تۇنجۇقتۇرۇشتىن توختاشقانىدى. دەسلەپكى يېڭىلىقلار ئاستا - ئاستا كونا ئىشلارغا ئايلاندى، سوھراب خۇددى رەڭسىز زەدىۋال ئارقا كۆرۈنۈشكە سىڭىپ كەتكەندەك ئارىمىزغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

مەن ۋىجىككىنە كەلگەن كۈمۈش چاچلىق كابىر ئەپەندى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم. ئۇ مېنى يەنە ئوندەك كىشىگە تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچى، ئىنژېنېر، بۇرۇنقى قۇرۇلۇش لايىھەلىگۈچى، ھازىر ھايۋاردا شەھىرىدە قېزا دۇكىنى ئاچىدىغان دوختۇر قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا دادامنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ،

ئۇنىڭ ياخشى تەربىيىنى قىلىپ پاراڭ سېلىشقا باشلىدى. دادام ئۇلارنىڭ ھاياتىغىمۇ ئوخشىمىغان يوللار بىلەن تەسىر قىلغانىدى. ئۇلار ماڭا دادامغا ئوخشاش بىر ياخشى ئادەمنىڭ ئوغلى بولغانلىقىم ئۈچۈن تولىمۇ تەلەيلىك ھېسابلىنىدىغانلىقىمنى ئېيتىشتى.

بىز كارزايىنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىنتايىن مۈشكۈل ۋە ھېچكىم رەھمەت ئېيتمايدىغان خىزمىتى، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قۇرۇلتاي ۋە شاھىنىڭ چەت ئەللەردە يىگىرمە سەككىز يىل مۇساپىر بولۇپ يۇرگەندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ بېرىشى توغرۇلۇق سۆھبەتلەشتۇق. 1973 ـ يىلى زاھىر شاھىنىڭ نەۋرە ئىنىسى تەربىيىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلگەن كېچىسى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ كۈنى كېچىسى ئېتىلغان ئوقلار ئاسمانىنى كۈمۈشتەك يورۇتقانىدى. ئەلى ھەسەن بىلەن مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قورقماسلىقنى، كىشىلەرنىڭ ئاسماندىكى ئۆردەكلەرنى ئوۋلاۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ئارىمىزدىن بىرى نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ لەتىپىسىنى ئېيتقاندا، ھەممەيلەن كۈلۈشكە باشلىدۇق.

— سىزنىڭ دادىڭىزمۇ ناھايىتى قىزىقچى ئادەم ئىدى، — دېدى كابىر.

— شۇنداق ئىدى، — دېدىم مەن كۈلۈمسىرەپ. بىز ئامېرىكىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، دادام ئامېرىكىنىڭ چىۋىنلىرى توغرۇلۇق ۋايساشقا باشلىدى. ئۇ ئاشخانىدىكى ئورۇندۇقتا بىر قولىدا چىۋىن پالىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، چىۋىنلارنىڭ ئالدىراش ھالدا بىر تامدىن يەنە بىر تامغا قونۇپ، غوڭۇلداپ يۈرۈشلىرىگە قاراپ تېرىككەن ھالدا:

— بۇ دۆلەتتە چىۋىنلارمۇ ئالدىراش ئىكەن، — دەيتتى ئۇ. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە كۈلەتتىم. ئەمدىلىكتە مەن شۇ ئۆتكەن تارىخقا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇۋېتىمەن.

سائەت ئۈچلەردە، يامغۇر توختاپ، ئاسماننىڭ ئۇ يەر ـ بۇ

يېرىدە كۈل رەڭ بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. سوغۇق شامال يۈزىمىزنى سىيپاپ ئۆتەتتى. يەنە بىر توپ ئائىلىلەر جامائەتكە قېتىلدى. مېھمانلار بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، تاماقلارنى ئالماشتۇرۇشتى. بىرى كاۋاپدانغا ئوت ياقتى. ئۇزاق ئۆتمەي، سامساق بىلەن زىخ كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلدى. ئەتراپنى مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان يېڭى بىر ناخشىچىنىڭ ئاۋازى بىلەن كىچىك بالىلارنىڭ چۇرقىراشلىرى بىر ئالدى. سوھراب تېخىچە سېرىق رەڭلىك يامغۇرلۇق چاپىنىنى سالماي، ئەخلەت ساندۇقىغا يۆلەنگىنىچە، باغچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كالتەك توپ سېتكىسىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. مەن سابىق دوختۇر بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتىم. ئۇ ماڭا دادام بىلەن سەككىزىنچى يىللىقتا بىر سىنىپتا ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، سۇرەييە مېنىڭ يېڭىمدىن تارتتى:

— ئامىر، قاراڭ ! — دېدى ئۇ.

ئاسماندا بەش - ئالتىدەك خىلمۇخىل رەڭلىك لەگلەكلەر ئۇچۇۋاتاتتى.

— ئاۋۇ تەرەپكە قاراڭ، — دېدى سۇرەييە ھارۋىدا لەگلەك سېتىۋاتقان كىشىنى كۆرسىتىپ.

— بۇنى تۇتۇپ تۇرۇڭ، — دېدىم مەن سۇرەييەگە قولۇمدىكى چاي ئىستاكىنىنى تۇتقۇزۇپ. مەن لەگلەك سېتىۋاتقان ھارۋىغا قاراپ ماڭدىم. ھۆل چىملىقتا ھەربىر قېتىم دەسسىگىنىمدە، ئايىغىمنىڭ ئاستىدىن «شىرت - شىرت» ئاۋاز چىقاتتى. مەن سېرىق رەڭلىك بىر لەگلەكنى كۆرسەتتىم.

— نورۇزىڭىزغا مۇبارەك، — دېدى لەگلەك ساتقۇچى. ئۇ قولۇمدىن يىگىرمە دوللارنى ئېلىپ، ئەينەك يىپ ئورالغان غالتەك بىلەن لەگلەكنى ماڭا سۇندى. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭمۇ نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلىدىم. ھەسەن ئىككىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە يىپنى باش بارماق بىلەن بىگىز

بارماقنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تارتتىم. بارمىقىمنىڭ كېسىلگەن ئورنىدىن قان چىقىشقا باشلىدى. لەگلەك ساتقۇچى ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. مەنمۇ كۈلۈمسىرىدىم.

مەن لەگلەكنى كۆتۈرۈپ، ئەخلەت ساندۇقىغا يۆلىنىپ تۇرغان سوھرابنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئالدىدا قوۋۇشتۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى.

— سەن لەگلەك ئۇچۇرۇشنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دېدىم لەگلەكنى مەركىزىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ. ئۇ نەزىرىنى ئاسماندىن ماڭا، مەندىن ئاسمانغا يۆتكەپ، ئاخىردا مەندە توختاتتى. بىرنەچچە تامچە يامغۇر سۇيى ئۇنىڭ چېچىدىن مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى.

— مەن بۇرۇن بىر كىتابتىن مالايشىيادا كىشىلەرنىڭ لەگلەك ئۇچۇرۇپ بېلىق تۇتىدىغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم، — دېدىم مەن، — سەن ئۇنى چوقۇم بىلمەيسەن. ئۇلار بېلىق تۇتىدىغان يىپنى لەگلەككە باغلاپ، ئۇنى تېيىز سۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇرىدىكەن. ئۇنداق قىلغاندا، سايە چۈشۈرۈپ، بېلىقلارنى قاچۇرۇۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن. قەدىمكى جۇڭگودا گېنېراللار ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئۈستىدىن لەگلەك ئۇچۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىگە خەۋەر يەتكۈزىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى راست. مەن سېنى ئالدىمىدىم.

مەن ئۇنىڭغا قاناپ كەتكەن باش بارمىقىمنى كۆرسەتتىم.

— يىپىدىمۇ چاتاق يوق ئىكەن.

سۇرەييەنىڭ چېدىردىن بىزگە قاراپ تۇرغانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ سوھرابنى بىر ئىشلارغا قىزىقتۇرۇشتىن ئاستا-ئاستا ئۆزىنى تارتقانىدى. ئۇنىڭغا سورىغان سوئاللىرىنىڭ جاۋابسىز قېلىشى، سوھرابنىڭ مەقسەتسىز قاراشلىرى ۋە گەپ قىلماي تۇرۇۋېلىشلىرى تولىمۇ ھار كەلگەنىدى، شۇڭلاشقا سوھرابنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزلۈكىدىن يېقىنلىشىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

مەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىمنى ھۆلدەپ يۇقىرى كۆتۈردۇم.

— داداڭ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ توپا توزۇتۇپ، شامالنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيتتى. ئۇ بۇنداق كىچىك ھۈنەرلەردىن نۇرغۇنلىرىنى بىلەتتى، — دېدىم مەن.

مەن بارمىقىمنى چۈشۈردۇم.

— مېنىڭچە شامالنىڭ يۆنىلىشى غەربكە ئىكەن.

سوھراب قۇلىقىدىكى يامغۇر تامچىلىرىنى سۈرتۈپ، پۇتىنى ئالماشتۇردى. ئارىنى يەنە جىمجىتلىق قاپلىدى. ئەنە شۇ پەيتتە، بىرنەچچە ئاي بۇرۇن سورەيىيە مەندىن سوھرابنىڭ ئاۋازىنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىنى سورىغاندا، «ئېسىمدە قالماپتۇ» دەپ جاۋاب بەرگىنىم ئېسىمگە كەلدى.

— مەن ساڭا داداڭنىڭ ۋەزىر ئەكبەرخان رايونىدىكى ئەڭ ئۇستا لەگلەك قوغلىغۇچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنمىدىم؟ — دېدىم مەن غالتەكتىكى يىپنىڭ ئۇچىنى لەگلەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمەككە چىگىۋېتىپ، — ئۇنىڭغا مەھەللىدىكى باللار ھەسەت قىلاتتى. ئۇ لەگلەك قوغلىغان ۋاقىتتا ھەرگىز ئاسمانغا قارىمايتتى. كىشىلەر ئۇنى «لەگلەكنىڭ سايىسىنى قوغلاۋاتىدۇ» دېيىشەتتى. لېكىن، ئۇلار داداڭنى مەندەك چۈشەنمەيتتى. داداڭ لەگلەكنىڭ سايىسىنى قوغلىغىنى يوق. ئۇ قانداق قىلىشنى ئۆزى ياخشى بىلەتتى.

ئاسماندا يەنە ئۈندەك لەگلەك پەيدا بولدى. كىشىلەر قولىدا چاي ئىستاكانلىرىنى تۇتقان ھالدا توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئاسمانغا قاراشقا باشلىدى.

— سەن لەگلەكنى مەن بىلەن بىللە ئۇچۇرامسەن؟ — دېدىم مەن.

سوھرابنىڭ كۆزلىرى ئاسماندىن ماڭا يۆتكىلىپ، يەنە ئاسمانغا تىكىلدى.

— لەگلەك ئۇچۇرغۇڭ بولمىسا مەيلى، — دېدىم مەن دولامنى قىسىپ، — قارىغاندا لەگلەكنى ئۆزۈم يالغۇز ئۇچۇرغۇدەكمەن.

مەن غالتەكنى سول قولۇمدا تەڭشەپ، بىر مېتىردەك يىپنى چىقاردىم. سېرىق رەڭلىك لەگلەك چىملىقنىڭ سەل يۇقىرىسىدا پۇلاڭلاشقا باشلىدى.

— سەندىن ئاخىرقى قېتىم سوراۋاتىمەن، — دېدىم مەن.

سوھراب دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قالغان بىر جۈپ لەگلەككە قاراپ تۇراتتى.

— ئۇنداق بولسا مەن ئۇچۇردۇم.

مەن ئايىغىم بىلەن سۇ چاچرىتىپ، لەگلەكنى قولۇم بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. لەگلەك ئۇچۇرۇپ باقمىغىنىمغا ئۇزاق يىللار بولغاچقا، ئۆزۈممۇ سەل غەلىتىرەك ھېس قىلدىم. مەن يۈگۈرگەچ، سول قولۇمدىكى غالتەكنىڭ يىپىنى قويۇپ بەردىم. ئوڭ قولۇمدىن سىيرىلىپ ئۆتكەن يىپنىڭ قولۇمنى كەسكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. لەگلەك ئەمدى مۈرەمنىڭ ئۈستىدە پىرقىراپ ئېگىزگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. مەن يۈگۈرۈش سۈرئىتىمنى تېزلەتتىم. قولۇمدىكى غالتەك تېزلىك بىلەن پىرقىراپ، يىپى ئوڭ قولۇمنىڭ ئالىقىنىنى يەنە كېسىۋەتتى. مەن ئورنۇمدا توختاپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، ئاسمانغا قاراپ كۆلۈمسىرىدىم. مېنىڭ لەگلىكىم خۇددى ماياتنىكتەك ئىككى يانغا پۇلاڭلاپ، ۋىژىلداپ ئۇچماقتا ئىدى. مەن لەگلەك ئۇچۇرمىغىلى يىگىرمە بەش يىل بوپتۇ. ئەمدىلىكتە ئۆزۈمنى خۇددى يەنە شۇ ئون ئىككى ياش ۋاقتىمغا قايتىپ كەلگەندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم.

مەن يېنىمدا بىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۆۋەنگە قارىدىم. سوھراب قوللىرىنى يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ يېنىمدا تۇراتتى. ئۇ ماڭا ئەگىشىپ كەلگەنىدى.

— سەن سىناپ باقامسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. لېكىن، يىپنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزغىنىمدا، ئۇ قولىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ، سەل ئىككىلەنگەندىن كېيىن، يىپنى قولىغا ئالدى. ئارتۇق يىپنى غالتەككە يۆگەشكە

باشلىغىنىمدا، يۈرىكىم تېزلىك بىلەن سوقۇشقا باشلىدى. بىز ئۇن - تىنسىز ھالدا يانمۇيان تۇراتتۇق. ھەر ئىككىمىز ئاسمانغا قارىغاندۇق. ئەتراپىمىزدا بالىلار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، چىملىقتا دومىلاپ ئويناۋاتاتتى. بىر يەردە ھىندىستاننىڭ كونا ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر توپ بوۋايلار قاتار بولۇشۇپ، سولىياۋ ئۈستىدە ناماز ئوقۇتۇۋاتاتتى. ئەتراپتا ھۆل چىملىقنىڭ ۋە كاۋاپنىڭ پۇراقلىرى تارقالغاندى. مەن ۋاقىتنىڭ مۇشۇ يەردە ئۆزگەرمەي قېتىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

مەن بىر يېشىل لەگلەكنىڭ بىزگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. لەگلەكنىڭ ئىگىسى بىزدىن ئوتتۇز قەدەم نېرىدا تۇراتتى. ئۇ چېچىنى قىسقا ياساتقان، ئۈچىسىغا «روك مۇزىكىسى ھەممىنىڭ غوجىسى» دېگەن خەت يېزىلغان مايكا كىيىۋالغاندى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قولىنى پۇلاڭلاتتى. مەنمۇ قولۇمنى پۇلاڭلاتتىم.

سوھراب قولىدىكى يىپنى ماڭا تەڭلىدى.

— سېنىڭ ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ — دېدىم مەن يىپنى قولۇمغا ئېلىپ تۇرۇپ.

ئۇ غالتەكنى قولۇمدىن ئالدى.

— ماقۇل، — دېدىم مەن، — بىز ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى، قانداق دەيسەن؟

مەن سوھرابقا تېزلىك بىلەن نەزەر سالدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇرسىزلىق ئاللىقاچان يوقالغان، يېشىل لەگلەك بىلەن بىزنىڭ لەگلەككە جىددىيلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا بىرئاز قان يۈگۈرگەن، كۆزلىرىدىن جىددىيلىك چىقاتتى. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ بىر كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى قارىمامدىغان.

يېشىل لەگلەك جەڭگە ئاتلاندى.

— بىز بىرئاز ساقلايلى، — دېدىم مەن، — ئۇ بىزگە

يېقىنراق كەلسۇن.

لەگلەك ئىككى قېتىم تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، بىز تەرەپكە يېقىنلاشتى.

— كەل، يېقىنراق كەل، — دېدىم مەن.

يېشىل لەگلەك مەن قۇرغان تۇزاقتىن بىخەۋەر هالدا بىزدىن سەل يۇقىرىدا ئۇچماقتا ئىدى.

— سوهراب، قارا. مەن هازىر ساڭا داداڭنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان هۇنىرىنى كۆرسىتىمەن. بىز ئۇنى «سەكرەپ شۇڭغۇش» دەپ ئاتايتتۇق.

سوهراب يېنىمدا تۇرۇپ جىددىي نەپەس ئالماقتا ئىدى. غالتەك ئۇنىڭ ئالىقانلىرىدا پىرقىرايتتى. تاتۇق باسقان بىلىكىدىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان پەيلىرى خۇددى راۋاب تارىسىغا ئوخشايتتى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچتىم. ئەنە شۇ پەيتتە، غالتەك تۇتقان قوللىرىنىڭ تىرناقلىرى كېسىلىپ، بارماقلىرى قاپىرىپ كەتكەن توشقان كالپۇك بالا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. قەيەردىندۇر قاغىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم. باغچە ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قايتقان نۇر كۆزۈمنى چاقنىتاتتى. قارلار دەرەخلەر شاخلىرى ئارىسىدىن ئاۋازسىز هالدا يەرگە لەيلەپ چۈشەتتى. بۇرنۇمغا تۇرۇپ شورپىسىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئەنە ئاۋۇ يەردە ئۇجمە قاقلىرى، ئاپېلسىنلار كۆرۈنمەكتە. ياغاچ كېپەكلىرى، ياڭاقلار... قار بىلەن ئورالغان جىمجىتلىق يىراقتىن ئوڭ پۇتى ئاقساق بىرىنىڭ بىزنى ئۆيگە چاقىرىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن غايىب بولدى.

يېشىل لەگلەك بىردەم ئىككىلەنگەندەك تۇرغاندىن كېيىن، ئورنىنى توغرىلاپ، تۆۋەنگە شۇڭغۇشقا باشلىدى.

— مانا كەلدى ! — دېدىم مەن.

شۇنچە يىللاردىن كېيىنمۇ «سەكرەپ شۇڭغۇش» هۇنىرىم جايىدا ئىشلىگەندى.

مەن قولۇمنى بوشىتىپ، لەگلەكنىڭ يىپىنى تارتىپ، لەگلەكنى يېشىل لەگلەكتىن قاچۇردۇم. بىزنىڭ لەگلەك بىرنەچچە قېتىم يانغا شۇڭغۇغاندىن كېيىن، سائەت ئىستربېلكىسىغا قارشى يۆنىلىشتە يېرىم چەمبىرەك پىرقىراشقا باشلىدى. مانا ئەمدى مەن ئۇنىڭ ئۇستى تەرىپىدە ئىدىم. يېشىل لەگلەك بولسا ھودۇققان ھالدا قالايمىقان پىرقىراشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ كېچىككەندى. مەن ئالىقاچان ھەسەننىڭ ھىيلىسى بىلەن ئۇنى تۇزاققا چۈشۈرگەنىدىم. مەن يىپنى قاتتىق تارتتىم. بىزنىڭ لەگلەك تېزلىك بىلەن تۆۋەنگە شۇڭغۇشقا باشلىدى. مەن بىزنىڭ لەگلىكىمىزنىڭ يىپىنىڭ يېشىل لەگلەكنىڭ يىپىنى كېسىۋاتقان ۋە يىپىنىڭ ئۈزۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

مەن كۆتكەندەكلا، يېشىل لەگلەك كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، پىرقىراشقا باشلىدى. ئارقىمىزدا كىشىلەر ئىسقىرتىپ، چاۋاك چېلىشاتتى. مەن بولسام ھاسىرايتتىم. 1975 - يىلى قىشنىڭ بىر كۈنى، يەنى مەن ئاخىرقى قېتىم لەگلەكنىڭ يىپىنى ئۈزگەندە، دادامنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ ۋارقىرىغانلىقىنى كۆرۈپ، مانا مۇشۇنداق جىددىيلەشكەنىدىم.

مەن سوھرابقا قارىدىم. ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ بىر بۇرجىكى پۈرۈلۈپ، مىيىقىغا كۈلكە يۈگۈردى.

ئۇ مىيىقىدا بولسىمۇ بىر كۈلۈمسىرىگەنىدى.

ئارقا تەرىپىمىزدىن ئۇششاق بالىلارنىڭ يۈگۈرۈشۈۋاتقان ۋە بىر توپ لەگلەك قوغلىغۇچىلارنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ دەرەخلەر ئۈستىدىن ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان يېشىل لەگلەكنى قوغلاپ چۇرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن قايتىدىن سوھرابقا قارىدىم. ئۇ كۈلۈمسىرەش يوقالغانىدى. لېكىن، سوھراب كۈلۈمسىرىگەن، مەن شۇ كۈلۈمسىرەشنى كۆرگەنىدىم.

— مەن ساڭا لەگلەكنى قوغلاپ تۇتۇپ بېرەيمۇ؟

ئۇنىڭ كېكىردىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن جايىغا چۈشتى.

شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى لەپىلدىتەتتى. مەن ئۇنىڭ بېشىنى لىڭشىتقانلىقىنى كۆردۇم.

«سەن ئۇچۇن جېنىم پىدا» دەپ سالغانلىقىمنىمۇ ئۆزۈم ئېنىق ئاڭلىدىم. مەن دەرھال ئارقامغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم.

ئۇ پەقەت سەل - پەل كۈلۈمسىرەش ئىدى. ئانچىكى كۈلۈمسىرەش ھەممە ئىشنىڭ ياكى ھەربىر ئىشنىڭ ياخشى بولۇپ كەتكىنىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ ناھايىتىمۇ كىچىك ئىش، يەنى پەقەت بىر كۈلۈمسىرەش. ئۇ خۇددى چۆچۈپ كەتكەن قۇش ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن يوپۇرماقنىڭ تەۋرىشىدەكلا ئاددىي بىر ئىش.

بىراق، مەن بۇ كىچىك ئىشنى قوبۇل قىلدىم. مەن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. چۈنكى، باھار پەسلى كەلگەندە، ئۇ قارلارنى بىر ئۇچقۇن - بىر ئۇچقۇندىن ئېرىتىدۇ ئەمەسمۇ؟ بەلكىم مەن كۆرگەن بۇ كۈلۈمسىرەش تۇنجى قار ئۇچقۇنىنىڭ ئېرىشى بولۇشى مۇمكىن.

مەن يۈگۈردۇم. چوپچوڭ بىر ئادەم چۇرقىرىشىۋاتقان بىر توپ ئۇششاق بالىلارنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈۋاتاتتىم. لېكىن، مەن خىجىللىق ھېس قىلمايتتىم. مەن يۈزلىرىمگە شامال ئۇرۇپ تۇرغان، خۇشاللىقىمدا ئاغزىم يوغان ئېچىلغان ھالدا يۈگۈرۈۋاتاتتىم.

مەن يۈگۈرۈۋاتاتتىم.

بۇ كىتاب ئامېرىكا «دەريا مەنبەسى» نەشرىياتىنىڭ 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据美国“河源”出版社2003年5月第1版，2003年5月第1次印刷本翻译出版。

## لەگلەك قوغلىغۇچى بالا

ئاپتورى: خالىد ھۇسەيىن (ئامېرىكا)
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرنىسا قۇربان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىلدانە ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: رەناگۈل ئابلىمىت، سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ رەڭلىك باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 16.125
نەشرى: 2010 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2010 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 13935 - 4
باھاسى: 45.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# لەگلەك قوغلىغۇچى بالا

ISBN 978-7-228-13935-4

9 787228 139354

定价:45.00元